

ONLY ONE HOTAN IN THE WORLD

# دۇنيادا بىرلا خوتەن بار

يەر ناملىرى

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

دۇنيادا بىرلا خوتەن بار

10

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

دۇنيادا بىرلا خوتەن بار

ناملىق يۈرۈشلۈك كىتابلار

يىللار، ئادەملەر، ۋەقەلەر
مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، بوستانلىق ۋە ئېكولوگىيە
مەدەنىيەت، مائارىپ، تېبابەت
يىپەكچىلىك، قاشتېشى، گىلەمچىلىك
ئەدەبىيات ـ سەنئەت
ھېكايەتلەر
خەلق قوشاقلىرى (تاللانما)
ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر، چۆچەكلەر (تاللانما)
خەلق داستانلىرى
يەر ناملىرى
خوتەن دىئالېكتى
كىتابلار ئۇچۇرى
چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى خوتەن
كارخانىچىلار

ISBN 7-5631-2039-4

ISBN 7-5631-2039-4
（维文）定价：29.30元

www.uyghurkitap.com



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# دۇنيادا بىرلا خوتەن بار

# ONLY ONE HOTAN IN THE WORLD

## ❁ رەسىملىك نامەلەر

تۈزگۈچى : ئابدۇللا سۇلايمان

BY
ABDULLA SULAYMAN

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: پالتاخۇن ئەۋلاخۇن
مەسئۇل كوررېكتورى: قېيۇم تۇرسۇن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

# دۇنيادا بىرلا خوتەن بار

## —— يەر نامىلىرى

تۈزگۈچى: ئابدۇللا سۇلايمان

شىنجاڭ ئۈنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى №14، پوچتا نومۇرى: 830046)
شىنخۇا كىتابخانىلىرى تەرىپىدىن سېتىلىدۇ
ئۈرۈمچى شەھەرلىك يىبەيفېڭ مەتبەئەچىلىك چەكلىك
مەسئۇلىيەت شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 880×1230 مم 1/32 باسما تاۋىقى: 15 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2006 - يىل 4 - ئاي 1 - نەشرى
2006 - يىل 4 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرازى: 0001 — 3050

ISBN 7—5631—2039—4
باھاسى: 29.30 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

# 目　录

مۇقەددىمە ........................................ 1

خوتەن ۋىلايىتىنىڭ تەبىئىي ئەھۋالى ........................
和田地区自然概况 ........................... 29

خوتەن شەھىرى ........................... 和田市 ... 37

گۇجانباغ كوچا باشقارمىسى (9)① ........................
古江巴格街道办事处 ........................... 44

گۇلباغ كوچا باشقارمىسى (5) 古勒巴格街道办事处 ... 47

ناۋاغ كوچا باشقارمىسى (5) ... 纳瓦格街道办事处 ... 48

نۇرباغ كوچا باشقارمىسى (4) 奴尔巴格街道办事处 ... 50

لاسكۈي بازىرى (11) ..................... 拉斯奎镇 ... 51

شورباغ يېزىسى (16) ................. 肖尔巴格乡 ... 53

ئىلچى يېزىسى (17) ..................... 伊里其乡 ... 55

گۇجانباغ يېزىسى (7) ................. 古江巴格乡 ... 56

ئاقچال باشقۇرۇش رايونى (2) ... 阿合恰勒管理区 ... 57

خوتەن ناھىيىسى ........................... 和田县 ... 73

باغچى بازىرى (29) ....................... 巴格其镇 ... 83

توساللا يېزىسى (22) ..................... 吐沙拉乡 ... 85

خانئېرىق يېزىسى (33) ............... 罕艾日克乡 ... 88

---

① بۇ مۇندەرىجىدىكى تىرناق ئىچىگە ئېلىنغان سانلار، ھەر قايسى يېزا - بازارلاردىكى مەمۇرىي كەنت (ئاھالە كومىتېتى) لەرنىڭ سانىنى كۆرسىتىدۇ.

لايقا يېزىسى (15)…………………… 拉依喀乡 … 92
بوزاق يېزىسى (22) …………………… 布扎克乡 … 94
يېڭىئاۋات يېزىسى (15) …………… 英阿瓦提乡 … 96
لاڭرۇ يېزىسى (15) ……………………… 朗如乡 … 97
سېغىزكۆل يېزىسى (15) ……… 色格孜库勒乡 … 99
يېڭىئېرىق يېزىسى (6)…………… 英艾日克乡 … 100
تەۋەككۇل يېزىسى (21)…………… 塔瓦库勒乡 … 101
ئىسلامئاۋات يېزىسى (12) … 伊斯拉木阿瓦提乡 … 103
قاشتېشى يېزىسى (12) …………… 喀什塔什乡 … 105

**قاراقاش ناھىيىسى ………………………… 墨玉县 … 107**
قاراقاش بازىرى (22) …………… 喀拉喀什镇 … 112
توخۇلا يېزىسى (12)………………… 托胡拉乡 … 116
زاۋا يېزىسى (34) ……………………… 扎瓦乡 … 119
ئاقساراي يېزىسى (23)………… 阿克萨拉依乡 … 124
جاھانباغ يېزىسى (20) …………… 加汗巴格乡 … 128
ئۆرچى يېزىسى (19)………………… 乌尔其乡 … 131
سايباغ يېزىسى (28) …………… 萨依巴格乡 … 135
پۇرچاقچى يېزىسى (28) ………… 普恰克其乡 … 139
ماڭلاي يېزىسى (15) ……………………… 芒来乡 … 143
قويچى يېزىسى (25)………………… 阔依其乡 … 147
ياۋا يېزىسى (22)……………………… 雅瓦乡 … 150
قاراساي يېزىسى (32) ……………… 喀尔赛乡 … 153
كۇيا يېزىسى (30) ……………………… 奎牙乡 … 158
تۇۋەت يېزىسى (21) ………………… 吐外特乡 … 162
يېڭىيەر يېزىسى (12) ……………… 英也尔乡 … 166
كاۋاك يېزىسى (23)………………… 喀瓦克乡 … 168
قاراقاش ناھىيىسىدىكى بىر قىسىم قۇرۇلۇشلار ۋە ئاسار-
ئەتىقىلەرنىڭ نامى…………………………………
172…墨玉县部分人工建筑物及古迹名称 ……………

www.uyghurkitap.com

قاراقاش ناھىيىسىدىكى بىر قىسىم تەبىئىي جۇغراپىيىلىك
گەۋدىلەرنىڭ نامى 墨玉县部分自然地理实体名称 … 174

**گۇما ناھىيىسى …… 皮山县 … 177**

گۇما بازىرى (20) …… 固玛镇 … 183
دۇۋا بازىرى (9) …… 杜瓦镇 … 189
قوشتاغ يېزىسى (16) …… 阔什塔格乡 … 193
كىلياڭ يېزىسى (11) …… 克里阳乡 … 198
كۆكتېرەك يېزىسى (26) …… 科克铁热克乡 … 203
سانجۇ يېزىسى (24) …… 桑株乡 … 208
مۇجى يېزىسى (20) …… 木吉乡 … 214
موكويلا يېزىسى (21) …… 木奎拉乡 … 218
زاڭگۇي يېزىسى (11) …… 藏桂乡 … 223
پىشنا يېزىسى (8) …… 皮西那乡 … 227
چودا يېزىسى (16) …… 乔达乡 … 230
پىيالما يېزىسى (5) …… 皮亚勒玛乡 … 233
باشلەڭگەر يېزىسى (6) …… 巴什兰干乡 … 235
نەۋئابات تاجىك مىللىي يېزىسى (3) ……
垴阿巴提塔吉克民族乡 …… 238
كەڭقىر قىرغىز مىللىي يېزىسى (4) ……
康克尔柯尔克孜民族乡 …… 242
گۇما ناھىيىلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چارۋىچىلىق ……
فېرمىسى …… 皮山县国营牧场 … 245
گۇما ناھىيىلىك ئۇرۇقچىلىق مەيدانى ……
皮山县良种繁育场 …… 246
گۇما ناھىيىسىدىكى بىر قىسىم قۇرۇلۇشلارنىڭ نامى
皮山县部分人工建筑物名称 …… 246
گۇما ناھىيىسىدىكى بىر قىسىم تەبىئىي جۇغراپىيىلىك
گەۋدىلەرنىڭ نامى 皮山县部分自然地理实体名称 … 248
گۇما ناھىيىسىدىكى بىر قىسىم ئاسارئەتىقىلەرنىڭ نامى

251 …皮山县部分名胜古迹名称 ……………………

253 … **洛浦县** ……………………… **لوپ ناھىيىسى**
257 … 洛浦镇 ……………………… (18) لوپ بازىرى
263 … 玉龙喀什镇 …………… (15) يۇرۇڭقاش بازىرى
268 … 吉亚乡 ……………………… (19) جىيا يېزىسى
273 … 布亚乡 ……………………… (28) بۇيا يېزىسى
278 … 纳瓦乡 ……………………… (13) ناۋا يېزىسى
282 … 山普鲁乡 ……………… (25) سامپۇل يېزىسى
291 … 恰尔巴格乡 …………… (39) چارباغ يېزىسى
297 … 杭桂乡 ………………… (36) ھاڭگىيا يېزىسى
304 … 多鲁乡 ……………………… (28) دول يېزىسى
309 … 拜什托格拉克乡 ………(12) بەشتوغراق يېزىسى
لوپ ناھىيىسىدىكى بىر قىسىم قۇرۇلۇشلارنىڭ نامى
312 … 洛浦县部分人工建筑物名称…………………………
لوپ ناھىيىسىدىكى بىر قىسىم تەبىئىي جۇغراپىيىلىك
313 … 洛浦县部分自然地理实体名称 … گەۋدىلەرنىڭ نامى

315 … **策勒县** ……………………… **چىرا ناھىيىسى**
322 …策勒镇 ……………………… (10) چىرا بازىرى
326 … 策勒乡 ……………………… (20) چىرا يېزىسى
331 … 固拉合玛乡 ……………(21) گۇلاخما يېزىسى
335 … 达玛沟乡 ……………… (17) دامىكۇ يېزىسى
340 … 恰哈乡 ……………………… (19) چاقا يېزىسى
346 … 乌鲁克萨依乡 ………… (8) ئۇلۇغساي يېزىسى
347 … 奴尔乡 ……………………… (18) نۇرى يېزىسى
353 … 博斯坦乡 ………………… (13) بوستان يېزىسى
چىرا ناھىيىسىدىكى بىر قىسىم قۇرۇلۇشلارنىڭ
358 … 策勒县部分人工建筑物名称……………… نامى
چىرا ناھىيىسىدىكى بىر قىسىم تەبىئىي جۇغراپىيىلىك

www.uygurkitap.com

گەۋدىلەرنىڭ نامى ...策勒县部分自然地理实体名称...359
چىرا ناھىيىسىدىكى بىر قىسىم ئاسارىئەتىقىلەرنىڭ نامى......
策勒县部分古迹名称...... 364

**كېرىيە ناھىيىسى ...... 于田县 ... 365**
مۇغاللا بازىرى (17) ...... 木尕拉镇 ... 372
شەنبە بازار بازىرى (12) ...... 先拜巴扎镇 ... 377
جاي يېزىسى (13) ...... 加依乡 ... 380
كۆكيار يېزىسى (14) ...... 科克亚乡 ... 384
ئارىش يېزىسى (9) ...... 阿日希乡 ... 388
ئارال يېزىسى (8) ...... 阿热勒乡 ... 391
سىيەك يېزىسى (12) ...... 斯也克乡 ... 394
توغراغاز يېزىسى (10) ...... 托格日尕孜乡 ... 398
لەڭگەر يېزىسى (14) ...... 兰干乡 ... 401
قاراقىر يېزىسى (13) ...... 喀拉克尔乡 ... 404
شىۋول يېزىسى (4) ...... 希吾勒乡 ... 407
ئويتوغراق يېزىسى (12) ...... 奥依托格拉克乡 ... 410
ئاتچان يېزىسى (11) ...... 阿羌乡 ... 413
يېڭىباغ يېزىسى (12) ...... 英巴格乡 ... 417
دەريابويى يېزىسى (1) ...... 达里雅博依乡 ... 420
كېرىيە ناھىيىلىك قوي خوجىلىق فېرمىسى ......
于田县羊场 ...... 428
لايسۇ ئۇرۇقچىلىق مەيدانى ......
拉依苏良种场 ...... 429
كونا شەھەر ئىش بېجىرىش باشقارمىسى ......
于田县老城区办事处...... 432
لەڭگەر بوز يەر دېھقانچىلىق مەيدانى......兰干农场...... 433
قازناق ئاۋئاتسىيە كەنتى تەرەققىيات رايونى ......
喀孜那克阿航开发区 ...... 434
كېرىيە ناھىيىسىدىكى بىر قىسىم قورۇلۇشلارنىڭ

نامى …于田县部分人工建筑物名称………………… 434
كېرىيە ناھىيىسىدىكى بىر قىسىم تەبىئىي جۇغراپىيىلىك
گەۋدىلەرنىڭ نامى 于田县部分自然地理实体名称 … 437

نىيا ناھىيىسى………………………… 民丰县… 445
نىيا بازىرى (5) ………………………… 尼雅镇 … 453
نىيا يېزىسى (8)………………………… 尼雅乡 … 453
روكيا يېزىسى (6) ………………………… 茹克雅乡 … 454
سالغۇزەك يېزىسى (7) ………… 萨勒吾则克乡 … 456
يېيىق يېزىسى (6)………………………… 叶亦克乡 … 456
ئەندىر يېزىسى (1) ………………………… 安迪尔乡…457

شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك
14 - دىۋىزىيىسى … 新疆生产建设兵团农十四师 … 459
گۇما قارىتاغىز دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى بىر قىسىم يەر
ناملىرى ……………… 皮山喀热塔格孜农场名称 … 459
نۇرى چارۋىچىلىق فېرمىسى ……………… 奴尔牧场 … 462
47-تۇەن مەيدانى ……………………… 四十七团场 … 465

خاتىمە …………………………………………… 466
پايدىلانمىلار …………………………………………… 470

[تەۋسىيىلىك ئىلاۋە] بۇ يۈرۈشلۈك كىتابلار جىلدىنى بېسىلىدىغان ئاھالىنىڭ ئىيۇلىنىڭ باشلىرىدا، لوپ ناھىيىسىنىڭ يورۇڭقاش بازىرى، جىيا يېزىسى ۋە خوتەن ناھىيىسىنىڭ تۇسالا يېزىسى مەمۇرىي تەۋەلىكىنىڭ خوتەن شەھىرىگە قوشۇۋېتىلگەنلىكى ئېلان قىلىنىدى. باسما سەۋەبىدىن كىتابتا «خوتەن شەھىرى» سەھىپىسىگە تۇسالا يېزىسى، يورۇڭقاش بازىرى ۋە جىيا يېزىسى تونۇشتۇرۇلىدىغان بابلار جەمئىلەنمىدى. ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئۇقىپ بولۇشىنى سورايمەن (ئا).

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

### مۇقەددىمە

# يەر نامىلىرى — مەۋجۇتلۇقىمىزنىڭ بەلگىسى

تەخمىنەن ئالتە-يەتتە مىڭ يىل ئىلگىرى يېڭى تاش قورال دەۋرىگە قەدەم قويغان ھازىرقى خوتەننىڭ①نامى ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ: «قۇستانا، گوستانا، كوستانا، كىستانا، چاشتانا، كھوستانا، ۋاتخا-نا، كھوتان، قەستان، قۇستان، كھوستان، خوستىن ...» (ئارىيان، ھىندى پراكرىت مەنبەلىرى ۋە قەدىمكى خوتەن تىلى بويىچە)؛ «يوت-قان، يۆتكەن، يۇرتخان، يۇتيەن» (قەدىمكى خەنزۇچە)؛ «قوتان، قوردان، قەسىر قوردان» (قەدىمكى تۈركچە)؛ «ئوتىئانا» (بۇددىچە)؛ «لىيال، ئورتۇن، لى يول» (تۈبۈتچە)؛ «چودان» (ھىندىچە)؛ «يوتان» (پراكرىت تىلىدا)؛ «ئوتئون، خودھون» (ھونچە)؛ «ئۇتېن، ئۇدۇن» («تارىخىنامە»، «خەننامە» دە ۋە خاقا-نىيەچە ئاتىلىشىدا)؛ «ماچىن، چىنماچىن» (ئىسلام مەنبە-لىرىدە)؛ «ئىلچى، لى چىڭ» (خەنزۇچە تەرجىمىسىدە)؛ «خوتەن» (ھازىرقى ئاتىلىشىدا)؛ «خېتيەن» (خەنزۇچە) دەپ خاتىرىلەنگەن ۋە ئاتالغان.

يۇقىرىقىناملار ئىچىدە: «قۇستان، گوستان، كھوستان، كھو-تەن، خوتەن، خېتيەن، قوتان، قوردان، چودان ...» دېگەنلەر بىر سۆزنىڭ كۆپ خىل تەلەپپۇز قىلىنىشى ۋە «ئۇدۇن، ئورتئون، ئورتون، ئوتىئانا، يۇتيەن ...» دېگەنلەر ئوخشاشلا بىر سۆزنىڭ ئاھاڭ

---

① «خوتەننىڭ قىسقىچە تارىخى»، جۇڭجۇ قەدىمىي ئەسەرلەر نەشرىياتى، 2002 - يىل 4 - ئاي 1 - نەشرى.

ئۆزگىرىشى بولسىمۇ، بۇ خىل فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەر بۇ زېمىندا يىراق قەدىمكى دەۋرلەردىن ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋرلەرگىچە ياشىغان قەبىلە-قوۋملار، مىللەتلەر تىلىدىكى ئالاھىدىلىكلەر، تىل ئۆتۈشۈش-چانلىق، تەرجىمە ۋە يېزىق جەھەتلەردىكى ئىپادىلىنىش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، ئەلۋەتتە.

جۇغراپىيىلىك گەۋدىلەرگە ئىسىم قويۇشتىن ئىبارەت مۇرەككەپ ھادىسە بولغان يەر نامىلىرىنىڭ ئاساسىي ئامىلى تەبىئىي، ئىجتىمائىي مۇھىت بولۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تۈرلۈك تارىخىي باسقۇچلىرىدا مىللىي ۋە تارىخىي تۈس ئالغان يەر نامىلىرى مەۋجۇتلۇقىمىزنىڭ بەلگە-سىدۇر. بارلىق مەۋجۇدات، مەخلۇقات ئۆزىگە خاس نام-ئاتلار ئارقىلىق بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدۇ، مەۋجۇداتنىڭ يىلتىزى، مەخلۇقاتنىڭ ئىل-لىق قوينى بولغان يەر-زېمىن ئۈستىدە ياشىغان قوۋم-قەبىلىلىرى، ئۇلۇس-مىللەتلىرىنىڭ بەلگىلىك دائىرىدە پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقى بىلەن ئۆزىگە خاس نامىلارغا ئىگە. «قەدەم ئىزى بىراۋنىڭ ماڭغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ (مەھمۇد قەشقەرى)» غانلىقىدەك، ئەجدادلىرىمىز تارىم بوستانلىقىنى ماكان تۇتۇپ ياشاپ، ئىگىلىك تىكلەپ، ئىجاد-ئىختىرا قىلىپ، بۈيۈك تارىم مەدەنىيىتىنىڭ ياراتقۇچىلىرى سۈپىتىدە شانلىق جۇڭخۇا مەدەنىيىتى ۋە پۈتكۈل ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى خەزىنىسىگە قوشقان ئۆچمەس تۆھپىلىرىنى خىلمۇخىل قىممەتلىك مىراسلىرى بىلەن بىرگە، يەر نامىلىرى ئارقىلىقمۇ قالدۇرۇپ كەتكەن ھەم قالدۇرۇپ كەلمەكتە.

ئەجدادلىرىمىز قوللانغان يەر نامىلىرى، ئۇلارنىڭ قەدىمكى ماكان-لىرى توغرىسىدا مەلۇمات بەرگۈچى مۇھىم تارىخىي ھۆججەت بولۇپ، زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆز پېتى ياكى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياساپ، ئۆزىدە جۇغراپىيە، تارىخ، ئارخېئولوگىيە، تىل، ئۆرپ-ئا-دەت، ئۇدۇملارنى مۇجەسسەملىگەن نامىلار يىراق ئۆتمۈش بىلەن بۈگۈن-نى، ئېتنىك مەنبە بىلەن كۆپ قاتلامنى، بەلگىلىك ئورۇن بىلەن

www.uyghurkitap.com

كەڭ كەتكەن جايلارنى، تەبىئىي جۇغراپىيە بىلەن مەدەنىيەت جۇغراپىيە-يىسىنى بىرلەشتۈرۈپ، تارىخ، ئارخېئولوگىيە، جۇغراپىيە، تىلشۇناسلىق، مىللەتشۇناسلىق، ئىقتىسادشۇناسلىق قاتارلىق پەنلەر بىلەن چېتىشلىق بولغان يەر نامى ئىلمى ‹ Toponymy › نى شەكىللەندۈردى. شۇ ۋەجىدىن تارىم بوستانلىقىدىكى قەدىمىي جايلارنىڭ بىرى بولغان خوتەن يەر ناملىرى ئۈستىدىكى ئىزدىنىشلەرمۇ تارىخىي ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

## خوتەن يەر ناملىرىنىڭ قەدىمكى تىل ئاساسى

يازما مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، يىراق قەدىمكى دەۋرلەردىن ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋرلەرگە قەدەر ساك (ساق، ساقا)، سۇغدى (سۇغداق، كانجۇت)، چان (چانرۇڭ)، هون (غۇز)، توخرى (توخار)، تۈيغۇن، روران، ئېفتالىت (ئاق هون)، تۈرك، تۈبۈت، ئۇيغۇر، خەنزۇ، موڭغۇل قاتارلىق قەبىلىلەر ياكى مىللەتلەر خوتەن زېمىنىدا ياشاپ ئاۋۇپ، خوتەننىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىنى ياراتقان① بولۇپ، خوتەن يەر ناملىرىدا ئۇلارنىڭ قەدىمكى تىلى ساقلىنىپ قالغان. باشتا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن هازىرقى «خوتەن» نامىنىڭ ئاشۇ دەۋرلەردە ئوخشىمىغان ياكى قىسمەن ئوخشاپ كېتىدىغان ناملار بىلەن ئاتىلىشى بۇنىڭ ئىسپاتىدۇر.

بۈگۈنكى خوتەن رايونىدا ئەڭ قەدىمكى يەر ناملىرى، تارىم بوستانلىقىدىكى قەدىمكى شەھەر-قەلئە بەگلىكلىرىنىڭ نامى بىلەن بىللە قېزىلمىلاردا، ۋەسىقىلەردە ساقلىنىپ، مۇھىم تارىخىي هۆججەت سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنىدۇ. مەسىلەن: خوتەن رايونىدىن تېپىلىپ، ئارخېئولوگلار تەرىپىدىن «14-نومۇرلۇق كارۋشتىچە ۋەسىقە» دەپ ئاتال-

① «خوتەننىڭ قىسقىچە تارىخى»، جۇڭگو قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى، 2002-يىل 4-ئاي 1-نەشرى، خەنزۇچە، 208-بەت.

غان تارشا پۈتۈكتە: شامىكا ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ «جالمادانا ‹Calmadana› »، «ساجا ‹Saca› » (ئىلاۋە: «جالمادا» خەنزۇچىدىكى «且末» سۆزىنىڭ كارۋشتى تىلىدىكى ئاتىلىشى. «ساجا» — هازىرقى چەرچەن بىلەن نىيا ئارىلىقىدىكى قەدىمىي يۇرت بولۇپ، نامى ئۇيغۇر تىلىدا ساقلىنىپ قالمىغان) «نىنا (Nina) »، «جادۇتا (Cadota)» دېگەن تۆت يۇرتتىن ئۆتۈپ، «كهو- تان ‹Khotan›» غا ئەلچى بولۇپ بارغانلىقى ۋە ئۆزگە «نىنا» دىن «كهوتان» غىچە مۇهاپىزەتچى (يول باشلىغۇچى) بولۇپ كەلگەن كى- شىگە يول خىراجىتى بېرىش تىلغا ئېلىنغان. بۇ ۋەسىقىدىكى يەر ناملىرىدىن «كهوتان»، «نىنا»، «جادوتا» (مەشهۇر سەيياھ ماركو- پولو ساياهەتنامىسىدە تىلغا ئالغان «پېن ‹Pin› »، پىما دېگەن شەهەر. ئارخېئولوگلار بۇ شەهەر خارابىسىنى هازىرقى چىرا ناهىيىسى بىلەن كېرىيە ناهىيىسى ئارىلىقىنىڭ شىمالىدىكى تەكلىماكان قۇملۇ- قى ئىچىدە دەپ قەيت قىلىشىدۇ) دېگەن ئۈچ يەر نامى بىزگىچە يېتىپ كەلگەن.

«ئۇدۇن رايونىغا ئائىت تۈبۈتچە ۋەسىقىلەر» (مۇشۇ يۇرۇشلۇك كىتابلارنىڭ 13-تومىغا قاراڭ) نىڭ مازارتاغ 0070-نومۇرلۇق تارشا پۈتۈكىدە: «گۇجاندۇ ‹Gu—zhan—do› بۇتخانىسىدىكى ئۇدۇنلۇق سارىنگۇڭ ‹Sar—rng—gong› ...» دېگەن خەتلەر بار. «گۇجاندۇ» دېگەن بۇ نام هازىرقى خوتەن شەهىرىدىكى بىر كوچا ئىش باشقارمىسى- نىڭ «گۇجانباغ» (جانلىق تىلدا «دۇ» چۈشۈپ قىلىپ، «باغ» كېيىن قوشۇلغان) نامىنىڭ قەدىمكى ۋەسىقىلەردە ئۇچرىشى هېسابلى- نىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا: «لاڭرو» (مەنىسى «قوۋۇق قارشىسىدىكى ئېقىن»)، مازارتاغ 10095-نومۇرلۇق قەغەز پۈتۈكنىڭ 2-قۇرىدا ‹... مىياڭرو myang—ro قەبىلىسىدىن ...› دېگەن خەتلەرنىڭ بارلى- قىغا ئاساسەن ‹لاڭرو› دېگەن نام بەلكى ئاشۇ ‹مىياڭرو› دېگەن قەبىلە نامىدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن)، «زاۋا» (ئەسلىي سۆز

«زابا، زاۋىيا» بولۇپ، مەنىسى «خىلۋەت جاي، خانىقا» )، «ئۇرچى» (مەنىسى «بوز يەر»)؛ «قويىچى» (ئەسلىي سۆز «قوچ، قوچى» بولۇپ، مەنىسى «قوچقار»)، «ياۋا» (بىر خىل چېقىر تىكەننىڭ نامى)؛ «كۇيا» (‹كۇي› سۆزى سانسكرىت تىل ئادىتى بويىچە ‹يا› دەپ ئېيتىلىپ ‹كۇيا› بولۇپ كەلگەن. مەنىسى «بازار»)، «گۇما» (گىيومۇ، گىھۇمانا)، «دۇۋا» (ئەسلىي سۆز ‹دۇبە›، مەنىسى «تۇگەنچە، ئاخىرقى ئۇچى، ئاياغ»)، «كىلىياڭ» (مەنىسى «ئۇزۇنسىغا كەتكەن يەر، تىلدەك سوزۇلغان جاي»)، «سانجۇ» (مەنىسى «سائادەتلىك»)، مۇجى (مەنىسى «بېدە»)، «چودا» (بىر خىل ئوت-چۆپنىڭ نامى)، «ناۋا» (مەنىسى «ئاقتاش»)، «سامپۇل»، «دول» قاتارلىق يەر نامىلىرى، ئاخىرى «ئا» بىلەن ئاياغلاشقان يەر نامىلىرى، شۇنداقلا كېيىنكى دەۋرلەردە ئاخىرى «كۇي» بىلەن ئاياغلاشقان يەر نامىلىرى خوتەن رايونىدىكى ھازىر قوللىنىلىۋاتقان يەر نامىلىرىنىڭ بىر قىسمىنى تەشكىل قىلغان بولۇپ، بۇ نامىلارنىڭ بەزىلىرى قەدىمكى خوتەن تىلى، بەزىسى ھىندۇ-پراكرىت تىلى، بەزىسى خەنزۇ تىلى، بەزىسى توخرى، تۇبۇت[1]، چان، ھون ۋە باشقا قەبىلە-قوۋملەر تىلى ياكى يۇقىرىقى تىللارنىڭ ئارىلاشمىسى، تەلەپپۇز ئۆزگىرىشلىرىدۇر. بۇ يەر نامىلىرىنىڭ سۆز تۈزۈلۈشىنى فونېتىكا جەھەتتىن تەھلىل قىلساق، كۆپىنچە نامىلارنىڭ ئاخىرى «ئا-ئە»، «س»، «ي»، «ل»، «ئان-ئەن»، «ق» تاۋۇشلىرى بىلەن تۈگەيدۇ. بۇ ھالەت ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىنىڭ شۇنداقلا ئالتاي تىللىرى تەرىپىدىن ئۆزلەشتۈرۈلگەن ھىندۇ-ياۋروپا تىللىرىنىڭ تەسىرىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

ئېنىقكى، بۇددىزم گۈللەنگەن دەۋرلەردىكى بۇ خىل كۆپ مەنبە-

[1] تۇبۇت — تۆپە، ئېگىزلىك، تۆپىلىك مەنىسىدىن كەلگەن سۆز. قەدىمكى خوتەندە ھازىرقى تىبەتلىكلەرنى «ئېگىزلىك كىشىلىرى، تۆپىدىن كەلگەنلەر» دېگەن جۇغراپىيىلىك چۈشەنچە بويىچە «تۇبۇتلار» دەپ ئاتىغان. ھازىرمۇ كېرىيە، چىرا قاتارلىق جايلاردىكى ئاھالىلار باش كىيىمنى «تۆپە، تۆپىلىك، تەلپەك» دەپ ئاتايدۇ (ت).

www.uyghurkitap.com

لىك، كۆپ قاتلاملىق تىل ئۆتۈشۈش، قوشۇلۇش، ئارىلاشما سۆز ياساش ئادەتلىرىنى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ بايانلىرىغا ئاساسەن چۈشەن-دۈرگەندە. بۇ دەۋرلەردە شىنجاڭ رايونىغا ئوخشاشلا خوتەندىمۇ يەرلىك ئاھالىلەر بىلەن يەنە ھىندى-ياۋروپا، ھىندى-ئىران تىللىرىدا سۆزلە-شىدىغان قوۋملەر بولغان. ئۇلارنىڭ تىلى بىللە ئولتۇراقلاشقان خەلق-لەرنىڭ تىلى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن. بۇنداق ئەھۋالنى مەھمۇد قەشقەرى «بۇزۇلغان تۈركىي تىل» دەپ ئاتىغان. بۇ دەۋرلەردىكى تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ئۆز زامانداشلىرىنىڭ مەدەنىيە-تىدىكى مۇۋاپىق ئېلېمېنتلارنى قوبۇل قىلغان (مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» 39-بەتكە قاراڭ). مەسىلەن: خوتەن ۋىلايە-تىنىڭ جەنۇبىدىكى شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان غايەت زور تاغلار ئەسلىدە قەدىمكى خوتەن تىلىدا «قورۇ تام» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان بولسا، ھىندى-پراكرىت تىلىدا «كھوم-روم» دەپ ئېلىنغان؛ خەنزۇ تىلىدا «كۈن لۈن» دەپ ئۆزلەشكەن. بۇ نام ياۋروپا تىللىرىدا «كو-ئېن-لۈن» دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىنغان. ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا ئەسلىسى ئېلىنماي، ياۋروپاچىلاشقان «كوئېنلۈن» دېگەن نام قوللى-نىلدى ھەمدە «قۇرۇم تېغى»، «قارا قۇرۇم تاغلىرى» دەپمۇ ئاتىلىۋا-تىدۇ. شۇنداقلا «ئۇدۇن رايونىغا ئائىت تۇبۇتچە ۋەسىقىلەر» نىڭ «ئۇ-دۇن رايونى ۋە شەھەر-بازارلار» قىسمى «(ب) دىنىي رايون ۋە كوچا رايونى» بۆلىكىدىكى مازارتاغ 0096-نومۇرلۇق قەغەز پۈ-تۈكنىڭ 1-سىدە «... ھانگويا ‹Hang—gu—ya› دىكى ئۇ-دۇنلۇق ۋۇندى ‹Vun—de› ...» دېگەن؛ 0010-نومۇرلۇق تارشا پۈتۈكنىڭ باسما شەكىللىك بىر قۇرىدا «ھانگىنيارويو ‹Han—ge—no—yo› ...» دېگەن خەتلەر بار. بۇ ئىككى ۋەسىقىدى-كى «ھانگويا»، «ھانگىنيا رويو» سۆزلىمى بۇددىزم دەۋرىدىكى ئىبا-دەتخانىنىڭ نامى بولۇپ، «ھاڭگىيا» (ھازىرقى لوپ ناھىيىسى ھاڭ-گىيا يېزىسى) دىكى «ن» نىڭ «ڭ» غا نۆۋەتلىشىشىدىن باشقا، گرام-

www.uyghurkitap.com

ماتىكىلىق ئۆزگىرىش ياسىماي بىزگىچە يېتىپ كەلگەن قەدىمكى تىلىدىكى نامىلارنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

خوتەن رايونىدىكى بىر قىسىم يەر نامىلىرىدا ساقلىنىپ قالغان قەدىمكى تىل ئاساسىنى ئىزدىگەندە شۇنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇكى، قەدىمكى خوتەن ئاھالىسىنىڭ تىلى كارۇشتى يېزىقىنى قوللىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن ھىندى-پراكرىت تىلىنىڭ تەسىرىگە، بۇددا نوملىرى تىلىنى قوللىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن ھىندى-سانسكرىت تىلىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئەمما، تىل تومۇرى ئالتاي تىللىرىنىڭ تارماق تىلى ئىدى. بۇ ھال قەدىمكى خوتەن تىلىنىڭ (بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار «خوتەن ساك تىلى» دەپ ئاتىغان تىلىنىڭ) يەر نامىلىرى ئارقىلىق ساقلىنىپ كەلگەنلىكى بىلەنمۇ ئىسپاتلىنىدۇ. مەسىلەن، «خوتەن» نامىنى ئالساق، بەزىلەر ئۇنىڭ «كھوستان» دەپ ئاتىلىشىدىكى «كھو» ئارىيان تىلىدا «ئوغۇز» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، «ستان» — «ماكان، يۇرت، ئەل» مەنىسىگە ئىگە، بۇ نام كېيىنكى دەۋرلەردە «س» تاشلىنىپ «كھوتان» غا، «ك» تاشلىنىپ «ھوتان» غا؛ «ئا» بىر دەرىجە ئاجىزلىشىپ «ھوتەن» ياكى «خوتەن» دەپ تەلەپپۇز قىلىنغان دەپ قارايدۇ. «سامپۇل» (ھازىرقى لوپ ناھىيىسىنىڭ بىر يېزىسى) دېگەن نامنى ئالساق، «سام» قەدىمكى خوتەن تىلىدا «زام» بولۇپ، مەنىسى «ئورۇن، جاي» دېگەنلىك بولىدۇ. «پۇل، پۇلا» سانسكرىت تىلىدا ‹Pura› «شەھەر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرۈپ، ئىككى خىل تىلنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن «زامپۇرا» بولۇپ، دەۋرلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ «سامپۇل» بولۇپ قېلىپلىشىپ قالغان («سۇنبۇل» — ‹بۇغداي بېشى› قەدىمكى ئۇيغۇر كالېندارچىلىقىدا 6-ئاينى كۆرسىتەتتى. بۇنى يۈسۈپ خاس ھاجىپ 12 بۇرجنى ئاتىغاندا شۇنداق يازغان. «سامپۇل» دېگەن بۇ جاي نامى ئەنە شۇ «سۇنبۇل» نىڭ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشىمۇ قانداق؟). «كېرىيە» (ھازىرقى كېرىيە ناھىيىسى) دېگەن بۇ نامۇ

قەدىمكى خوتەن تىلىدا «قىبيا» دەپ ئاتىلىدۇ. «ق» تاۋۇشى ئۇيغۇر تىلىدا تۇراقلىق تاۋۇش بولۇپ، «ئېگىزلىك، تاغ» مەنىسىدىكى «قې» ؛ «دەريا، ئېقىن» مەنىسىدىكى «يا» نىڭ قوشۇلۇشىدىن تۈزۈلگەن. بۇ نامنى يەرلىك ئاھالىلەر «كىبيا» ، «قىريا» دەپ تەلەپپۇز قىلىسىمۇ ھەمدە ھازىر قېلىپلاشقىنى بويىچە «كېرىيە» دەپ ئاتىسىمۇ، يەنىلا ئەسلىي تىل تومۇرى بولغان «قىبيا» نامىدىن چەتنىمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ر» تاۋۇشىنىڭ كەلمەسلىكىمۇ بۇ نامنىڭ «قىبيا» ، «كىبيا» دەپ ئاتالغان قەدىمىي نام ئىكەنلىكىنى بىلدۈردۇ.

مەلۇمكى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا سانسكرىت، ساك، توخرى تىللىرىدىن قوبۇل قىلىنغان ئاتالغۇلاردا ھامان ئاھاڭ ئۆزگىرىشى بولغان. سۆز ئاخىرىدىكى سوزۇق تاۋۇش ۋە سۆز ئارىلىقىدىكى بىردىن ئارتۇق ئۈزۈك تاۋۇش قىسقارتىلىپ قوبۇل قىلىنغان ھەمدە بەزى ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭى ئۆزگەرتىلگەن. مەسىلەن، «خوتەن» دېگەن نامنىڭ ئۆزئارا مەنبەداش بولغان كاروشتى تىلىدىكى «Kuttan» دەپ ئاتىلىشىنى؛ قەدىمكى خوتەن (ساك) تىلىدىكى «Kostana» دەپ ئاتىلىشىنى؛ سانسكرىت تىلىدىكى «Khotan» دەپ ئاتىلىشىنى «قوردان» ، «قوستان» ، «چودان» ، «ئورتۇن» ، «ئۇدۇن» ، «خېتيەن» دەپ ئاتاشلار بىلەن سېلىشتۇرساق بۇلارنى روشەنلەشتۈرەلەيمىز. ئۇنىڭدىن باشقا «گىمومانا» (گۇما) ، «دارماگوپتا» (دامىكۇ) ، «گۇلھەمىي» (گۇلاخما) ، «گۇجاندۇ» (گوجان) قاتارلىق يەر ناملىرىدىمۇ؛ «ھاڭكۇيا» (ھاڭگىيا) ، «زاڭكۇيا» (زاڭگۇي) ، «ماكۇيا» (ماكۇي) قاتارلىق («كۇي» سۆزى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «كوي» بولۇپ، تۈركىيە تۈركچىسىدە «كۆي» بولۇپ كېلىدۇ) يەر ناملىرىدىمۇ بۇ خىل ئاھاڭ ئۆزگىرىش، تاۋۇش قىسقىراش قاتارلىق گرامماتىكىلىق ۋە فونېتىكىلىق ئامىللارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خوتەن يەر ناملىرىنىڭ بىر قىسمى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا خاتىرىلەنگەن سۆزلۈكلەردە ئۇچرايدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى تاغ-دەريالارنىڭ نامى، بەزىلىرى ئۆسۈملۈكلەر ۋە ھايۋاناتنىڭ نامى، يەنە بەزىلىرى پېئىللار ۋە سۈپەتداشلاردۇر. بۇ يەر ناملىرىنىڭ مۇتلەق كۆپى قەدىمكى خوتەن تىلىدا قويۇلغان ياكى خوتەن تىلىنى مەنبە قىلىپ، باشقا تىللارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئارىلاشما نام بولۇپ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، خوتەن يەر ناملىرى ئىچىدە باشقا تىللاردىن ئۆزلەشتۈرۈپ قوللىنىلغان ناملارمۇ بار.

ئېنىقكى، خوتەن يەر ناملىرى ئىچىدە ئەڭ قەدىمىي بولغان ۋە 10-ئەسىرلەردىن كېيىن قوللىنىلغان بەزى ناملارنىڭ تىل تەۋەلىكى، مەنىسى قاتارلىقلارنى ئېنىقلاش بىرقەدەر قىيىن. چۈنكى بۇ خىلدىكى يەر ناملىرى بىلەن ئاتالغان تەۋەلىكتە قەبىلە-قوۋملار ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان ياكى زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلار يەڭگۈشلەنگەن بولغاچقا، يەر ناملىرىدا مۇرەككەپلىك كېلىپ چىققان. قەدىمكى خوتەن تىلى ۋە باشقا قوۋملەر تىلى بىلەن ئاتالغان يەر ناملىرىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تەۋەسىدىكى جايلارغا تارىغاندا، خوتەن رايونىدا كۆپرەك ساقلىنىپ قالغانلىقىمۇ خوتەن يەر ناملىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرىدۇر.

## خوتەن يەر ناملىرىنىڭ ئەپسانە-رىۋايەت ئاساسى

خوتەن يەر ناملىرىنى بىۋاستە ئىپادىلىگەن ياكى شۇ نامنىڭ ئومۇمىي دائىرىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاجايىپ گۈزەل ئەپسانە-رىۋايەتلەر بار. بۇ ئەپسانە-رىۋايەتلەر خەلق ئارىسىدا ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئۆتۈپ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇلاردا، يەر ناملىرىنىڭ قويۇلۇشى، كەنت-مەھەللىلەر، شەھەر-قەلئەلەر، ئۆستەڭ-تۇغانلارنىڭ بىنا قىلىنىشى، باھادىر ئەزىمەتلەرنىڭ يۇرتقا بولغان سۆيگۈ-مۇھەب-

بىتى، خەلقىمىزنىڭ تۈرلۈك تەبىئىي ئاپەتلەر ئۈستىدىن غەلىبە قازد-نىش ئىستىكى قاتارلىق مەزمۇنلار ئەكس ئەتكەن.

قەدىمكى خەنزۇ يېزىقىدىكى «تاغ-دەريالار قامۇسى» ناملىق كىتاب-تا «غەربكە بېرىپ ئۇمايغا ئىلتىجا قىلىش»، «تاشپاقا بىلەن يىلاننىڭ قاشتاش تالىشىشى» قاتارلىق ئەپسانىلار بار. بۇ بەلگى خوتەن نامى بىلەن باغلانغان ئىپتىدائىي بايانلار بولسا كېرەك. بۇ ئەپسانىلەردە «قــارا قۇرۇم»، «قاشتېشى»، «يۇرۇڭقاش دەرياسى»، «قاراقاش دەرياسى» قاتارلىق ناملار بولۇپ، تەڭرىنىڭ ئۇمايغا قاشتېشى تارتۇق قىلغانلىقى ۋە ئۇنى ئىككى دەرياغا تاشلاتقۇزغانلىقى سۆزلىنىدۇ. ئال-دىنقى ئەپسانىدىكى «ئۇماي» ئېلىمىزدە كەڭ تارقالغان ئەپسانە بو-لۇپ، خەنزۇچە مەنبەلەردە «شى ۋاڭمۇ» ( 西王母 ) دەپ ئاتالسا، ھىندىستان ئەپسانىلىرىدا «ئۇما»، تۈرك ئەپسانىلىرىدە «ئۇماي» دې-يىلىدۇ. بىزدە ھېلىغىچە «ھۇما»، «ھۇما قۇشى» دېگەندەك سۆز ۋە سۆزلەم ئارقىلىق شەرق، غەربتە مەشھۇر بولغان بۇ ئەپسا-نىدىكى كارامەتلىك شەخس — بۈيۈك ئانىغا، ئۇمۇرگە، بەخت-سائادەتكە سىمۋول قىلىنىدۇ. ئالىملارنىڭ تەتقىقات نەتىجىسىدىن قا-رىغاندا، «غەربكە بېرىپ ئۇمايغا ئىلتىجا قىلىش» قاتارلىق «ئۇماي» غا مۇناسىۋەتلىك ئەپسانىلارنىڭ تۇنجى نۇسخىسى قارا قۇرۇم ( 喀喇昆仑 ) تاغ رايونىدا پەيدا بولغاچقا، خوتەننى ئىنسانىيەت ئەڭ بۇرۇن ياشىغان قەدىمكى يۇرتلارنىڭ بىرى دېيىشكە بولىدۇ.

«چىن ۋە ماچىن ئەپسانىسى»، «پەرھاد ئۆستەڭگى ئەپسانىسى»، «‹خوتەن› نامى توغرىسىدا ئون بىر ئەپسانە» قاتارلىق-لاردا، ھەرقايسى قوۋم-قەبىلىلەرنىڭ ئۆز توتېمى، ئېتىقادى، تىلى، ئۆرپ-ئادىتى جەھەتلەردىكى پەرقلەرگە ئاساسەن، «خوتەن» نامىنىڭ قويۇلۇشى، مەنىسى، دائىرىسى ھەققىدە ھېكايەتلەر سۆزلىنىدۇ. ئۇ-لاردا ساددا تەبىئەت قارىشى، ئالەم قارىشى ئەكس ئەتكەن بولۇپ، بۇ ئەپسانىلاردىكى ئاز بىر قىسىم شەخسلەر، ۋەقە-ھادىسىلەر ھەر خىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يېزىلارلاردا پۈتۈلگەن تارىخىي يازمىلاردا ئۇچرايدۇ.

خوتەن يەر نامىلىرى توغرىسىدىكى ئەپسانە-رىۋايەتلەر ناھايىتى كۆپ. ئۇلار ھازىرقى مەمۇرىي دائىرە بولغان ناھىيە، يېزا، كەنت-مەھەللە نامىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماستىن، بۇ نامنىڭ قويۇلۇشىغا سەۋەب بولغان مەلۇم تارىخىي شەخس، مەلۇم ۋەقە بىلەن تەبىئىي باغلانغان. خوتەن يەر نامىرىغا مۇناسىۋەتلىك بۇ ئەپسانە-رىۋايەتلەرنى مەزمۇن جەھەتتىن تۆۋەندىكىدەك ئايرىشقا بولىدۇ (تېكىستىنى «ئەپسانە-رىۋايەتلەر، چۆچەكلەر ‹تاللانما›» 8-تومدىن كۆرۈڭ):

1. مەلۇم دائىرىگە قويۇلغان يەر نامىنى بىۋاسىتە ئىپادىلەيدىغان ئەپسانە-رىۋايەتلەر؛

2. مەلۇم جاينىڭ ئومۇمىي دائىرىسى ئارقىلىق يەر نامىنى ئىپادىلەيدىغان ئەپسانە-رىۋايەتلەر؛

3. ئاھالە نۇقتىسى، شەھەر-قەلئە، لەڭگەر-راباتلارنىڭ بىنا قىلىنىشى توغرىسىدىكى ئەپسانە-رىۋايەتلەر؛

4. تەبىئىي جۇغراپىيىلىك گەۋدىلەرنىڭ نامى توغرىسىدىكى ئەپسانە-رىۋايەتلەر؛

5. مەلۇم يەر نامىنىڭ تارىخىي شەخسلەرگە باغلىنىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان ئەپسانە-رىۋايەتلەر؛

6. مەلۇم يەر نامىنىڭ تارىخىي ۋەقەلەرگە ئاساسەن قويۇلغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان ئەپسانە-رىۋايەتلەر؛

7. ئېتىقاد، ئۆرپ-ئادەت بىلەن باغلىنىشلىق بولغان يەر نامىلىرى توغرىسىدىكى ئەپسانە-رىۋايەتلەر؛

8. تەبىئەت ھادىسىلىرى، ھايۋانات بىلەن باغلىنىشلىق بولغان يەر نامىلىرى توغرىسىدىكى ئەپسانە-رىۋايەتلەر؛

9. چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، ھۈنەر-سەنئەت، سودا-تىجارەتكە باغلىنىشلىق بولغان يەر نامىلىرى توغرىسىدىكى ئەپسانە-رىۋايەتلەر؛

10. قوۋم-مىللەتلەرنىڭ كېلىپ ئولتۇراقلىشىشى، كۆچۈشى

مۇناسىۋىتى بىلەن قويۇلغان يەر ناملىرى توغرىسىدىكى ئەپسانە-رىۋايەتلەر.

بۇلاردىن باشقا يەنە خوتەننىڭ ئالاھىدە يەرلىك مەھسۇلاتلىرى، ئۆزگىچە ساياھەت-مەنزىرە نۇقتىلىرى، ئۆزگىچە ئۆرپ-ئادەتلەر، كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتى، يەرلىك چالغۇ-ئەسۋابلارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئەپسانە-رىۋايەتلەر ئارقىلىقمۇ مەلۇم دائىرىنىڭ تۈپرىقى، ئىقلىمى ۋە باشقا تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئەھۋاللىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ چۈشىنىشكە بولىدۇ.

بۇ يەردە شۇنى ئېيتىش لازىمكى، بارلىق ئەپسانە-رىۋايەتلەر، جۈملىدىن خوتەن يەر نامىلىرىغا مۇناسىۋەتلىك يۇقىرىقى مەزمۇنلاردىكى ئەپسانە-رىۋايەتلەرگە قارىتا بەزى كىشىلەرنىڭ چۈشەنچىسى بويىچە، بۇ ئەپسانە-رىۋايەتلەرنى «ئاساسسىز گەپ»، «يالغان-ياۋىداق ئويدۇرما» دەپ قاراشقا بولمايدۇ. ئۇلاردا دىگۇدەك ھازىر بىز قوللىنىپ كېلىۋاتقان ياكى دىئالېكت-شېۋە ئادىتىمىز بويىچە قوللىنىپ كېلىۋاتقان يەر نامىدىن باشقا، دەريا-كۆللەر، تارىخىي شەخسلەرنىڭ نامى بار. بەزىلىرىنى خىيالىي توقۇلما دىگەندىمۇ (مەسىلەن، «پەرھاد ئۆستىڭى ئەپسانىسى»غا ئوخشاش)، ئۇنىڭ تەگ-يىلتىزى يەنىلا قەدىمكى خوتەن دىيارىدۇر. شۇڭا خوتەن يەر ناملىرىنىڭ ئاز بىر قىسمىنى ئەپسانە-رىۋايەت ئاساسىغا ئىگە دەيمىز.

## خوتەن يەر ناملىرىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئاساسى

خوتەننىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۇرگەن يەر ناملىرى ئىچىدە تەبىئىي، جۇغراپىيىلىك شەيئىلەرگە (مەمۇرىي رايون ۋە ئاھالىلەر ئولتۇراقلاشقان جايلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئاساسەن قويۇلغان يەر ناملىرى كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدۇ.

ھەيۋەتلىك قارا قۇرۇم تاغلىرى بىلەن تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ

ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان خوتەن؛ يۇرۇڭقاش ۋە قاراقاش قاتارلىق 36 دەريا-ئېقىنىنىڭ سۈيى بىلەن كۆكلىگەن چوڭ-كىچىك يۈز نەچچە بوستانلىقتىن تەشكىل تاپقان. يەر تۈزۈلۈشتىكى مۇرەككەپلىك، قۇرغاق ئىقلىم، ئېقىنلارنىڭ يۆتكىلىشى، قۇم كۆچۈش قاتارلىق تەبىئىي ئامىللارغا ئاساسەن ئايرىم-ئايرىم قويۇلغان يەر ناملىرىنىڭ خېلى بىر قىسمى بىۋاسىتە تەبىئىي، جۇغراپىيىلىك نام بولسا، بىر قىسمى دەريا-ئېقىن، تاغ-تۈرا، تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ نامى بولۇپ، كېيىنچە يەر نامى سۈپىتىدە مەلۇم دائىرىنى كۆرسەتكەن. بۇ ناملارنى تەبىئىي، جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىك بويىچە تۆۋەندىكىچە كۆرسىتىشكە بولىدۇ:

1. سۇ بىلەن مۇناسىۋەتلىك يەر ناملىرى. مەسىلەن، «يار بويى»، «ئىككىسۇ»، «لايسۇ»، «لايقا ئۆستەڭ»، «يانبۇلاق»، «ئەنكالى»، «ئەنئېرىق»، «قارا سۇ» (سەھىپە ئېتىبارى بىلەن بۇ كىتاب ئىچىدىن مىسال ئېلىنغان يەر نامىنىڭ قايسى ناھىيە، قايسى يېزا، قايسى كەنت-مەھەللىدە ئىكەنلىكى كۆرسىتىلمىدى. تۆۋەندىمۇ شۇنداق) ... دېگەندەك؛

2. يەر تۈزۈلۈشى — تەبىئىي شەكلىگە ئاساسەن قويۇلغان يەر ناملىرى. مەسىلەن، «ئاچايا»، «ئېلەكبېشى»، «ئارىش»، «كۆلچەكچوڭقۇر»، «قولتۇق مەھەللە»، «ئارال»، «كەڭتۈز»، «ئىلمەك»، «قۇمباسقان»، «قىياقلىق» ... دېگەندەك؛

3. تەبىئىي مەنزىرىگە ئاساسەن قويۇلغان يەر ناملىرى. مەسىلەن، «تېرەكلىكساي»، «كەڭكۆل»، «يا چۈشكەن»، «قاقشاللىق»، «دۆڭتېتىر»، «گۈلباغ»، «سېرىغلىق»، «باغجىگدە»، «قۇمبويى» ... دېگەندەك؛

4. تەبىئىي بەلگە — ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن قويۇلغان يەر ناملىرى. مەسىلەن، «ئاتباش»، «توغراقمازار»، «قومۇشكۆل»، «دىڭقاش»، «كامار ئېچىق»، «قىزىلسېغىزلىق»، «سۇقباغ»،

«بويۇنئېغىل» ، «دۆڭتاختا» ، «قوشلاش» ... دېگەندەك ؛

5. دەل-دەرەخلەر نامى بىلەن ئاتالغان يەر نامىلىرى. مەسىلەن، «سۆگەتئېرىق» ، «چىناباغ» ، «تاللىق» ، «ئۈجمىلىك ئارقا» ، «چىلانباغ» ، «جىگدەقۇدۇق» ، «كۆكتېرەك» ، «ئۆرۈكلۈكتۈز» ، «ياڭاقمەھەللە» ، «قاغا توغراق» ، «ئامۇتلۇق» ... دېگەندەك ؛

6. ئۆسۈملۈك، گۈل-گىياھلارنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان يەر نامىلىرى. مەسىلەن، «پۇرچاقمەھەللە» ، «مۇچمەھەللە» ، «چۈڭگۈل-مەھەللە» ، «زاغۇنمەھەللە» ، «قارا ئارپا» ، «شاپىلىقتۈز» ، «چىغ-لىق» ، «گۈلتېرىغان كەنت» ، «شېكەرقومۇش مەھەللە» ، «چىلان كەنت» ... دېگەندەك ؛

7. ھەر خىل ھايۋانات نامى بىلەن ئاتالغان يەر نامىلىرى. مەسى-لەن، «قوتاز ئېرىق» ، «ئۆچكە بۇلۇڭ» ، «توڭغۇز باستى» ، «تۆگە تايدى» ، «توشقان يايلاق» ، «ئاتكۆيدى» ، «قوچقا ئېغىل» ... دېگەندەك ؛

8) قۇشلار نامى بىلەن ئاتالغان يەر نامىلىرى. مەسىلەن، «قاغا مەھەللە» ، «توغاي مەھەللە» ، «سۆندۈك مەھەللە» ، «ھاڭ-غىرتلىق» ، «بۇلبۇلئۆستەڭ» ، «قارچىغا ئۇچقان» ، «قالغاچ مەھەل-لە» ... دېگەندەك ؛

9. رودا-مەدەن، كان مەھسۇلاتلىرى نامى بىلەن ئاتالغان يەر نامىلىرى. مەسىلەن، «قاشتاش يېزىسى» ، «ئالماس دەرياسى» ، «شا-خار مەھەللە» ، «ئالتۇنچى كەنتى» ، «كانچىئېرىق» ... دېگەندەك ؛

10. تەبىئەت ھادىسىلىرى، ئاسمان جىسىملىرى نامى بىلەن ئاتالغان يەر نامىلىرى. مەسىلەن، «بورانمەھەللە» ، «قۇرغاقكەنت» ، «ئوتكەتكەن» ، «قۇيۇندۆڭ» ، «چولپانئېغىل» ... دېگەندەك ؛

11. ھەر خىل رەڭلەر نامى بىلەن ئاتالغان يەر نامىلىرى. بۇ ئەنئەنىۋى رەڭ ئۇدۇمىنىڭ يەر نامىلىرىدا ئەكس ئېتىشى بولۇپ، بۇلار تاغ-دالا، سۇ، تۇپراق، ئۆسۈملۈك قاتارلىقلار رەڭگىنىڭ سۆزلەم بو-

كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

لۇشىدا ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، «سىرىقئۆي مەھەللە»، «ئاقتېرەك»، «كۆكچى»، «قاراباغ»، «بوزدۆڭ»، «قىزىلئۆي»... دېگەندەك.

خوتەن يەر ناملىرىدا تەبىئىي ۋە جۇغراپىيىلىك ناملارنىڭ كۆپ بولۇشى مۇنداق بىرقانچە تەرەپلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك:

بىرىنچى، قاراقۇرۇم تاغلىرى بىلەن تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بۇ ئۇزۇك بوستانلىقلارنىڭ ياشىرىپ تۇرۇشىنىڭ ئەڭ چوڭ ئاساسى سۇدىن ئىبارەت. شۇڭا يىراق ئەجدادلار سۇ، يايلاق قوغلىشىپ تىرىكچىلىك قىلىشىدىن، ئولتۇراقلىشىپ تېرىقچىلىق قىلىشقىچە؛ مەھەللە-ئايماقلارنى بەرپا قىلىشىدىن شەھەر-قەلئەلەرنى قۇرۇشقىچە بولغان ھاياتلىق پائالىيىتىدە دەريا-ئېقىنلارغا، يامغۇر-يېشىنگە تېۋىنىپ، ئۆزى ياشىغان دائىرىگە سۇغا مۇناسىۋەتلىك ناملارنى قويغان.

ئىككىنچى، تەبىئەتنى ئۇلۇغلاپ، مەۋجۇداتنى ئۆزلىرى بىلەن زىچ باغلاش قارىشى. خوتەن يەر ناملىرىدا تەبىئىي، جۇغراپىيىلىك ناملارنىڭ كۆپرەك قوللىنىلىشى خەلقىمىزنىڭ تەبىئەت بىلەن بولغان بىرلىكىدە پەيدىنپەي شەكىللەنگەن ئۇدۇم، ئۆرپ-ئادەتلەرنىڭ يەر ناملىرىدا ئەكس ئېتىشىدۇر.

ئۈچىنچى، يەر ناملىرى بەلگە بولغانلىكەن، تەبىئىي جىسىملار، جۇغراپىيىلىك شەيئىلەر ئېيتىشقا، ئەستە قالدۇرۇشقا كۆپ ئاسان. جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، مەلۇم دائىرىدە ئاشۇ تەبىئىي، جۇغراپىيىلىك جىسىملارنىڭ ئىچكى قاتلىمى، ئالاھىدە كۆرۈنۈشى ئۇلارنىڭ تىرىكچىلىكىدە ۋاستىلىك روللارنى ئوينىغانلىقى ئۈچۈن، سۈپەت، پېئىل سۆزلىرىدىن كۆرە تەبىئىي، جۇغراپىيىلىك ناملار كۆپرەك قوللىنىلغان.

تۆتىنچى، خوتەن يەر ناملىرىدىكى تەبىئىي، جۇغراپىيىلىك ناملار ئىچىدە دەريا، ئېقىن، كۆل، بۇلاق قاتارلىقلاردىن قالسىلا ھايۋانات،

يايلاق ۋە كۆچمەن چارۋىچىلىققا ئائىت نامىلارنىڭ بىرقەدەر كۆپ بولۇشى ئەجدادلارنىڭ شەھەرلىشىشتىن ئىلگىرىلا ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنىڭ يەنە بىر جەھەتتىكى ئىسپاتى بولۇشى بىلەن ئوخشاشلا قەدىمىيلىككە ئىگە.

شۇنى ئېيتىش لازىمكى، جۇغراپىيىلىك مۇھىت مەدەنىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئۇنىڭ مەلۇم مەدەنىيەت تىپىغا مەنسۇپ بولۇشىنىڭ ئالدىنقى ئاملى بولۇپ، تارىم بوستانلىق مەدەنىيىتىنىڭ رايون خاراكتېرلىك مەدەنىيەت بۆلىكىنى تەشكىل قىلغان خوتەن رايونىدىكى تەبىئىي ۋە جۇغراپىيىلىك ناملار ئاشۇ بوستانلىق مەدەنىيەت ئېقىمىنىڭ ئۈزۈلمەس تارمىقىدۇر.

## خوتەن يەر نامىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسى

خوتەن يەر نامىلىرى ئوخشاشلا خوتەن رايونىنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. خوتەن قەدىمدىن تارتىپ ھىندى بۇددا مەدەنىيىتى، رىم-گرېك مەدەنىيىتى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى، ئەرەب-پارس مەدەنىيىتى گىرەلىشىپ كەتكەن يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، كۆپ دىنلىق رايون ئىدى. بۇنداق گىرەلىشىش ئىدېئولوگىيىلىك مەدەنىيەت، ئېتنىك خاراكتېر، پسىخىك قۇرۇلما جەھەتلەردىلا ئەمەس، يەر نامىلىرىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

ئىلمىي تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، يېڭى تاش قورال دەۋرىدىكى خوتەندە ياشىغان قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ھازىرقى چىرا يايلاق بەلۋاغلىرى بىلەن يۇرۇڭقاش-قاراقاش قاتارلىق دەريا-ئېقىنلارنىڭ ئاياغ نۇقتىلىرىدا — يەنى تەكلىماكاننىڭ ئىچكىرىسىدىكى چۆكۈندى تۈزلەڭلىكلەردە ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن ھايات كەچۈرگەن. ھازىر بىز ئېيتىپ كېلىۋاتقان «نىيا خارابىسى»، «يۇمىلاققۇم شەھىرى خارابى-

www.uyghurkitap.com

سى» ، «ئوزۇنتات» ، «دەندەنئۆيلۈك» دىن تارتىپ «مازارتاغ قەلئەسى» گىچە بولغان قەدىمىي خارابىلەرنىڭ خوتەن بوستانلىقىنىڭ شىمالىدا خۇددى مارجاندەك بىر لىنىيىدە بولۇشى، جەنۇبتىكى قاراقۇرۇم ۋە كوئېنلۇن تاغلىرىنى مەنبە قىلغان دەريا-ئېقىنلارنىڭ باشلىنىش ئېغىزلىرىدا غار-ئۆڭكۈرلۈك خارابىلەرنىڭ بولۇشى بۇ قارىشىمىزنى ئىسپاتلايدۇ.

ئوۋچىلىقتىن تەدرىجىي چارۋىچىلىق قىلىشقا ئۆتۈپ يايلاق مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەبىئەت، ئالەم قارىشى ۋە تېۋىنىش-چوقۇنۇش ئادەتلىرى ئۇدۇم سۈپىتىدە داۋاملىشىپلا قالماستىن، يەر نامى سۈپىتىدىمۇ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن. مەسىلەن، تۇپراقنى ئۇلۇغلاش، سۇنى ئۇلۇغلاش، ئاش-ئوزۇقنى ئۇلۇغلاش، تۇزنى ئۇلۇغلاش، ئۆسۈملۈك، دەل-دەرەخلەرنى ئۇلۇغلاش، مەدەنلەرنى ئۇلۇغلاش قاتارلىقلارغا ئائىت يەر نامىلىرى ۋە باشقىلار.

غەربىي يۇرتنىڭ يازما تارىخى باشلانغان مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3-ئەسىردىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 60-يىلىغا قەدەر بولغان مەزگىللەردە «قاشتېشى يولى» نىڭ راۋاجلىنىشى، ئۇدۇن خانلىقىدا ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ بىرقەدەر ئىزچىل بولۇشى قاتارلىق ئامىللار مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 5-ئەسىردىن 6-ئەسىرگىچە يايلاق «يىپەك يولى» نىڭ ئاۋاتلىشىشىغا تۈرتكە بولدى. بۇ لىنىيىدىكى بوستانلىقلاردا ئىجتىمائىي ئىگىلىك راۋاجلىنىپ، ئاھالە نۇقتىلىرى، بازارلار، شەھەر-قەلئەلەر بارلىققا كەلدى. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 242-يىلى قۇرۇلغان ئۇدۇن خانلىقىدىن مىلادىيە 1006-يىلىغىچە بولغان مىڭ يىللار داۋامىدا ۋە خوتەن رايونىدا ئىسلام دىنى ئۈستۈنلىككە ئېرىشكەندىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان ئۇزاق تارىخىي جەريانلاردا ھەرقايسى قوۋم-مىللەتلەر بۇ رايوندا بىرلىكتە ياشاپ، زور ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈردى. مەيلى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى دەۋرلەردىكى شامان دىنى بولسۇن ياكى كېيىنكى دەۋرلەردىكى بۇددا

ۋە ئىسلام دىنى بولسۇن باشقا جايلاردىكىگە ئوخشاش خوتەن رايونىدىمۇ بۇ دىنلارنىڭ جەمئىيەت، ئەخلاق، ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتلەرگە كۆرسەتكەن تەسىرى زور بولۇپلا قالماستىن، يەر نامىلىرىغىمۇ مۇئەييەن تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن.

ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار ئىسپاتلىدىكى، خوتەن رايونىدىكى قەدىمي شەھەر-قەلئەلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى، بىر قىسىم مەھەللە-ئاھالە نۇقتىلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىدىن كېيىن بولۇپ، ئاھالە نۇقتىلىرى ياكى شەھەر-قەلئەلەر بولسۇن ئۇلارنىڭ نامى تارىخىي، ئىجتىمائىي ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ياكى ئاشۇ گەۋدىلەرنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى، خۇسۇسىيىتى ۋە ئومۇمىي دائىرىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بىزنىڭ خوتەن يەر نامىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسى دېگەندە نەزەردە تۇتقىنىمىزمۇ دەل يايلاق مەدەنىيىتى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن بوستانلىق مەدەنىيىتىنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى ئامىللىرىنىڭ يەر نامى ئارقىلىقمۇ ئەكس ئېتىشىنى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە.

خوتەن يەر نامىلىرىنىڭ بۇ جەھەتلەردىكى ئىپادىسىنى تۆۋەندىكىچە كۆرسىتىشكە بولىدۇ:

1. ئوۋچىلىقتا ئاساسەن قوللىنىلغان يەر نامىلىرى. مەسىلەن، «لىنچىتوقاي»، «تۇلكە ئۇۋىسى»، «يولۋاسخانا» ... دېگەندەك.

2. دىنىي ئېتىقادقا ئاساسەن قوللىنىلغان يەر نامىلىرى. مەسىلەن، «دارماگۇپتا» (بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ نامى؛ هازىرقى دامىكۇ)، «گوجاندۇ» (بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ نامى، هازىرقى گوجان)، «گۆلەھمى» (نوكچىخانا، هازىرقى گۇلاخما)، «ئىسلامئاۋات»، «خانىقا»، «هەزسۇلتان»، «ئەزانخانا»، «مەسچىتئالدى»، «ۋەخپىئېرىق». «خانلىقۋەخپە»، «باخشىئېرىق»، «شېھىتلى پاشىشىم» ... دېگەندەك.

3. دىنىي مەرتىۋە، بايلىق، ئەمەل نامى بىلەن ئاتالغان يەر نامىلىرى. مەسىلەن، «شاھمەھەللە»، «نايىپ مەھەللە»، «ئاتامپا-

شا» ، «شىيخمەھەللە» ، «خانتۇغ» ، «قاراخان» ، «دەرۋىش كەنتى» ، «بايمەھەللە» ، «ھاجى مەھەللە» ، «خوجا دۆڭ» ، «غۇجامكۆلبېشى» ، «تىگىنلا» (ئەسلى سۆز ‹تېكىن› — شاھزادە) دېگەندەك .

4 . قوۋم-قەبىلىلەر نامى قوللىنىلغان يەر ناملىرى . مەسىلەن ، «قالوق» (قارلۇق) ، «قاچۇن» (قاراچىن ، قۇچىن) ، «قارا تو-رۇن» (قارا تۈرك) ، «توخۇلا» (توخرى) ، «تېۋەت» (تۈبۈت ، تى-بەت) ، «مۇغاللا» (موڭغۇللار) ، «قالماققۇدۇق» ، «مىل-لەتئېرىق» ، «ماچىن» ، «چىنماچىن» ، «ئاتچان» ، «چاڭ ئاي-ماق» (چان ، چاڭ) ، «ياچىئېرىق» (ياۋچى) ، «مەكىت مەھەللى-سى» (مەركىت) ، «ياغىسلا» (ئەسلى سۆز ياغمىلا) قاتارلىقلار.

5 . مەمۇرىي ، لەشكىرىي ئاپپاراتلار ۋە ھەربىي ئەسلىھەلەر نامى بىلەن ئاتالغان يەر ناملىرى . مەسىلەن ، «يامۇلئېرىق» (يامۇن) ، «دوغا مەھەللە» ، «ساداق مەھەللە» ، «ئوچاققورۇل» ، «ئەلەمبۇ-لۇڭ» ، «جاجاڭ مەھەللە» ، «دول» (تىم ، تۇرا) ، «ھاسارمەھەللە» (ئەسلىي سۆز «ھىسار» ‹سېپىل›) ... دېگەندەك .

6 . چارۋىچىلىققا ئاساسەن قوللىنىلغان يەر ناملىرى . مەسىلەن ، «ئاتبازىرى» ، «تايلاقمەھەللە» ، «قوتاز مەھەللىسى» ، «توپاقئۆل-دى» ، «قوچقا مەھەللە» ... دېگەندەك .

7 . سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشلىرىغا ئاساسەن قوللىنىلغان يەر ناملىرى . مەسىلەن ، «تۇغبېشى ئېقىن» ، «كۆتەمە ئېرىق» ، «قو-غاچمەھەللە» ... دېگەندەك .

8 . دېھقانچىلىققا ئاساسەن قوللىنىلغان يەر ناملىرى . مەسىلەن ، «دېھقانتۇغ» ، «بەشخامان» ، «ئارپىلىق» ، «خەلقئاۋات» ، «تېرىم» ، «دانجىلغا مەھەللە» ... دېگەندەك .

9 . ئورمانچىلىققا ئاساسەن قوللىنىلغان يەر ناملىرى . مەسىلەن ، «جىرىم كەنتى» ، «كۆكتېرەك» ، «تۇخومەكلىك» ، «باغۋەن» ...

دېگەندەك.

10. قول ھۈنەرۋەنچىلىكىگە ئاساسەن قويۇلغان يەر نامىلىرى. مەسىلەن، «يىپەك مەھەللە»، «تۆمۈرچى مەھەللىسى»، «زەرگەر مەھەللە»، «قازانچى مەھەللە»، «ئېگەچى»، «قېرىمچىمەھەللە»، «قەغەزچى مەھەللىسى»، «سوپۇن مەھەللە»، «ياغچى مەھەللە»، «خۇمدان كەنتى»، «شايىچىمەھەللە»، «داكىچىمەھەللە»، «جۇۋدىچى كوچىسى» ... دېگەندەك.

11. بىناكارلىق قۇرۇلۇشلارغا ئاساسەن قويۇلغان يەر نامىلىرى. مەسىلەن، «گۈمبەز مەھەللە»، «قوشكۆۋرۈك كەنتى»، «راۋاقئالدى»، «شىپاڭكەنتى»، «ئاقسېپىل»، «ئايۋانلىق»، «چاقچۇق مەھەللە» ... دېگەندەك.

12. سودا-تىجارەتكە ئاساسەن قويۇلغان يەر نامىلىرى. مەسىلەن، «يۇڭبازىرى»، «يىپبازىرى» ... دېگەندەك.

13. قامىلە-لەقەملەرگە ئاساسەن قويۇلغان يەر نامىلىرى. مەسىلەن، «كاناي مەھەللە»، «چىكچەك مەھەللە»، «توش مەھەللە»، «قوداي مەھەللە»، «ئالىچى مەھەللە»، «پەشتاق مەھەللە»، «تايتاق»، «كۇدۇڭ»، «كالدىي مەھەللە» ... دېگەندەك.

14. قونالغۇ-ئۆتەڭلەرگە ئاساسەن قويۇلغان يەر نامىلىرى. مەسىلەن، «باشلەڭگەر»، «بوغاز لەڭگەر»، «ئۆتەڭ كەنتى»، «ھەجەرخانلەڭگەر»، «نورۇز لەڭگەر»، «ئۆتەڭكۆل»، «نۇرمەتلەڭگەر» ... دېگەندەك.

15. سانلار ۋە ئۆلچەم بىرلىكلىرىگە ئاساسەن قويۇلغان يەر نامىلىرى. مەسىلەن، «ئاتمىشئېرىق»، «بەشتاش»، «سەكسەنكەنت»، «توقساندۆڭ»، «يەتتە تونۇك»، «قىرىقچىلتەن»، «تۇرۇز كەنتى»، «مىڭموكەنتى»، «يەتمىش پاتمان» ... دېگەندەك.

16. ئىلىم-مەرىپەت ئۆگىنىش، ئۇلۇغلاشقا ئائىت يەر نامىلىرى.

www.uyghurkitap.com

مەسىلەن، «ئەللامە كەنتى»، «خەتچى كەنتى»، «كىتابتاش»... دېگەنلەردەك.

17. ناخشا-ئۇسسۇل، مۇزىكا ئەسۋابلىرىغا ئاساسەن قوللىنىلغان يەر نامىلىرى. مەسىلەن، «غىجەك مەھەللە»، «ئارا مۇقام»، «ناغرا مەھەللە»، «تەمبۇر مەھەللە»، «دۇتار كەنتى»، «دۇمباق-مەھەللە»، «نەغمە چاقا»، «سەنەمچاقا» ... دېگەندەك.

18. سەيلە-ساياھەت، باغلارغا ئاساسەن قوللىنىلغان يەر نامىلىرى. مەسىلەن، «راۋاقئالدى»، «دۆڭباغچا»، «سۆگەتبوستان»، «شىپاڭكەنتى»، «گۈليار كۆل»، «پەيزىتوغ»، «كۆتۈۋال مەھەللە» ... دېگەندەك.

19. كۆكتات، مېۋە-چېۋە ئۆستۈرۈشكە ئائىت يەر نامىلىرى. مەسىلەن، «چامغۇرلۇق»، «شاپتۇللۇق كەنتى» ... دېگەندەك.

20. تارىخىي شەخسلەر، تارىخىي ۋەقەلەر ھەم كىشىلەر ئىسمىغا ئاساسەن قوللىنىلغان يەر نامىلىرى. مەسىلەن، «تېۋەت يېزىسى»، «ئىمامئەپتەر كەنتى»، «شېرىپباي لەڭگەر»، «سۇلايمانئېرىق»، «ئىبراھىمكۆل»، «ھەسەن-ھۈسەنپاششايىم»، «داۋۇتئاكا مەھەللە»، «خەلچە كەنت» ... دېگەندەك.

21. ھەرقايسى قوۋم-مىللەتلەر تىلى ئارىلاش قوللىنىلغان يەر نامىلىرى. مەسىلەن، «شاڭمەھەللە»، «زۇڭتال»، «سەنجە»، «خېنى»، «جېيىن»، «بوشقات»، «ئۇگۈيەك»، «جاجاڭ ئايمىقى»، «لىڭمەھەللە»، «پاڭسا»، «كىچكسياڭلىس»، «شومولاڭ»، «پۇجۇڭ كەنتى»، «كۇنزىي» ... دېگەندەك.

22. باشقا يۇرتلارنىڭ نامىغا ئاساسەن قوللىنىلغان يەر نامىلىرى. مەسىلەن، «كىتىكلا كەنتى»، «دولانئايمىقى»، «بارچۇق كەنتى»، «ئەنجان مەھەللە»، «قاغىلىق ئارىش»، «قازاق مەھەللە»، «مەركىت»، «شىراز مەھەللە» ... دېگەندەك.

23. ئىستىلىستىك ۋاسىتىلەرگە ئاساسەن قويۇلغان يەر نامىلى-

ـرى. مەسلەن، «مىسكىنمازار»، «قىزنىقدەرۋازا»، «قاراڭغۇتاغ»، «شىيداق مەھەللە»، «ئايكۆنەس»، «كۆشاتمەھەللە»، «ھالچوڭ»، «ئۇلۇغبەل»، «نۇرئىبرىق»، «قىرىغئاچچىغ» ... دېگەندەك.

بۇلاردىن باشقا، تۇرمۇش بۇيۇملىرى، دېھقانچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك سايمانلىرىغا ئاساسەن قويۇلغان يەر ناملىرى؛ رەۋەندە-كارۋانچىلىق، چار بازارچىلىق، پىششىقلاپ ئىشلەش، يېمەك-ئىچمەك قاتارلىق كەسپلەرگە ئاساسەن قوللىنىلغان يەر ناملىرى؛ كىشىلەرنىڭ روھىي قىياپىتى، چىراي شەكلىگە ئاساسەن قويۇلغان يەر ناملىرى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

خوتەن يەر ناملىرىنىڭ تارىخىي، ئىجتىمائىي ئاساسى كەڭ مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغاچقا، يەنە كېلىپ بەزىدە بىر خىل يەر نامى بىرقانچە مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغاچقا، ئۇنى يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەنلەرنىڭ پەقەت بىرىگىلا مەنسۇپ دەپ ئىزاھلاشقا بولمايدۇ.

خوتەن يەر ناملىرىدا تارىخىي، ئىجتىمائىي ۋەقەلەر، قوۋم-مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇشى، كۆچۈشى، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ سۈرئىتى، كىشىلەرنىڭ روھىي قىياپىتىدىكى ئۆزگىرىشلەر ئەكس ئېتىش بىلەن بىرگە، بۇ ناملار بوستانلىق مەدەنىيىتى بەرپا بولۇشىنىڭ ئاساسى بولغان تەبىئىي، جۇغراپىيىلىك ئامىللار بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەن. ئۇلاردا مۇنداق ئالاھىدىلىكلەر بار:

بىرىنچى، شەھەر، بازارلار نامىغا قارىغاندا ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىغا ئائىت ناملارنىڭ كۆپ بولۇشى.

ئىككىنچى، خوتەن شەھىرىنى مەركەز قىلغان خوتەن ناھىيىسى، لوپ ناھىيىسى، قاراقاش ناھىيىسى نەۋەلىكىدە ھۈنەر-كەسپكە، باغۋەنچىلىك، بىناكارلىق، سودا-تىجارەت، چار بازارچىلىق قاتارلىقلارغا ئائىت يەر ناملىرىنىڭ كۆپ بولۇشى بىلەن گۇما ناھىيىسى، كېرىيە ناھىيىسى، چىرا ناھىيىسىنىڭ تاغلىق يېزىلىرىدا بۇلارنىڭ ئەكسىچە

www.uyghurkitap.com

چارۋىچىلىق، تاغ-تۇرا، ھايۋانات، ئۆسۈملۈكلەرگە ئاساسلىنىپ قوللىنىلغان نامىلارنىڭ كۆپ بولۇشى.

ئۇچىنچى، ئۇرۇق، لەقەم نامى قويۇلغان يەر ناملىرىنىڭ بىر قىسىم ناھىيە تەۋەسىدە بولۇپ، باشقا تەۋەلىكتە بولماسلىقى ياكى ئاز بولۇشى.

تۆتىنچى، قەدىمكى قەبىلە، قوۋم-مىللەتلەرنىڭ نامىنى بىۋاستە بىلدۈرىدىغان ئىسىملار ياكى ئۇلارنىڭ تىلىدا قويۇلۇپ، يەرلىك ئاھالىلەر تەرىپىدىن شۇ ئاساستا قىسمەن ئۆزگەرتىپ قوللىنىلىۋاتقان يەر ناملىرىنىڭ بولۇشى.

بەشىنچى، بىر خىل نامنىڭ بىرلا تەۋەلىكتە تەكرار قوللىنىلىشى. مەسىلەن، «چاقا» (قەدىمكى خوتەن تىلىدىكى «چاقا» سۆزىنىڭ مەنىسى ‹ئاھالە نۇقتىسى، كەنت-مەھەللە› بولۇپ، «كەنت» سۆزىمۇ ئوخشاشلا سوغدى تىلىدا ‹ئاھالە ئولتۇراقلاشقان جاي، كەنت-مەھەللە› دېگەننى بىلدۈرىدۇ) دېگەن نام چىرا ناھىيىسىنىڭ «چاقا يېزىسى»نى كۆرسەتكەندىن باشقا، چىرا ناھىيىسى يەر ناملىرىدىمۇ، خوتەن ۋىلايىتى تەۋەلىكىدىمۇ دېگۈدەك ئۇچرىمايدۇ. بىراق، گۇما ناھىيىسىنىڭ ھەرقايسى يېزا (بازار) لىرىدا خاتىرىگە ئېلىنغان «چاقا» دېگەن نام 61 ئورۇنغا باشقا سۆز بىلەن قوشۇلۇپ يەر نامى قىلىپ قوللىنىلغان. يەنە كېرىيە ناھىيىسىدىكى «مۇغاللا بازىرى» نامى بىلەن قاراقاش ناھىيىسى تېۋەت يېزىسىدىكى «مۇغاللا كەنتى»، كاۋاك يېزىسىدىكى «مۇغال مەھەللە»؛ گۇما ناھىيىسى «پىيالما يېزىسى» نامى بىلەن قوشتاغ يېزىسىدىكى «پىيالما چاقا مەھەللىسى» قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

ئالتىنچى، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى، بوز يەر ئېچىش مەزمۇن قىلىنغان سۆزلەملەرنىڭ خوتەن ۋىلايىتى تەۋەلىكىدىكى تەكلىماكان گىرۋەكلىرىگە جايلاشقان يېزا-كەنتلەردە ئاھالە ئولتۇراقلاشقان جايلارغا دېگۈدەك نام قىلىپ قويۇلۇشى قاتارلىقلار.

# خوتەن يەر نامىلىرىدىكى ئۆزگىرىشلەر

قەدىمكى خوتەندە ياشىغان قوۋم-مىللەتلەر ياشاش ئېھتىياجى ۋە تەبىئىي-ئىجتىمائىي شارائىتلار سەۋەبىدىن بۇ زېمىندا ئۇياقتىن-بۇياققا كۆچكەن ۋە ئۇزلۇكسىز كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي تەرەققىيات، تەبىئىي، جۇغراپىيىلىك مۇھىتقا تەسىر كۆرسىتىپلا قالماي، كىشىلەرنىڭ روھىي قىياپىتىگە، تەبىئەت ۋە جەمئىيەت قارىشىغىمۇ زور تەسىرلەرنى كۆرسەتكەنلىكتىن، تۇراقلىققا ئىگە يەر نامىلىرىدىمۇ ئۆزگىرىشلەر بولغان. بۇلار ئاساسلىقى مۇنداق بىرقانچە جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ:

بىرىنچى، ئوخشاش بىر جاينىڭ ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋرلەردە ئوخشىمىغان ناملار بىلەن ئاتىلىشى. مەسىلەن، «خوتەن» نامىنىڭ مىلادىيىدىن ئىلگىرى «قوستانا»...، بۇددىزىم دەۋرىدە «ئۇدۇن»...، ئىسلام دىنى خوتەندە ئومۇملاشقان 11-ئەسىرلەردىن كېيىن «ماچىن»، «چىنماچىن»...، 16-، 18-ئەسىرلەردە «ئىلچى»...، كېيىنكى دەۋرلەردىن ھازىرغىچە «خوتەن» دەپ ئاتالغىنىغا ئوخشاش.

ئىككىنچى، ئوخشاش بىر يەر نامىنىڭ ئوخشىمىغان تارىخىي-ئىجتىمائىي دەۋرلەردە ئوخشىمىغان دائىرىنى كۆرسىتىشى. مەسىلەن، ھازىرقى كېرىيە ناھىيىسى ۋىي، جىن، غەرب-شىمال سۇلالىلىرى دەۋرىدە غەربىي يۇرتتىكى 36 بەگلىكنىڭ بىرى بولغان رۇڭلۇ بەگلىكىنى كۆرسەتەتتى. كېيىنرەك تارىخچىلار تەرىپىدىن «ئۇزۇنتات» دەپ ئاتالغان ھازىرقى خارابىلىق رۇڭلو بەگلىكىنىڭ مەركىزى بولۇپ، بۇ يەرنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى «خەن سۇلالىسى تارىخى، غەربىي رايون تەزكىرىسى» دە كۆرسىتىلىشىچە «جەنۇب تەرىپى چىرىغا، شەرقىي شىمال تەرىپى كۇسەنگە، غەربىي شىمال تەرىپى ئاقسۇغا تۇتىشىدۇ» دېيىلگەن. رۇڭلو بەگلىكىنىڭ مەركىزى بولغان «ئۇزۇنتات»

يەنى «بىمۇ» (Pin) شەھىرى ھازىرقى چىرا ناھىيىسى كونا دامىكۇ جىلغىسى ئەتراپىدىكى قۇملۇقتا بولۇپ، بۇ يەرلەر ئەسلىدە كەڭ تىنە دۇرما تۇزلەڭلىك ئىدى. 11-ئەسىردىن كېيىن كېرىيىنىڭ تەۋەلىكى ئوخشاشلا ھازىرقى نىيا، كېرىيە، چىرا ۋە لوپ ناھىيىسىنىڭ شەرقىي قىسىملىرىغىچە بولغان. كېرىيە ئۇدۇندا مىلادىيە 1883-يىلى قۇرۇلـغان ئىككى ئايماقنىڭ بىرسى بولۇپ، ھازىرقى چەرچەن ناھىيىسىمۇ كېرىيىنىڭ دائىرىسىدە ئىدى. 1882-يىلى ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغان كېرىيە 1903-يىلى لوپ ناھىيىسى تەسىس قىلىنغىچە، 1928-يىلى چىرا ناھىيىسى تەسىس قىلىنغىچە، 1944-يىلى نىيا ناھىيىسى تەسىس قىلىنغىچە بولغان تارىخىي دەۋرلەردە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ شەرقىدىكى بىپايان دائىرىنى كۆرسىتىپ، بارا-بارا دائىرىسى تارىيىپ ھازىرقى 15 يېزا (بازار)، 175 مەمۇرىي كەنت، 744 ئاساسلىق تەبىئىي كەنت-مەھەللىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دائىرىنى كۆرسىتىپ كەلمەكتە.

ئۈچىنچى، ئوخشاش يەر نامىنىڭ ئوخشاش تارىخىي دەۋردە ئوخشىمىغان ناملار بىلەن ئاتىلىشى. بۇ خىل ئەھۋال خوتەننىڭ يېقىنقى زاماندىن 20-ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىغىچە بولغان يەر ناملىرىدا بىرقەدەر گەۋدىلىك بولۇپ كەلگەن، مەسىلەن، گۇاڭشۈينىڭ 8-يىلى (مىلادىيە 1902-يىلى) ھازىرقى لوپ ناھىيىسىنىڭ سامپۇل يېزىسىنىڭ نامى «سامپۇلا مىڭلىكى»، 1934-يىلى «نەنشياڭ»، 1938-يىلى «نەدىشىڭجېن (جەنۇبىي گۈللەندۈرۈش بازىرى)»، 1944-يىلى «بىرلىي يېزىسى»، 1947-يىلى «سامپۇلا بازىرى» دەپ ئاتالغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن سامپۇل 1950-يىلى لوپ ناھىيىسىنىڭ «3-رايونى»، 1958-يىلى «قىزىلبايراق كوممۇنىسى»، 1979-يىلى «سامپۇل كوممۇنىسى»، 1984-يىلى «سامپۇل يېزىسى» دەپ ئاتالـغان. قاراقاش ناھىيىسى قارا ساي يېزىسىنىڭ نامىنى ئالساقمۇ 1949-يىلىنىڭ ئاخىرىدا «خۇيمىن يېزىسى»، 1952-يىلى «نۇرلۇق

يېزىسى» ، 1956-يىلى «6-رايون» ، 1958-يىلى «قىزىلبايراق كوممۇنىسى» ، 1978-يىلى «قاراساي كوممۇنىسى» ، 1984-يىلدىن كېيىن «قارا ساي يېزىسى» دەپ ئاتالغان. ئوخشاشلا گۇما ناھىيىسىنىڭ قوشتاغ يېزىسىمۇ 1950-يىلى «گۇما ناھىيە 2-رايون» ، 1958-يىلى «يۈجىن خەلق كوممۇنىسى» . 1978-يىلى «قوشتاغ كوممۇنىسى» ، 1981-يىلى «پىشنا خەلق كوممۇنىسى» ، 1984-يىلى «قوشتاغ يېزىسى» دەپ ئاتالغان.

تۆتىنچى، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھەرقايسى تارىخىي باسقۇچلىرىدا ئەسلىدىكى يەر نامىنىڭ ئەمەلدىن قېلىپ، يېڭى يەر ناملىرىنىڭ قوللىنىلىشى. بۇ خىل ئەھۋال شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكىگە ئوخشاش خوتەن رايونىدىمۇ ئۇچرايدۇ. يەر ناملىرىنىڭ ئەسلىدىكىسىنىڭ ئورنىنى يېڭى ناملارنىڭ ئىگىلىشىدە مۇنداق ئارقا كۆرۈنۈشلەر بار: ئەسلىي يەر نامى يىراق ئۆتمۈشتە شۇ يەردىكى ئاھالە نۇقتىسىغا قارىتا كەمسىتىش مەنىسىگە ئىگە ياكى كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەر بىلەن يەرلىك ئاھالىلەر ئوتتۇرىسىدىكى بىر قىسىم سەلبىي ھادىسىلەرنى بىلدۈرىدىغان نام ۋە ياكى تىللاش-سۆكۈش مەنىسىگە ئىگە بولغانلىقتىن، ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەرنىڭ ئۆزئارا چۈشىنىشى، كۆيۈنۈشى ۋە ئىناقلىقىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ ئەسلىي يەر نامى ئىستېمالدىن قېلىپ، يېڭى يەر نامى قوللىنىلغان.

ئالاھىدە ئېيتىشقا تېگىشلىكى شۇكى، ئەسىرلەردىن بۇيان خوتەن رايونىدىكى تارىخىي، ئىجتىمائىي ۋەقەلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا كۆرسەتكەن تەسىرىگە ۋە ئاھالىلەرنىڭ چارۋىچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىقتىن دېھقانچىلىققا؛ تارقاق ۋە يىرىك قول ھۈنەرۋەنچىلىكتىن كۆلەملەشكەن، نەپىس قول ھۈنەر سەنئەتكە قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، يەر ناملىرىنىڭ بىر قىسمى ھەرقايسى دەۋرلەردە ھەر خىل ئاتىلىپ، 20-ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىدا ئاساسەن مۇقىملاشقان.

www.uyghurkitap.com

بەشىنچى، يەر نامىلىرىنىڭ فونېتىكىلىق شەكلى، شېۋە، تىل ئىشلىتىش ئادىتى جەھەتلىرىدىكى ئۆزگىرىشلەر. خوتەن رايونىنىڭ ھەرقايسى ناھىيە (شەھەر)، يېزا-بازارلىرى ۋە كەنت-مەھەللىلەرنىڭ نامىدا، شۇنداقلا بىر قىسىم تەبىئىي، جۇغراپىيىلىك گەۋدىلەرنىڭ نامىدا بۇ خىلدىكى ئۆزگىرىشلەر ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، قاراقاش ناھىيە «توخۇلا يېزىسى» نىڭ نامىدىكى ئەسلىي سۆز «توخرىلا» بولۇپ «ر»، «ئۇ» غا نۆۋەتلىشىپ تەلەپپۇز قىلىنغان. گۇما ناھىيەسىنىڭ «كىلياڭ يېزىسى» نىڭ نامى بولغان «كىلياڭ» نى ئالساق، ئەسلىي سۆز «تىليان» بولۇپ، گۇما شېۋىسىدە «تىل» سۆزى «كىل» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. «ياڭ» بولسا «يان» نىڭ تەلەپپۇزدىكى بۇزۇلۇشى ياكى «ڭ» نىڭ «ن» غا نۆۋەتلىشىشىدۇر.

تارىختىكى بىرقانچە قېتىملىق يەر نامىلىرىنى ئۆزگەرتىپ قوللىنىشقا ئوخشاشلا، 20-ئەسىرنىڭ 60-يىللىرىدىمۇ خوتەن ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى مەمۇرىي رايونلارنىڭ ئىسمى ئومۇمىيۈزلۈك خەنزۇچە نامىلار بىلەن ئاتالغان بولۇپ، 1980-يىلىدىن 1984-يىلىغىچە يەنە نامى ئەسلىگە كەلگەن بولسىمۇ، تىل ئىشلىتىش ئادىتى سەۋەبىدىن ھازىرمۇ ئاشۇ يىللاردىكى نامنى ئىشلىتىلىش ئادىتى ساقلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. مەسىلەن، جامائەت سورۇنلىرىدا، كوچا-كويلاردا ياشلار ۋە ئوتتۇرا ياشلىق كىشىلەرلا ئەمەس، ياشانغان كىشىلەرمۇ «ئۆزلىرى قەيەرلىك، قەيەردىن كەلدىلە، نەگە بارىلا» دېگەندەك سوئاللارغا «مەن ‹شاگيۇ› لۇغ» (ھازىرقى خوتەن ناھىيە بۇزاق يېزىسى)، «‹شيەنفېڭ› دىن كەلدىم» (ھازىرقى خوتەن ناھىيە تەۋەككۇل يېزىسى)، «‹ۋېيشىڭ› غا بارىمەن» (ھازىرقى قاراقاش ناھىيىسى قويچى يېزىسى)، «‹ياۋۇ› غا چىقىلى» (ھازىرقى قاراقاش ناھىيىسى ئېۋەت يېزىسى)، «مەن ‹يۆجىڭ› دا تۇغۇلغان» (ھازىرقى خوتەن ناھىيىسى لايقا يېزىسى) دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئەمما، يەر نامى سۆزلەملىرىگە بۇ خىل خەنزۇچە سۆزگە ئۇيغۇرچە گرامماتىكىلىق قوشۇمچىلارنى قوشۇپ ئاتاش پەقەت

خــوتەن دىئالېكتىنىڭ ئىككى تارماق شېۋە بەلۋېغى بولغان خوتەن نــاھىيىسى ۋە قاراقاش ناھىيىسىنىڭ ناھىيە بازىرىغا يىراق بولغان يېزا-كەنتلىرىدىكى ئاھالىلەر قوللانغاندىن باشقا لوپ، چىرا، كېرىيە ناھىيىلىرىدە بۇ خىل تىل ئادىتى يوق دېيەرلىك.

ئالتىنچى، تەبىئىي، جۇغراپىيىلىك مۇھىتتىكى ھەر خىل ئۆز-گىرىشلەرگە ئەگىشىپ يەر ناملىرىنىڭ ئۆزگىرىشى. بۇ خىل ئۆزگى-رىشلەر يېزا-كەنتلەر نامىدىن كۆرە ناھىيە بازارلىرى، خوتەن شەھىرى-نىڭ يول، كوچا-رەستىلىرىدە كۆپرەك ئۇچرايدۇ. چۈنكى 20-ئە-سىرنىڭ 80-يىللىرىدىن بۇيان ئېلىمىزدە ئىسلاھاتنىڭ يولغا قويۇلۇ-شى ۋە چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ شەھەر-بازارلارنىڭ قىياپىتىدە زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. كوچا-يوللار قايتىدىن كېڭەيتىلىپ، زامانىۋى بىنالار سېلىندى. دەۋر رىتىمى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش سۈرئىتى، سۈپىتى، ئۆنۈمىگە ماس ھالدا يېڭى، مودا ئىسىملار پەيدا بولۇشقا باشلىدى. بۇ تەرەققىيات ئېقىمى مەلۇم دائىرىنىڭ مەنزىرىسى، تىجا-رەت نۇقتىلىرى، مەشغۇلات-مۇلازىمەت تۈرى قاتارلىق جەھەتلەرنى ئىخ-چام، ئاممىباب ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان يېڭى يەر ناملىرىغا تەقەززا قىلدى. بۇ رېئاللىق ئالدىدا ئەسلىدىكى يەر ناملىرىدىن مۇۋاپىقلىرىنى داۋاملىق ئىستېمال قىلىپ، بىر قىسمىنى يېڭىدىن قويۇشقا ھەمدە يېڭى گەۋدىلەرگە نام بېرىشكە توغرا كەلدى، ئەلۋەتتە (بۇ جەھەتتىكى مىساللارنى مۇشۇ كىتابنىڭ 60-بېتىدىن 71-بېتىگىچە بېرىلگەن «قو-شۇمچە 2» ماۋزۇسىدىكى بايانلاردىن كۆرۈڭ).

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

# خوتەن ۋىلايىتىنىڭ تەبىئىي ئەھۋالى[1]

خوتەن ۋىلايىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان. شەرقىي قىسمى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ چەرچەن ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبىي قىسمى ھەيۋەتلىك قاراقۇرۇم تېغى، كۇئېنلۇن تېغى ئارقىلىق شىزاڭ ئاپتونوم رايونى بىلەن تۇتىشىدۇ. غەربىي قىسمى ھىندىستان، پاكىستان ئەمەلىي كونترول قىلىپ تۇرغان كەشمىر بىلەن چېگرىلىنىدۇ. چېگرا لىنىيەسى 210 كىلومېتىر، شىمالىي قىسمى بىپايان تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئىچكىرىسىگە قەدەر سوزۇلغان. شەرقىي ئۇزۇنلۇق 85°16′35″ — 77°03′45″ بىلەن شىمالىي كەڭلىك 39°40′43″ — 34°11′21″ قا توغرا كېلىدۇ. شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 670 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 600 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى 249 مىڭ 146.58 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئېلىمىز زېمىنىنىڭ 2.6%نى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى زېمىنىنىڭ 15% نى تەشكىل قىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە تاغلىق جايلار تەخمىنەن 33.3%، چۆل جەزىرىلەر 63%نى، ئېرىلغۇ يەر ۋە ئېرىقچىلىق قىلىنىشقا بولىدىغان يەر 3.7%نى تەشكىل قىلىدۇ.

خوتەن ۋىلايىتىنىڭ يەر شەكلى جەنۇبتىن شىمالغا ۋە غەربتىن شەرققە قاراپ پەسلەپ بارىدۇ. ئەڭ ئېگىز تاغ چوققىسى خوتەن ناھىيەسى تەۋەسىدىكى ئېچىۋېتىلگەن مۇزلۇق چوققا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 6638 مېتىر ئېگىز. 249 مىڭ 146.58 كۋادرات كىلومېتىرلىق بۇ زېمىن تەكلىماكان قۇملۇقى تەرىپىدىن چوڭ - كىچىك بىر قانچە

---

① خوتەن ۋىلايىتىنىڭ مەمۇرىي ئەھۋالى، «خوتەن» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە مەنىسى توغرىسىدا مۇشۇ كىتابنىڭ 33 - بەتتىن 37 - بەتكىچە ۋە مۇشۇ يۈرۈشلۈك كىتابلارنىڭ ‹ يىللار، ۋەقەلەر، ئادەملەر› تومى (1) نىڭ 1 — 6 - ۋە 31 -، 48 -بەتلەر، 195 — 225 - بەتلەر ھەمدە ‹ ئەپسانە - رىۋايەت، چۆچەكلەر› تومىدىكى مۇناسىۋەتلىك بايانلاردا تەپسىلىي توختالغاچقا، بۇ سەھىپىمىزگە قايتا يازمىدۇق.

يۇز بوستانلىقتا ئايرىۋېتىلگەن، بوستانلىقنىڭ تۆت ئەتراپى چۆل - جەزىرە، قۇملۇق بىلەن قاپلانغان. شۇڭا بەزىلەر خوتەننى بىپايان قۇملۇقتىكى «يېشىل مەرۋايىت» دەپ تەرىپلىشىدۇ.

خوتەننىڭ يەر شەكلىنى ئەڭ ئېگىز تاغلىق رايون، ئېگىز تاغلىق رايون، سەل پەسرەك تاغلىق رايون، ئوتتۇراھال تاغلىق رايون، پەس تاغلىق رايون، تاغ ئېتىكىدىكى يانتۇ تۈزلەڭلىك، قۇملۇق رايوندىن ئىبارەت يەتتە خىلغا ئايرىش مۇمكىن.

خوتەن ۋىلايىتىنىڭ گېئولوگىيىلىك تۈزۈلۈشى مۇرەككەپ بولۇپ، ئاساسەن ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ: بىرى پەلەمپەي خاراكتېرىنى ئالغان ئويداڭلىق بولۇپ، تارىم ئويمانلىقى بۇ خىل قۇرۇلمىغا كىرىدۇ. يەنە بىرى ئوقۇر خاراكتېرىنى ئالغان ئېگىز - پەسلىك بولۇپ، قاراقۇرۇم تېغى سىستېمىسى بۇ خىل قۇرۇلمىغا كىرىدۇ. تاغ چوققىلىرىنىڭ ئېگىز - پەسلىك پەرقى زور، يالانىملىقى كۈچلۈك. تاغنىڭ شىمالىي تەرىپى ھەيۋەتلىك بولۇپ، تاغ تىزمىلىرى ناھايىتى كۆپ. تاغنىڭ جەنۇبىي تەرىپى پەسرەك بولۇپ، بۆلۈنۈش دەرىجىسى دىگۈدەك روشەن ئەمەس. قاراقۇرۇم تاغ تىزمىلىرىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى ھەرىكەتچان جاي دېيىش مۇمكىن. قاراقۇرۇم تېغى پۈتكۈل قەدىمكى، ئوتتۇرا ۋە يېقىنقى دەۋردە كۆتۈرۈلۈشنى ئاساس قىلغان. شىمالىي قاراقۇرۇم تېغى يانتۇلۇقتا قاراپ يۈزلەنگەن بولۇپ، ئوتتۇرا ھەرىكەتچان رايوننىڭ شىمالىغا جايلاشقان، تاغنىڭ ئىككى تەرىپى كەسمە بۆلەكتىن ئىبارەت. جەنۇبىي قاراقۇرۇم تېغى يانتۇلۇق ھاسىل قىلغاچقا، قاراقۇرۇم تېغىنىڭ جەنۇبىي تۆپىلىكى دەپ ئاتىلىدۇ.

خوتەن ۋىلايىتىنىڭ گېئولوگىيىلىك تارىخىي شارائىتى مۇرەككەپ، تۇپراق تۈرلىرى كۆپ. تۇپراق تۈرلىرىنى قالدۇق تىنما، دۆڭلۈك تىنما، قاراقۇرۇم سېرىق توپىسى، مۇزلۇق تىنمىسى، تۆتىنچى دەۋردە ھاسىل بولغان تاش — كەلكۈن تىندۇرمىسى، تىنما، يالانما تۇپراق ۋە تىندۇرما توپا قاتارلىقلارغا ئايرىش مۇمكىن.

تۇپراقنىڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكى جەھەتتە فىزىكىلىق يالانىملىق رولى كۈچلۈك، خىمىيىلىك رولى ئاجىز. شۇڭلاشقا تۇز قاتلىمىنىڭ تويۇنۇشى يۇقىرى. ناترىي، ماگنىي، كالتسىي، خلور، سۇلفات قاتار-

www.uyghurkitap.com

لىق ئىئونلار نەملىك تۇپەيلىدىن بىرىكىپ، روشەن تۇز قاتلىمى ھاسىل قىلغان. بوزلۇق توپا قاتلىمىدا كالتسىيلىق ھادىسە بولۇپ، تۇپراقسىنىڭ كالىي ماددىسى مول، ئوزۇقلۇق قۇۋۋەت تۆپلىشى قىيىن. پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ تۇپرىقىنى 14 تۇپراق تۈرى، 25 ئىككىنچى دەرىجىلىك تۇپراق، 33 تۇپراق ئائىلىسى، 75 تۇپراق خىلىغا ئايرىش مۇمكىن. تۇپراقنىڭ پىششىقلىق دەرىجىسى قۇۋۋەت تەركىبىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشىغا قاراپ، كەنت - مەھەللە ۋە شەھەر - بازارلاردا پەرقلىق جايلاشقان.

خوتەن ۋىلايىتى سۇغىرىلىدىغان دېھقانچىلىق رايونى بولۇپ، سۇغىرىشتا ئېقىن سۇ ئاساس، بۇلاق سۈيى قوشۇمچە قىلىنىدۇ. ۋىلايەت تەۋەسىدە تارىم دەرياسىغا تەئەللۇق قۇرۇقلۇق ئېقىنىدىن قاراقاش، يۇرۇڭقاش، كېرىيە، گۇما، سانجۇ، نىيا، نۇرى، چىرا دەرياسى قاتارلىق چوڭ - كىچىك 36 ئېقىن بولۇپ، يىللىق ئومۇمىي سۇ مىقدارى 7 مىليارد 335 مىليون كۇب مېتىر كېلىدۇ. دەريا ئېقىنىدىكى سۇ مىقدارىنىڭ پەسىل پەرقى ناھايىتى چوڭ. ياز، كۈز پەسلى كەلكۈن مەزگىلى بولۇپ، نۇرغۇن ئېشىندى سۇ تارىم ئويمانلىقىغا قۇيۇلىدۇ. قىش، ئەتىياز پەسلى سۇ قىس مەزگىل بولۇپ، ئەتىيازدا قۇرغاق، سۇ قىس بولۇش ھالىتى شەكىللىنىدۇ.

يەر ئاستى سۇ زاپىسى نىسبەتەن مول بولۇپ، قاراقۇرۇم تېغىدىكى قار ۋە مۇزنىڭ ئېرىشى يەر ئاستى سۈيىنى تولۇقلايدۇ. يەر ئاستى سۈيىنىڭ مىنېراللىشىش دەرىجىسى يۇقىرى، خلور ۋە ناترىيلىق ئىئونلار كۆپ. دى كاربونات كىسلاتا قالدۇقى ۋە ماگنىي ئىئونلىرى ئاز. يوشۇرۇن سۇ ئورنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى يەرنىڭ ئېگىز قاتلىمىدىن تەدرىجىي ھالدا تۆۋەنلەيدۇ. دەريا سۇلىرى تاغدىن چۈشكەن يەردە يەلپۈگۈچسىمان كەلكۈن تىندۇرما سازلىقى ياكى سۇ سىزىپ چىقىدىغان بۇلاق ھاسىل بولىدۇ. بۇلاقلارنىڭ بىر روشەن ئالاھىدىلىكى شۇكى، دەريا ئېقىنلىرىنىڭ كەلكۈن مەزگىلى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بۇلاق سۈيى كەلكۈن ئۆتۈپ يېرىم يىلدىن كېيىن كۆپىيىدۇ، سۈيى قىش ۋە ئەتىياز پەسلىدە بىر قەدەر مول بولۇپ، بۇ ھال ئەتىيازلىق سۇغىرىش مەزگىلىدىكى سۇ ئىشلىتىشكە پايدىلىق.

خوتەن ياۋروپا، ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، پامىر ئېگىزلىكى بىلەن تەڭرىتاغ توسۇپ تۇرغاچقا، غەربىي، شىمالىي ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە سىبىرىيە سوغۇق هاۋا كىلىماتى، شۇنىڭدەك نەملىك خوتەنگە ئاسانلىقچە كىرەلمەيدۇ. جەنۇبىي قىسمى قاراقۇرۇم تېغىغا تۇتاشقان بولۇپ، ئاجىز نەم ۋە ئىسسىق هاۋانى توسۇپ تۇرىدۇ. شۇڭا نەم هاۋا كەمچىل، تېمپېراتۇرا نىسبەتەن يۇقىرى، ئىقلىمى مۆتىدىل بەلۋاغىنىڭ قۇرغاق چۆل ئىقلىمىغا كىرىدۇ. كىلىمات ئالاھىدىلىكى — ئەتىياز پەسلىدە هاۋانى كۆپىنچە توپا - چاڭ قاپلاپ تۇرىدۇ. ياز پەسلىدە هاۋا دىمىق ئىسسىق ۋە قۇرغاق بولىدۇ. كۈز پەسلىدە تېمپېراتۇرا ناھايىتى تېز تۆۋەنلەيدۇ. قىش پەسلىدە هۆل - يېغىن ئاز هەم قۇرۇق سوغۇق بولىدۇ. تۆت پەسىلنىڭ پەرقى ئېنىق، كېچە- كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ، «ئەتىگەندە جۇۋا، چۈشتە كۆڭلەك» دېگەن تەرىپكە ماس كېلىدۇ. قىروسىز مەزگىلى بىر قەدەر ئۇزۇن، سۇنىڭ پارغا ئايلىنىشى كۈچلۈك. يىل بويى يامغۇر ئىنتايىن ئاز ياغىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە هۆل - يېغىن مىقدارى ئارانلا 35 مىللىمېتىرغا، يىللىق پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2558 مىللىمېتىرغا يېتىدۇ.

كىلىمات روشەن هالدىكى ۋېرتىكاللىقىغا ئىگە بولۇپ، پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ كىلىماتىنى ئاساسەن ئۈچ خىل كىلىمات تۈرىگە ئايرىش مۇمكىن: جەنۇبىي قىسمىدىكى تاغلىق رايونلار مۆتىدىل بەلۋاغ ياكى سوغۇق مۆتىدىل بەلۋاغ كىلىماتىغا؛ بوستانلىق — تۈزلەڭلىك رايونلىرى ئىسسىق مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرغاق چۆل كىلىماتىغا؛ شىمالىي قىسمىدىكى قۇملۇق تىپىك قۇرۇقلۇق چۆل كىلىماتىغا كىرىدۇ.

قۇياشنىڭ ئومۇمىي چۈشۈش ۋاقتى بىر قەدەر ئۇزۇن بولۇپ، ئالاھىدىلىك جەھەتتە غەربتىن شەرققە، جەنۇبتىن شىمالغا ئۆتۈش ۋاقتى تەدرىجىي كۆپىيىدۇ. قۇياش ئوتتۇرا هېساب بىلەن هەر كۋادرات سانتىمېتىرغا 131 مىڭ 500 كالورىيە ئىسسىق بېرىدۇ. يىللىق كۈن نۇرى چۈشۈش ۋاقتى 2470 سائەتتىن 2950 سائەتكىچە يېتىدۇ. قىسمەن تاغلىق رايونلاردا هاۋانىڭ تۇتۇلۇش قاتلىمى بىر قەدەر روشەن، قىش پەسلىدىكى تېمپېراتۇرا تۈزلەڭلىككە قارىغاندا يۇقىرىراق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولىدۇ.

خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 43.2℃ (1973 - يىل 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى)، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى 28.9℃ - (1967 - يىلى 1 - ئاينىڭ 5 - كۈنى) بولغان. يېغىن ئاز، كىلىماتى ئىللىق، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 11.1℃ تىن 13℃ قىچە بولىدۇ. قۇياش نۇرى بايلىقى مول بولۇپ، تۇزلەڭ رايونلارنىڭ قىروسىز ۋاقتى 300 كۈن ئەتراپىدا بولىدۇ. تاغلىق رايونلارنىڭ ئوغرى ئۆششۈك مەزگىلى تۈزلەڭلىك رايونلاردىن بالدۇراق، ئاخىرقى ئۆششۈك مەزگىلى بىر قەدەر كېيىن بولىدۇ.

خوتەن ۋىلايىتىنىڭ كان مەھسۇلات بايلىقلىرى مول، تۈرى كۆپ. بۇنىڭ ئىچىدە مۇئەييەن زاپىسى بار كان خىللىرىدىن 24 ى، مەھسۇلات بازىسىدىن 43 ى تەكشۈرۈپ تېپىلدى. بۇلار ئاساسلىقى: كۆمۈر، تۆمۈر، ئالتۇن، قاشتېشى، ھاك تېشى، كرىستال، گەج، كۈمۈش، مىس، سىنك، گۈڭگۈرت، تۇز، نېفىت، مەرمەر تاش، چىرىمتال قاتارلىقلار.

ۋىلايەت تەۋەلىكىدىكى 13 جايدا تۆمۈر رودىسى بارلىقى ئېنىقلاندى. خوتەندە كېپەك ئالتۇننىڭ تارقىلىشى نىسبەتەن ئومۇمىيۈزلۈك بولۇپ، دائىرىسى كەڭ، سەككىز جايدا كېپەك ئالتۇن بارلىقى ئېنىقلاندى. بەش جايدىكىسىگە دەسلەپكى قەدەمدە باھا بېرىلدى. رەڭلىك مېتال ۋە ئاز ئۇچرايدىغان مېتاللارنىڭمۇ مەلۇم زاپىسى بار. ئالتە جايدىن تەبىئىي گۈڭگۈرت چىقىدۇ. بۇلاردىن گۇمىدىكى يۇلچۇن تەبىئىي گۈڭگۈرت كېنى ۋە داساڭلۇس جىلغىسى تەبىئىي گۈڭگۈرت كېنىدىن ئىبارەت ئىككى جايدا كان بايلىقى مەركەزلەشكەن. تۆمۈر كېنىدىن 20 جايدا بولۇپ، ھەر قايسى ناھىيىلەرگە كەڭ تارقالغان. تۇز كېنى ئاق تۇز، تاش تۇز، گالۇگىنلىق تۇز دەپ ئۈچ خىلغا ئايرىلىدۇ. ئاق تۇز ئاساسلىقى خوتەن ناھىيىسىنىڭ يېڭىئېرىق تۇزچىلىق مەيدانى، كېرىيە ناھىيىسىنىڭ تۇزچىلىق مەيدانى ۋە قاراقاش ناھىيىسىنىڭ تۇزچىلىق مەيدانىدىن چىقىدۇ. ھاك تېشى كەڭ تارقالغان بولۇپ، كۆلىمىمۇ چوڭ. مەسىلەن: دۇۋا ھاك تېشى كېنى ئوتتۇرا تىپتىكى، بۇيا ھاك تېشى كېنى كىچىك تىپتىكى كان ھېسابلىنىدۇ. ئۈچ جايدىن مەرمەر تېشى چىقىدۇ. بۇلار خوتەن قاراقاشقۇ

تاغ چۆيشەنلى رايونى، گۇمىنىڭ كىلياڭ رايونى ۋە كېرىيىنىڭ پولو رايونىدىن ئىبارەت. گەج كېنى قاراقۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى جايلارغا كەڭ تارقالغان. نۆۋەتتە يەتتە جايدىن گەج چىقىدىغانلىقى ئېنىقلاندى. بۇ كانلار نۇقتىلىق ھالدا گۇمىنىڭ دۇۋا، خوتەننىڭ بۇيا، لوپنىڭ ئاچچىق قاتارلىق جايلىرىغا تارقالغان. گۇمىنىڭ كەڭشۇ رايونىدىن تارتىپ خوتەننىڭ چوڭ يۇلغۇنلۇققىچە بولغان ئارىلىق ئاق چىرىمتال رايونى ھېسابلىنىدۇ. تارىم ئويمانلىقى سۇپىتى ئەلا، زاپىسى مول بولغان نېفىت بايلىقىغا ئىگە. ئاساسلىقى دۇۋا ۋە بۇيا كۆمۈر كانلىرى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە بۇيا كۆمۈرلىكى جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە ئەڭ چوڭ كۆمۈرلۈك، بۇ كاندىن ئېچىشقا بولىدىغان سانائەت كۆمۈر زاپىسى 88 مىليون 430 مىڭ توننا بولۇپ، بۇ جاي خوتەننىڭ كۆمۈر بازىسى ھېسابلىنىدۇ.

«خوتەننىڭ ئۈچ گۆھىرى» (يىپەكچىلىك، قاشتېشى، گىلەمچىلىك) نىڭ بىرى بولغان خوتەن قاشتېشى قەدىمدە «قاراقۇرۇم قاشتېشى» دەپ ئاتىلىپ، دۇنياغا داڭ چىقارغان بولۇپ، يۈرۈڭقاش ۋە قاراقاش دەرياسى ئېقىنلىرىدىن، بۇ دەريانىڭ قەدىمكى ئېقىن ئىزلىرىدىن، شۇنىڭدەك گۇما ناھىيىسىدىن نىيا ناھىيىسىگىچە سوزۇلغان قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ تەسكەي بۆلەكلىرىدىن چىقىدۇ. قاراقۇرۇم قاشتېشى ئاق، قىزىل، سېرىق، يېشىل، سۆسۈن، كۆك، قارا قاشتېشىدىن تەركىب تاپىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئاق قاشتېشىنىڭ قوي يېغى رەڭلىكى ئەڭ ئېسىلى ھېسابلىنىدۇ.

تارىخىي ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئەجدادلىرىمىز بۇنىڭدىن 3000 يىللار ئىلگىرى قاشتېشىنى بۇيۇم، پۇل ئورنىدا ئىشلىتىپ، ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن سودا - سېتىق قىلغان. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 770 — 221 - يىللىرى ئارىلىقىدا مەيدانغا كەلگەن «تاغ - دەريالار قامۇسى» دا، يېڭى تاش قورال دەۋرىدىن باشلاپلا «قاراقۇرۇم قاشتېشى» نىڭ توخرىلار ئارقىلىق ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن.

خوتەن ۋىلايىتى تەۋەسىدە ياۋايى ھايۋانلاردىن تىبەت ياۋا ئېشىكى، ياۋا قوتاز، ياۋا تۆگە، بۇغا، ياۋا ئات، ياۋا توڭگۇز، بۆرە، چىلبۆرە، ئارقار، كۆكمەت، قىزىل تۈلكە، بۇلغۇن، ھىمالايا سۇغۇ-

www.uyghurkitap.com

رى، كۆلرەڭ قۇيرۇقلۇق توشقان، ئۈلار، ئاق بوگوز، بۆكەن، قىرغا ۋۇل، كەكلىك قاتارلىقلار بار.

ياۋا ئۆسۈملۈك بايلىقى مول بولۇپ، توشقانزەدىكى، قانتېپەر، قار لەيلىسى، رەۋەن، چاكاندا، مەرزەنجۇش، چۈچۈكبۇيا، قىل يوپۇرماقلىق ئەمەن، يەر مەدىكى، ئوتتۇرا ئاسىيا مورچوپىسى، ئالقات، قېرىقىز، چۈلۈك ئوت قاتارلىقلار بار. يېقىنقى يىللاردا توشقانزەدىكى ئۆستۈرۈش يۈلغۇنلۇق ئېكولوگىيىسى بىلەن بىر گەۋدىلەشتۈرۈلۈپ، كېرىيە، نىيا ناھىيىلىرىنى ئاساس قىلىپ ۋىلايەت بويىچە كۆلەملەشىپ، يۇقىرى ئىقتىسادىي ئۈنۈم ۋە مۇھىت قوغداش ئۈنۈمى قولغا كەلتۈرۈلدى.

خوتەن ۋىلايىتىنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى 2 مىليون 546 مىڭ 585 مو كېلىدۇ. بۇغداي، كۆممىقوناق، شال ئاساس قىلىنىپ، ئارپا ۋە پۇرچاق قاتارلىق زىرائەتلەر تېرىلىدۇ. ئىقتىسادىي زىرائەتلەردىن پاختا، مايلىق دان ئاساس قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا زىرە قاتارلىق ئاساسلىق دورا ماتېرىياللىرىمۇ بار. خوتەن «مېۋە - چېۋە ماكانى» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر. مېۋە تۈرلىرى كۆپ بولۇپ، شاپتۇل، ئاق ئۆرۈك، ئانار ۋە كىشمىش ئۈزۈم، خوتەن قىزىل ئۈزۈمى، قەغەز ياڭاقلىرى مەشھۇر.

بولۇپمۇ پىيالما ۋە چىرا ئانىرى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىلىپ، ۋىلايەت بويىچە كۆلەملەشتۈرۈلۈپ، يۇقىرى ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىش بىلەن بىرگە، خوتەن ناھىيىسىنى ئاساس قىلغان «ياڭاق بازىسى» قۇرۇلۇشى زور تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئىگە بولدى (خوتەننىڭ تەبىئىي بايلىقلىرى ۋە زېمىنىدا ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈكلەر، تېرىلىدىغان زىرائەتلەر ۋە باشقىلار توغرىسىدا مۇشۇ يۈرۈشلۈك كىتابلارنىڭ 2 - تومى 295 - بەتتىن 334 - بەتكىچە بېرىلگەن «خوتەننىڭ بىر قىسىم ماددىي بايلىقلىرى» ناملىق ماقالىدا تەپسىلىي بايان قىلىندى).

چارۋىچىلىقتا «خوتەن قويى» ئاساس قىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا كالا، ئېشەك، تۆگە قاتارلىقلارمۇ بار.

خوتەن ۋىلايىتىگە يەتتە ناھىيە، بىر شەھەر — 11 بازار، 75 يېزا، تۆت كوچا باشقارمىسى، 1406 كەنت كومىتېتى (2005-يىلدىن كېيىن 1374 كەنت كومىتېتىغا قىسقارتىلغان)، 28 ئاھالە

كومىتېتى قارايدۇ (مەمۇرىي ئورۇنلارنىڭ بۇ سانى 2003—يىلىدىكى ستاتىستىكا ئاساس قىلىنىپ كۆرسىتىلدى. تۆۋەندىمۇ شۇنداق). تەۋەلىكىگە يەنە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش ئارمىيىسى 14 - دىۋىزىيە ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق پولك — دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق مەيدانلىرى جايلاشقان.

خوتەن ۋىلايىتىدە ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، خۇيزۇ، تاجىك، قىرغىز، ئۆزبېك قاتارلىق 24 مىللەتتىن، 434 مىڭ 574 ئائىلە — بىر مىليون 743 مىڭ 813 كىشى ياشايدۇ (بۇ ساندا 2003—يىللىق ستاتىستىكا ئاساس قىلىنغان بولۇپ، ھەر قايسى ناھىيە - شەھەر، يېزا - بازارلارنىڭ نوپۇس مەلۇماتىمۇ شۇنداق). بۇنىڭدىن ئۇيغۇرلار 1 مىليون 685 مىڭ 838 كىشى بولۇپ، ئومۇمىي ئاھالىنىڭ %96.68نى؛ خەنزۇلار 54 مىڭ 326 كىشى بولۇپ، ئومۇمىي ئاھالىنىڭ %3.12 نى، باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر %0.21نى ئىگىلەيدۇ.

خوتەن قەدىمكى «قاشتېشى يولى» نىڭ تۇنجى بېكىتى، قەدىمكى «يىپەك يولى» نىڭ جەنۇبىي لىنىيىسىدىكى مەشھۇر غەربىي دىيار مەدەنىيىتىگە ئىگە گۆھەر زېمىندۇر. ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان، ھەر قايسى مىللەتلەر بۇ جايدا ياشىغان، كۆپەيگەن. غەرب، شەرق مەدەنىيىتىمۇ دەل مۇشۇ جايدا ئۇچرىشىپ، بىر گەۋدە بولۇپ شەكىللەنگەن. ھەر قايسى دۆلەت ئەلچىلىرى، سودىگەرلەر ۋە يولۇچىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرغان. خوتەن ئىنسانىيەت ئەقىل - پاراسىتىنىڭ جەۋھەرلىرىنى مۇجەسسەملەپ، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان «قارا-قۇرۇم رىۋايىتى» نى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپ، دۇنياغا مەشھۇر نۇرغۇنلىغان تارىخىي مىراسلارنى قالدۇرۇپ، ئېلىمىز تارىخىدىن مەڭگۈ ئورۇن ئالىدىغان شانلىق نەتىجىلەرنى ياراتقان.

تۆۋەندە خوتەن ۋىلايىتىدىكى ھەر قايسى ناھىيە (شەھەر)، يېزا (بازار) لارنىڭ نامى، تەبىئىي، جۇغراپىيىلىك ئەھۋاللىرى، مەمۇرىي ئۆزگىرىشلىرى، مەمۇرىي كەنتلەر ۋە ئاساسلىق تەبىئىي كەنت - مەھەللىلەرنىڭ ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە نامى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# خوتەن شەھىرى 和田市

خوتەن شەھىرى قاراقورۇم تاغلىرى بىلەن تەكلىماكان قۇملۇ- قىنىڭ ئوتتۇرىسىغا، يەنى خوتەن - قاراقاش - لوپ بوستانلىقىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان. شەرقى لوپ ناھىيىسى بىلەن، غەرب، جەنۇب، شىمال ئۈچ تەرىپى خوتەن ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىپ، شەرقىي ئۇزۇنلۇق ″79°20~″40′79°56، شىمالىي كەڭلە- لىك ″50′36°59~″32′37°14 ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ زېمىن دېڭىز يۈزىدىن 1450 ~ 1300 مېتىر ئېگىز. ئومۇمىي كۆلىمى 84. 495 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان خوتەن شەھىرىنىڭ شەھەر رايونى 50 كۋادرات كىلومېتىر، قورۇلۇش كۆلىمى 15.75 كۋادرات كىلو- مېتىر كېلىدۇ.

خوتەن شەھىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى خوتەن ۋىلايەت- لىك كومىتېتى، خوتەن مەمۇرىي مەھكىمە تۇرۇشلۇق جاي، شۇنداقلا خوتەن ۋىلايىتىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، سودا، قات- ناش ۋە خەۋەرلىشىش تۈگۈنى، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشىنىڭ كۆزنىكى. شەھەرگە يەنە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قورۇلۇش بىڭتۇەننىڭ يېزا ئىگىلىك 14 - دىۋىزىيىسىنىڭ ئورگانلى- رى، خوتەن ناھىيىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى جايلاشقان.

خوتەن شەھىرىدە ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان كۆپ مىللەت ئولتۇ- راقلاشقان. دائىمىي تۇرۇشلۇق نوپۇس 185 مىڭ، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر نوپۇسى 99 مىڭ، يېزا نوپۇسى 86 مىڭ بولۇپ، ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتلەر %82.48نى، خەنزۇلار %17.34نى ئىگىلەيدۇ. شەھەر مەمۇرىي جەھەتتىن تۆت كوچا ئىش بېجىرىش باشقارمىسى، ئۈچ يېزا، بىر بازار، ئۇلارنىڭ قارمىقىدا 59 كەنت كومىتېتى، 294 تەبىئىي مەھەللە (گۇرۇپپا) نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ھازىرقى خوتەن شەھىرىنىڭ بەرپا قىلىنىش تارىخى تولىمۇ ئۇزۇن

بولۇپ، «قاشتېشى يولى» نىڭ شەكىللىنىش تارىخى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بەزى ئالىملار «12 مىڭ يىلنىڭ ئالدىدا كۆركەم، گۈزەل خوتەن قاشتېشى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە توشۇلۇشقا باشلىغان» دەپ ھېسابلايدۇ. «ئەڭ كېيىن دېگەندىمۇ بۇنىڭدىن 4، 5 مىڭ يىل ئىلگىرىلا خوتەن قاشتېشى مۇشۇ شەھەرنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ شەرق تارمىقى چەرچەن، لوپنۇر، دۇنخۇاڭنى؛ يەنە بىر تارمىقى قەشقەرگە بېرىپ شەرققە بۇرۇلۇپ، كۇچا، تۇرپان، قۇمۇلنى بېسىپ، ‹قاشتېشى يولى› نىڭ بۇ ئىككى تارمىقى يۇمېن قوۋۇقى، جيۇچۇەن قاتارلىق جايلاردا تۇتىشىپ داۋاملىق شەرققە سوزۇلۇپ، لەنجۇ، شىئەن، لوياڭ ئارقىلىق ئەنياڭغا بارغان. ‹قاشتېشى يولى› نىڭ غەربى بۆلىكى كابۇل، ئىسپاھان، باغدات ئارقىلىق ئوتتۇرا دېڭىزغا تۇتاشقان»①. «يىپەك يولى» ئېچىلغاندىن كېيىنمۇ ھازىرقى خوتەن شەھىرى ئوخشاشلا قەدىمكى «يىپەك يولى» نىڭ جەنۇبىي يولىدىكى مۇھىم بازار بولغان.

«خوتەن» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى، مەنىسى ھەققىدە ئاجايىپ گۈزەل ئەپسانە - رىۋايەتلەر بار. بىر قەدەر ئومۇملاشقان «ئۇدۇن» دېگەن نام ئەسلىدە يۇرۇڭقاش ۋە قاراقاش دەريالىرى ئارىلىقىدىكى بوستانلىقلاردا قۇرۇلغان خانلىقنىڭ نامى بولۇپ، بەزىلەر ھازىرقى خوتەن شەھىرىنىڭ ئەسلىي ئىسمى «پىل پىل» ئىدى دېيىشىدۇ (بۇ ئىسىم خەلق قوشاقلىرىدا ئۇچرىغاندىن باشقا ھېچقانداق يازما مەنبەلەردە كۆرۈلمەيدۇ). بەزىلەر: «يوتقان» (بۇ پراكرىت تىلىدىكى ‹يوتقان›، ‹يوتھان› سۆزىنىڭ تەلەپپۇز ئۆزگىرىشى بولۇپ، بەزىلەر بۇ نامنى ‹يوتقان› ئەمەس بەلكى ‹يۇرتخان› يەنى — خان تۇرغان جاي/خان يۇرتى ئىدى، دېيىشىدۇ. شۇنداقلا بۇ سۆز ‹يوتقان› ئەمەس، ‹يۇرتقان› يەنى قان تۆكۈلگەن يۇرت دېگۈچىلەرمۇ بار) دېگەن نامدىن ئۆزگەرگەن، چۈنكى ھازىرقى خوتەن شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى (بۇنىڭدىن تەخمىنەن 1000 يىل بۇرۇن) بۇزۇلغان كەنتى (يوتقان شەھىرى) كۈچلۈك خان تەرىپىدىن 12 - ئەسىردە ۋەيران قىلىن-

① «خوتەننىڭ قىسقىچە تارىخى»، جۇڭگو قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى، 2002 - يىل ئاپرېل، 1 - نەشرى (خەنزۇچە) دىن ئېلىندى.

غاندىن كېيىن، ئۇ يەردىكى خەلقلەر هازىرقى ئىلچى دەرياسى بويىغا
كۆچۈپ كېلىپ ماكانلاشقان، بۇ جاي كېيىن تەرەققىي قىلىپ شەھەر-
گە ئايلانغان، بۇنىڭ ئورنى هازىرقى «سۇ دەرۋازىسى» ، «گۇجان
دەرۋازىسى» ۋە «هېيتگاھ دەرۋازىسى» نىڭ ئارىلىقىدا بولۇپ، ئۇ ئىل-
چى دەرياسىنىڭ غەربىگە توغرا كېلەتتى، دەيدۇ.

ناھايىتى ئېنىقكى، هازىرقى خوتەن شەھىرى قەدىمدە «ئىلچى»
دەپمۇ ئاتالغان (بۇ ئاساسەن هازىرقى خوتەن شەھىرى ۋە خوتەن
ناھىيىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى) . قەدىمكى خەلق قوشاقلىرىدا «خو-
تەن دېيتۇ ئىلچىنى، گىلەم دېيتۇ زىلچىنى» دېگەن مىسرالار بار.
«ئىلچى» دېگەن نام يازما مەنبەلەردىمۇ تىلغا ئېلىنغان. بۇ نامنىڭ
مەنىسى، ئېتنىك ئۆزگىرىشى توغرىسىدا قاراشلار ئوخشاش ئەمەس.

بەزىلەر «ئىلچى» سۆزى قەدىمكى خوتەن تىلى بولۇپ، «ئايرىلىپ
چىققان تارماق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مىرزا ئابابەكرى زامانىسىدا
(ئۇنىڭ خوتەنگە ھېكىم بەگ بولغان مەزگىلى 1680 ـ 1670 ـ
يىللار) يۇرۇڭقاش دەرياسىدىن بىر كىچىك دەريا ئېقىنى بۆلۈنۈپ
شەھەرنىڭ شەرقىدىن شىمالغا قاراپ ئاقاتتى. كىشىلەر يۇرۇڭقاش
دەرياسى بىلەن بۇ تارماق دەريا ئېقىن ئارىلىقىدىكى جايلارنى «ئىلچى»
دەپ ئاتاشقان. قەدىمدىن هازىرغىچە كىشىلەر ئىككى ئېقىن ـ دەريانىڭ
قوشۇلغان جايىنى (يۇرۇڭقاش دەرياسى بىلەن قاراقاش دەرياسى قو-
شۇلغان جايىنى) «قوشلاش» ، ئىككى ئېقىننىڭ بۆلۈنگەن، ئايرىلغان
جايىنى «ئېلشچى» دەپ ئاتايدۇ، دېيىشىدۇ.

بەزىلەر «ئىلچى» دېگەن نام ئەسلىي «ئارالچە» (كىچىك ئارال)
دىن ئۆزگەرگەن، چۈنكى خوتەن شەھىرى ئىككى دەريانىڭ ئوتتۇرىسى-
دىكى بىر ئارالچە بولغاچقا، شۇنداق دەپ ئاتالغان، يىللارنىڭ ئۆتۈشى
بىلەن ئارالچە دېگەن سۆز «ئىلچى» دېگەن سۆزگە ئايلىنىپ قالغان،
دېيىشىدۇ. گەرچە «ئارالچە» دېگەن بۇ سۆز، بۇ يەرنىڭ جۇغراپىيىسى-
گە ماس كەلگەندەك كۆرۈنسىمۇ، «ئارالچە» بىلەن «ئىلچى» ئاھاڭ
جەھەتتىن بىر ـ بىرىگە يېقىنلاشمايدىغان سۆزلەر. «ئىلچى» دېگەن
سۆز قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بولۇپ، «ئەلچى» (دىپلومات) دېگەن بىر
خىل ئەمەل نامىنى بىلدۈرسىمۇ، يەر نامىنى بىلدۈرمەيدۇ. «ئىلچى»

سۆزى ئەسلىي «ئىل+ئىچى» دېگەن ئىككى سۆزدىن تۈزۈلۈپ، كېيىن- چە ئوتتۇرىدىكى «ئى» ھەرىپى چۈشۈپ قېلىپ، «ئىلچى» بولۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. «ئىل» قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ‹ئەل، خەلق، يۇرت، دۆلەت› دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭغا «ئىچى» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ «ئىلئىچى» بولغان. بۇ ‹ئەل ئىچى، يۇرت ئىچى، ئاۋات جاي› دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى، قەدىمكى زاماندا چارۋىچىلىق ئاساس قىلىنغاچقا، كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئوتلاق قوغلىشىپ ئەلدىن ئايرىلىپ، چەت - ياقا جايلاردا ياشايتتى، مەھەللى- لەر، يۇرتلار، شەھەرلەر ئاز ئىدى. شۇڭا، ئادەم كۆپ جايلاشقان جايلارنى «ئەل ئىچى» دەپ ئاتىغان.①

مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 60 - يىلى غەربىي خەن سۇلالىسى غەر- بىي يۇرتتا قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلغاندىن باشلاپ، تاڭ سۇلالىسى شاڭيۈەن 2 - يىلى (مىلادىيە 675 - يىلى) ۋېيسارا تۇتۇق مەھكىمىسى قۇرۇلغىچە بولغان دەۋرلەردە ھازىرقى خوتەن شەھىرى يەنىلا شەرق بىلەن غەرب مەدەنىيىتى ئۆز ئارا ئۇچرىشىدىغان مۇھىم تۈگۈنلۈك رولىنى ئوينىغان. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ جايدا ئايغاق- چى باش ئەمىرلەشكەر مەھكىمىسى قۇرۇلغان، چىڭ سۇلالىسى گۇاڭ- شۈينىڭ 9 - يىلى خوتەن بىۋاسىتە قاراشلىق ئايمىقى قۇرۇلغان. مىنگونىڭ 17 - يىلى (مىلادىيە 1928 - يىلى) خوتەن ناھىيىسى تەسىس قىلىنغان. 1984 - يىل 18 - ئاۋغۇست خوتەن شەھىرى قۇرۇلغان.

خوتەن شەھىرىنىڭ ئومۇمىي يەر شەكلى جەنۇب تەرىپى ئېگىز، شىمالىي تەرىپى پەس، جەنۇبىي تاغلىق رايوندىكى ئوتلاقلار، قاراقۇ- رۇم تېغىنىڭ شىمالىدىكى قاتمۇ قات تاغلار ۋە ئۇزۇلمە تاغ رايونلىرىغا جايلاشقان بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 2600~4000 مېتىرغىچە ئېگىز. شەھەر رايونى تەكشى بولۇپ، شىمالىدا بىر قىسىم ئويمانلىق بار، شورباغ بىلەن لاسكۈي دېھقانچىلىق مەيدانى يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا - تۆۋەن ئېقىنىدىكى تۈتاش كەتكەن ئېگىز - پەس جايلاردىن

① «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» نىڭ 1992 - يىل 11 - يانۋار سانى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uygurkitap.com

ئىبارەت. شەرقىي قىسمىنىڭ يەر شەكلى تەكشى، پەس ئورۇنلاردا يىغىندى سۇ (سازلىق) بار، سازلىقنىڭ ئېگىزلىكى دېڭىز يۈزىدىن 1232 دىن 1237 مېترگىچە يېتىدۇ.

يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ سۈيىدە سۇغىرىلىدىغان بۇ رايوننىڭ يەر ئاستى سۇ بايلىقى مول بولۇپ، بىر قىسىم تەبىئىي بۇلاقلاردىن سىزىپ هاسىل بولغان كىچىك ئېقىنلار ئارقىلىق دېهقانچىلىق رايونلىرى قىسمەن تەمىنلىنىدۇ.

شەهەر تەۋەلىكىدە: «گازۇن سۇ ئامبىرى» (ئورنى شورباغ يېزا گازۇن كەنتىدە، شەهەرنىڭ غەربىي جەنۇبتىن ئۈچ كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. بۇ تۈزلەڭلىك سۇ ئامبىرى 1958 - يىلى قۇرۇلۇشقا باشلىنىپ 1978 - يىلى پۈتكەن)؛ «كوئېنلۇن سۇ ئامبىرى» (ئورنى ئىلچى يېزا ئارال كەنتىدە، شەهەرنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىدىكى 4 كىلومېتىر ئارىلىقتا جايلاشقان. تەبىئىي شەكىللەنگەن تۈزلەڭ ئويمانلىق، بۇ سۇ ئامبىرى 1959 - يىلى قۇرۇلۇشقا باشلىنىپ، 1961 - يىلى پۈتكەن)؛ «دوستلۇق سۇ ئامبىرى» (ئورنى خوتەن ناهىيە توساللا يېزىسىدا، بۇلاق سۈيى چىڭقاش ۋە سۇغىرىشنى ئاساس قىلىدىغان كىچىك تىپتىكى بۇ تۈزلەڭ سۇ ئامبىرى 1959 - يىلى قۇرۇلۇشقا باشلىنىپ 1961 - يىلى پۈتكەن)؛ «ئىسلامئاۋات سۇ ئامبىرى» (ئورنى خوتەن ناهىيىسىنىڭ سوكەدۆڭ دېهقانچىلىق مەيدانىدا بولۇپ، شەهەرنىڭ غەربىي شىمالىدىن 128 كىلومېتىر كېلىدىغان بۇ تۈزلەڭ سۇ ئامبىرى 1959 - يىلى قۇرۇلۇشقا باشلىنىپ، 1961 - يىلى پۈتكەن) قاتارلىق سۇ ساقلاش مۇئەسسەسەلىرى بار. يەنە شەهەر دېهقانچىلىق رايونىدا يۇرۇڭقاش دەرياسى ــــ مىلىكئاۋات غول ئۆستىڭىنى مەركەز قىلغان دۆڭفېڭ غول ئۆستىڭى، گازۇن غول ئۆستىڭى، لاسكۈي غول ئۆستىڭى، لاسكۈي دېهقانچىلىق مەيدانى غول ئۆستىڭى، شورباغ دېهقانچىلىق مەيدانى غول ئۆستىڭى قاتارلىق سۇغىرىش مۇئەسسەسەلىرى بار.

شەهەر بويىچە دەريا، سۇ ئامبىرى، بۇلاق ۋە قۇدۇقتىن بولۇپ ئومۇمىي سۇ چىقىرىش مىقدارى 130 مىليون كۇب مېترغا يېتىدۇ.

خوتەن شەهىرىنىڭ كىلىماتى تىپىك چوڭ قۇرۇقلۇق خاراكتېرد-

دىكى كىلىمات بولۇپ، يازدا قاتتىق ئىسسىق بولىدۇ. قىش پەسلى
قاتتىق سوغۇق بولمايدۇ. ئەتىيازدا بوران كۆپ چىقىپ، چاڭ - توزان
كۆپ بولىدۇ. تۇزلەڭ رايونلار (ئىسلامئاۋات، خوتەن شەھەر
رايونى، تۆۋەندە شۇنداق) نىڭ 7 - ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېرا-
تۇرىسى 25.5℃، 1 - ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن
تۆۋەن 7℃، ئەڭ يۇقىرى مۇتلەق تېمپېراتۇرىسى 42℃، ئەڭ تۆۋەن
مۇتلەق تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 25℃ بولىدۇ. يىللىق ئوتتۇر-
چە تېمپېراتۇرىسى 12.1℃، يىللىق تېمپېراتۇرا پەرقى 31.2℃،
هۆل - يېغىن مىقدارى 30 مىللىمېتىر، شەھەر رايونى ئېتىزلىرىدىكى
سۇنىڭ پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2200 مىللىمېتىر، قىروسىز مەزگى-
لى 222 كۈن ئەتراپىدا، قۇياشنىڭ يىللىق چۈشۈش ۋاقتى 2643.9
سائەت، 12 كۈن ئەتراپىدا ئىسسىق شامال چىقىدۇ. تاغلىق رايوننىڭ
(دېڭىز يۈزىدىن 2000～3000 مېتىرغىچە، 3000～4200 مېتىر-
غىچە ئېگىز، تۆۋەندە ئوخشاش) ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى نۆل-
دىن تۆۋەن 30℃، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 5℃ قا
يېتىدۇ. هۆل - يېغىن 200 مىللىمېتىردىن يۇقىرى، قىروسىز
ۋاقتى 120 كۈن ئەتراپىدا، ئىسسىق پەسىل 80 كۈن ئەتراپىغا،
سوغۇق پەسلى 280 كۈن ئەتراپىغا يېتىدۇ.

خوتەن شەھىرىنىڭ چوڭ - كىچىك 21 پارچە بوستانلىقى ئۈچ
خىل كىلىمات رايونىغا، يەنى مۆتىدىل قۇرغاق يېزا ئىگىلىك رايونى،
مۆتىدىل يېرىم قۇرغاق يېزا ئىگىلىك رايونى، سوغۇق يېرىم قۇرغاق
يېزا ئىگىلىك رايونى دەپ بۆلۈنگەن. يورۇڭقاش دەرياسىنىڭ
ئوتتۇرا - تۆۋەن ئېقىنىغا جايلاشقان ئىسلامئاۋات رايونى مۆتىدىل
قۇرغاق يېزا ئىگىلىك رايونىغا كىرىدۇ. باهار پەسلىدە دەريادا ئاساسەن
سۇ بولمايدۇ. ئاساسەن يېڭىئېرىق سۇ ئامبىرى ۋە «شەرق قىزاردى»
سۇ ئامبىرىنىڭ سۈيىگە تايىنىپ يەر سۇغىرىلىدۇ. شەھەر رايونى يىلىغا
ئىككى قېتىم ياكى ئىككى يىلدا ئۈچ قېتىم هوسۇل ئالىدىغان
كىلىمات شارائىتىغا ئىگە بولۇپ، مۆتىدىل بەلۋاغ يېرىم قۇرغاق يېزا
ئىگىلىك رايونىغا كىرىدۇ. بۇ رايوننىڭ ئىهاتە ئورمان تورى بىر قەدەر
تولۇق، سۇغىرىش شارائىتى ياخشى، ئەتىياز پەسلىدىكى نۆۋەت بىلەن

سۇغىرىش ۋاقتى 15 كۈندىن 20 كۈنگە يېتىدۇ. ئۇششۇك ۋاقتى شىمالدىكى ئىسلامئاۋات رايونىغا قارىغاندا كېچىكىپ كېلىپ، بالدۇر يانىدۇ. ھەر خىل ئاپەتلىك كىلىماتنىڭ يەتكۈزىدىغان زىيىنى شىمالىي قىسمىغا قارىغاندا يېنىك بولۇپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا قولايلىق شارائىتقا ئىگە. دېڭىز يۈزىدىن 2000～3000 مېتىرغىچە ئېگىز بولغان جايلاردا تېمپېراتۇرا تۆۋەن بولۇپ، كۈزگى بۇغداي مايسىسىنىڭ ئۆسۈشىگە پايدىسىز. لېكىن، يازغى بۇغداي باشاقلىرىنىڭ دېنى كۆپ ۋە چوڭ بولۇپ، يۇقىرى مەھسۇلات ئالغىلى بولىدۇ. جەنۇب تەرىپى قاتتىق سوغۇق رايون بولۇپ، بۇ يەرلەر سوغۇق بەلۋاغ قورغاق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونىغا كىرىدۇ. ھۆل - يېغىنى ئاز، سۇغىرىش شارائىتى يوق بولۇپ، تېرىقچىلىق قىلىشقا مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. ئوت - چۆپلىرى كۆپ بولغان بۇ يەرلەر ياز ۋە كۈز پەسلىدىكى ئەڭ ياخشى ئوتلاق ھېسابلىنىدۇ.

شەھەر بويىچە تېرىلغۇ يەر 75 مىڭ 750 مو بولۇپ، كىشى بېشىغا 0.8 مودىن توغرا كېلىدۇ. يېزا ئاھالىلىرى بۇغداي، قوناق، ماش - پۇرچاق قاتارلىق ئاشلىق زىرائەتلىرىنى تېرىيدۇ. كېۋەز ۋە كۆكتات ئۆستۈرۈش ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. قىزىلگۈل، مېۋە - چېۋە كۆپ چىقىدۇ. ھەر خىل مېۋە سورتلىرى 300 خىلدىن ئاشىدۇ. يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىدىن قىزىلگۈل ھارىقى، گىلەم، يىپەك-ئەتلەس، قاشتېشى ۋە باشقىلار بار.

شەھەرگە قاراشلىق جەنۇبىي تاغلىق رايوننىڭ چارۋىچىلىق مەيدانلىرىدا يىلپىز، جەرەن، ئاز ساندا ياۋا ئېشەك، تۈلكە، بۆرە؛ شىمالدىكى ئورمانچىلىق مەيدانلىرىدا ياۋا توشقان، ياۋا توڭگۇز، ئاز ساندا تۈلكە ۋە بۆرە بار. سايلىق، دەريا ياقىسىدىكى ئويمان يەر ۋە سىزما سۇ بەلۋاغلىرىدىكى زەيلىكلەردە ياۋايى ئۆسۈملۈكلەردىن: قومۇش، جىغان، چوڭ مېۋىلىك چۇچۇكبۇيا، چىگە، كۆپ شاخلىق يۇلغۇن، ئېگىر، ياپىلاق غوللۇق پىزەك قاتارلىقلار بولۇپ، بۇلارنىڭ قاپلاش نىسبىتى 15%—85% گە يېتىدۇ؛ ئاساسلىق ياۋايى ئۆسۈملۈكلەردىن: تۆگە قېرىنى، ئاق يەر ئەمىنى، ياپچان، قوي كۆزى ئوت، بوز

www.uyghurkitap.com

ئوت، قاراقۇرۇم ياۋا كۇدىسى، كىلەپ، سۆسۈن گۈللۈك قىلدىرباش، شالغۇت ئوت، كۈنلۈكسىمان ئەمەن، سوقمچاق ئۇرۇقلۇق چۇچۇكبۇ- يا، تاغ قامچا ئوت، داۋغان ئوتى، غاز تاپان قاتارلىقلار بار؛ ئاساسلىق ھەمراھ ئۆسۈملۈكلەردىن: تەسكەن، قاراكۇرۇك، قانتىپەر، تەگرىتاغ چىغىرتمقى، كەترا، سېرىق چېچەكلىك سېغىز... سانجىق قاتارلىقلار بار.

خوتەن شەھىرىگە قاراشلىق جەنۇبتىكى تاغلىق رايوندىن ئالتۇن، قاشتېشى چىقىدۇ. يۇرۇڭقاش دەرياسىدىن چىقىدىغان ئاق قاشتېشى- نىڭ سۈپىتى ئەڭ ياخشى بولۇپ، قاشتېشى ئويمىچىلىق ماتېريالى قىلىشقا بولىدۇ. شەھەر رايونىنىڭ 120 كىلومېتىر جەنۇبىغا جايلاش- قان بۇيا كۆمۈر كانى جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە ئەڭ چوڭ كۆمۈرلۈك بولۇپ، 88 مىليون 430 مىڭ توننا كۆمۈر زاپىسىغا ئىگە، بۇنىڭ ئىچىدە 20 مىليون توننا كۆمۈرنىڭ ئۈستى قاتلىمى نېپىز بولۇپ، ئۈستى ئوچۇق كان قىلىپ ئېچىشقا بولىدۇ. شەھەر رايونىنىڭ 138 كىلومېتىر غەربىگە جايلاشقان دۇۋا كۆمۈر كېنىنىڭ بايقالغان كۆمۈر زاپىسى 6 مىليون 700 مىڭ توننا بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 2150 گورىزۇنتال ئۈستىدىكى زاپاس كۆمۈر مىقدارى 4 مىليون 524 مىڭ توننىغا، 2150 گورىزۇنتال ئاستىدىكى زاپاس كۆمۈر مىقدارى 2 مىليون 150 مىڭ توننىغا يېتىدۇ. بۇ كان ئېچىلغاندىن بۇيان خوتەن- نى ئېنېرگىيە بىلەن تەمىنلەپ كېلىۋاتقان ئاساسىي بازا بولۇپ كەل- دى.

تۆۋەندە خوتەن شەھىرى تەۋەلىكىدىكى كوچا ئىش بېجىرىش باش- قارمىلىرى، يېزا (بازار) لارنىڭ مەمۇرىي، جۇغراپىيىلىك ئەھۋاللىرى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلىدۇ.

## 古江巴格街道办事处 گۇجانباغ كوچا باشقارمىسى

گۇجانباغ كوچا ئىش باشقارمىسى خوتەن شەھىرىنىڭ كونا شەھەر رايونىغا جايلاشقان بولۇپ، بىۋاسىتە قاراشلىق جايلىرى «شەرق شامى- لى سودا سارىيى» ئالدىدىكى «خوتەن يولى» نى پاسىل قىلغان ھالدا

شەرقتە «شەرق شاملى ئۆستىڭى» كۆۋرۈكىگىچە يېتىپ بارىدۇ. جەنۇب تەرىپى «بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش يولى» غىچە، شىمال تەرىپى ناۋاغ كوچا ئىش باشقارمىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى 6.7 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، بۇ جايدا ۋىلايەت، شەھەر، ناھىيىگە قاراشلىق ئورۇنلاردىن 67 سى، توققۇز ئاھالىلەر كومىتېتى، 34 كەنت ـ مەھەللە (ئاھالە) گۇرۇپپىسى بار. تەۋەلىكىدە 6624 ئائىلە — 23 مىڭ 715 كىشى ياشايدۇ. كوچا باشقارمىسى ئورگىنى غۇجامكۆلبېشى مەھەللىسىدە. 5762 مو تېرىلغۇ كۆلەمگە ئىگە.

«گۇجانباغ» دېگەن بۇ نامنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئېتىنىك مەنە-سى ھەققىدە بىر قانچە خىل قاراشلار بار:

1. ئەنگلىيىلىك W.F توماسنىڭ «ئۇدۇن رايونىغا ئائىت تۆبۇتچە ۋەسىقىلەر» (ئەسلى ئەسەر ئىنگلىزچە بولۇپ، خەنزۇچە تەرجىمىسى «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1993 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان، مۇشۇ يۇرۇشلۇك كىتابلار ‹چەت ئەللىك-لەر نەزىرىدىكى خوتەن› تومىنىڭ 233 — 278 ـ بەتلەرگە قارالسۇن) ناملىق ماقالىسىنىڭ 1 ـ بۆلىكى س قىسمى — «بۇتخانا ياكى ئىبادەت-خانا» دا؛ ئۇدۇن رايونىدىن تېپىلغان مازارتاغ 0070 ـ نومۇرلۇق تارشا پۈتۈكتە (ئۇڭ تەرەپ بېشىدىكى خەت يوق قىسمى كەمتۈك. 12×2.5 سانتىمېتىر بولۇپ، مۇكەممەل ساقلانغان. باسما شەكلىدە بىر قۇرلا خەت يېزىلغان، خېتى ئېنىق): «گۇجاندۇ <Gu—Zhan—do> بۇتخانىسىدىكى ئۇدۇنلۇق سار-رىنگوڭ <Sar—ringong>» دېگەن خەت بار، دەپ يەشمە بەرگەن. بۇ يەردىكى «گۇجاندۇ» ھازىرقى «گۇجان» نامىنىڭ تونجى بولۇپ يازما مەنبەلەردە ئۇچرىشى، يەنە كېلىپ قەدىمكى ۋەسىقىلەردە خاتىرى-لىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

2. «گۇجانباغ» دېگەن بۇ نام «جورجان — گورخان خانلىقى نامىدىن كەلگەن» دەيدىغان قاراش.

3. تەزكىرىلەردە كۆرسىتىلىشىچە، بۇ نام ئەسلى «غۇجامباغ» بولۇپ، قايسىدۇ بىر خوجىنىڭ نامىدىن كەلگەن، 11 ـ ئەسىرلەردە ئىلچىدا بىنا قىلىنغان تۆت چوڭ باغنىڭ بىرىنىڭ نامىدۇر، دېگەن

www.uyghurkitap.com

قاراش.
يۇقىرىقى ئۈچ خىل قاراش ئىچىدىن «گۇجان» سۆزىنىڭ ئېتىمو-
لوگىيىسىنى بىلىشكە بولمىسىمۇ، خوتەن رايونىدا بۇددىزىم ھۆكۈم
سۈرگەن مىڭ يىللار داۋامىدا بۇ ئىسىمنىڭ ئەينى دەۋردىكى بۇتخانا
نامى ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىشقا بولىدۇ. ئۈچىنچى قاراشقا
كەلسەك، 11 - ئەسىرلەردە ئىسلامىيەت خوتەن رايونىدا ئۈستۈنلۈكنى
ئىگىلەپ، بۇ رايون «تۈركلىشىش»كە باشلىغاندا، خانلىق تۇرغان
مەركىزىي شەھەرلەردە تۈرك ئادىتى بويىچە «چاھارباغ»لار بىنا قىلىنى-
غان (يەركەن، قەشقەر، تاشكەنت، سەرمەرقەند قاتارلىق شەھەرلەردى-
كىگە ئوخشاش). بۇ باغلارغا ئىسىم قويۇلغاندا جۇغراپىيىلىك ئەھۋال-
غا قارايمۇ، ئەنئەنىۋى تىل ئادىتىگە قارايمۇ ئىسىم قويۇلغاچقا، ئەس-
لىدىكى «گۇجاندۇ» دېگەن ئىسىمنىڭ «دۇ» قوشۇمچىسى تەلەپپۇزدا
قىسقىراپ «گۇجان»غا «باغ» سۆزى قوشۇلغان.
گۇجانباغ كوچا ئىش باشقارمىسىغا بېيجىڭ شەرقىي يولى، خو-
تەن يولى، گۇجان جەنۇبىي يولى، جامە يولى قاتارلىق مۇھىم يوللار
تەۋە بولۇپ، بۇ يوللارنىڭ بويلىرىغا خوتەن شەھىرىنىڭ مەدەنىيەت،
يېمەك - ئىچمەك، كۆڭۈل ئېچىش، مېھمانساراي، قاتناش قاتارلىق
تۈرلىرىگە چېتىلىدىغان نۇرغۇن سودا - مۇلازىمەت ئورۇنلىرى مەركەز-
لەشكەن. شەھەر بويىچە ئەڭ چوڭ ياقۇت سېتىش بازىرى، ئۇيغۇر
تېبابەت دورىلىرىنى سېتىش بازىرى ھەم شىنجاڭنىڭ ئىچى - سىرتىغا
مەشھۇر بولغان قاشتېشى ئويمىچىلىق زاۋۇتى، ھەممىگە تونۇشلۇق
«بائىمەخان توخۇ گۆشى شورپىخانىسى»، ياخشى ئارامگاھ —
«كوئېنلۈن باغچىسى» قاتارلىق ئورۇنلار مۇشۇ جايدا.

## گۇجانباغ كوچا باشقارمىسى تەۋەلىكىدىكى ئىجتىمائىي رايون، ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ نامى
## 和田市古江巴格街道办事处社区和居委会名称

| | |
|---|---|
| غۇجامكۆلبېشى ئىجتىمائىي رايونى | 霍加木阔里贝希社区 |
| ھالۇمەھەللە ئىجتىمائىي رايونى | 阿鲁买里社区 |
| دۆڭباغ ئىجتىمائىي رايونى | 墩巴格社区 |

| | |
|---|---|
| يېڭىمەھەللە ئىجتىمائىي رايونى | 英买里社区 |
| مىسكەر كوچىسى ئىجتىمائىي رايونى | 米斯开尔阔恰社区 |
| قىزىقدەرۋازا ئىجتىمائىي رايونى | 克孜克代尔瓦扎社区 |
| دۆڭباغچا ئىجتىمائىي رايونى | 墩巴格其社区 |
| ۋەخپە ئىجتىمائىي رايونى | 瓦克拜社区 |
| شاللىق ئىجتىمائىي رايونى | 夏勒克买里社区 |
| هالۇ ئاھالە كومىتېتى | 阿鲁居委会 |
| دۆڭباغ ئاھالە كومىتېتى | 墩巴格居委会 |
| يېڭىمەھەللە ئاھالە كومىتېتى | 英买里居委会 |
| مىسكەر كوچا ئاھالە كومىتېتى | 米斯开尔阔恰居委会 |
| غوجامكۆلبېشى ئاھالە كومىتېتى | 霍加木阔勒贝什居委会 |
| راۋاقئالدى ئاھالە كومىتېتى | 热瓦克阿勒迪居委会 |
| قىزىقدەرۋازا ئاھالە كومىتېتى | 克孜克代尔瓦扎居委会 |

## گۈلباغ كوچا باشقارمىسى 古勒巴格街道办事处

گۈلباغ كوچا ئىش باشقارمىسىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى تۆت كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، توققۇز ئاسفالت يول، 27 ئاھالىلەر رايونى، غول ئۆتۈشمە كوچا، شۇنىڭدەك پارتىيە - ھۆكۈمەت، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىن 71 ى بولۇپ، 6594 ئائىلە، 26 مىڭ 376 نوپۇسقا ئىگە. چوڭ تىپتىكى تۆت سودا تۈگۈنى، خەلق مەيدانى، 14 چوڭ رېستوران - مېھمانساراي، تانسىخانا ۋە بەزمىخانا، 12 تورخانا، يەتتە پۇل مۇئامىلە ئورنى، تۆت ئالاقە - ئۇچۇر ئورنى، مەدەنىيەت، مائارىپ ئورۇنلىرى ۋە ئالىي - ئوتتۇرا تېخنىكوم، ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپتىن 11 ى، پۇل مۇئامىلە، ئۇچۇر - ئالاقە، مەدەنىيەت، مائارىپ، يېمەك - ئىچمەك، كۆڭۈل ئېچىش ئورۇنلىرى بىرگەۋدە قىلىنغان شەھەرنىڭ مەركىزىي ئاۋات رايونىدۇر. كوچا باشقارمىسى ئورگىنى گۈلباغ يولى 7 - نومۇرلۇق قورۇدا.

«گۈلباغ» — ئۇيغۇرچە سۆز. تەلەپپۇزدا «گۈلۋاغ» دېيىلىدۇ. 11 - ئەسىرلەردە ئىلچىدا بىنا قىلىنغان تۆت چوڭ باغنىڭ مەركىزىدىكى يەنە بىر باغنىڭ نامىدىن كەلگەن.

«گۈلباغ» نامى توغرىسىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئېلىشىر ھېكىم بەگ سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە ‹لوقمان سانى› دەپ نام ئالغان موللا ئېلىمشاھ ئاخۇنۇم ئەۋلادلىرىدىن بولغان مۇھەممەد سالى ئاخۇنۇم دېگەن تېۋىپنى، لوپ جىيا كەنتىدىن ئىلچى شەھىرى گۇجان ئۆستەڭ بويىغا ئالىي ئىمارەت سېلىپ، كۆچۈرۈپ ئەكىرىپتۇ ۋە ئىمارەتنى ئۇنىڭغا مۈلكى قىلىپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن ئىلمىي تېبابەت بىلەن شۇغۇللىنىش ھەم شاگىرت تەربىيىلەشنى ئۆتۈنۈپتۇ. تېبابەتكە ئېھتىياجلىق يەرلىك دورىلارنى تېرىپ ئۆستۈرۈش ئۈچۈن كېتەرلىك يەر ئاجرىتىپ بېرىپتۇ. بۇ يەردە قىزىلگۈل ۋە گۈلسۆسەن قاتارلىق ھەر خىل خاسىيەتلىك گۈللەر، دورىلىق ئۆسۈملۈكلەر تېرىلىپتۇ. كېيىنچە بۇ يەر ‹گۈلۋاغ› دەپ ئاتىلىپتۇ».

## گۈلباغ كوچا باشقارمىسى تەۋەلىكىدىكى ئىجتىمائىي رايون، ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ نامى
## 和田市古勒巴格街道办事处社区和居委会名称

| | |
|---|---|
| مۇيتىخوجا ئىجتىمائىي رايونى | 木甫提霍加社区 |
| تامىشا ئىجتىمائىي رايونى | 塔木什亚社区 |
| موغا مەھەللە ئىجتىمائىي رايونى | 木尕买里社区 |
| غەربىي چوڭ كۆۋرۈك ئىجتىمائىي رايونى | 西大桥社区 |
| ئۈرۈمچى جەنۇبىي يولى ئىجتىمائىي رايونى | 乌鲁木齐南路社区 |
| يېڭىشەھەر ئاھالە كومىتېتى | 英协海尔居委会 |
| موغامەھەللە ئاھالە كومىتېتى | 木尕买里居委会 |
| تامىشا ئاھالە كومىتېتى | 塔木什亚居委会 |

## ناۋاغ كوچا باشقارمىسى 纳瓦格街道办事处

ناۋاغ كوچا ئىش باشقارمىسى خوتەن شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىي بۇرجىكى، گۇجان شىمالىي يولىنىڭ ئاخىرقى تۇگۇنىگە جايلاشقان بولۇپ، شەھەرنىڭ سودا - سېتىق كۆلىمى جەھەتتىن باشقا تۆت كوچا

www.uyghurkitap.com

ئىش باشقارمىسى ئىچىدە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. باشقارما ئورگىنى ئات بازىرىدا.

«ناۋاغ» — نارباغ — يەنى «ئانارلىق باغ» دېگەن ئىسىمنىڭ قىسقارتىلمىسى بولۇپ، 11 - ئەسىرلەردە ئىلچىدا بىنا قىلىنغان تۆت چوڭ باغنىڭ بىرىنىڭ نامىدىن كەلگەن.

ناۋاغ كوچا ئىش باشقارمىسىنىڭ نامى خوتەن ناھىيىسى خوتەن بازىرى «فەنشيۇ (رېۋزىيۇنىزمغا قارشى)» كوچا ئىش باشقارمىسى، بولۇپ، ئەينى چاغدا پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگىنى بىردەك خوتەن ناھىيىسى، خوتەن بازىرىغا قارايتتى. 1984 - يىلىدىن ئىلگىرى بۇ كوچا ئىش باشقارمىسى ئىلچى يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە بولغان. 1984 - يىلى خوتەن شەھەرلىك ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندا، «خوتەن شەھەر ناۋاغ كوچا ئىش باشقارمىسى» دەپ نام قويۇلغان.

ناۋاغ كوچا ئىش باشقارمىسىنىڭ كۆلىمى بىر قەدەر چوڭ. بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار شەرقتە خوتەن ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك مەكتەپكىچە، غەربتە خوتەن قىزىلگۈل ھاراقچىلىق شىركىتىگىچە بولۇپ، شەرقتىن غەربكىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى 12 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغىچە بولغان كەڭلىكى تەخمىنەن 4.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. تەۋەلىكىدە 10 ئاھالىلەر كومىتېتى، 72 ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونى (گۇرۇپپىسى) بار. ۋىلايەت، شەھەر، ناھىيىگە قاراشلىق ئورگانلار، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىن 38 ى، ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم ۋە ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەر ھەمدە خوتەن ۋىلايىتىدىكى ئەڭ چوڭ سودا - سېتىق بازىرىمۇ مۇشۇ رايونغا جايلاشقان.

ناۋاغ كوچا ئىش باشقارمىسى تەۋەلىكى ئۇيغۇرلار ئاساس قىلىنغان ئولتۇراق رايوندۇر. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، شەھەر ئىگىلىكى ۋە شەھەر قۇرۇلۇشى تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، بۇ يەرلەرنىڭ ئىلگىرى «گىياھ ئۈنمەيدىغان» بىر قىسىم جايلىرى ھازىرقى ئاھالىلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونغا ئايلىنىپ، دائىم تۇرۇشلۇق ئاھالە 6300 دىن ئارتۇقراقتا، ئومۇمىي نوپۇس 32 مىڭدىن كۆپرەككە يەتتى.

## ناۋاغ كوچا ئىش باشقارمىسى تەۋەلىكىدىكى ئىجتىمائىي رايون، ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ نامى
## 和田市纳瓦格街道办事处社区和居委会名称

| | |
|---|---|
| ئاغىچىبۇلاق ئىجتىمائىي رايونى | 阿格其博拉克社区 |
| مۇنچا كوچا ئىجتىمائىي رايونى | 明恰阔恰社区 |
| ئىلەك ئىجتىمائىي رايونى | 依来克社区 |
| ھەزسۇلتان ئىجتىمائىي رايونى | 艾苏坦社区 |
| لىچىنئاتام ئىجتىمائىي رايونى | 里青阿塔木社区 |
| شامالباغ ئاھالە كومىتېتى | 夏玛勒巴格居委会 |
| ئاغىچىبۇلاق ئاھالە كومىتېتى | 阿格其博拉克居委会 |
| ھېيتگاھ ئاھالە كومىتېتى | 艾依提喀居委会 |
| دۆڭكوچا ئاھالە كومىتېتى | 墩阔恰居委会 |
| مۇنچا كوچا ئاھالە كومىتېتى | 明恰阔居委会 |
| ئاتبازىرى ئاھالە كومىتېتى | 阿特巴扎居委会 |
| ھاۋارايى ئىستانسىسىئاھالە كومىتېتى | 阿瓦热依斯坦斯居委会 |
| لىچىنئاتام ئاھالە كومىتېتى | 里青阿塔木居委会 |

## نۇرباغ كوچا باشقارمىسى 奴尔巴格街道办事处

خوتەن شەھەر نۇرباغ كوچا باشقارمىسى رايونى خوتەن شەھىرىنىڭ ناۋاغ يولىدىكى 11 - نومۇرلۇق ئورۇنغا جايلاشقان، «غەربىي بېيجىڭ يولى» نىڭ شىمالىغا، خوتەن - قاراقاش يولىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. ئۇنىڭ شەرق تەرىپى «مەدەنىيەت يولى» غا، شىمال تەرىپى شورباغ يېزىغىسىچە سوزۇلغان بولۇپ، بۇ جايدا ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ قاتارلىق 18 مىللەت ئولتۇراقلاشقان. جەمئىي 5884 ئائىلىلىك بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسى 20 مىڭدىن ئاشىدۇ. بىۋاسىتە قاراشلىق رايون تەۋەسىدە ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي، كارخانا - كەسپىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئورۇنلار، مەكتەپلەر بولۇپ 149 ئىدارە - ئورگان بار.

«نۇرباغ» — ئۇيغۇرچە ئىسىم، «يورۇق، نۇرلۇق باغ» دېگەن مەنىگە ئىگە بولۇپ، 11 - ئەسىرلەردە ئىلچىدا بىنا قىلىنغان تۆت چوڭ باغنىڭ بىرىنىڭ نامىدىن كەلگەن.

بۇ كوچا ئىش باشقارمىسى 1985 - يىلى 10 - ئايدا قۇرۇلغان. تەۋەلىكىدە تۆت ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونى كومىتېتى، 17 ئاھالىلەر ئولتۇراق گۇرۇپپىسى بار.

## نۇرباغ كوچا ئىش باشقارمىسى تەۋەلىكىدىكى ئىجتىمائىي رايون، ئاھالە كومىتېتلىرىنىڭ نامى
## 和田市奴尔巴格街道办事处社区和居委会名称

| | |
|---|---|
| نۇرباغ ئىجتىمائىي رايونى | 奴尔巴格社区 |
| توغراقئالدى ئىجتىمائىي رايونى | 托格拉克阿勒迪社区 |
| يېڭىبازار ئىجتىمائىي رايونى | 英巴扎社区 |
| ئۈرۈمچى شىمالىي يولى ئىجتىمائىي يولى | 乌鲁木齐北路社区 |
| توغراقئالدى ئاھالە كومىتېتى | 托格拉克阿勒迪居委会 |
| ناۋاغ ئاھالە كومىتېتى | 纳瓦格居委会 |
| يېڭىبازار ئاھالە كومىتېتى | 英巴扎居委会 |

# لاسكۈي بازىرى 拉斯奎镇

لاسكۈي بازىرى خوتەن شەھىرىنىڭ شىمالىي شەھەر رايونىغا جايلاشقان بولۇپ، بازارلىق ھۆكۈمەت ئورگىنى بىلەن شەھەر مەركىزىنىڭ ئارىلىقى يەتتە كىلومېتىر كېلىدۇ. يېڭى ياسالغان 315 - دۆلەت تاشيولى بازارنى كېسىپ ئۆتكەچكە، قاتنىشى ناھايىتى قولايلىق. لاسكۈي بازىرىنىڭ شەرقتىن غەربكە بولغان ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 10 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغىچە كەڭلىكى تەخمىنەن تۆت كىلومېتىر بولۇپ، شەرقىي شىمال تەرەپتە خوتەن ناھىيىسىنىڭ خانئېرىق،

يېڭىئېرىق يېزىلىرى بىلەن، شەرقىي جەنۇب تەرەپتە خوتەن شەھىرىنىڭ ئىلچى يېزىسى، شورباغ يېزىلىرى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 40 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، بازارلىق ھۆكۈمەت ئورگىنى باشلاسكۈي كەنتىدە.

«لاسكۈي» — «لاس» يەنى «يىپەك» ياكى تۇر باغلىيالماي قالغان پىلە دېگەن سۆز بىلەن، سانسكرىتچە (قەدىمكى ھىندىچە) «كۈي» — بازار، شەھەر سۆزىنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان ئىسىم. «لاس + كۈي» — «يىپەك بازىرى»، «يىپەك شەھىرى»، «پىلىچى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «لاسكۈي» نىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى ۋە پىلە بېقىش، يىپەك ئىشلەپچىقىرىش تارىخى جەھەتلەردىنمۇ «يىپەك بازىرى» دېگەن بۇ نام مۇشۇ زېمىنغا تولىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ.

شۇنى قەيت قىلىپ ئۆتۈش لازىمكى: خوتەن رايونىدا سۆز ئاخىرىغا «كۈي» نامى قوشۇلۇپ يەر - جاي ئىسمى قىلىنغان «لاسكۈي»، «داكۈي»، «ماكۈي»، «زاڭگۈي»، «ھاڭگۈي» (ھازىرقى ئاتىلىشى ‹ھاڭگىيا›) قاتارلىق جايلار بار بولۇپ، بۇ سۆزلەملەرنىڭ ئاخىرىدىكى «كۈي» ئوخشاشلا سانسكرىتچە «بازار، شەھەر» دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

لاسكۈي بازىرى مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرۇقلۇق قۇرغاق ھاۋا كىلىماتىغا تەۋە بولۇپ، يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى ئاز، پارغا ئايلىنىش مىقدارى يۇقىرى، كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى ئۇزۇن ۋە يورۇتۇش يېتەرلىك، ئىسسىقلىق مىقدارى مول، تۆت پەسىل روشەن پەرقلىنىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 12.8℃، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 40.6℃ قا، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن 21.6℃ قا يېتىدۇ. يىللىق قىروسىز مەزگىل 236 كۈن، بۇ يەرنىڭ يەر ئاستى سۇ بايلىقى مول بولۇپ، خوتەن شەھىرىدىكى بىردىنبىر نەملىك تەبىئىيلىكى قوغدىلىدىغان رايون. تۇپرىقى يۇمشاق، تەبىئىي قۇۋۋەتلىك بولۇپ، يېزا ئىگىلىك مۇئەسسەسەلىرى مۇكەممەل بولغان، تارىخى ئۇزۇن دېھقانچىلىق رايونىدۇر.

ۋىلايەتلىك خىش زاۋۇتى، ۋىلايەتلىك سورتلۇق ئۇرۇق بازىسى، توخۇ - ئۆردەك فېرمىسى قاتارلىقلار مۇشۇ بازار تەۋەسىدە. 2002 -

www.uyghurkitap.com

يىل 6 - ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە 25 كىچىك بازارنىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇشىدىكى ئۆرنەك بازار قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن. بۇ بازاردىكى 5197 ئائىلە — 21 مىڭ 206 نوپۇس 11 مەمۇرىي كەنت، 64 مەھەللە گۇرۇپپىسىغا ئايرىلغان.

## لاسكۇي بازىرى تەۋەلىكىدىكى مەمۇرىي كەنت كومىتېتلىرىنىڭ نامى
## 和田市拉斯奎镇行政村名称

| | |
|---|---|
| باشلاسكۇي كەنت كومىتېتى | 巴什拉斯奎村委会 |
| ئاراغول كەنت كومىتېتى | 阿热果勒村委会 |
| دۆڭكوچا كەنت كومىتېتى | 墩阔恰村委会 |
| كۆللەك كەنت كومىتېتى | 库勒来克村委会 |
| بوستانئالدى كەنت كومىتېتى | 博斯坦阿勒迪村委会 |
| چىگەبۇلۇڭ كەنت كومىتېتى | 其盖布隆村委会 |
| ئاۋات كەنت كومىتېتى | 阿瓦提村委会 |
| قاراسۇ ئاقتاش كەنت كومىتېتى | 喀热苏阿克塔什村委会 |
| نەزەرباغ كەنت كومىتېتى | 乃扎尔巴格村委会 |
| قوشكۆل كەنت كومىتېتى | 阔什库勒村委会 |
| بوزدۆڭ كەنت كومىتېتى | 博孜墩村委会 |

# شورباغ يېزىسى 肖尔巴格乡

شورباغ يېزىسى خوتەن شەھىرىنىڭ ئاساسلىق ئاشلىق، كۆكتات، مېۋە - چېۋە ئىشلەپچىقىرىش بازىسى بولۇپ، ئاساسلىقى بۇغداي، قوناق، كۆكتات، ھۆل مېۋە - چېۋە، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى — گۆش، تۇخۇم قاتارلىق تاۋارلارنى ئىشلەپچىقىرىدۇ. يېزىلىق ھۆكۈمەت ئورگىنى خېنى كەنتىدە. بۇ يېزا 16 مەمۇرىي كەنت، 90 مەھەللە (ئاھالە) گۇرۇپپىسىدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، 5710 ئائىلە — 23

مىڭ 836 نوپۇس بار.

«شورباغ» — «شورتۇپراقلىق باغ، شورلۇق يەر» دېگەن مەنىگە ئىگە بولۇپ، 11 - ئەسىرلەردە ئىلچىدا بىنا قىلىنغان تۆت چوڭ باغنىڭ بىرىنىڭ نامىدىن كەلگەن.

شورباغ يېزىسى مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرۇقلۇق خاراكتېرىدىكى قۇرغاق ھاۋا كىلىماتقا تەۋە بولۇپ، تۆت پەسىل پەرقى ئېنىق، قۇياش نۇرىنىڭ يىللىق يورۇتۇش ۋاقتى 4433.5 سائەت. يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 348 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 12.8 ℃، يىللىق يىغىندى تېمپېراتۇرىسى 4311.1 ℃، قىروسىز مەزگىل 236 كۈن بولۇپ، سۇ قۇرۇلۇش ئاساسىي مۇئەسسەسەلىرى مۇكەممەل، سۇغىرىش ئىشلىرى ناھايىتى قولاي. 17 مىڭ 875 مو تېرىلغۇ كۆلەمگە ئىگە. تۇپرىقى قۇمساڭغۇ، تۇپراقتىكى قېتىشمىلار ئاز، تۇپراقنىڭ ھاۋا ئۆتكۈزۈش سۈپىتى ياخشى، قۇۋۋەتلىك. تۇپرىقىدا ئازوت، فوسفور، كالىي ۋە ئورگانىك ماددىلار، ئاز مىقداردىكى باشقا ئېلېمېنتلار بولۇپ، تۇپرىقى كۆكتات تېرىپ ئۆستۈرۈشكە ۋە باغۋەنچىلىك، چارۋىچىلىق كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىنتايىن باپ كېلىدۇ.

## شورباغ يېزىسى تەۋەلىكىدىكى مەمۇرىي كەنت ۋە بىر قىسىم مەھەللىلەرنىڭ نامى
## 和田市肖尔巴格乡行政村和部分自然村名称

| | |
|---|---|
| خېنى كەنت كومىتېتى | 合尼村委会 |
| قۇمباغ كەنت كومىتېتى | 库木巴格村委会 |
| شورباغ كەنت كومىتېتى | 肖尔巴格村委会 |
| تۆۋەنشورباغ كەنت كومىتېتى | 托万肖尔巴格村委会 |
| ئاقتاش كەنت كومىتېتى | 阿克塔什村委会 |
| يېڭىباغ كەنت كومىتېتى | 英巴格村委会 |
| تېرەكبوستان كەنت كومىتېتى | 铁热克吾斯塘村委会 |
| ئايدىڭكۆل كەنت كومىتېتى | 阿依丁库勒村委会 |

www.uygurkitap.com

| | |
|---|---|
| گازۇن كەنت كومىتېتى | 尕宗村委会 |
| ئاقلەڭگەر كەنت كومىتېتى | 阿克兰干村委会 |
| باشتېرەك كەنت كومىتېتى | 巴什铁热克村委会 |
| چىبدىر كەنت كومىتېتى | 其迪尔村委会 |
| باشئاتچۇي كەنت كومىتېتى | 巴什阿曲村委会 |
| ئاياغئاتچۇي كەنت كومىتېتى | 阿亚格阿曲村委会 |
| ئارال كەنت كومىتېتى | 阿尔勒村委会 |
| رەھىمباغ كەنت كومىتېتى | 热依木巴格村委会 |
| پاڭمەھەللە كەنت كومىتېتى | 旁买里村委会 |
| جاڭگالمەھەللە كەنتى | 江尕勒买里村 |
| هويلا كەنتى | 霍伊拉村 |
| چىبدىر كەنتى | 其迪尔村 |
| لاڭقا كەنتى | 朗喀村 |
| هاجىمەھەللە كەنتى | 阿吉买里村 |
| شىيىخ كەنتى | 协依赫村 |

## ئىلچى يېزىسى 伊里其乡

ئىلچى يېزىسى خوتەن شەھىرىنىڭ شەرقىي تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، شەھەر مەركىزىگىچە بولغان ئارىلىقى تۆت كىلومېتىر كېلىدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى 26.64 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، تەۋەلىكىدىكى 17 كەنت كومىتېتى 77 مەھەللە (ئاھالە) گۇرۇپپىسىدا 7512 ئائىلە — 33 مىڭ 275 نوپۇس بار. يېزىلىق ھۆكۈمەت ئورگىنى قىزىقدەرۋازا كوچىسىغا جايلاشقان.

«ئىلچى» ئۇيغۇرچە سۆز. «ئەل ئىچى» — كىشىلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جاي، كىشىلەر كۆپ يىغىلغان ئورۇن دېگەندەك مەنىلەرگە ئىگە سۆزنىڭ تەلەپپۇز ئۆزگىرىشىدىن كەلگەن (تەپسىلاتى «خوتەن شەھىرى» سەھىپىسىگە قارالسۇن).

ئىلچى يېزىسىدا قىزىلگۈل ئۆستۈرۈش كۆلەملەشكەن بولۇپ، قىزىلگۈل چايلىرى ۋە گۈلقەنت پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە سېتىش بىرگەۋدىلەشكەن. كۆكتات ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساس قىلىپ، جۇغراپىيە-

سىلىك ئەۋزەللىكى ئارقىلىق ساياھەتچىلىك ۋەباغۋەنچىلىك تەرەققىي قىلغان.

## ئىلچى يېزىسى تەۋەلىكىدىكى مەمۇرىي كەنت كومىتېتلىرىنىڭ نامى
## 和田市伊里其乡行政村名称

| | |
|---|---|
| قىزىقدەرۋازا كەنت كومىتېتى | 克孜克代尔瓦扎村委会 |
| يېڭىبازار كەنت كومىتېتى | 英巴扎村委会 |
| ناۋاغ كەنت كومىتېتى | 纳巴格村委会 |
| ئاتبازىرى كەنت كومىتېتى | 阿特巴扎村委会 |
| شورلۇق كەنت كومىتېتى | 硝尔鲁克村委会 |
| تۆۋەنئارال كەنت كومىتېتى | 托万阿热勒村委会 |
| شامالباغ كەنت كومىتېتى | 夏玛勒巴格村委会 |
| باشئارال كەنت كومىتېتى | 巴什阿热勒村委会 |
| توپچا كەنت كومىتېتى | 托甫恰村委会 |
| سەيچى ئاقتاش كەنت كومىتېتى | 赛其阿克塔什村委会 |
| ئاراشورلۇق كەنت كومىتېتى | 阿热硝尔鲁克村委会 |
| ئاراكەنت كەنت كومىتېتى | 阿热坎特村委会 |
| سۆكەدۆڭ كەنت كومىتېتى | 苏开墩村委会 |
| ئىگەرچى كەنت كومىتېتى | 依盖尔其村委会 |
| ئاقتېرەك كەنت كومىتېتى | 阿克铁热克村委会 |
| ياپىلاق كەنت كومىتېتى | 亚甫拉克村委会 |
| شورباغ كەنت كومىتېتى | 肖尔巴格村委会 |

# گۇجانباغ يېزىسى 古江巴格乡

گۇجانباغ يېزىسى خوتەن شەھىرىنىڭ جەنۇب تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، شەھەر مەركىزى بىلەن بولغان ئارىلىقى 1.5 كىلومېتىر كېلىدۇ، پۈتۈن يېزا تەۋەسىدە يەتتە مەمۇرىي كەنت، 34 مەھەللە گۇرۇپپىسى، 3166 ئائىلە — 12 مىڭ 608 نوپۇس بار. يېزىنىڭ

توربىكىتاب كىتاب توربېكىتى www.uyghurkitap.com

ئومۇمىي يەر كۆلىمى 9600مو بولۇپ، تېرىلغۇ كۆلىمى 5588 مو، كىشى بېشىغا 0.5 مو يەر توغرا كېلىدۇ.

## گۇجانباغ يېزىسى تەۋەلىكىدىكى مەمۇرىي كەنت كومىتېتلىرىنىڭ نامى
## 和田市古江巴格乡行政村名称

| | |
|---|---|
| گۈلباغ كەنت كومىتېتى | 古鲁巴格村委会 |
| تامباغ كەنت كومىتېتى | 塔木巴格村委会 |
| تامباغ هويلا كەنت كومىتېتى | 塔木巴格霍伊拉村委会 |
| تىگىنلا كەنت كومىتېتى | 特根拉村委会 |
| تۆۋەنگۇجان كەنت كومىتېتى | 托万古江村委会 |
| يۇقىرىگۇجان كەنت كومىتېتى | 龙库日古江村委会 |
| روك كەنت كومىتېتى | 如克村委会 |

# ئاقچال باشقۇرۇش رايونى 阿合恰勒管理区

ئاقچال باشقۇرۇش رايونىنىڭ خوتەن شەھىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 120 كىلومېتىر بولۇپ، ئۇ يورۇڭقاش دەرياسى بىلەن قاراقاش دەرياسى ئارىلىقىغا جايلاشقان. شەرقتە يورۇڭقاش دەرياسىنى بويلاپ لوپ ناھىيىسىنىڭ جىيا يېزىسى بىلەن، جەنۇبتا خوتەن ناھىيىسىنىڭ ئىسلامئاۋات يېزىسى بىلەن، شىمالدا تەكلىماكان قۇملۇقى ئارقىلىق ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئاۋات ناھىيىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. ئومۇمىي يەر مەيدانى 113 مىڭ 292.1 گېكتار.

«ئاقچال» — «ئارقا» — يەنى جاڭگال دېگەن سۆز (خوتەن ناھىيىسىنىڭ سىغىز كۆل، تەۋەككۆل ۋە ئىسلامئاۋات يېزىلىرىدىكى ئاھالە «جاڭگال»نى «ئارقا» دەيدۇ) بىلەن «چال — يەنى دەريا ئېقىنلار لاي تاشلاپ سايازلىققا ئايلانغان يەر» دېگەن ئىككى سۆزنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن ئىسىمدۇر. تەلەپپۇزدا «ئا» تاۋۇشىنىڭ قىسقىراپ، «ر» تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى نورمال ئەھۋال.

ئاقچال باشقۇرۇش رايونى 1998 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ خوتەن شەھىرىنىڭ ئىچىش رايونى. بۇ يەردە سەككىز مەمۇرىي كەنت، 27 ئاھالە گۇرۇپپىسى بار. ئومۇمىي نوپۇسى 4039 نەپەر، ئۇيغۇرلار ئاساسلىق ئولتۇراقلاشقان رايون.

ئاقچال باشقۇرۇش رايونى ئىچكى قۇرۇقلۇق قۇملۇق ھاۋا كىلىماتىغا تەۋە، قىشتا ھاۋاسى سوغۇق، باھار پەسلىدە ھاۋانىڭ ئىللىشى تېز بولۇپ، تەكشى بولمايدۇ. كۈزلىكى تېمپېراتۇرا تۇراقسىز ھالدا تۆۋەنلەيدۇ ھەم ۋاقتى قىسقا بولىدۇ. كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى ناھايىتى يۇقىرى، قىروسىز مەزگىل 226 كۈن. ئەتىيازدا قۇم - بوران ۋە چاڭ - توزانلىق ھاۋا رايى كۆپ بولۇپ، قۇم - بورانلىق ھاۋارايى 200 كۈندىن ئاشىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 12.8℃، يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 34.8 مىللىمېتىر، قۇياشنىڭ يىللىق يورۇتۇش ۋاقتى 65%. قىشتا قار ئاز ياغىدۇ، ئەڭ قېلىن توڭلىغان تۇپراقنىڭ چوڭقۇرلۇقى 70 سانتىمېتىرغا يېتىدۇ. نۇر ۋە ئىسسىقلىق يېتەرلىك، بۇ جاي دەل - دەرەخ ۋە مېۋىلىك باغ، دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنى ئۆستۈرۈشكە مۇۋاپىق كېلىدۇ. ئاساسلىق ئاپەت باھار بالدۇر كېلىپ، بوران كۆپ چىقىدۇ. سۇ كەمچىل بولۇپ، قۇم - بوران، چاڭ - توزان كۆتۈرۈلىدىغان كۈن سانىمۇ، ئىسسىق شامالمۇ كۆپ.

بۇ يەردە ئاساسلىقى كېۋەز، بۇغداي، قوناق قاتارلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ. ئايرىم ئىقتىسادىي زىرائەتلەردىن ئۈزۈم، دورا ماتېرىياللىرى، چىلان، قوغۇن قاتارلىقلار تېرىلىدۇ. ھازىر بۇ باشقۇرۇش رايونىدا تېرىلغان چىلان كۆلىمى 10 مىڭ موغا يەتتى. يۇلغۇنلۇق 500 مو بولۇپ، بۇنىڭ 300 موسىغا توشقانزەدىكى كۆچۈرۈلدى. قوغۇن - تاۋۇز تېرىلىدىغان كۆلەم 2000 مو بولۇپ، بۇ جاينىڭ قوغۇن - تاۋۇزلىرى ئاپتونوم رايوننىڭ «زىيانسىز يېشىل يېمەكلىك» (تەبىئىي يېمەكلىك) دەپ ئېتىراپ قىلىنىشىغا ئېرىشتى.

[ **تۇزگۇچىدىن**] خوتەن شەھىرىنىڭ 19 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدىكى تارىخىي ۋەقەلىرىگە شاھىد بولغان بىر قىسىم ئاسار ئەتىقىلىك قۇرۇلۇش

www.uyghurkitap.com

ۋە ئۇلارنى بىنا قىلىشنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىدىن ھەمدە يول، كوچا ناملىرىنىڭ ئۆزگىرىشلىرىدىن بۇ ئۈچ پارچە ئۇچۇر بېرىلدى:

[قوشۇمچە1] **خوتەن قەلئەسى (سېپىلى).** 1859 - يىلى چىڭ سۇلالىسىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، خوتەندە ئاتالمىش «ئىسلام ھۆكۈمىتى» قۇرغان ھەبىبۇللا ھاجى كونىشەھەر سېپىلىنى سوقتۇرۇپ، ئۇنىڭغا «گۇجان دەرۋازىسى»، «ھېيتگاھ دەرۋازىسى»، «قىزىق دەرۋازىسى»، «سۇ دەرۋازىسى» دەپ تۆت چوڭ دەرۋازا ئورناتقان. بۇ تۆت دەرۋازىنىڭ نامى ھازىرغىچە ساقلانماقتا. سېپىل ئىچىگە ھۆكۈمەت ئىمارەتلىرى، مەسچىتلەرنى ياساتقان. 1890 - يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدىكى باش ئەمەلدارى ليۇجىنتاڭنىڭ بۇيرۇقى بىلەن يېڭىشەھەر سېپىلى ياسالغان. سېپىل ئىچىگە يامۇل، گازارما، ئاشلىق ئامبارلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغان، بۇ سېپىل 15 يىلدا پۈتكەن. سېپىلنىڭ تۆت دەرۋازىسى بولۇپ، ئۇ «يەركەن دەرۋازىسى»، «كېرىيە دەرۋازىسى»، «قاراقاش دەرۋازىسى»، «توسالا دەرۋازىسى» دەپ ئاتىلاتتى. ئەينى چاغدا سېپىل ئىچى بىلەن «يەركەن دەرۋازىسى» دىن «گۈلباغ» قىچە بولغان ئارىلىقنى ئۇيغۇرلار «يېڭىشەھەر»، خەنزۇلار «خەنچېڭ» (خەنزۇ شەھىرى) دەپ ئاتايتتى. «گۈلباغ» نىڭ تۆۋىنىنى ئۇيغۇرلار «كونىشەھەر»، خەنزۇلار «خۇيچېڭ (回城)» دەپ ئاتايتتى.

**خوتەن شەھىرىدىكى مازارلار.** 1862 - يىلى ياقۇپبەگ ھەبىبۇللا ھاجىنى ئاغدۇرۇپ، خوتەننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ خوتەنگە قويغان ۋالىيسى نىياز ھېكىمبەگ «ئالتۇنمازار»، «خوجا كالان مازىرى»، «ھەزرىتى سۇلتان مازىرى»، كونىشەھەردىكى چوڭ جامە، قورغان (ھەربىي گازارما، ئىدارە) لارنى ناھايىتى چوڭ ۋە ھەيۋەتلىك قىلىپ ياسىتىپ چىقتى. بۇلارنىڭ بەزىلىرى ھازىرمۇ بار. ئۇنىڭدىن باشقا خوتەن شەھەر ئىچىدە تۆت چوڭ كۆل كولاتتى. بۇ كۆللەردىن ھازىر بىرى قالدى.

«ئالتۇنمازار» قەدىمكى مۇسۇلمان خانلار (قاراخانىيلار) دەۋرىدە ئۆلگەن پادىشاھلارنىڭ قەبرىستانلىقى بولۇپ، بۇنى نىياز ھېكىمبەگ

رىمونت قىلدۇرغان. بۇنىڭ ئىچىدە 12 پادىشاھ، 21 شاھزادە، ئۇلار-نىڭ خانىش ۋە ئاغىچىلىرىنىڭ قەبرىلىرى بار ئىدى.

«ھەزرىتى سۇلتان مازىرى» سەئىدىيە خانلىرىدىن سۇلتان قىدىر-خاننىڭ قەبرىسى ئىدى. «خوجا كالان مازىرى» خوجىلاردىن خوجا ئىسھاق، مەۋلانە شەمشىددىننىڭ خەلىپىسى خوجا شارى ۋە خوجا كالاز-لارنىڭ قەبرىسى ئىدى. «ئەسكەر مازار»، ياقۇپبەگ ھەببۇللا ھاجىنى يوقاتقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن 40 كىشىنى قۇدۇققا تاشلاپ كۆمگەن جاي ئىدى (نىياز كېرىمى «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى كارۋان يوللىرى» ناملىق كىتاب، «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 - يىل 11 - ئاي 1 - نەشرى» 195 -، 196 - بەتلەر).

**[قوشۇمچە2] خوتەن شەھىرىنىڭ بۇرۇنقى، ھازىرقى ئاساس-لىق يول - كوچىلىرى ۋە يول - كوچا نامىلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى**

خوتەن شەھىرىنىڭ ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئاساس-لىق شەھەر رايونى ھازىر خەلق ئىچىدە «گۇجاندەرۋازا»، «قىزنىقدەرۋا-زا»، «سۇ دەرۋازىسى» دەپ ئاتىلىدىغان جايلار ئارىلىقىدا ئىدى. ئۇ دەۋرلەردە خوتەن شەھەر سېپىلى مۇشۇ يەردە بولۇپ، شەھەر سېپىلى-دىن سىرتقا چىقىدىغان تۆت دەرۋازا بولغان؛ جەنۇب تەرەپتىكىسى «گۇجانباغ» تەرەپكە ئېچىلىدىغان بولغاچقا «گۇجاندەرۋازا»، غەرب تەرەپتىكىسى شەھەرنىڭ تازا قىزىيدىغان سودا رايونى بولغاچقا «قىزنىق-دەرۋازا»، شىمال تەرەپتىكىسى جامە تەرەپكە قارىغان بولغاچقا «ھېيت-گاھ دەرۋازىسى»، شەرق تەرەپتىكىسى سازلىق ۋە ئۇنىڭ نېرىسىدىكى يورۇڭقاش دەرياسى تەرەپكە قارىغان بولغاچقا «سۇ دەرۋازىسى» دەپ ئاتالغان.

1878 - يىلى 1 - ئاينىڭ 4 - كۈنى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق جەڭ ئارقىلىق ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتىنىڭ خوتەندىكى قالدۇق كۈچلىرىنى يوقاتتى. 1884 - يىلى چىڭ سۇلالى-سى شىنجاڭدا ئۆلكە تەسىس قىلدى. بۇ چاغدا خوتەن شەھىرىنىڭ كونا سېپىلى بەك كونىراپ، كۆپ جايلىرى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن بولغاچ-قا، كونا شەھەرنىڭ غەربىدىن ئۈچ چاقىرىم يىراقلىقتىكى جايغا يېڭى سېپىل سېلىنغان. يېڭى سېپىل قۇرۇلۇشى 1883 - يىلى 11 -

www.uygurkitap.com

ئاينىڭ 4 ـ كۈنى باشلىنىپ، 1887 ـ يىلى 7 ـ ئايدا پۈتكەن. يېڭى سېپىل سېلىنغاندىن كېيىن، كونا سېپىل تاشلىنىپ قالغان ۋە پەيدىنپەي يىقىلىپ تۈگىگەن بولسىمۇ، كونا سېپىلنىڭ دەرۋازا ناملىرى نوقۇل يەر نامىغا ئايلىنىپ، خەلق ئارىسىدا ساقلىنىپ قالغان. خوتەن شەھىرىنىڭ يېڭى سېپىلى سېلىنغاندىن كېيىن، شەھەرنىڭ دائىرىسى غەربكە سۈرۈلۈپ، مەمۇرىي ئورگانلار، سودا ئورۇنلىرى، قول سانائەت ئىشخانىلىرى ۋە ئاھالىلەر ئولتۇراق ئۆيلىرى پەيدىنپەي كۆپىيىپ، كونا شەھەر بىلەن يېڭى سېپىل ئۆزئارا تۇتىشىپ كەتكەن. يېڭىشەھەردىكى «تۆمۈر دەرۋازا» دىن شەرققە سوزۇلغان چوڭ يول «گۈلۋاغ» دىن ئۆتۈپ كونا شەھەرگە تۇتىشاتتى. «گۈلۋاغ» دىن جەنۇبقا سوزۇلغان بىر يول، شىمالغا سوزۇلغان بىر يول بار ئىدى. غەرب ـ شەرق ۋە جەنۇب ـ شىمال يۆنىلىشىدىكى مۇشۇ ئىككى چوڭ يولنىڭ كېسىشكەن نۇقتىسى «گۈلۋاغ» دەپ ئاتىلاتتى. بۇ يەر شەھەرنىڭ مەركىزى، شۇنداقلا قاتناش تۈگۈنى ئىدى.

«گۈلۋاغ» دىن شەرققە سوزۇلغان يول «چايخانا مەكتەپ» ئالدىغا كەلگەندە ئىككىگە ئايرىلاتتى. شەرقىي جەنۇبقا يۆنەلگەن بىرسى «گۇجان يولى» دەپ ئاتىلىپ كونا شەھەرنىڭ «گۇجان دەرۋازىسى» غا تۇتىشاتتى. «گۇجان يولى» دىن جەنۇبقا يۆنەلگەن بىر يول «ئالتۇنلۇق مازار» ۋە شۇ مازاردىكى مەسچىتكە باراتتى. بۇ كوچا «ئالتۇن كوچىسى» دېيىلەتتى. «ئالتۇن كوچىسى» «ئالتۇنلۇق مازار» ئالدىدا ئىككىگە ئايرىلاتتى، غەربىي جەنۇبقا يۆزلەنگەن يول «مىسكەر كوچىسى» دېيىلەتتى. ئۇنىڭ ئاخىرى «توساللا يولى» غا تۇتىشاتتى. شەرقىي جەنۇبقا يۆنەلگەن بىرسى «ئارش يولى» غا تۇتىشاتتى. «گۇجاندەرۋازىسى» دىن جەنۇبقا يۆنەلگەن بىر يول بولۇپ «ئارش يولى» دېيىلەتتى. «گۇجاندەرۋازىسى» دىن شەرققە يۆزلەنگەن بىر يول بولۇپ، يورۇڭقاش دەرياسى بويىغا تۇتىشاتتى.

«چايخانا مەكتەپ» ئالدىدا «گوجان يولى» دىن ئايرىلىپ شەرققە سوزۇلغان بىر يول بولۇپ، «قىزىقدەرۋازا يولى» دەپ ئاتىلاتتى. ئەينى چاغدا ئۇ خوتەن شەھىرىدىكى ئەڭ ئاۋات كوچا ئىدى. بۇ يولدىن شەرقىي جەنۇبقا شاخلىغان بىر كىچىك كوچىدا بىرقانچە ئۆيلۈك ئافغا-

ىستانلىق كىشىلەر ئولتۇراقلاشقان بولغاچقا، «كابول كوچىسى» دې-
يىلەتتى ۋە ئۇنىڭ ئاخىرى «گۇجاندەرۋازىسى» غا تۇتىشاتتى. «قىزىق-
دەرۋازا يولى» دىن شىمالغا شاخلىغان ئىككى كوچا بولۇپ، باشتىكى
بىرسى «كەپتەر بازىرى كوچىسى» دېيىلىپ، ئۇنىڭ ئاخىرى ھېيتگاھ
مەسچىتى ئالدىدا «لەڭگەر كوچىسى» غا تۇتىشاتتى. ئاياغدىكى بىرىدە
بىرقانچە ئائىلىلىك ئەنجانلىق ئۆزبېك كىشىلەر ئولتۇراقلاشقان بول-
غاچقا «ئەنجان كوچىسى» دېيىلەتتى. «قىزىقدەرۋازا يولى» نىڭ ئاخى-
رى «خوتەن جامەسى» ئالدىدىن ئۆتۈپ، يېزا تەرەپكە كېتەتتى.

«گۈلۋاغ» دىن جەنۇبقا سوزۇلغان يول «توساللا يولى» دەپ ئاتى-
لىپ، ئاخىرى توساللا يېزا تەرەپكە كېتەتتى. «گۈلۋاغ» دىن غەربكە
سوزۇلۇپ «تۆمۈر دەرۋازا» غا تۇتىشىدىغان يول «گۈلۋاغ يولى» دېيى-
لەتتى. «تۆمۈر دەرۋازا» ئالدىدا يېڭى سېپىلنىڭ شەرقىي تېمىنى
بويلاپ شىمالدىن جەنۇبقا يۆنەلگەن بىر يول بولۇپ، «تاناي يولى»
دېيىلەتتى. «تاناي يولى» نىڭ شىمالىي ئۇچى «ناۋاغ يولى» غا تۇتى-
شاتتى. «ناۋاغ يولى» نىڭ شەرقىي ئۇچى «قاراقاش يولى» غا تۇتىشات-
تى. غەربىي ئۇچى يېزىلارغا كېتەتتى. «تاناي يولى» نىڭ جەنۇب
بۆلىكىدىن شاخلىغان بىر يول بولۇپ، ئۇ يېڭى سېپىلنىڭ جەنۇبىي
تېمىنى بويلاپ سوزۇلۇپ، «تامشىيار» نى كېسىپ ئۆتۈپ باغچى بازىرى-
دىن ئۆتكەندىن كېيىن، قاراقاش دەرياسى ۋە قاراقاش ناھىيىسىنىڭ
زاۋا يېزىسىدىن گۇما ـ يەكەن تەرەپلەرگە كېتەتتى. بۇ يول «يەكەن
يولى» دەپ ئاتىلاتتى. يېڭى سېپىلنىڭ «يەكەن دەرۋازىسى» دەپ
ئاتىلىدىغان غەربىي دەرۋازىسى ئالدىدىكى يول مۇشۇ يەكەن يولىغا
تۇتىشاتتى. «تاناي يولى» نىڭ جەنۇبىي ئۇچىدىن شاخلىغان «تۇزغاق
كوچىسى»، «تامباغ يولى»، «تامشى يولى» قاتارلىق كوچىلار بار
ئىدى.

«گۈلۋاغ» دىن شىمالغا سوزۇلغان يول ھازىرقى «قىزىل يۇلتۇز
سودا مەيدانى» ئالدىدا غەربىي شىمالغا بۇرۇلۇپ، قاراقاش ناھىيىسىگە
تۇتاشقان. بۇ يول «قاراقاش يولى» دېيىلەتتى. «گۈلۋاغ» دىن شىمال-
غا ئازراق ماڭغاندىن كېيىن «قاراقاش يولى» دىن شەرققە شاخلىغان
بىر كوچا بولۇپ، «مۇنچا كوچىسى» دەپ ئاتىلاتتى. بۇ كوچىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاخىرى «كەپتەر بازىرى كوچىسى» غا تۇتىشاتتى. «گۈلئاغ» دىن بىر چاقىرىم نېرىدا «قاراقاش يولى» دىن شەرقىي شىمالغا شاخلىغان بىر يـول بولۇپ، «ئات بازىرى مەسچىتى» ئالدىدىن ئۆتۈپ، ھازىرقى خوتەن ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسى تەرەپكە كېتەتتى. بۇ يول «ئات بازىرى يولى» دېيىلەتتى. «ئات بازىرى مەسچىتى» نىڭ يېنىدا «ئات بازىرى يولى» دىن شەرققە بۇرالغان بىر يول بولۇپ، «قوچاق لەڭگەر يولى» (كۆپىنچە قىسقارتىپ ‹لەڭگەر يولى› ) دېيىلەتتى. بۇ يولنىڭ ئاخىرى «ھېيتگاھ مەسچىتى» يېنىدا «كەپتەر بازىرى كوچىسى» بىلەن تۇتىشاتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا ئەگىشىپ، خوتەن شەھىرىنىڭ كۆلىمى ئىلگىرىكىدىن كۆپ كېڭەيدى. شەھەر يوللىرى كۆپ قېتىم ئۆزگەرتىپ ياسالدى ۋە يېڭىدىن ياسالدى. شەھەر قىياپىتىدە زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. شۇنىڭغا ئەگىشىپ، شەھەرنىڭ يول - كوچا نامىلىرىدىمۇ مۇناسىپ ئۆزگىرىشلەر بولدى.

1. «بېيجىڭ غەربىي يولى». 20 - ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىدا خوتەن - قەشقەر تاشيولى، قاراقاش ناھىيە بازىرى ئارقىلىق ماڭىدىغان قىلىپ ياسالدى. نەتىجىدە خوتەن شەھىرىنىڭ «تاناي يولى» دىن باشلىنىپ، باغچى بازىرى ئارقىلىق غەربكە سوزۇلغان «يەكەن يولى» ئاساسى يول بولۇشتىن قېلىپ، يېزا يولىغا ئايلاندى ھەمدە «يەكەن يولى» دېگەن نام ئىستېمالدىن قالدى. 1953 - يىلى يېڭى سېپىلنىڭ شەرق تەرىپىدىكى «يورۇڭقاش دەرۋازىسى» بىلەن غەربىدىكى «يەكەن دەرۋازىسى» ئۆرۈۋېتىلىپ، «گۈلئاغ يولى» ئۇزارتىلىپ سېپىل ئىچىدىن ئۇدۇل كېسىپ ئۆتىدىغان بولدى. 1980 - يىللاردا سېپىلنىڭ غەربىدىكى «تامشىيار» غا زامانىۋى كۆۋرۈك ياسىلىپ «غەربىي چوڭ كۆۋرۈك» دەپ ئاتالدى. يول يەنىمۇ ئۇزارتىلىپ خوتەن ۋىلايەتلىك مالىيە - ئىقتىساد مەكتىپىگە قەدەر سوزۇلغان ئاساسىي يول بارلىققا كەلدى ۋە «نۇرباغ غەربىي يولى» دەپ ئاتىلىدىغان بولدى. 1998 - يىلى بۇ يول يەنە كېڭەيتىلىپ ياسالغاندىن كېيىن، «بېيجىڭ غەربىي يولى» دەپ ئاتالدى.

2. «بېيجىڭ شەرقىي يولى». بۇ بۇرۇنقى «گۇجان يولى» بولۇپ، «گۇلۋاغ» دىن باشلىنىپ، ھازىرقى خوتەن ۋىلايەتلىك نېفىت شىركىتى ئۇدۇلىغىچە باراتتى. ئۇنىڭ شەرقى شورلۇق بولۇپ، يول يوق ئىدى. 1981 - يىلى بۇ يول شەرققە ئۇزارتىلىپ، دۆلەت تاشيولىغا تۇتاشتۇرۇلدى ۋە «شەرقىي نۇرباغ يولى» دەپ ئاتىلىپ، بىرقانچە قېتىم ئۆزگەرتىپ ياسالغان ئىدى. 1998 - يىلىدىن كېيىن «بېيجىڭ شەرقىي يولى» دەپ ئاتالدى.

3. «ئاچال شەرقىي يولى». خوتەن شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا، غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا قىيپاچ. 1981 - يىلى خوتەن ۋىلايەتلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئالدىدىن خوتەن ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسى ئالدىغىچە 10 مېتىر كەڭلىكتە تاشيول قىلىپ ياسالغان ۋە شۇ جايدىكى بىر كونا كوچىنىڭ نامى بىلەن «شەرقىي ئاچال يولى» دەپ ئاتالغان، 1983 - يىلى ئاسفالت يولغا ئايلاندۇرۇلغان، 2004 - يىلى قايتا كېڭەيتىپ ياسالغان. 2005 - يىلى شەرقىي تەرىپى ئۇزارتىپ ياسىلىپ، خوتەن ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ ئالدىغىچە يەتكۈزۈلدى.

4. «ئاچال غەربىي يولى». خوتەن شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا، غەربتىن شەرققە يۆزلەنگەن يول. 1990 - يىللارنىڭ باشلىرىدا خوتەن ۋىلايەتلىك پاختا - چىگە شىركىتىدىن خوتەن شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىغىچە بولغان بۆلىكى ياسالغان، 2000 - يىللارنىڭ بېشىدا غەربكە ئۇزارتىلىپ «شورباغ جەنۇبىي يولى» غا تۇتاشتۇرۇلغان.

5. «بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش يولى». خوتەن شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا، غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا يۆزلەنگەن. «شور باغ جەنۇبىي يولى» دىن باشلىنىپ، «مەرھابا يولى» غا تۇتىشىدۇ، ئۇنىڭ نېرىسى «گۇجان جەنۇبىي يولى» غا تۇتىشىدۇ. بۇ يولنىڭ خوتەن شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىدىن «مەرھابا يولى» غىچە بولغان بۆلىكى بۇرۇن توپا يول ۋە شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىدىن «شورباغ جەنۇبىي يولى» غىچە بولغان بۆلىكى ئېتىزلىق ئىدى، 1990 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئاسفالت يول قىلىپ ياسالغان ۋە شۇ جايدىكى كونا كوچىنىڭ نامى بىلەن «تامباغ

www.uyghurkitap.com

يولى» دەپ ئاتالغان. 10 ـ بەشيىللىق پىلان مەزگىلىدە بۇ يولنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنىڭ جەنۇبىغا شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 14 ـ دىۋىزىيىسىنىڭ ئورگانلىرى قۇرۇلـدى، يولمۇ كېڭەيتىپ ياسالدى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ يول «بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش يولى» دەپ ئاتالدى.

6. «قۇرۇلۇش يولى». بۇ يول خوتەن شەھىرىنىڭ جەنۇبىدا، شەرق ـ غەرب يۆنىلىشىدە. شەرقتە «مەرھابا يولى» نىڭ خوتەن ۋىلايەتلىك ئېلېكتىر شىركىتى ئالدىدىكى قىسمىدىن باشلىنىپ، غەربتە خوتەن ۋىلايەتلىك بىناكارلىق شىركىتى ئالدىدا «جەنۇبىي تاناي يولى» غا تۇتىشىدۇ. ئەسلى توپا يول ئىدى، 1980 ـ يىلى 10 ـ ئايدا كېڭەيتىلىپ ئاسفالت ياتقۇزۇلغان بۇ يول بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتىگە بارىدىغان ئاساسلىق يول بولغاچقا، «قۇرۇلۇش يولى» دەپ ئاتالغان.

7. «دۆڭباغ يولى». شەھەرنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا، غەربتىن شەرققە يۆنەلگەن. «خەلق كىنوخانىسى» يېنىدا «مەرھابا يولى» دىن ئايرىلىپ، خوتەن شەھەرلىك سۇ بىلەن تەمىنلەش ـ چىقىرىش شىركىتىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ، «جەنۇبىي گۈجان يولى» غا تۇتىشىدۇ. ئىلگىرى بۇ يەر ئېتىزلىق ئىدى، بۇ يول 1983 ـ يىلى ياسىلىپ ئاسفالت ياتقۇزۇلغان ۋە شۇ جايدىكى مەھەللىنىڭ نامى بىلەن ئاتالـغان.

8. «خەلق كوچىسى». شەھەرنىڭ جەنۇبىدا، شەرقتىن غەربكە يۆنەلگەن. شەرقتە «خەلق كىنوخانىسى» ئالدىدا «مەرھابا يولى» دىن باشلىنىپ غەربكە سوزۇلۇپ، خوتەن ۋىلايەتلىك سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئائىلىلىكلەر قورۇسىدا ئاخىرلىشىدۇ. 1970 ـ يىللاردا ياسىلىپ ئاسفالت ياتقۇزۇلغان، ئورنى «خەلق كىنوخانىسى» نىڭ يېنىدا بولغاچقا «خەلق كوچىسى» دەپ ئاتالغان.

9. «تەيبىي شەرقىي يولى». خوتەن شەھىرىنىڭ شەرقىي ـ شىمالىدا، غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا يۆنەلگەن. 1973 ـ يىلى بۇ يولنىڭ «ئات بازىرى» دىن ھېيتگاھقىچە بولغان بۆلىكى (ئەسلىدىكى ئەگرى ـ توقاي «ھېيتگاھ يولى») كېڭەيتىلىپ، رۇسلاپ ياسالـ

غان. ھېيتگاھدىن «قارا سۇ يولى» غىچە بولغان بۆلىكى ئەسلىدە ئاساسلىق يول ئىدى. شۇ يىلى «ھېيتگاھ يولى» ئۆزارتىپ ياسىلىپ «ئات بازىرى»، «چوڭ بازار»، «قارا سۇ يولى» دىن ئۆتۈپ يورۇڭقاش كۆۋرۈكىگە بارىدىغان ئاسفالىت يول ياسالغان. ھەمدە «ھېيتگاھ يولى» دەپ ئاتالغان. بۇ يول ياسالغاندىن كېيىن، 315 - دۆلەت تاشيولىنىڭ «گۈلباغ» دىن ئۆتۈپ «شەرقىي نۇرباغ يولى» ئارقىلىق لوپقا ماڭىدىغان لىنىيىسى «ھېيتگاھ يولى» غا يۆتكىلىپ، شەھەرنىڭ قاتناش قىستاڭچىلىقى پەسەيتىلگەن، 10 ـ بەشيىللىق پىلان مەزگىلىدە «ھېيتكا يولى» يەنە بىر قېتىم كېڭەيتىپ ياسالدى ۋە «تەيبېي شەرقىي يولى» دەپ ئاتىلىدىغان بولدى.

10. «تەيبېي غەربىي يولى». خوتەن شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدا، غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا يۆنەلگەن. بۇ ئەسلىدىكى «قاراقاش يولى»، شۇنداقلا 315 - دۆلەت تاشيولىنىڭ خوتەن شەھەر ئىچىدىن ئۆتۈپ «ھېيتگاھ يولى» غا تۇتىشىدىغان بىر بۆلىكى ئىدى. 10 ـ بەشيىللىق پىلان مەزگىلىدە يورۇڭقاش دەرياسىدىكى كونا كۆۋرۈكنىڭ شىمالىغا يەنە بىر كۆۋرۈك سېلىندى. 315 - دۆلەت تاشيولىنىڭ ئەسلىي لىنىيىسى يەنە بىر قېتىم ئۆزگەرتىلىپ ۋىلايەتلىك قاتناش ھەققى يىغىش پونكىتى ئۇدۇلىدىن شەرققە بۇرۇلۇپ، ئىلچى يېزىلىق ھۆكۈمەت يېنىدا جەنۇبقا، ئاندىن شەرققە بۇرۇلۇپ، يورۇڭقاش 2 ـ كۆۋرۈكىگە تۇتىشىدىغان قىلىپ ياسالدى. خوتەن شەھىرىگە كىرمەيدىغان ماشىنىلار مۇشۇ يېڭى لىنىيە بىلەن ماڭىدىغان بولدى. 315 - دۆلەت تاشيولىنىڭ «ھېيتگاھ يولى» دىكى قاتناش ھەققى يىغىش پونكىتلىرى بولغان بۇ بۆلىكى شەھەر يولىغا ئايلاندى ھەمدە «شىمالى تەيبېي يولى» دەپ ئاتىلىدىغان بولدى.

11. «جامە يولى». بۇ يول خوتەن شەھىرىنىڭ شەرقىدە، غەربتىن ـ شەرققە يۆنەلگەن. «چايخانا مەكتەپ» ئالدىدا «بېيجىڭ شەرقىي يولى» دىن باشلىنىپ ئەسلىدىكى «قىزىق دەرۋازا يولى» لىنىيىسىنى بويلاپ «گۇجان شىمالى يولى» نى كېسىپ، چوڭ جامەنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ «شەرقىي تەيبېي يولى» غا؛ بىر يول چوڭ جامە نىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ «شەرقىي تەيبېي يولى» غا تۇتىشىدۇ. بۇ يول خوتەن چوڭ

www.uyghurkitap.com

جامەنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەچكە، «جامە يولى» دەپ ئاتالغان. 10 ـ بەشيىللىق پىلان مەزگىلىدە بۇ يول چاقچۇق ياتقۇزۇلغان «پىيادىلەر سودا كوچىسى» قىلىپ ياسالدى.

12. «ناۋاغ يولى». شەھەرنىڭ غەربىي شىمالىدا، شەرقتىن غەربكە يۆنەلگەن. بۇ يول شەرقتە «ئۈچ بۇرجەك باغچا» ئۇدۇلىدىن باشلىنىپ غەربكە سوزۇلۇپ، «تاناي شىمالىي يولى» ۋە تەبىئىي «تامشىيار» نى كېسىپ ئۆتۈپ، «ئۇرۇمچى شىمالى يولى» غا تۇتىشىدۇ. بۇ يولنىڭ شەرقىي بۆلىكى 1980 ـ يىلى، غەربىي بۆلىكى 1990 ـ يىللاردا ياسىلىپ شۇ جايدىكى كونا يولنىڭ نامى بىلەن «ناۋاغ يولى» دەپ ئاتالغان.

13. «ياشانغانلار كوچىسى». خوتەن شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدا، شەرقتىن غەربكە يۆنەلگەن. بۇ يول شەرقتە خوتەن شەھەرلىك 5 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ شىمالىدا «ئۇرۇمچى شىمالىي يولى» دىن باشلىنىپ غەربكە سوزۇلۇپ، «شورباغ شىمالىي يولى» غا تۇتىشىدۇ. بۇ يولنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنىڭ شىمالىدا 1980 ـ يىللاردا خوتەن ۋىلايەتلىك ياشانغان كادىرلار ئولتۇراق رايونى بەرپا قىلىنغاچقا بۇ يول «ياشانغانلار كوچىسى» دەپ ئاتالغان. 10 ـ بەشيىللىق پىلان مەزگىلىدە بۇ يولنىڭ شەرقىي يېرىمى ئاسفالىت يول قىلىپ ياسالدى.

14. «گۈزە كوچىسى». خوتەن شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدا، شەرقتىن غەربكە يۆنەلگەن. بۇ كوچا شەرقتە خوتەن ۋىلايەتلىك سۇ ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ يېنىدا «شىمالى ئۇرۇمچى يولى» دىن باشلىنىپ غەربكە سوزۇلۇپ، «شورباغ شىمالىي يولى» غا تۇتىشىدۇ. 10 ـ بەشيىللىق پىلان مەزگىلىدە يېڭىدىن ياسىلىپ، ئاسفالىت ياتقۇزۇلغان.

15. «خەلقئارا پىيادىلەر سودا كوچىسى». خوتەن شەھىرىنىڭ مەركىزىي قىسمىدا، غەربتىن شەرققە يۆنەلگەن. بۇ كوچا خوتەن ۋىلايەتلىك سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئۇدۇلىدا «دوستلۇق يولى» دىن باشلىنىپ، شەرققە سوزۇلۇپ، «مەرھابا يولى» غا تۇتىشىدۇ. بۇ يەردە بۇرۇن يول يوق ئىدى. 2004 ـ يىلى سودىگەر چاقىرىپ، مەبلەغ جەلپ قىلىپ ياسالغان. بۇ كوچىنىڭ

ئىچكى قىسمىغا ئىككى قەۋەتلىك سودا دۇكانلىرى جايلاشقان بولۇپ، ئۈستى سۇلياۋ ئەينەك بىلەن يېپىلغان. كوچا يولىغا چاقچۇق ياتقۇزۇلغان.

16. «گۇلباغ يەر ئاستى سودا كوچىسى». شەھەرنىڭ مەركىزى قىسمىدا، شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان. شەرقتە خوتەن ۋىلايەتلىك ئاممىۋى مەدەنىيەت سارىيىنىڭ ئالدىدىن باشلىنىپ، «بېيجىڭ غەربىي يولى» نىڭ تېگىدىن غەربكە سوزۇلۇپ، خوتەن ۋىلايەتلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ ئالدىدا تۈگەيدۇ. بۇ كوچىنىڭ ئىچىدە ئىككى كارىدور، تۆت قاتار سودا دۇكانلىرى جايلاشقان. 2003 ـ يىلى سودىگەر چاقىرىپ ياسالغان. ھازىر خوتەن ۋىلايىتى بويىچە بىردىنبىر يەر ئاستى سودا كوچىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

17. «شورباغ جەنۇبىي يولى». شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇبىدا، جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان. بۇ ئەسلىدە 1968 ـ يىلى شورباغ ئۆستەڭنى بويلاپ ئېلىنغان توپا يول ئىدى. 1980 ـ يىلى كېڭەيتىپ ياسىلىپ ئاسفالتلانغان. 1993 ـ يىلى يەنە بىر قېتىم كېڭەيتىلىپ قوش لىنىيىلىك ئاسفالت يول قىلىپ ياسالغان. بۇ يولنىڭ جەنۇبىي ئۇچى «تامباغ يولى»غا، شىمالى ئۇچى خوتەن مۇزېيىنىڭ ئالدىدا «شىمالى شورباغ يولى» غا تۇتىشىدۇ. بۇ يول بەزىدە پۈتۈن لىنىيە بويىچە 2 ـ ئايلانما يول دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

18. «شورباغ شىمالىي يولى». خوتەن شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدا، جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان. 1968 ـ يىلى ياسالغان توپا يول بولۇپ، 1980 ـ يىلى كېڭەيتىپ ئاسفالتلانغان. 1993 ـ يىلى يەنە بىر قېتىم كېڭەيتىلىپ، قوش لىنىيىلىك ئاسفالت يول قىلىپ ياسالغان. جەنۇبىي ئۇچى خوتەن مۇزېيى ئالدىدا «جەنۇبىي شورباغ يولى» بىلەن، شىمالى ئۇچى «تەيبېي غەربىي يولى» بىلەن تۇتىشىدۇ. بۇ ئىككى يول شورباغ يېزىسى تەۋەسىگە، شۇنداقلا شورباغ ئۆستىڭى بويىغا جايلاشقانلىقتىن «شورباغ يولى» دەپ ئاتالغان. بەزىدە پۈتۈن لىنىيە بويىچە 2 ـ ئايلانما يول دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

19. «ئۈرۈمچى جەنۇبىي يولى». شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇبىدا، جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان. بۇ يول 1985 ـ يىلى ياسالغان.

www.uyghurkitap.com

جەنۇبىي ئۇچى «بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش يولى» غا، شىمالىي ئۇچى خوتەن شەھەرلىك ھۆكۈمەت ئالدىدا «بېيجىڭ غەربىي يولى» نى كېسىپ ئۆتۈپ، «ئۈرۈمچى شىمالىي يولى» غا تۇتىشىدۇ. بۇ يول ئەسلىدە «بوستان جەنۇبىي يولى» دەپ ئاتىلاتتى. 1998 - يىلىدىن كېيىن نامى ئۆزگەرتىلىپ «ئۈرۈمچى جەنۇبىي يولى» دەپ ئاتالدى.

20. «ئۈرۈمچى شىمالىي يولى». خوتەن شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدا، جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان. 1978 - يىلى بىر قىسمى ياسالغان، 1985 - يىلى كېڭەيتىپ ۋە ئۇزارتىپ ياسىلىپ ئاسفالتلانغان. جەنۇبىي ئۇچى خوتەن شەھەرلىك ھۆكۈمەت ئالدىدا «ئۈرۈمچى يولى» بىلەن، شىمالىي ئۇچى «تەيبېي غەربىي يولى» بىلەن تۇتىشىدۇ. بۇ يول ئەسلىدە «بوستان شىمالىي يولى» دەپ ئاتىلاتتى، 1998 - يىلىدىن كېيىن نامى ئۆزگەرتىلىپ «ئۈرۈمچى شىمالىي يولى» دەپ ئاتالدى.

21. «تاناي جەنۇبىي يولى». خوتەن شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا، جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان. جەنۇبىي ئۇچى خوتەن ۋىلايەتلىك قۇرۇلۇش - بىناكارلىق شىركىتى ئالدىدا «قۇرۇلۇش يولى» بىلەن، شىمالىي ئۇچى «بېيجىڭ غەربىي يولى» بىلەن تۇتىشىدۇ. بۇ يول ئەسلىدىكى «تاناي يولى» ئاساسىدا ياسالغانلىقتىن «تاناي جەنۇبىي يولى» دەپ ئاتالغان. 2004 - يىلى «ئىتتىپاق مەيدانى» ياسالغاندا بۇ يولنىڭ شىمالىي بۆلىكىنىڭ بىر قىسمى مەيدانغا قوشۇلۇپ كەتتى، يول لىنىيىسى بىر ئاز غەربكە سوزۇلۇپ، «ئىتتىپاق مەيدانى» نى ئايلىنىپ ئۆتىدىغان بولدى.

22. «تاناي شىمالى يولى». خوتەن شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدا، جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان. جەنۇبىي ئۇچى جۇڭگو خەلق بانكىسى خوتەن ۋىلايەتلىك تارماق بانكىسى يېنىدا «بېيجىڭ غەربىي يولى» غا، شىمالىي ئۇچى خوتەن ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسى ئالدىدا «ناۋاغ يولى» نى كېسىپ ئۆتۈپ، «تەيبېي غەربىي يولى» غا تۇتىشىدۇ. ئەسلىدىكى «تاناي يولى» لىنىيىسىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن «شىمالى تاناي يولى» دەپ ئاتالغان.

23. «مەرھابا يولى». خوتەن شەھىرىنىڭ جەنۇبىدا، جەنۇبتىن

شىمالغا سوزۇلغان. بۇ يول ئەسلىدە شىمالدا خوتەن شەھەر مەركىزد-
دىكى «گۈلۋاغ» دىن جەنۇبقا سوزۇلۇپ توساللا يېزىسىغا بارىدىغان
يەتتە مېتىر كەڭلىكتىكى ئەگرى - توقاي توپا يول ئىدى، 1965 -
يىلى مۇزلىتىش ئامبىرىغىچە بولغان 2.25 كىلومېتىرلىق بۆلىكى
12 مېتىرغا كېڭەيتىلىپ ئاسفالتلانغان، 1983 - يىلى 13 مېتىرغا
كېڭەيتىلگەن. مۇزلىتىش ئامبىرىدىن خوتەن ئايرودورمىغىچە بولغان
بۆلىكىمۇ ئاسفالتلانغان. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ يول «گۈلۋاغ» غا
تۇتىشىدىغان ئاساسلىق يول بولغاچقا «گۈلۋاغ يولى» دەپ ئاتالغان.
10 - بەشيىللىق پىلان مەزگىلىدە بۇ يولنىڭ پۈتۈن لىنىيىسى كېڭەي-
تىلىپ قايتا ياسالدى ۋە «مەرھابا يولى» دەپ ئاتىلىدىغان بولدى.

24. «مەدەنىيەت كوچىسى». بۇ كوچا خوتەن شەھىرىنىڭ مەر-
كىزىدىن قىيپاش شەرقىي شىمالغا سوزۇلغان. «گۈلۋاغ» تۆت كوچا
ئېغىزىنىڭ شىمالىدىن باشلىنىپ، خوتەن ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخا-
نىسى ئالدىغىچە بارىدۇ. 1978 - يىلى ئەسلىدىكى ئەگرى يول تۈزلى-
نىپ هازىرقى لىنىيىگە كەلتۈرۈلگەن. بۇ كوچىنىڭ بېشىدا خوتەن
ۋىلايەتلىك ئاممىۋى مەدەنىيەت سارىيى، ئاخىرىدا ۋىلايەتلىك پېداگو-
گىكا مەكتىپى، خوتەن ۋىلايەتلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ، خوتەن
ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسى قاتارلىق مەدەنىيەت، مائارىپ، سە-
ھىيە ئورگانلىرى بولغاچقا «مەدەنىيەت كوچىسى» دەپ ئاتالغان ھەمدە
1983 - يىلى كەڭلىكى 10 مېتىرغا كېڭەيتىلىپ ئاسفالتلانغان.
گەرچە بۇ كوچىنىڭ ئەسلىدىكى «ئات بازىرى يولى» دېگەن نامى
ئۆزگەرگىلى 30 يىلچە بولغان بولسىمۇ، خەلق ئىچىدە ھېلىمۇ «ئات
بازىرى يولى» نامىمۇ قوللىنىلىدۇ. 1982 - يىلى بۇ يولنىڭ ئوتتۇرا
بۆلىكىنىڭ غەرب تەرىپىگە «تۆت كوچا مەركىزىي باغچىسى» دېگەن
بىر كىچىك باغچا ياسالغان. باغچىنىڭ شەكلى ئۈچبۇلۇڭ شەكلىدە
بولغاچقا، خەلق ئىچىدە «ئۈچبۇرجەك باغچا» دەپ ئاتالماقتا.

25. «گوجان جەنۇبىي يولى». خوتەن شەھىرىنىڭ شەرقىي
جەنۇبىدا، جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان. شىمالدا خوتەن ناھىيىلىك
خەلق ھۆكۈمىتى ئالدىدىن (بۇرۇنقى «گوجان دەرۋازا» ئەتراپى) باش-
لىنىپ، جەنۇبتا گوجان باغ يېزىلىق ھۆكۈمەت قورۇسىنىڭ شىمالدا

www.uyghurkitap.com

«تامباغ يولى» غا تۇتىشىدۇ. 1980 ـ يىلى ئەسلىدىكى «ئارىش يولى» ئاساسىدا تۈزلىنىپ، هازىرقى لىنىيىگە كەلتۈرۈلگەن ۋە كەڭلىكى 14 مېتىرغا كېڭەيتىلگەن. 1982 ـ يىلى ئاسفالتلانغان، 2005 ـ يىلى يەنە بىر قېتىم كېڭەيتىلىپ ياسالغان.

26. «گۇجان شىمالىي يولى». خوتەن شەهەر رايونىنىڭ شەرقىي شىمالىدا، جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان. خوتەن ناهىيىلىك ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتىنىڭ ئالدىدىكى تۆت كوچا دوقمۇشىدىن باشلىنىپ، شىمالدا ئىلچى يېزا تەرەپكە بارىدۇ. بۇ يولنىڭ «چوڭ بازار» نىڭ جەنۇبىدىكى بۆلىكى ئورنىدا ئەسلى يول يوق بولۇپ، 1978 ـ يىلى ئاهالىلەر كۆچۈرۈلۈپ، 14 مېتىر كەڭلىكتە يول ياسالغان، 1982 ـ يىلى ئاسفالتلانغان، 9 ـ بەشيىللىق پىلان مەزگىلىدە قايتا ياسالغان. 10 ـ بەشيىللىق پىلان مەزگىلىدە «چوڭ بازار» دىن «هەزرىتى سۇلتانىم مازىرى» يېنىدىكى كونا يول بويلاپ ئىلچى يېزىسى تەرەپكە بارىدىغان شىمالىي بۆلىكى كېڭەيتىلىپ ياسالغان ۋە ئاسفالتلانغان.

27. «دوستلۇق كوچىسى». خوتەن شەهەر مەركىزىنىڭ جەنۇبىدا، جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان. جەنۇبتا «كوئېنلۇن ئولتۇراق رايونى» ئالدىدا «قۇرۇلۇش يولى» دىن باشلىنىپ، شىمالدا خوتەن ۋىلايەتلىك قۇرۇلۇش بانكىسى يېنىدا «بېيجىڭ غەربىي يولى» غا تۇتىشىدۇ. 1980 ـ يىلى ياسىلىپ ئاسفالتلانغان.

28. «گۇلۋاغ سودا كوچىسى». «گۇلۋاغ» شەهەر مەركىزىنىڭ شىمالىدا، جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان. جەنۇبتا خوتەن ۋىلايەتلىك شىنخۇا كىتابخانىسىنىڭ غەربىدىكى «بېيجىڭ غەربىي يولى» دىن باشلىنىپ، شىمالدا «ناۋاغ يولى» غا تۇتىشىدۇ. ئىلگىرى بۇ يول «خەلق كۇلۇبى» غا بارىدىغان كىچىك يول ئىدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمهۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، «خەلق كۇلۇبى» نىڭ نامى «قىزىل يۇلتۇز كۇلۇبى» غا ئۆزگەرتىلگەچكە (بۇ كۇلۇب 1973 ـ يىلى ئوت كېتىپ كۆيۈپ كەتكەن)، يولنىڭ نامىمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ «قىزىل يۇلتۇز كوچىسى» دەپ ئاتالغان. 1982 ـ يىلى 8 مېتىرغا كېڭەيتىلگەن، 1990 ـ يىللارنىڭ بېشىدا بۇ كوچا يەنە بىر قېتىم كېڭەيتىلىپ ئاسفالتلانغان. يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئىككى قەۋەتلىك

سودا بىناسى سېلىنغان، يولنىڭ ئۈستى سولياۋ تاختايلار بىلەن يېپىلـ ـدى. «قىزىل يۇلتۇز» يازلىق كىنوخانىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئورنىغا سودا سارىيى سېلىندى. ھەمدە كوچا نامى «گۈلۋاغ سودا مەركىزى» دەپ ئاتالدى. بۇ ھازىر خوتەن شەھىرىدىكى ئەڭ ئاۋات سودا رايونىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

29. «كەچلىك بازار كوچىسى». خوتەن شەھەر رايونىنىڭ غەرـ بىي جەنۇبىدا، جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان. شىمالدا خوتەن ۋىلايەتـ لىك بىناكارلىق شىركىتىنىڭ ئالدىدا «قۇرۇلۇش يولى» دىن باشلىـ نىپ، جەنۇبتا «ئاچال غەربىي يولى» غا تۇتىشىدۇ. بۇ يول 1990 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياسالغان، ئىككى تەرىپىگە ئىككى قەۋەتلىك دۇكانلار سېلىنغان ۋە ئۈستى سولياۋ تاختاي بىلەن يېپىـ لىپ، كەچلىك بازار قىلىنغان. 2004 ـ يىلى «ئىتتىپاق مەيدانى» ياسالغاندا بۇ جايدىكى كەچلىك بازار ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، يول ئۈستىدىكى تۆۋرۈكلەر ئېلىۋېتىلدى. يولنىڭ ئۈستىمۇ ئېچىۋېتىلدى. ئەمما، خەلق ئىچىدە بۇ يول ھېلىمۇ «كەچلىك بازار كوچىسى» دەپ ئاتىلىۋاتىدۇ.

يېرىم ئەسىردىن بۇيان، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا ئەگىشىپ خوتەن شەھىرىنىڭ مۇھىتى ۋە شەھەر قۇرۇلۇشىدا زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. شەھەرنىڭ كۆلىمى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئوتتۇرـ ـسىدىكى 3.5 كۋادرات كىلومېتىردىن، كېڭىيىپ 15 كۋادرات كىلوـ مېتىر ئەتراپىغا يەتتى. شەھەر كوچىلىرى كەڭ، ئازادە ياسىلىپ ئاسـ فالتلاندى. شەھەر ئىچىدىكى «‹كەپتەر بازىرى› كوچىسى»، «كابۇل كوچىسى»، «ئالتۇنلۇق كوچىسى»، «مىسكەر كوچىسى» قاتارلىق ئاز ساندىكى كىچىك كوچىلاردا ھېلىھەم كونا كوچا، كونا ئۆيلەر ساقلىنىپ قالغان بولسىمۇ، ئاساسلىق چوڭ كوچىلار زامانىۋى تۈسكە كىردى (مۇھەممەتئىمىن سابىر).

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# خوتەن ناھىيىسى 和田县

خوتەن ناھىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ جەنۇبىي قىسمى، قارا قۇرۇم تاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكى، تەكلىماكان قۇم-لۇقىنىڭ جەنۇبى، يۇرۇڭقاش دەرياسى بىلەن قاراقاش دەرياسىنىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان. شەرقتە يۇرۇڭقاش دەرياسى ئارقىلىق لوپ ناھە-يىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. شەرقىي جەنۇبىي شىزاڭ ئاپتونوم رايونى بىلەن؛ غەربى قاراقاش دەرياسى ئارقىلىق قاراقاش، گۇما ناھىيىسى بىلەن؛ غەربىي جەنۇبىي ھىندىستان كونتروللۇقىدىكى كەشمىر رايونى بىلەن؛ شىمالىدا تەكلىماكان قۇملۇقى ئارقىلىق ئاۋات ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. شەرقىي شىمالى تەرەپتىن ئۈرۈمچى بىلەن بولغان تاشيول مۇساپىسى 1500 كىلومېتىر، ھاۋا لىنىيىسى 1000 كىلومې-تىر كېلىدۇ. خوتەن ناھىيىسىنىڭ ئومۇمىي يەر مەيدانى 40 مىڭ 876.80 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، 392 مىڭ 118 مو تېرىلغۇ يەرگە ئىگە. تەۋەلىكىدە بىر بازار، 11 يېزا، 216 كەنت كومىتېتى، 1214 مەھەللە (ئاھالە) گۇرۇپپىسى 63712 ئائىلە — 276 مىڭ 295 نوپۇس بار. ج ك پ خوتەن ناھىيىلىك كومىتېتى، خەلق قۇرۇلتىيى خوتەن ناھىيىلىك كومىتېتى، خوتەن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى، سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى خوتەن ناھىيىلىك كومىتې-تى قاتارلىق ئورگانلار، ناھىيىگە قاراشلىق ئىدارە - بۆلۈملەر، كەس-پىي ئورۇنلار، مەكتەپلەر خوتەن شەھىرىگە جايلاشقان.

خوتەن ناھىيىسى قارا قۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىدىن تەكلىماكان قۇملۇقىغا قەدەر سوزۇلغان، ئوتتۇرا قىسمى ئۈزۈك - ئۈزۈك بوستان-لىق. يەر شەكلى جەنۇبى كەڭ، شىمالى تار. شەرقتىن غەربكىچە كەڭلىكى 150～20 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 500 كىلومېتىر. جەنۇبىي قىسمى شىمالىي كەڭلىك ′22°34 تىن °37 قىچە بولغان تاغلىق رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ھازىرقى خوتەن ناھىيىسىنىڭ ئورنى قەدىمكى غەربىي يۇرتتىكى 36 بەگلىكنىڭ بىرى بولغان ئۇدۇن بەگلىكى بولۇپ، «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە: «ئۇدۇن بەگلىكىنىڭ شاھى غەربىي شەھەردە تۇرىدىغان بولۇپ، بۇ يەر چاڭئەندىن 9670 چاقىرىم كېلە-دۇ، 3300 تۈتۈن، 19300 نوپۇس، 2400 نەپەر سەرخىل لەشكىرى بار» دەپ قەيت قىلىنغان (خەننامە 3881 ـ بەتكە قارالسۇن). غەربىي خەن سۇلالىسىدىن شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى مىڭدى زاما-نىغا كەلگۈچە ئۇدۇنىنى يەركەنلىكلەر ئىدارە قىلغان بولۇپ، يۇڭپىڭنىڭ 3 ـ يىلى (مىلادىيە 60 ـ يىلى) ئۇدۇن ئاقسۆڭەكلىر-دىن دۇمو (都末) قېرىنداشلىرى بىلەن بىرلىكتە يەركەندىن ئەۋەتىلگەن زوراۋان باسقاق سانغۇنىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ تەخت ئىگىلىگەن بولسىمۇ، ئۇزاق ئۆتمەي ئۇدۇن ئاقسۆڭەكلىرىدىن ھۇمبا(休莫霸) ئەتراپىدىكى خەنزۇ قوللىغۇچىلىرىنىڭ ياردىمىدە دۇمو ئاكا ـ ئۇكىلار-نى ئۆلتۈرۈپ ئۆزىنى ئۇدۇن شاھى دەپ ئاتىغان ئىدى. ھۇمبا يەركەنگە ھۇجۇم قىلىپ كېتىۋاتقاندا، ئوقيا ئوقى تېگىپ ئۆلگەنلىكتىن، ئۇ-دۇنلۇقلار ھۇمبانىڭ جىيەنى گۇاڭ دې (广德) نى پادىشاھ قىلغان. گۇاڭدې يەركەن شەھەر دەرۋازىسىغىچە باستۇرۇپ بارغان ھەمدە بىلىك-خانىنى بىر يىل ئەسىر ئورنىدا تۇتۇپ تۇرغاندىن كېيىن ئۆلتۈرۈۋەت-كەن، شۇنىڭ بىلەن يەركەن خانىدانلىقى زاۋال تاپقان. ئۇدۇن بولسا غەربىي يۇرتتىكى قۇدرەتلىك ھاكىمىيەتكە ئايلىنىپ، قۇ-مىد (拘弥国)، چىرا (渠勒)، گۇما (皮山) قاتارلىقلارنى بىرلەش-تۈرگەن. «كېيىنكى خەننامە» دە خاتىرىلىنىشىچە، ئۇدۇن بىلەن پىشامشان ئەينى دەۋردىكى غەربىي يۇرتنىڭ جەنۇبىي لىنىيىسى، پا-مىرنىڭ شەرقىدىكى ئەڭ قۇدرەتلىك يەرلىك ھاكىمىيەتلەردىن بولغان.

غەربىي خەن سۇلالىسى مەزگىلىدە (مىڭدىنىڭ يوڭپىڭ 4 ـ يىلى — مىلادىيە 61 ـ يىلى) ھونلار بەش نەپەر سانغۇنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۈچ تۇمەن لەشكەرنى باشلاپ ئۇدۇنغا كىرگەن.

سۈي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى تاڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا، ئۇ-دۇنغا غەربىي تۈركلەر ھۆكۈمرانلىق قىلغان، 632 ـ يىللاردىن باش-لاپ، ئۇدۇن شاھى ۋايجىرا (ۋېيسارا، 尉迟) تاڭ سۇلالىسىغا سوۋ-

www.uyghurkitap.com

غات ئەۋەتىپ تۇرغان. ئۇدۇننىڭ تۇبۇتلەرگە قارشىلىق كۆرسىتىش تۆھپىسىگە ئاساسەن، 675 - يىلى تاڭ سۇلالىسى ئۇدۇندا كىرىيە تۇتۇق مەھكىمىسى (毗沙都督府) نى تەسىس قىلغان بولۇپ، قارمىقىدىكى يېزىق ئارقىلىق خاتىرىلەنگەن 10 ئايماق ناملىرىدىن: ئوردىنىڭ شەرقىدىكى ئەنجۈن ئايمىقى (安军州)، شەرقىي جەنۇبىدىكى كۆمۈش ئايمىقى (银州)، لۇ ئايمىقى (卢州)، جەنۇبىدىن 1300 چاقىرىم كېلىدىغان قاش ئايمىقى (玉州) قاتارلىقلار بولۇپ، داڭلىق شەھەرلەردىن ئۇدۇن شەھىرىدىن سىرت يەنە غەربىي جەنۇبتىن 380 چاقىرىم كېلىدىغان گوما شەھىرى، شەرقىدىن 300 چاقىرىم كېلىدىغان كەنجۈت شەھىرى (坎城镇)، يەنى قەدىمىي ئۇدۇن خاتىرىلىرىدىكى Phimama شەھىرى، ياكى «بۈيۈك تاڭ ساياھەتنامىسى» دىكى پىھانا شەھىرى 媲摩城 )، شەرقىدىن 600 چاقىرىم كېلىدىغان Nina يەنى «بۈيۈك تاڭ ساياھەتنامىسى» دا تىلغا ئېلىنغان نىران شەھىرى ( 尼壤城 )، جەنۇبىدىن 600 چاقىرىم كېلىدىغان غۇز ( 胡弩 ) شەھىرى قاتارلىقلار بولغان.

11 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ئۇدۇن قاراخانىيلارغا تەۋە بولغان. كېيىن يەرلىك ئاھالىلەر تەدرىجىي تۈركلىشىشكە باشلاپ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىنكى تارىخىي كىتابلاردا ئۇدۇن شاھى «قاراخان» دەپ ئاتىلىپ، سوڭ سۇلالىسىغا ئولپان تاپشۇرغان. يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقى مەزگىلىدە، ئۇدۇن يۈەن سۇلالىسى ئوردا ئىشلىرى بېگى ئارغۇننىڭ سۇيۇرغاللىقىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن. يۈەن سۇلالىسىنىڭ جىزيۈەن يىللىرىدا ئۇدۇندا خوتەن ھۆدەيچى ئەمىرلەشكەر مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، مىڭ يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە ئۇدۇن ( 于阗 ) نامى خوتەن ( 斡端 ) گە تۇنجى قېتىم ئۆزگەرتىلگەن. مىڭ سۇلالىسى يوڭلې يىللىرىغا كەلگەندە، ئۇدۇن مىڭ سۇلالىسىغا ئولپان تاپشۇرۇپ، ئەسلىدىكى ئۇدۇن نامى قوللىنىلغان. «مىڭ تارىخى. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، «ئەينى چاغلاردا ئۇدۇن ناھايىتى زور ۋە قۇدرەتلىك يەرلىك ھاكىمىيەت ئىدى» دېيىلگەن («مىڭ سۇلالىسى تارىخى» 8614 - بەتكە قارالسۇن).

چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى يىللىرىدا ئۇدۇن يەنە جۇڭغارلار تەرە-پىدىن ئىگىلىۋېلىنغان. چيەنلۇڭنىڭ 20 - يىلى (مىلادىيە 1755 - يىلى) جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى باستۇرۇلغاندىن كېيىن، جەنۇ-بىي شىنجاڭ تەۋەسىدە چوڭ - كىچىك خوجىلار توپىلىڭى بولغان. چيەنلۇڭنىڭ 22 - يىلى (1757 - يىلى) چىڭ سانغۇنى جاۋخۈيلىن لەشكەر تارتىپ خوجىلار كونتروللۇقىدىكى يەركەنگە بارغاندا، ئىلچى (ھازىرقى خوتەن شەھىرى ۋە خوتەن ناھىيىسى) قاتارلىق ئالتە شەھەر بەگلىرى دالالەتنامىگە ئاساسەن بەيئەت قىلغان. چيەنلۇڭنىڭ 23 - يىلى (1758 - يىلى) چوڭ - كىچىك خوجىلار يەنە ئىلچىغا لەشكەر تارتىپ پاراكەندىچىلىك سالغان. 1759 - يىلى چىڭ سانغۇنى فۇدې لەشكەر باشلاپ ئالتە شەھەرگە يېتىپ بارغان ھەمدە شۇ يىلى چىڭ سۇلالىسى ئۇدۇندا ئىش بېجىرگۈچى ئامبال تەسىس قىلغ-ان. ئىلچى ( 伊里齐 )، قاراقاش ( 哈拉喀什 )، يۇرۇڭقاش ( 玉陇喀什 )، تاغ ( 塔克 )، چىرا ( 齐尔拉 )، كېرىيە ( 克拉底雅 ) قاتارلىق ئالتە شەھەرنى باشقۇرغان. 1883 - يىلى چىڭ سۇلالىسى خوتەندە ئايماق تەسىس قىلىپ، لوپ ۋە ئۇدۇن ناھىيىلىرىنى قارام قىلغان. ئايماق مەھكىمىسى تۇرۇشلۇق ئىلچىنىڭ يەر نامى كېيىن يەنە خوتەن دەپ ئاتالغان. ھەمدە ھازىرقى قاراقاش، خوتەن، لوپ، چىرا، كېرىيە، نىيا، چەرچەن قاتارلىق يەتتە ناھىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئاساسلىق چوڭ ئاھالىلەر رايونلىرىدىن: ئايماق مەركىزى ئىلچى، شەھەرنىڭ جەنۇبىدىن بىر چاقىرىم كېلىدىغان تو-سالla ( 图萨拉 )، جەنۇبتىن 225 چاقىرىم كېلىدىغان ھالاڭگۈي (ھاڭگىيا ( 哈朗圭 )، غەربىدىن 20 چاقىرىم كېلىدىغان بورزان ( 伯尔庄 )، غەربىگە 70 چاقىرىم كېلىدىغان كۈيا ( 奎 雅 )، شىمالىدىن 40 چاقىرىم كېلىدىغان سۇبار ( 素巴尔 )، شىمالىدىن 95 چاقىرىم كېلىدىغان ھاياش ( 哈雅什 )، شىمالىدىن 115 چاقى-رىم كېلىدىغان پۇجىي ( 布华 )، غەربىي شىمالدىن 70 چاقىرىم كېلىدىغان بارماسىيار بەھرامسۈيى ( 巴尔玛斯雅 )، غەربىي شىمال-دىن 90 چاقىرىم كېلىدىغان ماكۇيا ( 玛库雅 )، غەربىي شىمالدىن 140 چاقىرىم كېلىدىغان قاراشەھەر ( 哈拉沙尔 ) قاتارلىقلار بو-

www.uyghurkitap.com

لۇپ، 66 مىڭ 277 تۇتۇنگە، 374 مىڭ 681 نوپۇسقا ئىگە ئىدى.

مىنگونىڭ 2 - يىلى (1913 - يىلى) خوتەن ئايمىقى خوتەن ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلگەن بولۇپ، ئەينى چاغدىكى خوتەن ناھىيىسى ھازىرقى خوتەن ۋە قاراقاشنىڭ بارلىق زېمىنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. 1919 - يىلى قاراقاش ناھىيىسى مۇستەقىل ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغان. 1920 - يىلى خوتەن ناھىيىسىنى مەركەز قىلغان خوتەن ئايمىقى قۇرۇلغان، كېيىن يەنە خوتەن مەمۇرىي رايونى ۋە خوتەن ۋىلايىتىگە ئۆزگەرتىلگەن. 1959 - يىلى گوۋۇيۈەن يەر نامىنىڭ يېزىلىشىنى ئاددىيلاشتۇرۇشنى نەزەردە تۇتۇپ، ئەسلىدىكى ئاتالغۇسىنى 和田 گە ئۆزگەرتكەن.

ئۇدۇن دېگەن نام ئەڭ دەسلەپتە «تارىخنامە» دە ئۇچرايدۇ. «تارىخنامە. فەرغانە تەزكىرىسى» دە: «شەرقىي تەرىپىدە ئۇدۇن بار، غەربىدىكى ئېقىن غەربكە قاراپ ئېقىپ بالقاش كۆلىگە قۇيۇلىدۇ. شەرقىي تەرىپىدىكى ئېقىن شەرققە قاراپ ئېقىپ لوپنۇر كۆلىگە قۇيۇلىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. كېيىنكى تارىخلارنىڭ كۆپىنچىسىدە ئۇدۇن (于阗) نامى ئىشلىتىلگەن بولۇپ، پەقەت «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» دا خوتەن (斡端) دەپ ئاتالغان. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. غەربىي شىمالدىكى زېمىنلار تەزكىرىسى» (元史・西北地附录) دىكى «خوتەن» (忽炭) دېگەن ئاتالغۇمۇ بەلكىم ئۇدۇننى كۆرسەتكەن بولۇشى مۇمكىن. 11 - ئەسىردە يېزىلغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىمۇ udun نىڭ نامى بار. ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇنلىغان ساياھەتنامە ۋە تەزكىرىلەرمۇ بۇ نامنىڭ ئۇزۇن تارىخىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. دىققەتكە ئەرزىيدىغىنى: تاڭ دەۋرىدىكى ۋېسارا ھاكىمىيىتى (李氏政权) مەيدانغا كېلىشتىن ئىلگىرىكى ئۇزاق تارىخىي دەۋردە، ئۇدۇنلۇقلارنىڭ قوۋم نامى ياكى فامىلىسى ۋىجايا (尉迟) بولۇپ، بۇنىڭ قاچاندىن باشلاپ قاچانغىچە ئىشلىتىلگەنلىكىنى يەنە داۋاملىق تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» دا تۇبۇتچە ۋەسىقىلەرگە ئاساسەن ئۇنىڭ خەن دەۋرىدىن باشلانغانلىقى ئېيتىلغان بولۇپ، بۇ بىزنى ۋىجايا (尉迟) ئاتالغۇسىنىڭ udun نىڭ باشقىچە ئاھاڭ تەرجىمىسى ئىكەنلىكىنى

ئاساس بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇنىڭدىن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 1 - 2 ئەسىر ئارىلىقىدا بۇ يەردە udun ناملىق كىشىلەرنىڭ ئورتاق گەۋدىسى بولغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ. خەنزۇچە ماتېرىياللاردا بەزىلەر ئۇنى «ئۇدۇن» دەپ يازغان بولسا، كېيىن يەنە بەزىلەر «ۋايجارا، ۋېسارا» دەپ تەرجىمە قىلغان بولۇشى، ئالدىنقىسى يەر نامى، كېيىنكىسى جەمەت — قوۋم نامى بولۇپ قالغان بولۇشى تامامەن مۇمكىن.

ئۇنداقتا ئۆتمۈشتە ئۇدۇن ( 于阗 ) دەپ ئاتالغان يەر نېمىشقا كېيىن خوتەن ( 和田 ) دەپ ئۆزگىرىپ قالدى؟ يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ( 于阗 ) سۆزى udun نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، باشقا بەزى ۋەسىقىلەردە udun سۆزىنى ( 于阗 ) دىن باشقا خەتلەر بىلەن ئىپادىلىگەن ئەھۋاللار بار. بۇ خىل ئوخشاش ئاھاڭدىكى ئوخشىمىغان تەرجىمىلەر ئىككى خىل بولۇپ، 于阗 نىڭ يېزىلىشىغا ئوخشاپ كېتىدىغانلىرىدىن ( «يېڭى تاڭنامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە) 于遁 ، 屈丹 ، («غەربكە ساياھەت خاتىرىلىرى» دە) 五端 ، («يالغۇز چۇساي «يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەخپىي تارىخى» دا) 兀丹 قاتارلىقلار بار. ئىككىنچى خىلى 于阗 نىڭ ئاھاڭىدىن خېلى پەرقلىنىپ تۇرىدىغانلىرى بولۇپ، («يېڭى تاڭنامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە) 豁旦 ، («يۈەن سۇلالىسى تارىخى» دا) 斡端 ، 忽炭 ، («چىيەنلۇڭ ئايماق تەزكىرىنامىسى» دا) 探赫 قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

تاڭ سۇلالىسىدىكى راھىب شۈەنزاڭنىڭ «بۈيۈك تاڭ ساياھەتنامىلىرى» ۋە «يېڭى تاڭنامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە يەنە kustana دېگەن ئاتالغۇ بولۇپ، «يېڭى تاڭنامە» دە: «ئۇدۇن ( 于阗 ) ياكى قۇستانا ( 瞿萨旦那 ) ، ھۇننا ( 涣那 ) ياكى كھوتەن ( 屈丹 ) دەپمۇ ئاتىلىدۇ، شىمالىي دىلار ( 北狄 ) مەزگىلىدە يۇدۇن ( 于遁 ) دەپ ئاتالغان، غوزلار ( 诸胡 ) خوتېن ( 豁旦 ) دەپ ئاتايدۇ» دېگەن ئىبارىلەر بولۇپ، بۇنىڭدىن ‹ قۇستانا › نىڭ پەقەت ئۇدۇننىڭ باشقىچە بىر خىل نامى ئىكەنلىكىنىلا بىلگىلى بولىدۇ. ئەمما «بۈيۈك تاڭ ساياھەتنامىسى» دە پەقەت «قۇستانا»

www.uyghurkitap.com

تىلغا ئېلىنىپ، «ئۇدۇن» نامى تىلغا ئېلىنمىغان. «قۇستانا» سۆزى
ھىندى بىراھما تىلىدىكى «ئەمچەك» سۆزىدىن كەلگەن بولۇپ، بۇ
بەلكىم دىنىي رىۋايەتلەربىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن.
قېزىلمىلاردىن قارىغاندا ۋېي، جىن سۇلالىلىرى دەۋرىدىمۇ «قۇستانا»
دېگەن ئاتالغۇ كۆرۈلىدۇ. ئەمما يېزىقچە خاتىرىلەنگەن تارىخىي ماتېرى-
ياللار ئىچىدە يەر نامىلىرى پۈتۈلگەنلىرىدىن پەقەت «بۈيۈك تاڭ سايا-
ھەتنامىسى» لا ساقلانغان بولۇپ، ھالبۇكى، بۇ دەل بۇددىزمنىڭ
راۋاج تاپقان مەزگىلى ئىدى، بۇنىڭدىن بۇ ناملارغا بۇددىزمنىڭ تەسىرى
چوڭقۇر سىڭگەن دېيىشكە بولىدۇ. غەربكە نوم ئېلىشقا بارغانلار دىنىي
تەسىر تۈپەيلىدىن يەرلىك نامىلارنىڭ ئالدىغا بىراھماچە نامىلارنى قوشۇش-
نى بەكمۇ ياقتۇراتتى. مەسىلەن شۈەنزاڭ ئەزەلدىن بار بولغان قاراشە-
ھەر ( 焉耆 ) نى بىراھما تىلىدا «ئاگنى» ( 阿耆尼 ) دەپ ئاتىغان
بولۇپ، بۇ سۆز بىراھما تىلىدا «ئوت ئىلاھى» دېگەنلىك بولىدۇ.
ئەمما بۇ خىل دىنىي تەسىر تۈپەيلىدىن بارلىققا كەلگەن بىر مەھەل
قوللىنىلغان ئىسىملارنى خوتەننىڭ قەدىمىي نامى دېيىشكە بولمايدۇ.
شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش لازىمكى، غەربلىكلەرنىڭ چىن سۇلالىسىنى chin
ياكى Machin دەپ ئاتىغانلىقى تارىخىي رېئاللىق بولغىنىدەك، كىشى-
لەر ئەينى چاغدىكى خوتەننىمۇ «چىن» ياكى «ماچىن» دەپ ئاتاشقان.
گەرچە خەنزۇ يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەردە بۇنداق خاتىرىلەر بولمىسىمۇ،
پارسچە ۋە 11 ـ ئەسىردىكى قاراخانىيلار سۇلالىسى تارىخنامىلىرىدە بۇ
خىل خاتىرىلەر ئۇچراپ تۇرىدۇ. ھەتتا ھازىرقى خوتەندىمۇ «چىن»
ياكى «ماچىن» ياكى «چىن ماچىن» دەپ ئاتىلىدىغان يەر نامىلىرىنى
ئۇچراتقىلى بولىدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ھازىرقى چەرچەننىڭ
تۈركچە ئاتىلىشىنىڭ qurqan ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرگەندە، مەھمۇد
قەشقىرى چەرچەننىڭ چىنغا بارىدىغان يول ئۈستىدە ئىكەنلىكىنى
ئېيتقان بولۇپ، جۇغراپىيىلىك ئورنىدىن قارىغاندا، بۇ يەردىكى چىن-
نىڭ دەل ھازىرقى خوتەن ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ (يۈ ۋېيچىڭ
«شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇش تەرەققىياتى ۋە يەر نامىلىرى تەتقىقاتى»
新疆建置沿革与地明研究 شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986 ـ يىل 2 ـ
ئاي نەشرىگە قاراڭ).

خوتەن ۋىلايىتىنىڭ نامى قىلىنغان بۇ ناھىيىنىڭ نامى توغرىسىدا، خەلق ئارىسىدا ئەڭ ئىپتىدائىي زامانلاردىن بىشارەت بەرگۈچى گۈزەل ئەپسانە - رىۋايەتلەر (مۇشۇ يۈرۈشلۈك كىتابلارنىڭ ‹خەلق ئەپسانە - رىۋايەتلىرى› تومىنىڭ 8 - بەتتىن 13 - بەتكىچە قاراڭ) تارقالغان. توپونىمشۇناسلارنىڭ قارىشىچە: «بەزىناملار قوشنا مىللەتلەرنىڭ تىللىرىدا ئۆزلىرىنىڭ تىل قانۇنىيەتلىرىگە بىقىندۇرۇلۇپ، تەلەپپۇزى ئۆزگىرىپ كەتكىنىدەك، ‹خوتەن› ئەسلىدە ‹ئۆتىن/ئۇدۇن› بولۇپ، مىلادىيىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ئەسىرلەردە ھىندۇ - پراكرىت تىلىدا ‹خوستىن› ياكى ‹كىھۇستانا›، ‹يوتان›، تۇبۇتچە ‹لى يول›، ‹ئورتۇن›؛ خەنزۇ تىلىدا ‹يۇتىن - يۇتيەن› قىلىپ ئىپادىلەنگەن؛ 13 - ئەسىردىن كېيىن موڭغۇل تىلىدا بوغۇم بىشىدىكى تاۋۇش بوغۇزدا تەلەپپۇز قىلىنىپ، ‹خوتىن/خوتەن› بولۇپ ئۆزلىشىپ قالغانىكەن».

خوتەن ناھىيىسىدە قاراقاش دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا - تۆۋەن ئېقىمىنىڭ شەرقىي ۋادىسىدىكى بوزاق، بورانچى، خانئېرىق، تاسمىچى، سېغىز كۆل قاتارلىق جايلارنىڭ بۇلاق سۇ ئورنى ۋە يۇرۇڭقاش دەرياسى تۆۋەن ئېقىمىنىڭ شەرق ۋە غەرب تەرەپلىرىدىكى بۇلاق سۇ ئورنى بولۇپ، يىللىق بۇلاق سۇ مىقدارى 132 مىليون كۇب مېتىردىن 150 مىليون كۇب مېتىرغىچە كېلىدۇ.

خوتەن ناھىيىسىنىڭ ئىقلىمى مۆتىدىل بەلۋاغ ئىچكى قۇرۇقلۇق چۆل ئىقلىمىغا تەۋە بولۇپ، يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى ناھايىتى ئاز، ئەمما پارغا ئايلىنىش مىقدارى چوڭ؛ ياز پەسلى ئۇزۇن، كۈز پەسلى قىسقا؛ قىش كۈنلىرى جۇدۇن ئاز، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ. شۇڭا «ئەتىگەندە چاپان كىيەر، چۈشتە كۆڭلەكچان — كەچلىكى مەش ئالدىدا ئولتۇرۇپ يەيدۇ تاۋۇز خىرامان» دېگەن تەسۋىر، بۇ ناھىيىنىڭ كىلىمات ئۆزگىرىشىگە باب كېلىدۇ.

خوتەن ناھىيىسىنىڭ يەر شەكلى مۇرەككەپ، ھاۋا كىلىمات پەرقى چوڭ بولغانلىقتىن، جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ تۆت ھاۋا كىلىمات بەلۋېغىغا ئايرىشقا بولىدۇ:

www.uyghurkitap.com

1. سوغۇق بەلۋاغ. بۇ دېڭىز يۈزىدىن 3000 مېتىردىن ئېگىز بولغان تاغلىق رايون بولۇپ، ھاۋاسى سوغۇق، پەسىل پەرقى يوق، پەقەت سوغۇق، ئىسسىق جەھەتتىنلا پەرقلىنىدۇ. ھۆل - يېغىن مىقدارى كۆپ. ئەمما، تەكشى ئەمەس.

2. سوغۇق مۆتىدىل بەلۋاغ. دېڭىز يۈزىدىن 2000 ~ 3000 مېتىرغىچە ئېگىز بولغان بۇ تاغ ئالدى بەلۋېغىدا ھۆل - يېغىن مىقدارى كۆپ، 10℃ تىن يۇقىرى بولغان ھەرىكەتچان يىغىندى تېمپېراتۇرا 3400℃ دىن تۆۋەن.

3. مۆتىدىل بەلۋاغ. دېڭىز يۈزىدىن 1500 ~ 2000 مېتىرگىچە ئېگىز بولغان تاغ ئالدىدىكى يەرلەردە قىش ۋە ئەتىياز ۋاقتى ئۇزۇن، ياز ۋە كۈز ۋاقتى قىسقا، يىغىندى تېمپېراتۇرا 1850℃ ~ 9. 4145 بولۇپ، يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 1. 89 ~ 195 مىللىمېتىرغىچە، قىروسىز مەزگىلى 167 - 193 كۈنگىچە.

4. ئىسسىق بەلۋاغ. بۇ دېڭىز يۈزىدىن 1500 مېتىردىن تۆۋەن رايونلارنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى قەدىمكى بوستانلىق ۋە شىمالىي قىسمىدىكى لايلاتما تۈزلەڭلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كۈننىڭ يورۇتۇشى تولۇق، قىروسىز مەزگىلى ئۇزۇن، ئىسسىقلىق بايلىقى مول. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 1℃. 12، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 6℃. 40، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا 6℃. 21، كۈننىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە يورۇتۇش ۋاقتى 9. 2643 سائەت، 0℃ دىن يۇقىرى بولغاندىكى زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈش مەزگىلى 284 كۈن، يىغىندى تېمپېراتۇرا 1℃. 4344، قىروسىز مەزگىلى 210 كۈن. يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 8. 34 مىللىمېتىر، يىللىق پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2563 مىللىمېتىر.

زېمىنىدا ئەمەن، قوغچاي، تېپچاق، چىغ، تەسكەن قاتارلىقلار؛ دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن: قانتېپەر، قوچاققۇل، يىلانسىمان قامچا ئوتى، قىل يوپۇرماقلىق ئەمەن، رەۋەن، مەرزەنجۇش، چاكاندا قاتارلىقلار؛ تۈزلەڭلىك رايونلاردا چۇچۇك بۇيا، ئالقات، يەر مەدىكى قاتارلىقلار بار.

خوتەن ناھىيىسى تەۋەلىكىدە ياۋايى ھايۋانلاردىن: قوتاز، ياۋا ئېشەك، جەرەن، بۆرە، تۈلكە، داۋغان، ئۈلار، ياۋا توڭگۇز، ياۋا توشقان، قىرغاۋۇل، كەكلىك قاتارلىقلار بار.

خوتەن ناھىيىسى يېزا ئىگىلىك ئاساس، يېزا ئىگىلىك بىلەن چارۋىچىلىق بىرلەشتۈرۈلگەن ئىقتىسادىي تىپقا مەنسۇپ رايون بولۇپ، بۇغداي، قوناق، پاختا، شال، مايلىق دان زىرائەتلىرى تېرىلىدۇ. مېۋە - چېۋە ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ.

خوتەن ناھىيىسى تەۋەلىكىدە نەچچە ئون خىل دەرەخ سورتلىرى بار بولۇپ، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدىن تارتىپ ھازىرغىچە بۇ زېمىندا ئەسلىدىكى تەبىئىي ئورمانزارلىقلارنى قوغداش ئاساس قىلىن- نىپ، زور كۆلەملىك يېشىللاشتۇرۇش قۇرۇلۇشلىرى ئېلىپ بېرىل- دى.

چارلاپ ئېنىقلانغان كان بايلىقىدىن كۆمۈر، چىرىمتال، قاشتې- شى، ئالتۇن، ھاك تېشى، نېفىت ۋە بېرىللى، لىتىي، ناترىي، تانتال قاتارلىق ئاز كۆرۈلىدىغان مېتاللار بار. كۆمۈر زاپىسى ئىنتايىن مول.

خوتەن ناھىيىسىنىڭ قاتنىشى قۇلاي، 315 - دۆلەت تاشيولى ناھىيە چېگرىسىنى كېسىپ ئۆتۈپ، غەربتە قەشقەرگە تۇتىشىدۇ. شەرقتە نىيىدىن چىقىپ شىمالدا قۇملۇقنى كېسىپ ئۆتۈپ، كورلا ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە بارىدۇ. خوتەن ئايرودرومى ناھىيە چېگرىسى ئىچىگە جايلاشقان بولۇپ، خەلق ئاۋىئاتسىيىسى قولايلىقىغا ئىگە. خوتەن ناھىيىسىنىڭ تەبىئىي مەنزىلىرى ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولۇپ، مەدەنىيەت مىراسلىرى ناھايىتى كۆپ. ئۇزۇن تارىخنى بېشىدىن ئۆت- كۈزگەن مىڭ يىللىق «ياڭاق پادىشاھى»، نەچچە يۈز يىللىق تارىخقا ئىگە «ئەنجۈر پادىشاھى» بار. ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان ئەينەن ساقلان- غان «يوتقان قەدىمىي خارابىسى»، «مەلىكە ئاۋات قەدىمىي شەھەر خارابىسى» قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقىرى بار.

خوتەن ناھىيىسى ئىنسانىيەت ئەڭ بالدۇر ياشىغان قەدىمكى جاي- لارنىڭ بىرى، قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي ئېغىزىدىكى مۇھىم ئۆتەڭ ئىدى. خوتەن ناھىيىسىدە پىلە - ئۇجمىچىلىك ئۇزاق تارىخقا

ئۇيغۇرچە كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئىگە. خوتەن گىلىمى، خوتەن قاشتېشى دۇنياغا داڭلىق، قەدىمدىن بۇيان قاشتېشى ۋە گىلەمچىلىك جەھەتتە مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا شۆھرەت قازانغان.

تۆۋەندە خوتەن ناھىيىسى تەۋەلىكىدىكى بازار ـ يېزىلارنىڭ مەمۇرىي ۋە جۇغراپىيىلىك ئەھۋاللىرى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلىدۇ.

## باغچى بازىرى 巴格其镇

باغچى بازىرى ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى توققۇز كىلومېتىرلىق جايىدا. غەربتە قاراقاش دەرياسى بىلەن قوشنا. يەر مەيدانى 310 كۋادرات كىلومېتىر. يەر شەكلى ئاساسلىقى تۈزلەڭلىك ۋە بوستانلىقلاردىن ئىبارەت. «باغچا» سۆزىنىڭ « 花园 » دېگەن مەنىسى بار.

بۇ بازاردىكى «ئەللامە» كەنتىنىڭ نامى توغرىسىدا مەنبەلەردە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئەللامە» — ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر موللا ئالاھىددىن مۇھەممەد خوتەنى تۇغۇلغان ۋە ياشاپ ئۆتكەن جاي بولۇپ، مۇھەممەد ئېلىشىر ھېكىم بەگ ئەللامە مۇھەممەد بۇزرۇكۋارغا كۆپ ئەقىدە قىلغانلىقتىن، 1214 ـ يىلى كۈچلۈك خان تەرىپىدىن قەتلى قىلىنغان بۇ ئالىمنى خاتىرىلەش، ئۇنى مەڭگۈ ياد ئېتىپ تۇرۇش ئۈچۈن 1841 ـ يىلى كاربۇ كەنتىنى «ئەللامە» دەپ ئاتاشنى ئالاھىدە جاكارلىغان. شۇنىڭدىن بۇيان بۇ كەنت «ئەللامە» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

باغچى بازىرى دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ، 62 مىڭ 316 مو تېرىلغۇ كۆلەمگە ئىگە. بۇغداي، قوناق، پاختا، مېۋە ـ چېۋە، قول سانائەت، گىلەمچىلىك ئىشلىرى تەرەققىي قىلغان. بۇ يەرلەر 1930 ـ يىلى بەش رايونغا، كېيىن يەنە يەتتە رايونغا ئايرىلغان. 1955 ـ يىلى بەش رايون بولۇپ بىرلەشكەن. 1958 ـ يىلى «جۇڭخۇا» يېزىسى بولغان. 1978 ـ يىلى «باغچى» دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984 ـ يىلى باغچى بازىرى بولۇپ رەسمىي قۇرۇلغان. ھازىر 29

مەمۇرىي كەنت، 214 كەنت ـ مەھەللە (ئاھالە) گۇرۇپپىسىدا 10 مىڭ 973 ئائىلە — 48 مىڭ 764 نوپۇس بار.

داڭلىق «ياڭاق پادىشاھى» مۇشۇ بازاردا. «ياڭاق پادىشاھى» نىڭ يېشى 600 يىلدىن ئاشقان. ھازىرمۇ يىلىغا 5000 تالدىن ئوشۇق مېۋە بېرىدۇ.

## باغچى بازىرى تەۋەلىكىدىكى مەمۇرىي كەنت ۋە بىر قىسىم تەبىئىي كەنتلەرنىڭ نامى
## 和田县巴格其镇行政村和部分自然村名称

| | |
|---|---|
| خوجائېرىق كەنت كومىتېتى | 霍加艾日克村委会 |
| بىزىن كەنت كومىتېتى | 比曾村委会 |
| ئۇرۇقچىلىق مەيدانى | 良种场 |
| خەلچە كەنت كومىتېتى | 海勒其村委会 |
| پايناپ | 迫也那普 |
| ئەللامە كەنت كومىتېتى | 安拉买村委会 |
| قاشى كەنت كومىتېتى | 喀什村委会 |
| ئوتتۇرا قاش | 欧吐拉喀什村 |
| تۆۋەن قاش | 托万喀什委会 |
| يېزىۋاغ | 也扎巴克 |
| سىلىكەنت كومىتېتى | 艾斯里坎特村委会 |
| چاقا كەنت كومىتېتى | 恰喀村委会 |
| چالباش كەنت كومىتېتى | 恰勒巴什村委会 |
| نىشاندا كەنت كومىتېتى | 尼响达村委会 |
| كاسپى كەنت كومىتېتى | 喀斯皮村委会 |
| سومى كەنت كومىتېتى | 索米村委会 |
| بۇقەمبەر كەنت كومىتېتى | 布坎拜村委会 |
| شىيىتلا كەنتى | 协依提拉村 |
| خانلىق ۋەخپە كەنت كومىتېتى | 汗勒克瓦合拍村委会 |
| يۇقاقۇن كەنت كومىتېتى | 尤喀昆村委会 |

| | |
|---|---|
| باش شۇما كەنت كومىتېتى | 巴什许玛村委会 |
| شۇما كەنت كومىتېتى | 许玛村委会 |
| تۆۋەن شۇما كەنت كومىتېتى | 托万许玛村委会 |
| باغچى كەنت كومىتېتى | 巴格其村委会 |
| سادىقئاۋات كەنتى | 沙地克阿瓦提村 |
| يۇقىرى باغچى كەنتى | 尤库巴格其村 |
| سەيدۈي كەنتى | 蔬菜队村 |
| ئورمان پونكىت كەنت كومىتېتى | 奥尔曼朋开提村委会 |
| بىرىنچى مەيدان | 一农场 |
| ئىككىنچى مەيدان | 二农场 |
| خۇيزۇدۈي كەنتى | 回族队村 |

## توساللا يېزىسى 吐沙拉乡

توساللا يېزىسىنىڭ ناھىيە بازىرى بىلەن بولغان تۈز لىنىيە ئارىلىقى 6.3 كىلومېتىر. شەرقى يۇرۇڭقاش دەرياسى بىلەن قوشنا، جەنۇبى قۇملۇققا تۇتىشىدۇ. شەرقىي جەنۇبى خوتەن شەھىرى ۋە گۇجانباغ يېزىسى بىلەن، غەربىي بوزاق يېزىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. 40 مىڭ 640 مو تېرىلغۇ كۆلىمىگە ئىگە.

«توساللا» — «توسان» يەنى كۆندۈرۈلمىگەن/ ھاللاز ئەتكەك/ باشتۇك/ مۆڭگەك دېگەن مەنىلەرگە ئىگە سۆزگە ‹لار› قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان سۆز بولۇپ، تەلەپپۇزدا ‹ن› تاۋۇشى ‹ل› بولۇپ ئېيتىلىپ ‹ر› تاۋۇشى چۈشۈپ قالغان. بۇ نامنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە يىراق ئۆتمۈشتە بۇ جاينىڭ قانداق نام بىلەن ئاتالغانلىقى توغرىسىدا تارىخىي مەنبە تېپىلمىغان بولسىمۇ، يېقىنقى زاماندىكى «توساللا» نامى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان مۇنداق قاراشلار بار:

«چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدە تۇرسۇن دېگەن بەتنىيەت بىر كىشى خوتەنگە بەگ بولغانىكەن. ئۇ خەلققە ئېغىر باج،

ئالۋان - سېلىق سېلىپ قاقشاتقانلىقى ئۈستىگە، ئەكسىيەتچى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە ئارتۇقچە خۇشامەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ ساداقەتمەنلىكىنى ئىپادىلىگەنىكەن. ئۇنىڭ بەدىلىگە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى تۇرسۇن بەگكە ۋە ئۇنىڭغا خىزمەت قىلغانلارغا كۆپلەپ ئىمتىياز، ھوقۇق بەرگەنىكەن. بۇنداق ئىمكانىيەتتىن توساللىلىقلار كۆپرەك بەھرىمەن بولغانىكەن. شۇ چاغدا توساللىلىقلار خۇددى يۈگەن سېلىنمىغان توسۇن ئاتتەك، ئەمر - مەرۇپلارنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماي، قىلغۇسى كەلگىنىنى قىلىپ ئۆتىدىغان خوتەننىڭ ئەركىلىرى بولغانىكەن. بۇ ئەھۋالغا قاراپ خوتەنلىكلەر بۇ يەردىكىلەرنى «توساللار» دەپ ئاتاشقانىكەن. كېيىنچە بۇ سۆز، شۇ كىشىلەر ياشايدىغان ئورۇننىڭ نامىغا ئايلانغان بولۇپ، بارا - بارا ئېغىز تىلىدا «توساللا» غا ئۆزگىرىپ كەتكەنىكەن.»

توساللا يېزىسى جۇغراپىيىلىك شارائىت جەھەتتە مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق ھاۋارىيىغا كىرىدۇ. قۇياش نۇرى يېتەرلىك. يىللىق ئىسسىقلىق مىقدارى 4672℃، ھۆل - يېغىن مىقدارى 210 مىللىمېتىر ئەتراپىدا. تۇپرىقى كېۋەز، قوناق تېرىشقا، مېۋە - چېۋە ئۆستۈرۈشكە تولىمۇ ماس كېلىدۇ. يېزىنىڭ يول، كۆۋرۈك قۇرۇلۇشى ئاساسەن تورلاشتۇرۇلغان. خوتەن ئايرودرومى توساللا يېزىسىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇ خوتەن ۋىلايىتىنىڭ چەت ئەللەر بىلەن ئالاقە قىلىدىغان كۆزنەكلىرىنىڭ بىرى. بۇ يېزىدا 25 مەمۇرىي كەنت، 171 تەبىئىي كەنت - مەھەللە (گۇرۇپپا)، 9658 ئائىلە — 42 مىڭ 619 نوپۇس بار.

بۇ يېزىنىڭ «توققۇز گۇمبەز» كەنتى نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە خەلق ئىچىدە مۇنداق سۆزلەر بار:

بەھرام بەگ ئامباللىق مەنسىپىدە تۇرغان مەزگىلدە، دۆلەت ئىشلىرىغا خەزىنىدىن پۇل ئاجرىتىپ، خەلق ئۈستىدىكى ئالۋان - سېلىقلارنى ئازايتىپتۇ. مائارىپنى يۈكسەلدۈرۈشكە مەبلەغ سېلىپ، جامە - مەدرىسىلەرنى كۆپلەپ بىنا قىلدۇرۇپتۇ، ئالىم، ئۆلىما، پېشۋالارنى ھۆرمەتلەپ، ئۇلارنىڭ مەقبەرىسىنى قاتۇرۇپتۇ. ئۇ، شۇ قاتاردا ئالىملارنىڭ قەددىنى كۆتۈرگەن چوڭ بوۋىسى ياقۇپ بەگ (قو-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uygurkitap.com

قەندىلىك توپىپىشى ياقۇپ بەگ — بەدۆلەت ئەمەس)، چوڭ دادىسى ئابدۇللا بەگ، دادىسى مەنقۇربان بەگ، مەھەممەد ئىبزىز بەگ، ئانىسى فىرەچىھرە ئاغىچا ۋە يۈنۈس بەگلەرنىڭ قەبرىلىرىگە كاتتا قۇببىلىق گۈمبەزلەرنى ياسىتىپتۇ. يەنە شۇ دەۋردىكى ئاي خېنىم قوشكېزەكلەر-گىمۇ بىر گۈمبەز ياساتقانىكەن. بەھرام بەگ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، كېيىنكىلەر ئۇنىڭغىمۇ بىر گۈمبەز ياساپتۇ. شۇنىڭ بىلەن گۈمبەزنىڭ سانى توققۇزغا يېتىپتۇ. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ مازارلىق جايلاش-قان كەنتنى كىشىلەر «توققۇز گۈمبەز» دەپ ئاتاپتۇ (بۇ گۈمبەزلەر تاكى 1966 - يىلىغىچە ساق بولۇپ، «قىزىل قوغدىغۇچى» لار تەرىپى-دىن چېقىپ تاشلانغان).

بۇ يېزىنىڭ «قارامەت» كەنتى نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرى-سىدىمۇ خەلق ئىچىدە مۇنداق سۆزلەر بار:

1780 - يىللاردا خوتەنگە رۇستەم دېگەن ئاچ كۆز، ئىشرەتخور بىر كىشى بەگ بولغانىكەن. ئۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ چىرىك ئەمەلدار-لىرى بىلەن بىرلىكتە خوتەن خەلقىنى ئېغىر ئالۋان - ياساق، زۇلۇم - سىتەم بىلەن قاتتىق خورلاپتۇ. مۇشۇ مەزگىلدە بەھرام بەگ دېگەن خەلقپەرۋەر، ئادالەت سۆيەر باي بىر بۆلۈك كىشىلەرنى ئەگەش-تۈرۈپ زۇلۇمغا قارشى چىقىپ، بىر نەچچە قېتىم قوراللىق ھۇجۇم قىلىپ، زوراۋان كۈچلەرگە قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپتۇ. رۇستەم بەگ خېلىلا زور ھەربىي ھەرىكەت قوزغاپمۇ بەھرام بەگنى بويسۇندۇرال-مىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ خەلق ئۈستىدىكى ئالۋان-سېلىقنى يەڭ-گىللىتىش، ئۆزىگە تېگىشلىك ئىمتىيازلارنى تولۇقلاپ بېرىش توغرى-سىدىكى بەش شەرتىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆز ئارا سۈلھىگە كەپتۇ ۋە رۇستەم بەگ ئاقسۇغا يۆتكىلىپ، بەھرام بەگ خوتەنگە ئامبال بوپتۇ.

ئۇ، ئىسيان مەزگىلىدە ئۆزىگە خىزمەت كۆرسەتكەن قارىي ئەخمەت دېگەن كىشىگە بىر نەچچە يۈز ئوتاقچى دېھقان بىلەن بىر بۆلۈك يەرنى مۇكاپات تەرىقىسىدە سۈيۈرغال قىلىپ بېرىپتۇ. كېيىنكى چاغلاردا قارىي ئەخمەت بەگنىڭ يېرى ئورۇنلاشقان كەنت «قارىي ئەخمەت» بارا-بارا «قارامەت»، «قايامەت» دەپ ئاتىلىپتۇ (بۇ جاي ھازىرقى خوتەن ناھىيە توسالا يېزىسىنىڭ جەنۇبىدا، يەنى خوتەن ئايرودرومىنىڭ شى-مالىدا).

## تۇساللا يېزىسى تەۋەلىكىدىكى مەمۇرىي كەنت ۋە بىر قىسىم مەھەللىلەرنىڭ نامى
## 和田县吐沙拉乡行政村和部分自然村名称

| | |
|---|---|
| 吐沙拉村委会 | تۇساللا كەنت كومىتېتى |
| 托库孜拱拜孜 | توققۇز گۈمبەز |
| 曲结来村委会 | چۆجىلە كەنت كومىتېتى |
| 加木达村委会 | جامىدا كەنت كومىتېتى |
| 斯亚村委会 | سىيا كەنت كومىتېتى |
| 阔克拱拜孜村委会 | كۆك گۈمبەز كەنت كومىتېتى |
| 喀热买提村委会 | قارامەت كەنت كومىتېتى |
| 加拉勒巴格村委会 | جالالباغ كەنت كومىتېتى |
| 普提拉什村委会 | پۈتلاش كەنت كومىتېتى |
| 喀提其村委会 | قاتچى كەنت كومىتېتى |
| 坎特艾日克村委会 | كەنتئېرىق كەنت كومىتېتى |
| 斯普斯亚村委会 | سىپسىيا كەنت كومىتېتى |
| 玛加村委会 | ماجا كەنت كومىتېتى |
| 吐居克村委会 | تۈجۈك كەنت كومىتېتى |
| 阿拉勒巴格村委会 | ھالالباغ كەنت كومىتېتى |
| 墩村 | دۆڭ كەنت |
| 阿克提其村 | ئاقتىچى كەنت كومىتېتى |
| 赛克散村委会 | سەكسەن كەنت كومىتېتى |
| 恰开什村委会 | چاكەش كەنت كومىتېتى |
| 一农场 | بىرىنچى مەيدان |
| 二农场 | ئىككىنچى مەيدان |
| 牧场 | چارۋىچىلىق مەيدانى |

## 罕艾日克乡　خانئېرىق يېزىسى

خانئېرىق يېزىسىنىڭ ناھىيە بازىرى بىلەن بولغان تۈزلىنىيە ئارد.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

لىقى 17 كىلومېتىر. بۇ يېزا 33 مەمۇرىي كەنت، 156 تەبىـ
ـئىي كەنت ـ مەھەللە گۇرۇپپىسىدىن تەشكىل قىلىنغان بولۇپ،
8722 ئائىلە — 36 مىڭ 850 نوپۇس بار. ئومۇمىي يەر مەيدانى
100 كۋادرات كىلومېتىر. 50 مىڭ 532 مو تېرىلغۇ كۆلىمىگە ئىگە.

خانئېرىق ئۇيغۇر تىلىدا «خان قازدۇرغان ئېرىق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە: «17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا خوتەن سەئىدىيە خانلىقىغا قارام مەزگىلىدە، بۇ يەردە بىر بۇلاق بار بولۇپ، سۈيى سۈزۈك ۋە تاتلىقكەن. تۆت پەسىل توختىماي بۇلدۇقلاپ ئېقىپ تۇرىدىكەن. سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ پادىشاھى ئابدۇرەشىتخان ۋەزىر ـ ۋۇزرالىرى بىلەن بۇ يەردىن ئۆتكەندە يەرلىك خەلقنى ئېرىق قېزىپ، بۇلاق سۈيىنى باشلاشقا دەۋەت قىپتۇ، مىرزا ئابابەكرى دەۋرىگە كەلگەندە بۇ جايدىن ئۆستەڭ ئېلىنىپتۇ. كىشىلەر ئابدۇرەشىتخاننىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئېرىقنىڭ نامىنى ‹خانئېرىقى› دەپ ئاتاپتۇ» دېيىلىدۇ.

1949 ـ يىلىدىن ئىلگىرى خانئېرىق ئالتە رايون ۋە كېيىنرەك يەتتە رايون بولۇپ شەكىللەنگەن. 1956 ـ يىلى يەنە ئالتىگە ئىخچاملانغان. بىر قانچە قېتىملىق ئۆزگەرتىشلەردىن كېيىن، 1978 ـ يىلى «ئاۋانگارت يېزىسى» دەپ ئاتالغان. بۇ يەر ھازىر «خانئېرىق يېزىسى» دەپ ئاتالماقتا.

بۇ يېزا تەۋەلىكىدىكى «يۇقاقۇن»، «ئارا ئون»، «تۆۋەن ئون» دېگەن يەر ناملىرى توغرىسىدا تۆۋەندىكىلەرنى ئىزاھلاپ ئۆتۈش زۆرۈر:

بۇرۇنقى زامانلاردا ھاكىمىيەت دائىرىلىرى يۇرت ـ ئاۋامنى ئىدارە قىلىشتا ھەر قايسى يۇرتلارنى شۇ يۇرتتىكى ئائىلە سانىغا قاراپ مەمۇرىي دەرىجە ـ بىرلىككىلەرگە ئايرىپ ئىدارە قىلىشنى يولغا قويغان. ئون ئائىلە (تۇتۇن) گە «ئونبېشى»، يۈز ئائىلىگە «يۈز بېشى»، مىڭ ئائىلىگە «مىڭ بېگى» دېگەندەك ئەمەلدارلار تەيىنلەنگەن. تەقسىملەش، ئالۋان، ھاشار سېلىقى چېچىش مۇشۇ بىرلىككىلەر بويىچە بولغان.

خەلق ئارىسىدا ھازىرمۇ «18 مىڭ خوتەن» ، «ئۈچ مىڭ كېيا» دېگەن ئاتالغۇلار ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئاتالغۇلار ئائىلە سانىغا ئاساسەن مەمۇرىي بىرلىكلەرگە بولۇش تۈزۈمى دەسلەپ يولغا قويۇلغان چاغدا خوتەندە 18 مىڭ ئائىلە، كېرىيىدە ئۈچ مىڭ ئائىلە، يۇقىرىقى كەنت-لەردە 10 دىن ئائىلە بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مۇشۇ قائىدىگە ئاساسەن «يۇقاقۇن» — «يۇقىرىقى ئون ئائىلە كەنتى» ، «ئارائون» — «ئوتتۇرىدىكى ئون ئائىلە كەنتى» ، «تۆۋەن ئون» — «تۆۋەنكى ئون ئائىلە كەنتى» دېگەنلىك بولۇپ، زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بەزى بوغۇملار قىسقىراپ «يۇقاقۇن» دېگەندەك شەكىلگە كېلىپ قالغان. يەنە بىر جەھەتتىن بۇ ناملار ئەينى دەۋردە ھەم مەمۇرىي ھاكىمىيەت دەرىجىسىنى، ھەم شۇ مەمۇرىي بىرلىكتىكى ئائىلە سانىنى كۆرسىتە-دىغان سىياسىي، سان ئاتالغۇسى بولغان. كېيىن ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ مەمۇرىي بىرلىكلەردىكى ئائىلە سانى كۆپىيىپ بارغان بولسى-مۇ، بۇ كەنتلەرنىڭ ئىلگىرىكى نامى ساقلىنىپ قالغان. نەتىجىدە، بۇ ئاتالغۇلاردىكى «ئون» دېگەن سۆز سان ئەھمىيىتىنى يوقىتىپ، مەمۇرىي ھاكىمىيەت بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان نام بولۇپ قالغان. يېقىنقى ۋە ھازىرقى دەۋرگە كەلگەندە «ئون» ، «ئەللىك» ، «مىڭ» دېگەندەك ھاكىمىيەت دەرىجە ناملىرىنىڭ ئەمەلدىن قېلىشى بىلەن يۇقىرىقى ناملار سىياسىي ئەھمىيىتىنى يوقىتىپ، يەر نامىنىلا بىلدۈ-رىدىغان نوقۇل جۇغراپىيىلىك ئاتالغۇ بولۇپ قالغان.

بۇ يېزا تەۋەلىكىدە «چاڭ ئايماق» بىر كەنتنىڭ نامى بولۇپ، بۇ ئاتالغۇدىكى «چاڭ» دېگەن سۆز دۆلىتىمىزدىكى بىر قەدىم-كى مىللەتنىڭ نامى. دۆلىتىمىزنىڭ تارىخنامىلىرىدە قەيت قىلىنىشى-چە، يەندى پادىشاھ چانلارنىڭ ئەجدادى ئىكەن. چانلار باشقا ئىككى قەبىلە ئىتتىپاقى بىلەن بىرلىشىپ دۆلىتىمىزدىكى تۇنجى پا-دىشاھلىق دۆلەت — شىيا سۇلالىسىنى قۇرغان. چانلار دۆلىتىمىز-دىكى ناھايىتى كەڭ رايونلارغا تارقالغان بولۇپ، كېيىنچە باشقا مىللەت-لەرگە سىڭىشىپ كەتكەن. جۇملىدىن قەدىمكى ئۇدۇندىمۇ بىر قىسىم

www.uyghurkitap.com

چانلار ماكانلاشقان بولۇپ، كېيىن يەرلىك ئاھالىگە سىڭىشىپ كەتـ.كەن. «چاڭ ئايمىقى» دېگەن كەنت نامىنىڭ بۇگۈنگىچە ساقلىنىپ كەلگەنلىكىگە ئاساسلىنىپ ئەينى زاماندا خوتەندە بىر بۆلۈك چانلارنىڭ ماكانلاشقانلىقىنى ۋە باشقىلار ئۇلار ئولتۇراقلاشقان جاينى مۇشۇنداق ئاتىغانلىقىنى، كېيىن بۇ مىللىي ئېتنىك نامنىڭ نوقۇل جۇغراپىيە-لىك يەر نامىغا ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنى قەيت قىلىشقا بولىدۇ.

## خانئېرىق يېزىسى تەۋەلىكىدىكى مەمۇرىي كەنتلەرنىڭ نامى
## 和田县罕艾日克乡行政村名称

| | |
|---|---|
| جىگدە ئېرىق كەنت كومىتېتى | 吉格代艾日克村委会 |
| خالتا مەھەللە كەنت كومىتېتى | 喀勒塔买里村委会 |
| رەمبال كەنت كومىتېتى | 然巴勒村委会 |
| كۆلئېرىق كەنت كومىتېتى | 库勒艾日克村委会 |
| تاسمىچى كەنت كومىتېتى | 塔斯米其村委会 |
| ئۈچقۇن مەيدان | 乌其昆迈丹 |
| باغۋەنچىلىك كەنت كومىتېتى | 巴格万其力克村委会 |
| بالاماس كەنت كومىتېتى | 巴拉玛斯村委会 |
| يۇقىرى خانئېرىق كومىتېتى | 尤库日罕艾日克村委会 |
| چاڭ ئايماق | 羌阿依玛克 |
| تۆۋەن خانئېرىق كەنت كومىتېتى | 托万罕艾日在村委会 |
| خانئېرىق كەنت كومىتېتى | 罕艾日克村委会 |
| خانئېرىق | 罕艾日克 |
| پارچە كەنت | 帕其村 |
| يۇقاقۇن كەنت كومىتېتى | 尤喀温村委会 |
| ئارائون كەنت كومىتېتى | 阿热温村委会 |
| باشتونۇن | 巴什托农 |

| | |
|---|---|
| 托尕依 | توغاي |
| 恰先拜巴扎村委会 | چارشەنبە بازار كەنت كومىتېتى |
| 库萨村 | كوسا كەنت |
| 夏买里村委会 | شاھمەھەللە كەنت كومىتېتى |
| 托万温村委会 | تۆۋەن ئۆن كەنت كومىتېتى |
| 喀尕买里村委会 | قاغا مەھەللە كەنت كومىتېتى |
| 拉依喀村委会 | لايقا كەنت كومىتېتى |
| 都先拜巴扎村 | دۈشەنبە بازار كەنتى |
| 铁木尔其买里村委会 | تۆمۈرچى مەھەللە كەنت كومىتېتى |
| 塔依塔克村委会 | تايتاق كەنت كومىتېتى |
| 玉如什开村委会 | يۇرۇشكە كەنت كومىتېتى |
| 克孜勒艾日克 | قىزىلئېرىق |
| 克格孜艾日克村委会 | كىگىزئېرىق كەنت كومىتېتى |
| 色日克乌依村委会 | سېرىقئۆي كەنت كومىتېتى |
| 恰喀尔村委会 | چاقار كەنت كومىتېتى |
| 巴依买里村委会 | باي مەھەللە كەنت كومىتېتى |
| 库玛村 | قوما كەنتى |

## لايقا يېزىسى 拉依喀乡

لايقا يېزىسىنىڭ ناھىيە بازىرى بىلەن بولغان تۈز لىنىيە ئارىلىقى 18 كىلومېتىر. ناھىيىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان. شىمالى باغچى بازىرى ۋە خانئېرىق يېزىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، شەرقتە بوزاق بىلەن قوشنا، غەربى قىسمى قاراقاش دەرياسى بىلەن تۇتىشىدۇ. شەرقىي جەنۇبى قۇملۇق بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن. ئومۇمىي دائىرىسى 150 كۋادرات كىلومېتىر. زېمىن دائىرىسى قاراقاش دەريا ساھىللىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 30 مىڭ 735 مو تېرىلغۇ كۆلىمىگە ئىگە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uygurkitap.com

مىڭ يىللاردىن بۇيان كىشىلەر بۇ زېمىندا لاي ئېقىتىپ توغان ياساپ، كەلكۈننىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئۆستەڭلەرنى قېزىپ سۇ باشلاپ كېلىش ئارقىلىق يەر بىنا قىلغان. «لاي ئاقار» سۆزى تەلەپپۇزدا ئۆزگىرىش ياساپ «لايقا» دەپ ئاتالغان.

1949 - يىلىدىن 1957 - يىلىغىچە بۇ يەردىن بۇگۈنكى لاڭرۇ، قاشتېشى يېزىسى بۆلۈنۈپ، خوتەن ناھىيىسىنىڭ توققۇزىنچى رايونى بولغان. 1958 - يىلى يەنە بوزاق يېزىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ يەتتىنچى گۇڭشى قىلىنغان. 1978 - يىلى بۇ يېزا «يۇقارقى لايقا» ھەم «تۆۋەنكى لايقا» دەپ ئىككىگە بۆلۈنگەن. كېيىن، تەدرىجىي ھالدا «لايقا» دەپلا ئاتىلىدىغان بولغان. ئاھالىلەر دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىپ، باغۋەنچىلىك بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدۇ. بۇ يېزىدا مەشھۇر «ئەنجۈر پادىشاھى» بار.

بۇ يېزىدىكى 17 كەنت كومىتېتى، 125 تەبىئىي كەنت - مەھەللە (گۇرۇپپىسى) دە 6345 ئائىلە — 26 مىڭ 500 كىشى بار.

## لايقا يېزا تەۋەلىكىدىكى مەمۇرىي كەنتلەرنىڭ نامى
## 和田县拉依喀乡行政村名称

| | |
|---|---|
| لايقا كەنت كومىتېتى | 拉依喀村委会 |
| بۇدۇي | 布队 |
| شاپتۇل ئېرىق | 夏普吐鲁艾日克 |
| باش لايقا | 巴什拉依喀 |
| ياڭاقچىلىق | 央阿克其勒克村 |
| شاخلىق كەنت كومىتېتى | 夏合勒克村 |
| تاللىقئېرىق كەنت كومىتېتى | 塔勒克艾日克村委会 |
| تۆۋەن لايقا | 托万拉依喀 |
| قۇمئېرىق كەنت كومىتېتى | 库木艾日克村委会 |

| | |
|---|---|
| دامىتى كەنت كومىتېتى | 达木提村委会 |
| چاقا كەنتى | 恰喀村 |
| دۆڭئۆستەڭ | 墩吾斯塘 |
| داكۇي كەنت كومىتېتى | 达奎村委会 |
| كالۋۇي كەنت كومىتېتى | 喀鲁吾依村委会 |
| بىرىنچى مەيدان چوڭ ئەترەت كەنتى | 农场一大队村 |
| ئورمانچىلىق كەنتى | 林业队村 |
| لىچىنتۇقاي كەنت كومىتېتى | 里禽托喀依村委会 |
| يالغۇز جىگدە كەنت كومىتېتى | 亚勒古孜吉格代村委会 |
| قومقايغان كەنت كومىتېتى | 库木喀依干村委会 |
| ئورا ئېرىق كەنت كومىتېتى | 奥热艾日克村委会 |
| تۆپەئېرىق كەنت كومىتېتى | 托帕艾日克村委会 |
| دۆڭتېتر كەنت كومىتېتى | 冬特提村委会 |

## بوزاق يېزىسى 布扎克乡

بوزاق يېزىسى خوتەن ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 12.6 كىلومېتىرلىق جايدا بولۇپ، شەرقى توسالا يېزىسى بىلەن، غەربى لايقا يېزىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. جەنۇب تەرىپى قۇملۇققا قەدەر سوزۇلغان. شىمالدا باغچى بىلەن قوشنا. تەۋەلىكىدە 22 مەمۇرىي كەنت 166 مەھەللە گۇرۇپپىسى، 5722 ئائىلە — 24 مىڭ 880 نوپۇس بار.

«بوزاق»— ‹بوز› ، (ئېچىلغان يەر، مەرئا) دېگەن سۆز بىلەن ‹ئاق› سۆزىنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن. «بۇزلاق» ، «بوزئاق» نىڭ شېۋە سۆزى. قەدىمقى زامانلاردىلا بۇ زېمىن ئەجدادلىرىمىز تەرىپىدىن ئېچىلىپ ئۆزلەشتۈرۈلۈپ، مۇنبەت ئېكىنزارلىقلارغا ئايلاندۇرۇلغان. ھازىرقى تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 32 مىڭ 321 مو كېلىدۇ. بۇ جايلار 1949 - يىلىدىن ئىلگىرى تۆت رايونغا، 1950 - يىلى يەتتە رايونغا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئايرىلغان. 1958 - يىلى «يۇقىرى ئېقىن خەلق كوممۇنىسى» تەسىس قىلىنغان. 1961 - يىلى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» يېزىسى دەپ ئاتالغان. 1978 - يىلى «بوزاق» دەپ ئاتالغان. بۇ يېزىدا تۇرلۇك ئاشلىق زىرائەتلىرى ئۆستۈرۈلىدۇ. مېۋە - چېۋىلىرى داڭلىق. ئاھالىلەر دېھقانچىلىق، باغۇەنچىلىك، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە سودا - تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

## بوزاق يېزىسى تەۋەلىكىدىكى مەمۇرىي كەنت ۋە بىر قىسىم تەبىئىي كەنتلەرنىڭ نامى
## 和田县布扎克乡行政村和自然村名称

| | |
|---|---|
| جايكەنت كومىتېتى | 加依村委会 |
| چىلەك ۋەخپىسى كەنت كومىتېتى | 其来克瓦合皮村委会 |
| تېتىر | 铁提 |
| ئازۇك | 阿孜乌克 |
| ئازنە بازار كەنت كومىتېتى | 阿孜乃巴扎村委会 |
| ھالۇ ئېرىق كەنت كومىتېتى | 阿鲁艾日克村委会 |
| چاقا | 恰喀 |
| كەنتئېرىق | 坎特艾日克 |
| كوسا كەنت كومىتېتى | 库萨村委会 |
| شوئېرىق | 肖尔艾日克 |
| باسيى كەنت كومىتېتى | 巴斯依村委会 |
| تېرەكئېرىق كەنت كومىتېتى | 铁热克艾日克村委会 |
| تۆۋەنقاش كەنت | 托万喀什村 |
| پەتەككەنت كومىتېتى | 拍太克拉村委会 |
| توخۇلا كەنت كومىتېتى | 托乎拉村委会 |
| بوزاقكەنت كومىتېتى | 布扎克村委会 |
| قۇمكەنت كومىتېتى | 库木村委会 |

قاشكەنت كومىتېتى 喀什村委会
ئاغماق كەنت كومىتېتى 阿格玛克村委会
يايلىغان كەنت كومىتېتى 亚依勒干村委会
قۇمباغ 库木巴格
قۇمقايغان 库木喀依干
تارشىلىق 塔尔什勒克

## يېڭىئاۋات يېزىسى 英阿瓦提乡

يېڭىئاۋات يېزىسى ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، تۈز لىنىيە ئارىلىقى 22 كىلومېتىر. غەربىي شىمالى قاراقاش دەرياسى بىلەن، شەرقىي جەنۇبى تەكلىماكان قۇملۇقى بىلەن تۇتىشىدۇ. جەنۇب تەرەپتىن خانئېرىق يېزىسى بىلەن قوشنا. ئومۇمىي يەر مەيدانى 89 كۋادرات كىلومېتىر، 18 مىڭ 400 مو تېرىلغۇ يەر كۆلىمىگە ئىگە. يېزىدىكى 15 مەمۇرىي كەنت، 90 تەبىئىي كەنت - مەھەللە (گۇرۇپپا) دا 5035 ئائىلە — 20 مىڭ 475 نوپۇس بار.

يېڭىئاۋات ‹يېڭىدىن گۈللەنگەن جاي› دېگەن مەنىدە. تەخمىنەن 200 يىل بۇرۇن نۇرغۇن ئاھالىلەر بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ، بوز يەر ئېچىپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، تەدرىجىي كەنت بەرپا بولغان، 1978 - يىلى يېڭىئاۋات يېزىسى بولۇپ شەكىللەنگەن. بۇغداي، قوناق، پاختا بۇ يېزىنىڭ ئاساسلىق زىرائەتلىرى، ئۈزۈمچىلىك ئالاھىدە تەرەققىي قىلغان.

### يېڭىئاۋات يېزىسى تەۋەلىكىدىكى مەمۇرىي كەنتلەرنىڭ نامى
### 和田县英阿瓦提乡行政村标准名称

تۈگمەنبېشى كەنت كومىتېتى 吐格曼贝什村委会

| | |
|---|---|
| ئۈيال ئېرىق كەنت كومىتېتى | 欧亚勒艾日克村委会 |
| باش جاغلىغ | 巴什加格勒格 |
| جاغلىغ | 加格勒格 |
| تۆرۈز كەنت كومىتېتى | 吐如孜村委会 |
| ئوتتۇرا ئېرىق كەنت كومىتېتى | 欧吐拉艾日克村委会 |
| پاچاق كەنت كومىتېتى | 帕恰克村委会 |
| ئازنىمىچىت كەنت كومىتېتى | 阿孜乃米其特村委会 |
| جامباغ كەنت كومىتېتى | 江巴格村委会 |
| غەجەك كەنت كومىتېتى | 艾吉克村委会 |
| ئوتۇن كەنت كومىتېتى | 欧吞村委会 |
| خەتچى كەنت كومىتېتى | 海提其村委会 |
| گاۋاش كەنت كومىتېتى | 尕巴什村委会 |
| قۇمئېرىق كەنت كومىتېتى | 库木艾日克村委会 |
| قالدۆك | 喀拉墩 |

## لاڭرۇ يېزىسى 朗如乡

لاڭرۇ يېزىسى ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 38 كىلومېتىرلىق جايغا جايلاشقان. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 24700 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، 11 مىڭ 330 مو تېرىلغۇ يەر كۆلىمگە ئىگە. 14 كەنت كومىتېتى، 50 تەبىئىي كەنت - مەھەللىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 3467 ئائىلە — 14 مىڭ 860 نوپۇس بار. «لاڭرۇ» قەدىمكى خوتەن تىلىدا «قوۋۇق قارشىسىدىكى ئېقىن» دېگەن مەنىگە ئىگە.

لاڭرۇ تاغلىق رايون بولۇپ، ھىندىستان كونتروللۇقىدىكى كەشمىر رايونى بىلەن تۇتىشىدۇ ھەم شىزاڭ بىلەن قوشنا. قاراقاش ناھىيىسى بىلەن قارشىپ تۇرىدۇ. يېزا تەۋەلىكىدە ئۈچ ئېلېكتر ئىستانسىسى بار. ئۇلۇغئاتا سۇ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى يېزـ

لىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 30 كىلومېتىر ئۈستىدە. يېزىنىڭ سۇ مەنبەسى تولۇق، ئېقىن مىقدارى يازدا كۆپ، كۈزدە ئازراق. كېچە - كۈندۈز تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ. يېزا ئاھالىسى يېرىم چارۋىچىلىق، يېرىم دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىدىن بۇغداي، گۈرۈچ، كۆممىقوناق ئۆستۈرۈلىدۇ. ياڭاق، تاۋۇز، ئۆرۈك، شاپتۇل كۆپ چىقىدۇ.

لاڭرۇ يېزا تەۋەلىكىدىكى دەريا - ئېقىنلار، جىلغا - ئېدىرلىقلار ۋە تاغلاردا ناھايىتى مول قاشتېشى زاپىسى بار.

## لاڭرۇ يېزىسى مەمۇرىي كەنت ۋە بىر قىسىم مەھەللىلەرنىڭ نامى
## 和田县朗如乡行政村和部分自然村名称

| | |
|---|---|
| 奥恰克库如勒村委会 | ئوچاققۇرۇل كەنت كومىتېتى |
| 甫吉 | پۇجى |
| 艾格日萨依村委会 | ئەگرىساي كەنت كومىتېتى |
| 迫普那村 | پوپۇنا |
| 阿日果勒村委会 | ئارىغول كەنت كومىتېتى |
| 塔特勒克苏村 | تاتلىقسۇ |
| 刀孜牙村委会 | داۋزىيا كەنت كومىتېتى |
| 朗如村 | لاڭرۇ كەنتى |
| 塔格买里村委会 | تاغمەھەللە كەنت كومىتېتى |
| 阔尕其巴什 | قوغاچبېشى |
| 亚甫羌勒克 | ياپچانلىق |
| 拍孜阿瓦提 | پەيزاۋات |
| 其干勒克 | چىگىلىك كەنتى |
| 米提孜村委会 | مېتىز كەنت كومىتېتى |
| 奴遂村委会 | نۇسۇي كەنت كومىتېتى |

www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| پۇشىيا كەنت كومىتېتى | 普希亚村委会 |
| تېرەكئالدى كەنتى | 铁热克阿勒迪 |

# سېغىزكۆل يېزىسى 色格孜库勒乡

سېغىزكۆل يېزىسى تەۋەلىكىدە 14 كەنت كومىتېتى، 47 تەبىئىي كەنت ـ مەھەللە، 1786 ئائىلە — 8686 نوپۇس بار.

## سېغىزكۆل يېزىسى تەۋەلىكىدىكى مەمۇرىي كەنت ۋە بىر قىسىم مەھەللىلەرنىڭ نامى
## 和田县色格孜库勒乡行政村和部分自然村名称

| | |
|---|---|
| سېغىزكۆل كەنت كومىتېتى | 色格孜库勒村委会 |
| سۆگەت بوستان كەنت كومىتېتى | 苏盖提博斯坦村委会 |
| ئورنىش كەنتى كەنت كومىتېتى | 欧尔奴什村村委会 |
| يۇمىلاقكۆل كەنت كومىتېتى | 尤木拉克库勒村委会 |
| قۇمباغ كەنت كومىتېتى | 库木巴格村委会 |
| غازادۆڭ كەنت كومىتېتى | 尕藏墩村委会 |
| قوماچاقا كەنت كومىتېتى | 库木恰喀村委会 |
| سېرىغ ئۆي كەنت كومىتېتى | 色日克吾依村委会 |
| تاسمىچى كەنت كومىتېتى | 塔斯米其村委会 |
| خانئېرىق كەنت كومىتېتى | 罕艾日克村委会 |
| يۇقىرى مىياڭخوجا | 尤库日米央乎加 |
| تايتاق كەنت كومىتېتى | 塔依塔克村委会 |
| ئەلەمبۇلۇڭ كەنت كومىتېتى | 艾来木布隆村委会 |
| سېسىقئۆت ئۆت كەنت كومىتېتى | 色斯克欧提村委会 |
| توڭغۇزلۇق | 通古孜鲁克 |

ئوتتۇرا مىياڭخوجا 欧吐拉米央乎加
مىياڭخوجا كەنت كومىتېتى 米央乎加村委会

# يېڭىئېرىق يېزىسى 英艾日克乡

بۇ يېزىنىڭ ناھىيە بازىرى بىلەن بولغان تۈز لىنىيە ئارىلىقى 17 كىلومېتىر كېلىدۇ، ئومۇمىي كۆلىمى 110 كۋادرات كىلومېتىر. يېڭىئېرىق ئەسلىدە بۈگۈنكى خوتەن شەھىرىگە تەۋە لاسكۈي بازىرىنىڭ 5 - باشقۇرۇش رايونى ئىدى. 1984 - يىل 12 - ئايدا خوتەن ناھىيىسىنىڭ «يېڭىئېرىق يېزىسى» بولۇپ قۇرۇلغان. يېزىدا ناھىيىدىكى ئەڭ چوڭ سۇ ئامبىرى بار. خوتەن شەھەر رايونىغا 18 كىلومېتىر كېلىدىغان بۇ ئامبارنىڭ سۇ مەنبەسى يۇرۇڭقاش ۋە قاراقاش دەرياسى بولۇپ، 1963 - يىلى قۇرۇلغان. بېلىق مەھسۇلاتى بىلەن داڭلىق.

«يېڭىئېرىق» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا خەلق ئىچىدە مۇنداق سۆزلەر بار: «مۇھەممەد ئېلىشىر ھېكىم بەگ 1820 - يىللىرى ئوردا ئىشى بىلەن ‹تەۋەككۈل› غا كىرىپ قايتىشىدا ئۈچ ئائىلىلىكنىڭ ئىلچىغا 15 كىلومېتىر كېلىدىغان بىر جايدا سىزىندى سۇدىن پايدىلىنىپ بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇلاردىن ئەھۋال سوراپتۇ. ئۇلار: ‹بىز ئاقسۇنىڭ سايرام دېگەن يېرىدىن بولىمىز، خوتەننىڭ ئەھۋالىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، مۇشۇ يەردە ياشايلى دەپ كەلسەك، بۇ يەردە سىزىندى سۇلار بار ئىكەن، ئۆلكىگە چىقمايلا ئۆزىمىزگە تۇشلۇق بوز يەر ئېچىپ تېرىپ يەپ ئولتۇدۇق» دەپتۇ. ئېلىشىر ھېكىم بەگ بۇ ئىشتىن سۆيۈنۈپ، بۇ كۆچمەنلەرگە ئىنئام بېرىپتۇ ۋە يېڭىدىن ئېرىق ئېلىپ بېرىشنى، 15 يىلغىچە ھېچقانداق سېلىق ئالماسلىقنى ئەمەلدارلارغا بۇيرۇپتۇ. ئېرىق ئېلىنغاندىن كېيىن بۇ يەرنىڭ نامى ‹يېڭىئېرىق› دەپ ئاتىلىپتۇ. ھازىرقى ‹يېڭىئېرىق› لىقلار ئاشۇ ئۈچ ئائىلىلىك ئاقسۇلۇقنىڭ

ئەۋلادلىرى ئىكەن.»①

يېڭىئېرىق يېزىسىدا 8704 مو تېرىلغۇ يەر بولۇپ، بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا قاتارلىق ئاساسلىق زىرائەتلەر ئۆستۈرۈلىدۇ.

بۇ يېزا تەۋەلىكىدە بەش كەنت كومىتېتى، 23 تەبىئىي كەنت، مەھەللىدە 1607 ئائىلە — 7454 نوپۇس بار.

### يېڭىئېرىق يېزىسى تەۋەلىكىدىكى مەمۇري كەنتلەرنىڭ نامى
### 和田县英艾日克乡行政村名称

| | |
|---|---|
| بازار بويى كەنتى | 巴扎博依村 |
| باشقوغاچ كەنت كومىتېتى | 巴什阔尕其村委会 |
| بازار بويى مەھەللە كەنت كومىتېتى | 巴扎尔博依买里村委会 |
| چوڭتېرەك كەنت كومىتېتى | 琼铁热克村委会 |
| يېڭىيەر مەھەللە كەنت كومىتېتى | 英也尔买里村委会 |
| چامغۇرلۇق | 恰木古鲁克 |
| چارۋىچىلىق مەيدانى | 牧场村 |

## تەۋەككۇل يېزىسى 塔瓦库勒乡

تەۋەككۇل يېزىسى ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىدىكى 96 كىلومېتىر-لىق جايدا بولۇپ، شەرقى ھەم شىمالى قۇملۇق بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن. ئىسلامئاۋات يېزىسى بىلەن پاراللېل. ئومۇمىي يەر مەيدانى 260 كۋادرات كىلومېتىر، 36 مىڭ 900 مو تېرىلغۇ كۆلەمگە ئىگە. تەۋەلىكىدە 18 كەنت كومىتېتى، 83 تەبىئىي كەنت - مەھەللە (گۇ-رۇپپا)، 5062 ئائىلە — 22 مىڭ 445 نوپۇس بار.

«تەۋەككۇل» دېگەن سۆزنى يەر شەكلىنى «ناۋاينىڭ نان تىزىد-

① «يېڭىئېرىق»، «توساللا»، «قارامەت»، «توققۇز گۈمبەز»، «ئەللامە»، «گۈلباغ» ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنى مەتقاسىم ئابدۇراخمان رەتلىگەن.

غان تەۋىڭىگە ئوخشايدىكەن» دەپ «تەۋەڭكۆل» دىن ئۆزگەرگەن دېگۇچىلەرمۇ؛ مۇشۇ يۇرتتىن ئۆتكەن «خوتەن قەيىي» (يولى) نىڭ بويىدىكى چوڭقۇر كۆلگە كارۋانلارنىڭ بىر قانچە تاي تاۋار - دۇردۇنلىرى بۇلاڭ - تالاڭ جەريانىدا چۈشۈپ كەتكەنلىكتىن «تاۋاركۆل» دەپ ئاتىلىپ، تەدرىجىي «تەۋەككۇل» دېيىلىدىغان بولغان دېگۇچىلەرمۇ؛ شۇنىڭدەك «تەۋەككۇل» دېگەن يەر نامى ئەلمىساقتىن بېرى بار ئىدى دېگۇچىلەرمۇ بار.

«تەۋەككۇل» — ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، ‹جەزىملەشتۈرۈش، مۇقىمداش، دو تىكىش› قاتارلىق مەنىلەرگە ئىگە.

بۇ زېمىن 1837 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە ئېچىلىشقا باشلىغان. ئاھالىلەر كۆچۈرۈلۈپ، بوز يەر ئېچىش جەھەتلەردە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش تەدبىرلىرى بەلگىلىنىپ، پەيدىنپەي كەنتلەر كۆپەيتىلگەن. 1864 - يىللاردا تەۋەككۇلنىڭ نوپۇسى 4500 ئەتراپىدا ئىدى. 1949 - يىلىدىن ئىلگىرى بۇ زېمىننىڭ يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى قىسمى لوپقا، دەريانىڭ غەربىدىكى قىسمى خوتەن ناھىيىسىگە تەۋە بولغان. 1950 - يىلى ئىككى ئورۇن بىرلىشىپ 10 رايوننى شەكىللەندۈرگەن. 1951 - يىلى توققۇزغا ئىخچاملانغان. شۇ چاغدا 7000 نوپۇس بار ئىدى. 1958 - يىلى «ئالتۇن يۇلتۇز يېزىسى» دەپ ئاتىلىپ، 1984 - يىلى ئەسلىدىكى «تەۋەككۇل» گە ئۆزگەرتىلگەن.

بۇ يېزىدا بۇغداي، قوناق، پاختا، مايلىق دان ئۆستۈرۈلىدۇ، قوغۇنى داڭلىق. ئۈزۈم ئۆستۈرۈش ۋە ئۈزۈمچىلىك تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىش كەڭ ئومۇملاشقان.

## تەۋەككۇل يېزىسى تەۋەلىكىدىكى مەمۇري كەنت ۋە بىر قىسىم مەھەللىلەرنىڭ نامى
## 和田县塔瓦库勒乡行政村和自然村标准名称

تەۋەككۇل كەنتى 塔瓦库勒村

قاقشال كەنت كومىتېتى 喀克夏勒村委会

www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| قارا توغراق كەنت كومىتېتى | 喀拉托格拉克村委会 |
| يېڭىيەر كەنت كومىتېتى | 英也尔村委会 |
| هوڭ كەنت كومىتېتى | 翁村委会 |
| يەكشەنبە بازار | 也克先拜巴扎 |
| قاسساپئېرىق كەنت كومىتېتى | 喀萨普艾日克村委会 |
| ئارقا ئۆستەڭ كەنت كومىتېتى | 阿尔喀吾斯塘村委会 |
| تارئېغىل كەنت كومىتېتى | 塔尔艾格勒村委会 |
| بورزان كەنت كومىتېتى | 博尔赞村委会 |
| شەھەر بويى كەنت كومىتېتى | 协海尔博依村委会 |
| توساللا كەنت كومىتېتى | 吐沙拉村委会 |
| يۇرۇڭقاش كەنت كومىتېتى | 玉龙喀什村委会 |
| يېڭىباغ كەنت كومىتېتى | 英巴格村委会 |
| يۇمىلاق باغ | 尤木拉克巴格 |
| ئاتبېشى كەنت كومىتېتى | 阿特贝希村委会 |
| باكىدۆڭ | 巴克墩 |
| قاتچى كەنت كومىتېتى | 喀特其村委会 |
| تەۋەككۇل | 塔瓦库勒 |
| قوشنو كەنت كومىتېتى | 阔什诺尔村委会 |
| ئارقا دۆڭ | 阿克墩村 |
| تۆزيايلاق كەنت كومىتېتى | 吐孜亚依拉克村委会 |

## ئىسلامئاۋات يېزىسى 伊斯拉木阿瓦提乡

ئىسلامئاۋات يېزىسى خوتەن ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىدىكى 90 كىلومېتىرلىق جايغا توغرا كېلىدۇ. 12 مەمۇرىي كەنت تەشكىللەنگەن. يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى ئىسلامئاۋات كەنتىگە جايلاشقان.

بۇ يېزىنىڭ نامى «قەدىمدە ئۇدۇن بۇددىستلىرىنىڭ قاراخانىيلار لەشكەرلىرى بىلەن ئۇزۇن يىل جەڭ قىلىپ، ئىسلام دىنى خوتەن رايونىدا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەنلىكىدىن ئىبارەت تارىخىي ئۆزگىرىش-

لەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك» دېگۈچىلەرمۇ؛ «مۇھەممەت ئىلىشىر ھېكىمبەگ خوتەنگە بەگ بولغان مىلادىيە 1770 - يىللاردىن كېيىن ئېچىلىپ، گۇاڭشۈينىڭ 8 - يىللىرى (مىلادىيە 1883 - يىللىرى) ئاۋاتلاشقان» دېگۈچىلەرمۇ؛ شۇنىڭدەك «1933 - يىللاردا ئاھالە كۆ-چۈرۈلۈپ ئاۋاتلاشقان» دېگۈچىلەرمۇ بار. ئەمما بۇ يەرلەر قەدىمدە يايلاق بولۇپ، ئۇنىڭ ئېچىلىشى ئاساسەن تەۋەككۇل يېزىسىنىڭ بەرپا بولۇشى بىلەن ئوخشايدۇ.

ئىسلامئاۋات بىلەن تەۋەككۇل 20 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدىن باشلاپ «ئالتۇن يۇلتۇز» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. 1984 - يىلىدىن بۇيان قاراقاش دەرياسىنى پاسىل قىلىپ، دەريانىڭ شەرقى «تەۋەك-كۇل»، غەربى «ئىسلامئاۋات» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە. بۇ يېزىدا 3650 ئائىلە — 16 مىڭ 715 نوپۇس بار.

## ئىسلامئاۋات يېزىسى تەۋەلىكىدىكى مەمۇري كەنتلەرنىڭ نامى
## 和田县伊斯拉木阿瓦提乡行政村名称

| | |
|---|---|
| ئىسلامئاۋات كەنت كومىتېتى | 伊斯拉木阿瓦提村委会 |
| خالتا بۇلۇڭ | 哈勒塔布隆 |
| خانئېرىق كەنت كومىتېتى | 罕艾日克村委会 |
| يەتتىچىئېرىق كەنت كومىتېتى | 也特其艾日克村委会 |
| ئىسلامئاۋات | 伊斯拉木阿瓦提 |
| قۇمئېغىل | 库木艾格勒 |
| تاغئېرىق كەنت كومىتېتى | 塔格艾日克村委会 |
| شىپاڭ كەنت كومىتېتى | 什旁村委会 |
| ئۇزۇنكۆل كەنت كومىتېتى | 乌尊库勒村委会 |
| چىگىلىك كەنت كومىتېتى | 其克力克村委会 |
| چەللە كەنت كومىتېتى | 其里村委会 |
| يامانبۇك كەنت كومىتېتى | 亚曼拜克村委会 |
| لىچىنتوقاي كەنت كومىتېتى | 里青托尕依村委会 |

كىتاب تورىبېكتى www.uyghurkitap.com

سىپسىقئوت كەنت كومىتېتى 色斯克欧特村委会

# قاشتېشى يېزىسى 喀什塔什乡

قاشتېشى يېزىسى خوتەن ناھىيە بازىرىغا 130 كىلومېتىر كېلىدۇ. ناھىيىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان بۇ يېزىنىڭ 12 مەمۇرىي كەنت، 22 تەبىئىي كەنت ـ مەھەللىسىدە 1476 ئائىلە 5153 — نوپۇس بار. ئومۇمىي يەر مەيدانى 13 مىڭ 300 كۋادرات كىلومېتىر. 10 مىڭ 904 مو تېرىلغۇ يەر كۆلىمىگە ئىگە.

بۇ يېزا 1958 ـ يىلى «راكېتا كەنتى» دەپ، 1978 ـ يىلىدىن كېيىن، «قاشتېشى» يېزىسى دەپ ئاتالغان. بۇ تاغلىق رايوننىڭ يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى دېڭىز يۈزىدىن 3300 مېتىر ئېگىزلىككە جايلاشقان. يېزا تەۋەلىكىدىكى تاغ ـ قىيالار ۋە جىلغىلارنىڭ ئوت ـ چۆپى مول بولۇپ، ئاھالىسى چارۋىچىلىقنى ئاساسىي كەسىپ قىلىدۇ. مەمۇرىي رايوننىڭ ئەڭ ئېگىز يېرى 6285 مېتىر كېلىدۇ. يىل بويى قار، مۇز بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدۇ.

مەشھۇر خوتەن قاشتېشىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان بۇ يېزىنىڭ مەنزىرىلىك نۇقتىلىرى، مول كان بايلىقى، ئېسىل قاشتېشى قاتارلىق ماددىي بايلىقلىرى بار. يىراق دەۋرلەر تارىخىدىن ئۇچۇر بەرگۈچى رىۋايەت ـ ئەپسانىلەرگە باي بولغان بۇ تاغلىق رايوندا، قىممەتلىك دورا ئۆسۈملۈكلىرى، ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلار ۋە ئۇچار قاناتلار بار.

## قاشتېشى يېزىسى تەۋەلىكىدىكى مەمۇرىي كەنتلەرنىڭ نامى
## 和田县喀什塔什乡行政村名称

پىيا كەنتى 皮亚
ھاپاندوك كەنت كومىتېتى 阿番多克村委会
ئومشا كەنت كومىتېتى 奥木夏村委会

| | |
|---|---|
| قاراڭغۇتاغ كەنت كومىتېتى | 喀让古塔格村委会 |
| كۆكقايلا كەنت كومىتېتى | 科克喀依拉村委会 |
| قىزىلىيەر كەنت كومىتېتى | 克孜勒也尔村委会 |
| قۇرغاق كەنت كومىتېتى | 库尔尕克村委会 |
| لەڭگەر كەنت كومىتېتى | 兰干村委会 |
| نىساكەنت كومىتېتى | 尼萨村委会 |
| تارساي كەنت كومىتېتى | 塔尔萨依村委会 |
| قوي فېرمىسى كەنتى | 羊场村 |
| تۇزلۇق كەنت كومىتېتى | 吐孜鲁克村委会 |
| قۇمات كەنت كومىتېتى | 库玛特村委会 |

خوتەن ناھىيىسىدە يەنە «باغۋەنچىلىك مەيدانى» ( 园 艺场 ) بار بولۇپ، بۇ جاي باغچى بازىرى تەۋەسىدە. بۇ مەيداندا 209 ئائىلە — 894 نوپۇس، 1750 مو تېرىلغۇ يەر بار.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uygurkitap.com

# قاراقاش ناھىيىسى 墨玉县

قاراقاش ناھىيىسى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي چېتىگە، قاراقۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1122 مېتىردىن 3600 مېتىرگىچە كېلىدۇ. يەر شەكلى جەنۇبىي ئېگىز، شىمالى پەس. جەنۇب تەرىپى قاراقۇرۇم تېغى، شىمالى تەرىپى بوستانلىق ۋە قۇملۇق، تەكلىماكان قۇملۇقىغا يەلپۈگۈچ شەكلىدە سوزۇلغان بولۇپ، خوتەن — قاراقاش — لوپ بوستانلىقىنىڭ بىر قىسمى ھېسابلىنىدۇ. شەرقىي تەرىپىدە قاراقاش دەرياسى پاسىل قىلىنىپ خوتەن، لوپ ناھىيىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. غەرب تەرىپى چۆللۈك ئارقىلىق گۇما ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. جەنۇب تەرىپى قاراقۇرۇم تېغىغا تۇتىشىدۇ. شىمالىي تەرىپى تەكلىماكان قۇملۇقى ئارقىلىق ئاۋات ناھىيىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. ئىرىلغۇ كۆلىمى 520 مىڭ 248 مو كېلىدۇ. شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 45 كىلومېتىردىن 112.5 كىلومېتىرغىچە، جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 319.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. پۈتۈن ناھىيىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 25 مىڭ 624.02 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ناھىيە بازىرى خوتەن شەھىرىگە 24 كىلومېتىر كېلىدۇ.

ناھىيە تەۋەسىدە 15 يېزا، بىر بازار، 364 مەمۇرىي كەنت، 1643 كەنت - مەھەللە (گۇرۇپپا) بار. شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى 14 - دىۋىزىيە 47 - تۈەن - مەيدانىمۇ قاراقاش تەۋەسىدە.

بۇ زېمىندا ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەردىن بولۇپ، 104 مىڭ 440 ئائىلە — 429 مىڭ 160 نوپۇس بار.

قاراقاش زېمىنىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى تىنما تۈزلەڭلىك بولۇپ، مۇھىم دېھقانچىلىق رايونى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ غەربىي قىسمىمۇ تىنما تۈزلەڭلىك، بۇ يەر ناھايىتى كەڭ ئېيتىدائىي توغراقلىق ۋە

يۇلغۇنلۇق. ناھىيە تەۋەسىدە ئىككى دەريا، توققۇز بۇلاق بار. ئومۇمىي ئۆزۈنلۇقى 509 كىلومېتىر. سۇغىرىش مەيدانى 19 مىڭ 983 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان قاراقاش دەرياسىنىڭ يىللىق ئېقىن سۇ مىقدارى 1 مىليارد 458 مىليون 540 كۇب مېتىرغا يېتىدۇ.

قاراقاش ناھىيىسىنىڭ كىلىماتى چوڭ قۇرۇقلۇق كىلىماتىغا مەنسۇپ. ئاساسىي ئالاھىدىلىكى تۆت پەسىل ئېنىق، ئەتىيازدا تېمپېراتۇرا تېز ئۆزگىرىدۇ، كۈزدە تېز تۆۋەنلەيدۇ. ھۆل - يېغىن ئاز، پارغا ئايلىنىشى تېز. كۈن نۇرى تولۇق، قىروسىز مەزگىلى ئۇزۇن، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ، ئەتىياز پەسلىدە بوران كۆپ چىقىدۇ. كۈننىڭ يورۇتۇشى تولۇق، يىللىق يورۇتۇش ۋاقتى 2668.6 سائەت بولۇپ، ئوتتۇرىچە كۈنلۈك يورۇتۇش نىسبىتى 60.3%، قاراقاش ناھىيىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئاساسلىق دېھقانچىلىق رايونىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.6℃، 0℃ تىن چوڭ بولغان يىغىندى تېمپېراتۇرا 4450℃. ھاۋارايى خاتىرىسى قالدۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 1973 - يىل 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى كۆرۈلگەن بولۇپ، 42.7℃ قا يەتكەن. ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا 1968 - يىل 12 - ئاينىڭ 7 - كۈنى كۆرۈلگەن بولۇپ، نۆلدىن تۆۋەن 23.7℃قا چۈشكەن. ھۆل - يېغىن ئىنتايىن ئاز، ئوتتۇرا قىسمىدىكى دېھقانچىلىق رايونىدا ئاران 35.2 مىللىمېتىرغا يېتىدۇ. دېھقانچىلىق رايونلىرىدا ئېقىن سۇغا تايىنىپ يەر سۇغىرىلىدۇ. يېزا ئىگىلىكىدە ھاۋارايىدىكى ئاساسلىق ئاپەتلەردىن قۇم - بوران، ئەتىيازلىق جۇدۇن، ئىسسىق شامال، ئەتىيازدىكى قۇرغاقچىلىق قاتارلىقلار بار. ناھىيە تۇپرىقى: لايلاتما تۇپراق، نەم تۇپراق، شاللىق تۇپراق، لايلاتما قۇم تۇپراق، قوڭۇر قۇم تۇپراق، چىم تۇپراق، قۇم تۇپراق، شور تۇپراق ۋە سازلىق تۇپراقتىن ئىبارەت توققۇز خىلغا بۆلۈنىدۇ. بۇنىڭدىن لايلاتما تۇپراق تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 62.4% نى ئىگىلەيدۇ. ناھىيە تۇپرىقىنىڭ ئوغۇت يەتكۈزۈپ بېرىش ئۆتتۈشچانلىقى ۋە ئىسسىقلىق يەتكۈزۈش شارائىتى بىر قەدەر ياخشى. لېكىن ئوغۇت ۋە سۇ ساقلاش رولى ناچار، يەرلەر شورلۇققا مايىل بولۇپ، ئورگانىك مىقدارى تۆ-

www.uyghurkitap.com

ۋەن، ئازوت ئومۇميۈزلۈك كەم، فوسفور ئىنتايىن ئاز.

ھاۋا كىلىماتى ۋە تەبىئىي شارائىتى تېرىقچىلىق ۋە چارۋىچىلىققا باب كەلگەنلىكتىن، قاراقاش ناھىيىسىنىڭ دېھقانچىلىق، شالچىلىق تارىخى ئۇزۇن بولۇپ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئاساس قىلىنىدۇ. ئاساسلىق ئاشلىق زىرائىتى بۇغداي قەدىمدىن بۇيان جەنۇبتىكى تاغلىق جىلغىدىن تارتىپ شىمالدىكى قۇملۇق بويلىرىغىچە بولغان ئارىلىقلاردا ئۆستۈرۈلۈپ كەلمەكتە. قوناق قاراقاش ناھىيىسىنىڭ ئاساسلىق ئاشلىق زىرائىتى، يەنە بۇ ناھىيە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ئاساسلىق پاختىچىلىق رايونى، شۇنداقلا ئاساسلىق پىلىچىلىك رايونى، قاراقاشلىقلارنىڭ ئۈجمە ئۆستۈرۈپ، پىلە بېقىش تارىخى ئۇزۇن.

قاراقاش ناھىيىسى تەۋەلىكىدە ياۋايى ھايۋانلاردىن: بۆرە، چىلبۆرە، قىزىل تۈلكە، ئاق تۈلكە، بۇلغۇن، يىلپىز، تىبەت ياۋا ئېشىكى، ياۋا قوتاز، ئارقار، كۆكمەت، تاغ ئۆچكىسى، ھىمالايا سۇغۇرى، كۆلرەڭ قۇيرۇقلۇق توشقان، ئۈلار، ئاق بوغۇز بۆكەن، ياۋا ئات، ياۋا توڭگۇز، ياۋا ئۆردەك، كەكلىك، ياۋا تۈلكە، قارا تايغان، بۇغا قاتارلىقلار بار.

ياۋا ئۆسۈملۈكلەردىن: توشقانزەدىكى، قانتېپەر، قار لەيلىسى، رەۋەن، چاكاندا، مەرزەنجۇش، چۇچۇكبۇيا، يەرمەدىكى، ئالقات، قىرىقىز قاتارلىقلار بار.

«قاراقاش» ئۇيغۇرچە سۆز. «قارا» ــ چوڭ، بۈيۈك، زور، كاتتا دېگەن مەنىلەرنى؛ «قاش» ــ ‹قاشتېشى› («تۈركىي تىللار دىۋانى» دىن) نى كۆرسىتىدۇ. بىراق «قاش» سۆزىنىڭ يېقىنقى ئەسىرلەردىن بۇيانقى تىل ئىستېمالىدا دەريا، ئېقىن دېگەن مەنىلىرى بار. بۇ ناھىيىنىڭ ھازىرقى نامى ئەسلىي قاشتېشىدىن ۋە دەريانىڭ نامىدىن كەلگەن بولۇپ، تارىخىي مەنبەلەردە بۇ دەريانىڭ نامى ئەڭ دەسلەپ «تەگلىسۇ» (达利水 dalishui) دەپ خاتىرىلەنگەن. «قاراقاش» ئاتالغۇسى توغرىسىدا خەلق ئارىسىدا بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان مۇنداق ئۈچ خىل قاراش مەۋجۇت بولۇپ كەلمەكتە.

بىر خىلى: خوتەندىن ئەتىگەندە يولغا چىققان كىشى كەچ كىرىپ دەريانىڭ قېشى قارىيىپ كۆرۈنگەندە بۇ جايغا يېتىپ كەلگەنلىكتىن،

دەرياغا «قاراقاش» دەپ نام سىڭىپ قالغان ۋە بۇ نام يۇرتنىڭ نامى بولۇپ قالغانىكەن.

يەنە بىر خىلى: قارا قاشتېشى كۆپ ئۇچرايدىغان بۇ دەريانىڭ بويىدىكى يۇرت — «قاراقاش» دەپ ئاتالغانىكەن.

ئۇچىنچى بىر خىلى: قاراقاشلىقلار ئەتىگەندە خوتەنگە قاراپ يولغا چىقسا، شەرق تەرەپتىكى كۈننىڭ شولىسى ئۇلارنىڭ پېشانىسىنى كۆيدۈرىدىكەن. چۈشتىن كېيىن يۇرتىغا قاراپ يولغا چىقسا، غەرب تەرەپكە ئۆتكەن كۈننىڭ شولىسى ئۇلارنىڭ پېشانىسىنى كۆيدۈرىدىكەن. شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ قارىيىپ قالغان پېشانىسى قېشى بىلەن قوشۇلۇپ «قاراقاش» دەپ ئاتالغانىكەن (قاراقاشلىقلارنىڭ پېشانىسى قارا، لوپلۇقنىڭ گەدىنى قارا، دېگەن تەمسىل شۇ چاغلاردا پەيدا بولغانىكەن).

1762 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە خوتەن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى سەككىز شەھەرنىڭ بىرى بولۇپ، قاراقاش 1913 - يىللارغىچە خوتەننىڭ باشقۇرۇشىدىكى ئالتە بەگلىكنىڭ بىرسى بولغان. بۇ چاغلاردا قاراقاش بەگلىكىدە تۆت مىڭلىك بار ئىدى (1000 ئەتراپىدا ئائىلە ياشايدىغان يۇرتلار — بىر مىڭلىك بولاتتى). كېيىن نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىگە ۋە يۇرتلارنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ ئالتە مىڭلىككە ئاۋۇغان: زاۋا مىڭلىكى (ھازىرقى زاۋا يېزىسىدىكى جايلار)؛ تاغ مىڭلىكى (سايباغ يېزىسىنىڭ تاغلىق ۋە تاغقا يېقىن جايلىرى)؛ بارامسۇيى (بەھرامسۇيى) مىڭلىكى (ھازىرقى ئاقساراي، جاھانباغ، تۇۋەت يېزىلىرىنىڭ ھەم قاراقاش بازىرىنىڭ بىر قىسىم جايلىرى)؛ كۇيا مىڭلىكى (ھازىرقى كۇيا ۋە ئاقساراي يېزىلىرىنىڭ بىر قىسمى)؛ ماكۇي مىڭلىكى (ھازىرقى قويچى، پۇرچاقچى، توخۇلا يېزىلىرى ھەم قاراقاش بازىرىنىڭ بىر قىسمى)؛ قاراساي مىڭلىكى (ھازىرقى قاراساي، ياۋا يېزىلىرى) دىن ئىبارەت.

1919 - يىلى قاراقاش ناھىيىسى تەسىس قىلىنىپ، ئەسلىدىكى ئالتە مىڭلىك كۆپىيىپ 12 مىڭلىككە يەتكەن. بۇلار: يۇقىرى بارامسۇيى مىڭلىكى (ھازىرقى ئاقساراي يېزىسى)؛ تۆۋەن بارامسۇيى مىڭلىكى (تۇۋەت يېزىسى)، بوخۇا مىڭلىكى (يېڭىيەر يېزىسى)؛ يۇقىرى

رى قاياش مىڭلىكى (قاراقاش بازىرىنىڭ كۆپ قىسمى، پۇرچاقچى ۋە توخۇلا يېزىلىرىنىڭ بىر قىسىم جايلىرى)؛ تۆۋەن قاياش مىڭلىكى (قاراقاش بازىرىنىڭ ۋە پۇرچاقچى، ماڭلاي يېزىلىرىنىڭ بىر قىسىم جايلىرى)؛ يۇقىرى ماكۇي مىڭلىكى (توخۇلا يېزىسىنىڭ، قاراقاش بازىرىنىڭ ئاز بىر قىسىم جايلىرى، پۇرچاقچى يېزىسىنىڭ كۆپ قىسمى)؛ تۆۋەن ماكۇي مىڭلىكى (قويچى يېزىسى، پۇرچاقچى يېزىسىنىڭ ئاز بىر قىسمى)؛ يۇقىرى كۇيا مىڭلىكى (ئاقساراي، كۇيا يېزىلىرىنىڭ بىر قىسىم جايلىرى)؛ تۆۋەن كۇيا مىڭلىكى (كۇيا يېزىسىنىڭ كۆپ قىسمى)؛ قاراساي مىڭلىكى؛ ياۋا مىڭلىكى؛ زاۋا مىڭلىكى (زاۋا، سايباغ يېزىلىرى) قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

1937 - يىلى ماخۇسەن خوتەندىن قوغلىۋېتىلگەندىن كېيىن، مىڭلىك تۈزۈمى بىكار قىلىنىپ، رايون، كەنت تۈزۈمى ئورنىتىلىپ، قاراقاشتا سەككىز رايون ۋە 65 كەنت تەسىس قىلىنىپ رايون ۋە كەنت باشلىقلىرى تەيىنلەنگەن.

1944 - يىلىدىن كېيىن ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بۇرۇنقى سەككىز رايوننى سەككىز يېزا - بازارغا ئايرىپ بىۋاسىتە باشقۇرغان.

1948 - يىلىدىن كېيىن، بۇرۇنقى سەككىز يېزا - بازار بىرلەشتۈرۈلۈپ بىر بازار، 12 يېزا، 88 كەنت تەسىس قىلىنغان.

قاراقاش ناھىيىسىنىڭ قاتنىشى ئىنتايىن قۇلايلىق بولۇپ، 315 - دۆلەت تاشيولى ناھىيە چېگرىسىنى كېسىپ ئۆتۈپ، غەربتە قەشقەرگە بارىدۇ، شەرقتە خوتەنگە تۇتىشىدۇ. خوتەن خەلقئارا ئايرودرومى بىلەن بىر دەريا ئارقىلىقلا بۆلۈنۈپ تۇرغاچقا، ئۆزگىچە ئەۋزەللىككە ئىگە بولۇپ، غەربتە كەڭ كەتكەن قۇم بارخانلىرى، شەرقتە يىراقلارغا يىلان باغرى سوزۇلغان قاشتېشى دەرياسى بار. ئۇنىڭدىن باشقا مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە چىنار دەرىخىنى مەركەز قىلىپ قۇرۇلغان باغچا، شاخلىق قورۇقى، مازارتاغ قەلئەسى قاتارلىق مەدەنىيەت مىراسلىرى بار.

تۆۋەندە قاراقاش ناھىيە تەۋەلىكىدىكى بازار - يېزىلارنىڭ مەمۇرىي، جۇغراپىيىۋى ئەھۋاللىرى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلىدۇ.

# قاراقاش بازىرى 喀拉喀什镇

قاراقاش بازىرى قاراقاش ناھىيىسى ئوتتۇرا قىسمىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان بولۇپ، بازارلىق ھۆكۈمەت ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىدىكى شىلان مەھەللىسىدە. قاراقاش بازىرى ناھىيىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، سودا، مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ، ج ك پ قاراقاش ناھىيىلىك كومىتېتى، خەلق قۇرۇلتىيى قاراقاش ناھىيىلىك كومىتېتى، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى، سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى قاراقاش ناھىيىلىك كومىتېتى قاتارلىق ئورگانلار، ناھىيىگە قاراشلىق ئىدارە - بۆلۈملەر، كەسپىي ئورۇنلار، مەكتەپلەر مۇشۇ بازارغا جايلاشقان.

بازارنىڭ شەرقى قاراقاش دەرياسى بىلەن، شەرقىي شىمالى قىسمى تۆۋەت يېزىسى بىلەن، جەنۇبىي قىسمى جاھانباغ ۋە توخۇلا يېزىلىرى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. غەربىي قىسمى ماڭلاي يېزىسى بىلەن قوشنا. زېمىنى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 79°43′ - 79°45′ قا، شىمالىي كەڭلىك 37°15′ - 37°18′ قا توغرا كېلىدۇ. تۇپرىقى مۇنبەت، سۈيى مول، ئۆيلەر زىچ، يېرى ئاز، ھەر خىل ھۈنەرۋەن - تىجارەتچىلەر كۆپ ئاۋات يۇرتدۇر. بۇ بازاردىكى 22 كەنت (ئاھالە) كومىتېتى، 90 مەھەللە (ئاھالە) گۇرۇپپىسىدا 8101 ئائىلە — 34 مىڭ 387 نوپۇس بار.

قاراقاش بازىرى 1700 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە بەھرام سۈيى مىڭلىكى (بەھرام سۈيى ئۆستىڭىدىن سۇ ئىچىدىغان يۇرتلار) غا تەۋە بولۇپ، نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشىگە، يۇرتلارنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، 1919 - يىلىدىن كېيىن قاياش مىڭلىكى تەسىس قىلىنغان ئىكەن. 1937 - يىلىدىن كېيىن 1 - رايوننى ۋە 3 - رايوننىڭ بىر قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. 1944 - يىلىدىن كېيىن، «ھاياتلىق بازىرى»، «قۇرۇلۇش بازىرى»، «شادلىق يېزىسى»، «ئېسىللەر

www.uyghurkitap.com

يېزىسى» دىن ئىبارەت ئىككى بازار، ئىككى يېزا بولدى. 1948 - يىلىدىن كېيىن بىرلەشتۈرۈلۈپ هاياتلىق بازىرى — شادلىق يېزىسى بولدى. 1949 - يىلىدىن كېيىن 1 - رايوننى ۋە ناھىيە بازىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. 1958 - يىلى «1 - ماي» خەلق كوممۇنىسى قۇرۇلۇپ 1978 - يىلى قاپاقلا كوممۇنىسى دەپ ئاتالدى. 1984 - يىلى تۆۋەت كوممۇنىسىدىن ئالتە چوڭ ئەترەت، توخۇلا كوممۇنىسىدىن بىر چوڭ ئەترەت قوشۇلۇپ قاراقاش بازىرى تەسىس قىلىندى.

قاراقاش بازىرىنىڭ شەرقى قاراقاش دەرياسىغا تۇتىشىپ، قاراقاش ناھىيە بازىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بازارنىڭ كۆپ قىسمى قاراقاش دەرياسىنىڭ تىنما تۈزلەڭلىكتىكى قەدىمىي بوستانلىقتا جايلاشقان، بىر قىسىم زېمىنلىرى دەريانىڭ غەربىي ساھىلىدىكى شاللىقتىن ئىبارەت بولۇپ، قاراقاش ناھىيىسىنىڭ پاختا ۋە ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش رايو- نى. بازارنىڭ كىلىماتى قۇرۇقلۇق تىپىدىكى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرغاق رايونىغا كىرىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.6℃، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 42.7℃، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا 23.7℃ بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 36 ـ 37 مىللىمې- تىر، يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2239.1 مىللىمې- تىر. يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىل 196 كۈن. تېرىلغۇ يېرى 20 مىڭ 374 مو بولۇپ، ئاساسلىق زىرائەتلەردىن كۆممىقوناق، بۇغداي، مايلىقدان، شال تېرىلىدۇ. شۇنداقلا ئۈزۈم، قوغۇن قاتارلىق ئالاھىدە مەھسۇلاتلار ئۆستۈرۈلىدۇ.

## قاراقاش بازىرى تەۋەلىكىدىكى مەمۇرىي كەنت ۋە تەبىئىي كەنتلەرنىڭ نامى
## 墨玉县喀拉喀什镇行政村和自然村名称

قاراقاش ناھىيە شەھەر ئىچى 墨玉县城

| | |
|---|---|
| چىنە باغ | 其乃巴格街 |
| گۇزە | 古再街 |
| يىپ بازىرى | 依甫巴扎 |
| قۇملۇق | 库木洛克 |
| قاراقاش بازىرى | 喀拉喀什镇 |
| قاپاقلا كەنت كومىتېتى | 喀帕克拉村委会 |
| شىلان مەھەللە | 希兰买里 |
| سۇڭگۇچ مەھەللە | 松古奇买里 |
| باخشى مەھەللە | 巴合西买里 |
| تۆۋەن قاپاقلا كەنت كومىتېتى | 托万喀帕克拉村委会 |
| دۆڭئېرىق | 墩艾日克买里 |
| قاغا مەھەللە | 喀尕买里 |
| ئاياغ چىنەباغ كەنت كومىتېتى | 阿亚格其乃巴格村委会 |
| چىگىت مەھەللە | 其给特买里 |
| قازان كەنت كومىتېتى | 喀赞村委会 |
| قوشئېرىق | 阔什艾日克买里 |
| چاقچۇق مەھەللە | 恰克求克买里 |
| ئايلا مەھەللە | 阿依拉买里 |
| قارا باغ كەنت كومىتېتى | 喀拉巴格村委会 |
| پور مەھەللە | 伯日买里 |
| چۆنەك مەھەللە | 曲乃克买里 |
| گۇدۇڭ مەھەللە | 古冬买里 |
| پوراكەنت كومىتېتى | 波热村委会 |
| پاشا مەھەللە | 帕夏买里 |
| چورۇقلا كەنت كومىتېتى | 乔如克拉村委会 |
| ياغچى مەھەللە | 亚格其买里 |
| چەكمەن مەھەللە | 且克满买里 |
| توخا مەھەللە | 吐哈买里 |
| قۇلاق مەھەللە | 库拉克买里 |
| كاساڭ مەھەللە | 喀桑买里 |

www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| 瓦拉克买里 | ۋاراق مەھەللە |
| 库冬村委会 | كۆدۈڭ كەنت كومىتېتى |
| 帕恰克买里 | پاچاق مەھەللە |
| 吐外特艾日克村委会 | تۆۋەتئېرىق كەنت كومىتېتى |
| 冬巴克买里 | دۆمباق مەھەللە |
| 阿亚格阿特巴什村委会 | ئاياغ ئاتباش كەنت كومىتېتى |
| 多克买里 | دوك مەھەللە |
| 松盖其买里 | سۆڭگەچ مەھەللە |
| 阿特巴什村委会 | ئاتباش كەنت كومىتېتى |
| 安江买里 | ئەنجان مەھەللە |
| 奥依艾日克买里 | ئويئېرىق مەھەللە |
| 阿热巴格村委会 | ئاراباغ كەنت كومىتېتى |
| 布再克买里 | بوزەك مەھەللە |
| 英协海尔村委会 | يېڭىشەھەر كەنت كومىتېتى |
| 墩阔恰 | دۆڭ كوچا |
| 阔纳协海尔村委会 | كونا شەھەر كەنت كومىتېتى |
| 阿娜尔巴扎 | ئاناربازىرى |
| 墩买里 | دۆڭ مەھەللە |
| 塔那依贝希村委会 | تانايبېشى كەنت كومىتېتى |
| 古则勒买里 | گۆزەل مەھەللە |
| 吾依巴格村委会 | ئويباغ كەنت كومىتېتى |
| 墩吾依巴格买里 | دۆڭئۆي باغ مەھەللە |
| 硝尔鲁克买里 | شورلۇق مەھەللە |
| 克日米其村委会 | قىرىمچى كەنت كومىتېتى |
| 协依赫买里 | شەيخ مەھەللە |
| 斯孜村委会 | سىزى كەنت كومىتېتى |
| 喀木喀克拉买里 | قامغاقلا مەھەللە |
| 喀塔买里 | قاتار مەھەللە |
| 墩恰喀尔买里 | دۆڭچاقار مەھەللە |
| 巴什兰干村委会 | باشلەڭگەر كەنت كومىتېتى |

| | |
|---|---|
| قالغاچ مەھەللە | 喀勒尕其买里 |
| قۇشقاچ مەھەللە | 阔什喀其买里 |
| باي مەھەللە | 巴依买里 |

# توخۇلا يېزىسى 托胡拉乡

توخۇلا يېزىسى قاراقاش ناھىيىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، شەرقتە جاھانباغ، جەنۇبتا ئاقساراي، كۇيا، غەربتە ماڭلاي يېزىلىرى، شىمالدا قاراقاش بازىرى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. جەنۇبتىن شىمالغا تۇخۇم شەكلىدە سەل - پەل سوزۇلغان تەكشى يېشىللىقتۇر. «توخۇلا» دېگەن نام توغرىسىدا يەرلىك كىشىلەر: بۇ يەرنىڭ بازىرىدا توخۇ كۆپ سېتىلغانلىقتىن، «توخۇلار بازىرى» دەپ ئاتالغان دېيىشىدۇ. بىراق، تۈركولوگلار بۇ نامنى «توخار» — «توخرى» نىڭ ئۆزگىرىشى دەپ قارايدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ھارۋا» (ئارابە) نى «قاڭقى» دەيتتى. بۇ قاتناش قورالىنى ئۇيغۇرلار كەشىپ قىلغىنى ئۈچۈن، ئۇيغۇرلارنىڭ مەلۇم قوۋملىرىنى قوشنا قوۋملار «توخرىلار» دەپ ئاتىغان. قەدىمكى ئالتاي تىللىرىدىن «دۇڭ خۇ» (شەرقىي غۇز) تىلىدا «ھارۋا» نى «توخرى» دەيدۇ. غەربكە كۆچۈپ ھاكىمىيەت قۇرغان ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمىنى غەربىي ئەللەر «توخار» (توغرىسى «تــوخرى») دەپ ئاتىغان. 10 ـ ئەسىردىكى تۇرپان ۋەسىقىلىرىدە «توخرى تىلى» ئۇچرايدۇ[①]. يىراق زامانلاردىن تارتىپ بۇ جايدا بازار ھەپتىنىڭ تۆتىنچى كۈنى قىزىغانلىقتىن، يەنە «پەيشەنبە بازار» دەپمۇ ئاتالغان.

توخۇلا يــېزىســىدا 4 مىڭ 684 ئــائــىلــە، 17 مــىــڭ 827 نــوپۇس — بىر بازار، 11 كەنت كومىتېتى 42 كەنت - مەھەللىدە ياشايدۇ.

بۇ يەر 1800 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە جەنۇبىي قىسمى ماكۇيا مىڭلىكىگە، شىمالىي قىسمى بەھرامسۇيى مىڭلىكىگە تەۋە بولغان.

---

① ئىمىن تۇرسۇن: «تارىمدىن تامچە»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1990 ـ يىل نەشرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ناھىيە تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن غەربىي قىسمى باش بەھرامسۇيى مىڭلىكىگە، شەرق قىسمى باش قاياش مىڭلىكىگە تەۋە بولغان. 1937 - يىلىدىن كېيىن 1 - رايون، 1944 - يىلىدىن كېيىن مەركىزىي بازار ۋە «مولچىلىق يېزىسى» بولغان. 1948 - يىلىدىن كېيىن «ھاياتلىق بازىرى»، «شادلىق يېزىسى»غا تەۋە بولغان. 1950 - يىلىدىن كېيىن كۆپ قىسمى 11 - رايونغا، ئاز بىر قىسمى 1 - رايونغا تەۋە بولدى. 1956 - يىلىدىن كېيىن 10 - رايون بولدى. 1958 - يىلى «يۇقىرى ئۆرلەش» خەلق كوممۇنىسى (گوڭشې) قۇرۇلدى. 1978 - يىلى توخۇلا كوممۇنىسى، 1984 - يىلى توخۇلا يېزىسى دەپ ئاتالدى (سەككىز كەنتى جاھانباغ، ماڭلاي يېزىلىرىغا ۋە قاراقاش بازىرىغا تەۋە بولدى).

توخۇلا يېزىسى قاراقاش ناھىيىسى كەلكۈن لاتقا تۈزلەڭلىكى بوستانلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، 17 مىڭ 43 مو تېرىلغۇ يەر بار. تۇپرىقى شال (گۈرۈچ) ئۆستۈرۈشكە ماس كېلىدۇ، غەربىي قىسمى سۇغىرىلىدىغان تۇپراقتىن ئىبارەت. بۇ يېزىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.6℃، قۇياشنىڭ يىللىق يورۇتۇش ۋاقتى 2650 – 2700 سائەت بولۇپ، قىروسىز مەزگىلى 190 كۈن ئەتراپىدا، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 35 مىللىمېتىر ئەتراپىدا. يېزىنىڭ زېمىنى تۈزلەڭلىك بولۇپ، سۈيى ئەلۈەك، تېرىلغۇ تارىخى ئۇزۇن. قاراقاش ناھىيىسىنىڭ ئاساسلىق پاختا، ئاشلىق ۋە شال ئىشلەپچىقىرىش رايونى ھېسابلىنىدۇ.

## توخۇلا يېزا تەۋەلىكىدىكى مەمۇرىي كەنت ۋە ئاساسلىق تەبىئىي كەنتلەرنىڭ نامى
## 墨玉县托胡拉乡行政村和自然村名称

| | |
|---|---|
| توخۇلا بازار | 托胡拉巴扎 |
| قارىمان كەنت كومىتېتى | 喀热满村委会 |
| جىن مەھەللە | 津买里 |
| شورلۇق مەھەللە | 硝尔鲁克买里 |

| | |
|---|---|
| خالاپ مەھەللە | 哈拉甫买里 |
| تۇلۇم مەھەللە | 吐鲁姆买里 |
| تاشكەنت كەنت كومىتېتى | 塔什坎特村委会 |
| تاشكەنت مەھەللە | 塔什坎特买里 |
| زەگەر مەھەللە | 再盖买里 |
| بوغۇچچى كەنت كومىتېتى | 布古其村委会 |
| بورا مەھەللە | 博热买里 |
| تايلاق مەھەللە | 塔依拉克买里 |
| كوشۇك مەھەللە | 库休克买里 |
| دوك مەھەللە | 多克买里 |
| بارتلا كەنت كومىتېتى | 巴热特拉村委会 |
| شاڭ مەھەللە | 乡买里 |
| پاختەك مەھەللە | 帕合特克买里 |
| كۇتىۋال مەھەللە | 库提瓦勒买里 |
| بورچى كەنت كومىتېتى | 包日其村委会 |
| ناغرا مەھەللە | 纳格拉买里 |
| كوچۇك مەھەللە | 库求克买里 |
| گورا كەنت كومىتېتى | 古热村委会 |
| قاپاق ئايمىقى | 喀帕克阿依马克 |
| خالتا ئايمىقى | 哈勒塔阿依马克 |
| شائايمىقى | 夏阿依马克 |
| بازاربويى كەنت كومىتېتى | 巴扎布依村委会 |
| بېگىملا مەھەللە | 比盖木拉买里 |
| گورا مەھەللە | 古热买里 |
| توخۇلا كەنت كومىتېتى | 托胡拉村委会 |
| سوزماق مەھەللە | 索孜马克买里 |
| يېڭىباغ كەنت كومىتېتى | 英巴格村委会 |
| پاكار مەھەللە | 帕喀尔买里 |
| تەلپەك مەھەللە | 特勒派克买里 |
| قاراتام كەنت كومىتېتى | 喀拉塔木村委会 |

www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| قالماق مەھەللە | 喀勒马克买里 |
| گوش مەھەللە | 果什买里 |
| قۇلاق مەھەللە | 库拉克买里 |
| تېكە مەھەللە | 铁克买里 |

## زاۋا يېزىسى 扎瓦乡

زاۋا يېزىسى قاراقاش ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، ئاقساراي، سايباغ، ئۈرچى، كۆيا يېزىلىرى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. زېمىنى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 79°38′ — 79°34′ قا، شىمالىي كەڭلىك 37°17′ — 37°10′ قا توغرا كېلىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1315 — 1350 مېتىر. زېمىنى جەنۇبتىن شىمالغا 14 كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكە 5.5 كىلومېتىر. يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى خوتەن - قەشقەر تاشيول بويىغا جايلاشقان بولۇپ، 10 مىڭ 534 ئائىلە — 45 مىڭ 485 نوپۇسقا ئىگە. تەۋەلىكىدە 34 كەنت كومىتېتى، 161 مەھەللە گۇرۇپپىسى بار. ناھىيە مەركىزى بىلەن بولغان مۇساپىسى 11 كىلومېتىر كېلىدۇ.

قاراقاش ناھىيىسى تەسىس قىلىنىشىنىڭ ئالدى - كەينىدە زاۋا مىڭلىكى خوتەننىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇشىدىكى جاي بولۇپ، ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئورگانلار قۇرۇلغان ھەم خوتەننىڭ دەرۋازىسى بولغان. 1937 - يىلىدىن كېيىن قاراقاش ناھىيىسىنىڭ 6 - رايونى ۋە 8 - رايونىنىڭ بىر قىسمى بولغان. 1944 - يىلدىن كېيىن «قاتناش يېزىسى» «باي يېزىسى» ۋە «ئىلگىرىلەش يېزىسى» غا ئايرىلدى. 1948 - يىلى «قاتناش يېزىسى»، ئازادلىقتىن كېيىن 4 - رايون بولۇپ، يار بېشى، قۇمئېرىق، باشاقچى، ئۆتەڭ، باشئۈرچى، ئۈرچى، جايتېرەكتىن ئىبارەت يەتتە يېزىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى.

1958 - يىلى 3 - ۋە 4 - رايون بىرلەشتۈرۈلۈپ «جىددىي ئىلگىرىلەش» كوممۇنىسى قۇرۇلدى (1962 - يىلى ئەسلىدىكى 3 - رايون بۆلۈنۈپ «ئالغا» كوممۇنىسى قۇرۇلدى). 1978 - يىلى زاۋا

كوممۇنىسى، 1984 - يىلى زاۋا يېزىسى دەپ ئاتالدى.

زاۋا توغرىسىدا تارىخىي مەنبەلەر ۋە خەلق ئارىسىدىكى بىر قىسىم رىۋايەتلەردىن مەلۇم بولۇشىچە: قەدىمكى ئىران شاھزادىسى سىياۋۇش كېرىيە دۆلىتىگە كېلىپ پادىشاھ ئابدۇللا شاپۇرغا كۈيئوغۇل بولغان ھەم كېرىيە دۆلىتىنىڭ بىر قىسىم جايلىرىنى باشقۇرغانىكەن. قەدىمكى ئىراندىن كەلگەن زاۋار ئىسىملىك بىر كىشى سىياۋۇشنىڭ يۇرت باشقۇرۇشىغا ۋە بۇ يەردە ئۆستەڭ قېزىشىغا ھەمكارلاشقانىكەن. بۇ كىشىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ئۆستەڭنى ئۇنىڭ ئىسمى بىلەن «زاۋار» دەپ ئاتاشقانىكەن. بۈگۈنكى زاۋا دېگەن يەر نامى ئەنە شۇ «زاۋار» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققانىكەن.

بەزى كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە: زاۋا دېگەن سۆز — چەت، ياقا، بۇرجەك دېگەن مەنىدىكى «زابا» (ئەرەبچە) دېگەن سۆزدىن تىلىمىزغا ئۆزلەشكەن تەلەپپۇز ئىكەن. ئېنىقكى «زاۋا» سۆزى قەدىمكى خوتەن تىلىدا «زاۋيا» «زابا» دېيىلىپ، «خىلۋەت جاي»، «خانىقا» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن، ۋەتەنپەرۋەر لىن زېشۈي شىنجاڭغا سۈرگۈن قىلىنىپ، شىنجاڭنى ئايلىنىش سەپىرىدە زاۋادا ئىككى كېچە قونغان ۋە خاتىرىسىگە: «زاۋانىڭ تېرەكلىرى يىراقتىن كۆرۈنىدۇ. ئادەملىرى ئېگىز بوي ۋە چېلىشخۇمار، تۇپرىقى يۇمشاق» دەپ يازغان.

ئۆز دەۋرىنىڭ مەشھۇر شائىرى تەجەللىنىڭ بۇ يۇرتقا كېلىشۋاتقاندىلىقىنى ئاڭلاپ قاراقاشنىڭ ئالىم - ئۆلىمالىرىدىن ئون نەچچە كىشى ئۇنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن زاۋىغا چىقىپتۇ. شۇ يەردە بولغان بىر قېتىملىق مۇتالىئەدە باشقىلار ئۇنى شېئىر ئوقۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىپتۇ. تەجەللى ئوقۇغان شېئىرىدا:

«ئۇندا دەردلەرگە دەۋا بار بۇندا ھاجەتلەر راۋا،
ياخشىراقتۇر بەلىخ، بۇخارادىن زاۋا.»

دېگەن مىسرالارمۇ بار ئىكەن.

زاۋا يېزىسىنىڭ يەر شەكلى جەنۇبتىن شىمالغا قىيسايغان بولۇپ، جەنۇبىي قىسمى ئېگىز - پەس. تۇپراق قاتلىمى بىر قەدەر نېپىز، يەر ئاستى سۇ ئورنى تۆۋەن. شىمالىي قىسمى تۈز، تۇپراق قاتلىمى

www.uyghurkitap.com

قىلىن، لېكىن يەر ئاستى سۇ ئورنى بىر قەدەر ئېگىز، تۇپراقنىڭ ئىككىلەمچى شورلىشىشى كۆپرەك. 1 - ئايدىكى تېمپېراتۇرىسى 6.3℃-، 7 - ئايدىكى تېمپېراتۇرىسى 27.6℃ بولۇپ، ئوتتۇرىچە يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 35 مىللىمېتىر ئەتراپىدا. يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2239 مىللىمېتىر ئەتراپىدا، قىرورسىز مەزگىلى 190 كۈن ئەتراپىدا. تەبىئىي شارائىتى بىر قەدەر ياخشى، قۇياش نۇرى يېتەرلىك، ئىسسىقلىق مەنبەسى مول، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ، تېرىلغۇ كۆلىمى 52 مىڭ 710 مو. بۇ يېزىدا ئاساسلىق بۇغداي، كۆممىقوناق، كېۋەز، مايلىق دان، قوغۇن - تاۋۇز تېرىلىشتىن سىرت، يەنە ئۈجمە ئۆستۈرۈپ پىلە ئىشلەپچىقىرىلىدۇ.

## زاۋا يېزا تەۋەلىكىدىكى مەمۇرىي كەنت ۋە ئاساسلىق تەبىئىي كەنتلەرنىڭ نامى
## 墨玉县扎瓦乡行政村和自然村名称

| | |
|---|---|
| قوقان كەنت كومىتېتى | 阔坎村委会 |
| قوقان مەھەللە | 阔坎买里 |
| ياربېشى كەنت كومىتېتى | 亚贝希村委会 |
| ياربېشى مەھەللە | 亚贝希买里 |
| شاخلىق كەنت كومىتېتى | 夏赫勒克村委会 |
| ئېگىز ئېرىق كەنت كومىتېتى | 依格孜艾日克村委会 |
| تۇلكە ئۆۋىسى | 吐勒开奥维斯 |
| لەڭگەر كەنت كومىتېتى | 兰干村委会 |
| لەڭگەر مەھەللە | 兰干买里 |
| شەھىدان كەنت كومىتېتى | 谢依旦村委会 |
| تىغۋەن مەھەللە | 特格万买里 |
| توغراقمازار كەنت كومىتېتى | 托格拉克麻扎村委会 |
| جىگدە ئېرىق مەھەللە | 吉格代艾日克买里 |
| قۇمئېرىق كەنت كومىتېتى | 库木艾日克村委会 |

| | |
|---|---|
| تۆۋەن لەڭگەر مەھەللە | 托万兰干买里 |
| ساينۇغوچ كەنت كومىتېتى | 萨依奴呼其村委会 |
| ساينۇغوچ مەھەللە | 萨依奴呼其买里 |
| مىلا مەھەللە | 米拉买里 |
| كۆتەمە كەنت كومىتېتى | 库台玛村委会 |
| كۆتەمەئېرىق مەھەللە | 库台玛艾日克买里 |
| زاۋا كەنت كومىتېتى | 扎瓦村委会 |
| شورلۇقئېرىق كەنت كومىتېتى | 硝尔鲁克艾日克村委会 |
| كوتەكئېرىق كەنت كومىتېتى | 库台克艾日克村委会 |
| كوتەكئېرىق مەھەللە | 库台克艾日克买里 |
| هويلا ئېرىق كەنت كومىتېتى | 霍依拉艾日克村委会 |
| لەڭگەر ئېرىق مەھەللە | 兰干艾日克买里 |
| ئاراغول كەنت كومىتېتى | 阿热果勒村委会 |
| ئاراغول مەھەللە | 阿热果勒买里 |
| باشاقچى كەنت كومىتېتى | 巴夏克齐村委会 |
| كىچىك ماندا | 克其克芒达 |
| كولئېرىق كەنت كومىتېتى | 库勒艾日克村委会 |
| زەدەك ئېرىق | 孜代克艾日克 |
| بۇغدايئېرىق كەنت كومىتېتى | 博格达依艾日克村委会 |
| دۆڭئېرىق | 墩艾日克 |
| خېنى كەنت كومىتېتى | 赫尼村委会 |
| تېرەكئايلا كەنت كومىتېتى | 铁热克阿依拉村委会 |
| تېرەكئايلا مەھەللە | 铁热克阿依拉买里 |
| ئۆتەڭ كەنت كومىتېتى | 吾堂村委会 |
| ئۆتەڭ مەھەللە | 吾堂买里 |
| ئۈجمە ئايلا كەنت كومىتېتى | 玉吉买阿依拉村委会 |
| ئۈجمە ئايلا مەھەللە | 玉吉买阿依拉买里 |
| يېڭىئۆستەڭ كەنت كومىتېتى | 英吾斯塘村委会 |
| لەڭگەر مەھەللە | 兰干买里 |
| مازار ئايلا كەنت كومىتېتى | 麻扎阿依拉村委会 |

www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| 麻扎阿依拉买里 | مازار ئايلا مەھەللە |
| 加依铁热克村委会 | جايتېرەك كەنت كومىتېتى |
| 铁热克艾日克买里 | تېرەكئېرىق مەھەللە |
| 喀拉买里 | كالا مەھەللە |
| 托盖买里 | تۆگە مەھەللە |
| 托盖托格拉克村委会 | تۆگىتوغراق كەنت كومىتېتى |
| 博克买里 | بوك مەھەللە |
| 托盖托格拉克买里 | تۆگىتوغراق مەھەللە |
| 吉也克买里 | جىيەك مەھەللە |
| 乔坎吉勒尕村委会 | چوكانجىلغا كەنت كومىتېتى |
| 奥尔太克买里 | غۇرتەك مەھەللە |
| 乔坎吉勒尕买里 | چوكانجىلغا مەھەللە |
| 巴什乌尔其村委会 | باش ئۇرچى كەنت كومىتېتى |
| 墩艾日克买里 | دۆڭئېرىق مەھەللە |
| 喀哈纳买里 | كارخانا مەھەللە |
| 布勒买买里 | بۇلۇمە مەھەللە |
| 沙布隆买里 | سابۇلۇڭ مەھەللە |
| 托甫恰村委会 | توپچا كەنت كومىتېتى |
| 托甫恰买里 | توپچا مەھەللە |
| 胡木旦村委会 | خۇمدان كەنت كومىتېتى |
| 帕藏买里 | پازاك مەھەللە |
| 朱如甫开什买里 | جورۇپكەش مەھەللە |
| 巴当买里 | باداڭ مەھەللە |
| 塔坎纳买里 | تاكان مەھەللە |
| 吾尔其村委会 | ئۇرچى كەنت كومىتېتى |
| 奎牙买里 | كۇيا مەھەللە |
| 巴拉木苏依村委会 | بارامسۇيى كەنت كومىتېتى |
| 巴拉木苏依买里 | بارامسۇيى مەھەللە |
| 喀什博依村委会 | قاشبۇيى كەنت كومىتېتى |
| 喀克勒克买里 | قاقلىق مەھەللە |

# ئاقساراي يېزىسى 阿克萨拉依乡

ئاقساراي يېزىسى قاراقاش ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، غەربتىن شەرققە كەڭلىكى بەش كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 12 كىلومېتىر، ئومۇمىي دائىرىسى 60 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. شىمالىدا ماڭلاي، كۇيا، غەربتە زاۋا، غەربىي جەنۇبتا سايباغ، شەرقتە جاھانباغ يېزىلىرى بىلەن ۋە قاراقاش دەرياسى بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ. ناھىيە بازىرىغا 13 كىلومېتىر كېلىدۇ. 6542 ئائىلە — 24 مىڭ 106 نوپۇسقا ئىگە بۇ يېزىنىڭ تەۋەلىكىدە 23 كەنت كومىتېتى، 98 مەمۇرىي مەھەللە گۇرۇپپىسى بار.

ئاقساراي يېزىسىنىڭ زېمىنى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 79°43′ - 79°34′ قا، شىمالىي كەڭلىك 37°13′ - 37°05′ قا توغرا كېلىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1335 - 1400 مېتىر بولۇپ، يەر يۈزىنىڭ جەنۇبى ئېگىز، شىمالى پەس. شىمالىي قىسمى كەڭ، جەنۇبىي قىسمى تار بولۇپ، تەتۈر ئۇچبۇلۇڭ شەكلىگە ئوخشايدۇ.

يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى ئورگىنى ئاربباغ كەنتىگە جايلاشقان بولسىمۇ، نەچچە يۈز يىللاردىن بۇيان يىراق - يېقىنلارغا تونۇلغان مەشھۇر يۇرت ئاقسارايىنىڭ نامى بۇ يېزىنىڭ ئىسمى قىلىنغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئىلگىرى بۇ يەر بىر جەزىرە بولۇپ، «ئاقساي» (گىياھ ئۈنمەيدىغان يەر) دەپ ئاتالغان. كېيىن كىشىلەر بىر - بىرلەپ ئولتۇراقلىشىپ ئاۋاتلاشقان ھەمدە ھازىرقى بوستانلىققا ئايلانغان. كىشىلەر بۇ يەردە ئايۋان - سارايلىق ئۆيلەرنى سالغان ھەمدە بۇ يەرنىڭ جاپالىق ئۆتمۈشىنى نەزەردە تۇتۇپ «ئاقساراي» دەپ ئاتاشقان.

بۇ يېزىنىڭ دائىرىسى 1920 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە بەھرام-

www.uyghurkitap.com

سۈيى مەڭلىكىگە تەۋە بولۇپ، 1936 - يىلىدىن كېيىن كۆپ قىسمى 1 - رايونغا، ئاز بىر قىسمى 6 - رايونغا تەۋە بولدى. 1944 - يىلىدىن كېيىن ئاساسىي قىسمى «پەزىلەت» يېزىسىغا، كىچىك بىر قىسمى «مولچىلىق» يېزىسىغا تەۋە بولدى. 1948 - يىلى بىرلىككە كېلىپ «پەزىلەت» يېزىسى بولدى. 1950 - يىلىدىن كېيىن 2 - رايون بولۇپ، ئاقساراي، چوناقلا، ئېلىشبېشى، گۈلباغ، قۇمباغدىن ئىبارەت ئالتە يېزىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. 1956 - يىلى 1 - رايوندىن ئىشقىلا، 11 - رايوندىن ئۆزۈنئېرىق 2 - رايونغا تەۋە قىلىپ سەككىز يېزىغا كۆپەيگەن. 1958 - يىلى «سەكرەش» كوممۇنىسى، 1978 - يىلى «ئاقساراي» كوممۇنىسى، 1984 - يىلىدىن ئېتىبارەن «ئاقساراي يېزىسى» دەپ ئاتالدى.

بەھرامسۈيى، ماكۇي، كۇيا، زاۋا ئۆستەڭلىرىنىڭ بۇ يېزا دائىرىسىدىن كېسىپ ئۆتكەنلىكى، بۇ يېزىنىڭ ئېتىز - ئېرىقلارنى پىلانلاش، رەتلەش ئىشلىرىغا بەلگىلىك ئوڭۇشسىزلىقلارنى كەلتۈرگەن بولسىمۇ، ئەمگەكچان ئاقساراي خەلقى ئېتىزلىقلارنى سالالاشتۇرۇش، سۇغىرىشنى يۈرۈشلەشتۈرۈش بىلەن يىلمۇ يىل شۇغۇللىنىپ، سۇ مەنبەسى مول بولغان پايدىلىق ئىمكانىيەتنى ياراتتى.

ئاقساراي يېزىسىنىڭ تۇپرىقى لاتقىلاشقان تۇپراق بولۇپ، 25 مىڭ 686 مو ئەتراپىدىكى تېرىلغۇ يەرنىڭ شەرقىي شىمالى قىسمى شالىلىق. بۇ يەرنىڭ كىلىماتى چوڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرغاق رايونغا تەۋە. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.44℃، ھۆل - يېغىن مىقدارى 35 مىللىمېتىر ئەتراپىدا، قىرووسىز مەزگىلى 190 كۈن ئەتراپىدا. بۇ يېزىنىڭ تەبىئىي يېزا ئىگىلىك مۇھىتى قاراقاش ناھىيىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى باشقا يېزىلارغا يەتمەيدۇ، بىراق يېقىنقى يىللاردا ئېلىپ بېرىلغان يېزا ئىگىلىك مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنىڭ زور قەدەمدە ئېلىپ بېرىلىشى بىلەن، شارائىتىدا زور ئۆزگىرىشلەر بولۇپ، يەرلىرى تەپتەكشى، ئورمانلىرى بۇك - باراقسان، ئېرىق - ئۆستەڭلىرى يۈرۈشلەشكەن مەنزىرە ۋۇجۇدقا

كەلدى. بىر ئەسىرگە يېقىن تارىخقا ئىگە داڭدار «قەدىمىي چىنار» دەرىخى مۇشۇ يېزىنىڭ گۈلباغ كەنتىدە. بۇ دەرەخنىڭ ئېگىزلىكى 30 مېتىر، بۇ دەرەخ ھازىرمۇ شاخلاپ باراقسانلىشىۋاتىدۇ ھەمدە چىنارنى مەركەز قىلغان ساياھەت باغچىسى بەرپا قىلىنىپ، ئۆزگىچە ساياھەت مەنزىرىسى شەكىللەندى.

## ئاقساراي يېزا تەۋەلىكىدىكى مەمۇرىي كەنت ۋە ئاساسلىق تەبىئىي كەنتلەرنىڭ نامى
## 墨玉县阿克萨拉依乡行政村和自然村名称

| | |
|---|---|
| ئاراباغ مەھەللە | 阿热巴格买里 |
| ئېلىشبېشى كەنت كومىتېتى | 艾力什贝希村委会 |
| ساقال ئايمىقى | 萨喀勒阿马克 |
| باش ئاراغول كەنت كومىتېتى | 巴什阿热果勒村委会 |
| تەلپەك مەھەللە | 塔勒帕克买里 |
| ئارامازار كەنت كومىتېتى | 阿热麻扎村委会 |
| سۆگەتئېرىق | 苏格特艾日克买里 |
| ئۇجمىلىك كەنت كومىتېتى | 玉吉米力克村委会 |
| خارەت مەھەللە | 哈热提买里 |
| تاقايلا كەنت كومىتېتى | 塔喀依拉村委会 |
| تاقايلا مەھەللە | 塔喀依拉买里 |
| تۆۋەن چولاقلا كەنت كومىتېتى | 托万乔拉克拉村委会 |
| چولاقلا مەھەللە | 乔拉克拉买里 |
| كەتمە كەنت كومىتېتى | 开特麦村委会 |
| كەتمە مەھەللە | 开特麦买里 |
| گولدە مەھەللە | 古勒代买里 |
| باغئېرىق كەنت كومىتېتى | 巴格艾日克村委会 |
| گۈلباغ كەنت كومىتېتى | 古勒巴格村委会 |

www.uygurkitap.com

| | |
|---|---|
| چىنار تۈۋى | 其那吐维买里 |
| هالۇئېرىق كەنت كومىتېتى | 阿鲁艾日克村委会 |
| خەلپە مەھەللە | 海力派买里 |
| ئاراباغ كەنت كومىتېتى | 阿热巴格村委会 |
| كىتىكلا كەنت كومىتېتى | 克提克拉村委会 |
| خالتا مەھەللە | 哈勒塔买里 |
| ساقال مەھەللە | 萨喀勒买里 |
| باش ئىشتاچى كەنت كومىتېتى | 巴什依希塔其村委会 |
| ئارىش مەھەللە | 阿热希买里 |
| گوش مەھەللە | 果什买里 |
| ئاياغ ئىشتاچى كەنت كومىتېتى | 阿亚格依希塔其村委会 |
| پاراچ مەھەللە | 帕热其买里 |
| ئۇزۇنئېرىق كەنت كومىتېتى | 乌尊艾日克村委会 |
| سېرىق مەھەللە | 色日克买里 |
| باش توقاچلا كەنت كومىتېتى | 巴什吐喀其拉村委会 |
| توقاچلا كەنت كومىتېتى | 吐喀其拉村委会 |
| توكار مەھەللە | 托喀买里 |
| باشقۇمباغ كەنت كومىتېتى | 巴什库木巴格村委会 |
| باراق مەھەللە | 帕热克买里 |
| ئاياغقۇمباغ كەنت كومىتېتى | 阿亚格库木巴格村委会 |
| كۆل مەھەللە | 库勒买里 |
| توپاق مەھەللە | 托帕克买里 |
| گۇش مەھەللە | 果直买里 |
| باشجىلغا كەنت كومىتېتى | 巴什吉勒尕村委会 |
| كۇمە ئايمىقى | 库买阿依马克 |
| ئاياغجىلغا كەنت كومىتېتى | 阿亚格吉勒尕村委会 |
| خامان ئايمىقى | 哈芒阿依马克 |
| تەلۋە كەنت كومىتېتى | 台力外村委会 |

| | |
|---|---|
| شائايمىقى | 夏阿依马克 |
| ماتاڭ ئايمىقى | 麻糖阿依马克 |
| يېكچى ئايمىقى | 依克其阿依马克 |
| دولان ئايمىقى | 多兰阿依玛克 |
| ھالۇ ئايمىقى | 阿鲁阿依马克 |
| سوكۇلۇق كەنت كومىتېتى | 苏库鲁克村委会 |
| يىكەنكۆل | 依坎库勒 |
| كۆيۈكئېغىل كەنت كومىتېتى | 阔依克艾格勒村委会 |
| كالپۇك | 喀勒甫克买里 |
| كۆيۈكئېغىل مەھەللە | 阔依克艾格勒买里 |

# كاۋاك يېزىسى 喀瓦克乡

كاۋاك يېزىسى قاراقاش ناھىيىسىنىڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، ناھىيە بازىرىغا 52 كىلومېتىر كېلىدۇ. زېمىنى شەرقىي مېردىئان 80°17′ - 79°53′ قا، شىمالىي كەڭلىك 37°52′ - 37°34′ قا توغرا كېلىدۇ. تېرىم يەر 24 مىڭ 427 مو، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا 27.5℃- ئەتراپىدا، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 39.9℃ قا يېتىدۇ. يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 11.4 مىللىمېتىر ئەتراپىدا، قىروسىز مەزگىل 180 كۈن ئەتراپىدا. يېزا تەۋەلىكىدە 23 كەنت كومىتېتى، 67 مەھەللە گۇرۇپپىسى، 2682 ئائىلە — 9704 نوپۇس بار.

نەچچە ئەسىر ئىلگىرى بۇ يەرلەر بىر پارچە توغراقلىق بولۇپ، كىشىلەر بۇ يەردە قاراقاش دەرياسىنى بويلىتىپ ئۆتۈن كېسىپ، يەر ئېچىپ بىر پارچە بوستانلىق بەرپا قىلغان. بۇ يەردىن ئاقسۇغا ئۆتىدىغان بىر يول بارلىقىقا كەلتۈرگەن ھەمدە بۇ يولنى «كاۋاك» دەپ ئاتىغان، مەنىسى «توغراقلىق ئارىسىدىكى بوشلۇق» دېگەنلىك بولۇپ، بۇ يەر ئىلگىرى كىشىلەر پاناھلىنىدىغان يەر بولغانلىقتىن «كاۋاك» دەپ ئاتالغان دېگۈچىلەرمۇ بار. «كاۋاك» ئىلگىرى بىپايان جەزىرە بولۇپ، پەقەت توغراق، يۇلغۇن، يانتاق ۋە قومۇش قاتارلىق ياۋايى ئۆسۈملۈكلەرلا ئۆسەتتى. كېيىن كىشىلەر مۇشۇ يەردىن يول بەرپا قىلىپ سودا - سېتىق بىلەن شۇغۇللانغان، بۇ يەر ھازىرمۇ خوتەندىن ئاقسۇغا ئۆتىدىغان مۇھىم يول ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇ يەرلەردە 1975 ـ يىلى «راكېتا» كوممۇنىسىغا تۈزلۈڭۈتاغ، «تىنچلىق» كوممۇنىسىنىڭ كاۋاك، «يۇقىرى ئۆرلەش» كوممۇنىسىنىڭ لەمپە دېھقانچىلىق مەيدانلىرى بىرلەشتۈرۈلۈپ «شەرق قىزاردى» كوممۇنىسى قۇرۇلغان. 1984 ـ يىلى «كاۋاك يېزىسى» دەپ ئاتالغان.

كاۋاكنىڭ زېمىنى سوزۇنچاق، يېرى تەكشى، ئۈچ تەرىپىنى قۇم بارخانلىرى ئوراپ تۇرىدۇ. تۇپرىقى قۇمساڭغۇ، كىلىماتى قۇرغاق، كېچە ـ كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى زور. لېكىن سۇ كەمچىل بولغانلىقتىن، قۇياش نۇرىدىن پايدىلىنىش يېتەرلىك ئەمەس. بوستانلىق ئەتراپىدا قاراقاش دەرياسىنى بويلاپ سوزۇلغان 1 مىليون 200 مىڭ مو ئەتراپىدىكى توغراقلىق، ئىپتىدائىي ئورمانلىق قوغداش رايونى قىلىنغان. بۇ يەر قاراقاش ناھىيىسىنىڭ چوڭچوكبۇيا، توشقانزەدىكى ئۆستۈرۈش بازىسى.

كاۋاكنىڭ تەخمىنەن 158 كىلومېتىر شىمالىدا، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي شىمال قىسمىغا توغرا كېلىدىغان يەردە، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى مىڭ مېتىردىن ئاشىدىغان، زەرەپشان دەرياسىنىڭ شەرقىدىن خوتەن دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا توغرىسىغا سوزۇلۇپ كىرگەن بىر ھەيۋەتلىك تاغ تىزمىسى بار، بۇ نامى مەشھۇر بولغان مازار تاغدۇر. تاغنىڭ خوتەن دەرياسى قىرغىقىغا يېقىن جايىدا ئىككى تۇمشۇق بولۇپ، بىر تەرىپى قىزىل، يەنە بىر تەرىپى ئاق، شۇڭا خەنزۇلار بىرنى «ئاق تۇمشۇق»، بىرنى «قىزىل تۇمشۇق» دەپ، بۇ تاغنى «قىزىل ـ ئاق تاغ» دەپ ئاتايدۇ. تاغنىڭ قىزىل تۇمشۇقىدا بىر قەدىمكى قەبرە بار، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ ئىسلامىيەت قوغدىغۇچىلىرىدىن مارجاننىڭ قەبرىسى ئىكەن، يەنە بۇ جايدا قەدىمكى تۆمۈر تاۋلاش ئوچىقىنىڭ خارابىسى، ھەزرىتى ئەلى نامىغا تۇتۇلغان ئەپسانە ـ رىۋايەتلىك قەدىمكى ئىزلار بار. بۇ مەشھۇر سەيلىگاھ بولۇپ، تاۋاپ قىلىدىغانلار ھازىرمۇ كېلىپ تۇرىدۇ. كىشىلەرنىڭ پەرەز قىلىشىچە، مازارتاغ «سۇڭنامە»دە قەيت قىلىنغان ئۇدۇن بەگلىكىنىڭ شىمالىي چېگرىسىدىكى «ئەنبىيالار ئۆتىكى» بولۇپ، قىزىل تۇمشۇق-

تىكى قەدىمىي قەلئەنىڭ ئىزناسى ئىلگىرىكىلەر تەرىپىدىن تاڭ سۇلالى-سىغا تەۋە خارابە دەپ بېكىتىلگەن. بۇ قاراقاش ناھىيىسىدىكى مۇھىم مەدەنىيەت يادىكارلىقىدۇر.

كاۋاك يېزىسىغا قاراشلىق تۇزلۇق ئوتاغ كەنتى قاراقاش ناھىيە-سىنىڭ ئەڭ شىمالىدىكى كەنت بولۇپ، ناھىيە بازىرىدىن 82 كىلومې-تىر كېلىدۇ. زېمىنى شەرقىي مېرىدىئان '22°80 - '12°80 قا، شىما-لىي كەڭلىك '57°37 - '47°37 قا توغرا كېلىدۇ. شەرقىي تەرىپى قاراقاش دەرياسىغا، جەنۇبى كاۋاك يېزىسىغا، غەربى ۋە شىمالى تەكلى-ماكان قۇملۇقىغا تۇتىشىدۇ. تۇزلۇق ئوتاغ «شورلۇق ئارامگاھ» دې-گەن مەنىدە بولۇپ، يۈز نەچچە يىللار ئىلگىرى سودا - سېتىق بىلەن ئاقسۇ - خوتەن ئارىلىقىدا يۈرۈش قىلغان سودىگەر كارۋانلار توختاپ ئــارام ئالىدىغان يەر ئىدى. بۇ يەر 1958 - يىلى ئۆزلەشتۈرۈلۈپ تېرىلغۇ قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى چارۋىچىلىق مەيدانى قىلىنغان. 20 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدا تۇزلۇق ئوتاغ كوپىراتسى-يىسىگە قاراشلىق دېھقانچىلىق مەيدانى بولغان.

تۇزلۇق ئوتاغنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1200 مېتىر، كۆپ قىسمى قوڭۇر تۇپراق. كىلىماتى چوڭ قۇرۇقلۇق ئىللىق مۆتىدىل بەلۋاغ قۇرغاق رايونىغا تەۋە بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.7 ℃، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى 5.27 ℃-ئەتراپىدا، ئەڭ يۇقى-رى تېمپېراتۇرا 39.9 ℃ قا يېتىدۇ. يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 11.4 مىللىمېتىر، پارلىنىشى 2700 مىللىمېتىر، قۇياشنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە يورۇتۇش مەزگىلى 2700 سائەت. قىروسىز مەزگىل 169 كۈن بولۇپ، يېزا تەۋەسىدە زور كۆلەملىك توغراقلىقلار بار. چۈچۈك-بۇيا قاتارلىق دورىلىق ماتېرىياللار كۆپ چىقىدۇ. تېخى ئېچىلمىغان زور مىقداردىكى مۇنبەت تۇپراق بايلىقى بار.

كاۋاك يېزىسى ئىگىلىكىدە دېھقانچىلىقنى ئاساس، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىكنى قوشۇمچە قىلىدۇ. قوناق، بۇغداي، قوغۇن - تاۋۇز، ئاق كىشمىش ئىشلەپچىقىرىدۇ. سۇغىرىشتا ئاساسەن قاراقاش دەريا-سىنىڭ كەلكۈنىدىن زاپاس ساقلىۋالغان سۇيىدىن پايدىلىنىدۇ. تۇز-

www.uygurkitap.com

لۇق ئوتاغ سۇ ئامبىرى يېزا تەۋەسىدىكى 8000 مو تېرىلغۇ يەرنى سۇغىرىشتىكى ئاساسىي مەنبەدۇر.

## كاۋاك يېزا تەۋەلىكىدىكى مەمۇرىي كەنت ۋە ئاساسلىق تەبىئىي كەنتلەرنىڭ نامى
## 墨玉县喀瓦克乡行政村和自然村名称

| | |
|---|---|
| كاۋاك مەھەللە | 喀瓦克买里 |
| جەگە كەنت كومىتېتى | 基盖村委会 |
| توخۇ مەھەللە | 托胡买里 |
| بىر ئېغىز كەنت كومىتېتى | 比尔艾格孜村委会 |
| ئاتباش مەھەللە | 阿特巴什买里 |
| كاۋاك كەنت كومىتېتى | 喀瓦克村委会 |
| باشكاۋاك كەنت كومىتېتى | 巴什喀瓦克村委会 |
| مۇغال مەھەللە | 木尕勒买里 |
| شاختاشلام كەنت كومىتېتى | 夏合塔什拉木村委会 |
| پەيشەنبە بازار | 拍先拜巴扎 |
| چىنار كەنت كومىتېتى | 其那村委会 |
| پىلىش مەھەللە | 派里稀买里 |
| ھاجىئېغىل كەنت كومىتېتى | 阿吉艾格勒村委会 |
| چوڭكۆلبېشى | 琼库勒贝希 |
| باش ھاجى ئېغىل كەنت كومىتېتى | 巴什阿吉艾格勒村委会 |
| قوچقار مەھەللە | 阔什喀尔买里 |
| قوغۇنلۇق ئارىش كەنت كومىتېتى | 阔滚鲁克阿日希村委会 |
| شىر مەھەللە | 希尔买里 |
| دۆڭكۆل كەنت كومىتېتى | 墩库勒村委会 |
| قاپاق مەھەللە | 喀帕克买里 |
| دەرۋازا يۇلغۇن كەنت كومىتېتى | 代尔瓦扎尤勒滚村委会 |
| قاساپ مەھەللە | 喀萨甫买里 |
| شاخ ئېغىل كەنت كومىتېتى | 夏合艾格勒村委会 |
| تۆكار مەھەللە | 托喀尔买里 |

| | |
|---|---|
| 兰帕村委会 | لەمپە كەنت كومىتېتى |
| 哈热提买里 | خارەت مەھەللە |
| 拉依库勒村委会 | لايكۆل كەنت كومىتېتى |
| 喀勒玛克买里 | قالماق مەھەللە |
| 其格勒克村委会 | چىغلىق كەنت كومىتېتى |
| 恰康买里 | چاقان مەھەللە |
| 恰鲁库都克村委会 | چالۇ قۇدۇق كەنت كومىتېتى |
| 帕恰克买里 | پاچاق مەھەللە |
| 博斯坦托格拉克村委会 | بوستانتوغراق كەنت كومىتېتى |
| 萨其坎买里 | ساچقان مەھەللە |
| 吐孜鲁克奥塔克村委会 | تۇزلۇقئوتاغ كەنت كومىتېتى |
| 再改买里 | زەرگە مەھەللە |
| 亚勒吾孜托格拉克村委会 | يالغۇز توغراق كەنت كومىتېتى |
| 乌尊买里 | ئۇزۇن مەھەللە |
| 阿其克村委会 | ئاچچىق كەنت كومىتېتى |
| 开热克买里 | كەرەك مەھەللە |
| 乃再尔巴格村委会 | نەزەرباغ كەنت كومىتېتى |
| 吐克买里 | توك مەھەللە |
| 夏勒艾格勒村委会 | شالئېغىل كەنت كومىتېتى |
| 库日桂买里 | قۇرغۇي مەھەللە |
| 玛亚克墩村委会 | ماياقدۆڭ كەنت كومىتېتى |
| 加依桑买里 | جايساڭ مەھەللە |
| 吾斯塘艾格孜 | ئۆستەڭ ئاغزى |
| 玛雪特 | مەشۇت |
| 阿克提坎 | ئاقتىكەن |

## قاراقاش ناھىيىسىدىكى بىر قىسىم قۇرۇلۇشلار ۋە ئاسارئەتىقىلەرنىڭ نامى
## 墨玉县部分人工建筑物及古迹名称

| | |
|---|---|
| 雅瓦引水渠 | ياۋا سۇ باشلاش ئۆستىڭى |

www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| 雅瓦灌溉干渠 | ياۋا سۇغىرىش ئۆستىڭى |
| 跃进总干渠 | ئىلگىرىلەش باش ئوق ئۆستىڭى |
| 引洪大干渠 | كەلكۈن ئوق ئۆستىڭى |
| 萨依巴格干渠 | سايباغ ئوق ئۆستىڭى |
| 吐孜鲁克奥达克干渠 | تۇزلۇقئۇتاغ ئوق ئۆستىڭى |
| 喀尔赛引水渠 | قاراساي سۇ باشلاش ئۆستىڭى |
| 东风水库 | شەرق شامىلى سۇ ئامبىرى |
| 雅瓦一水库 | ياۋا 1 - سۇ ئامبىرى |
| 雅瓦二水库 | ياۋا 2 - سۇ ئامبىرى |
| 喀尔赛水库 | قاراساي سۇ ئامبىرى |
| 喀尔赛二水库 | قاراساي 2 - سۇ ئامبىرى |
| 新建水库 | يېڭى قۇرۇلۇش سۇ ئامبىرى |
| 墨玉县总分水闸 | قاراقاش ناھىيە باش ئېلىشبېشى |
| 水库引洪闸 | سۇ ئامبىرى كەلكۈن ئېلىشبېشى |
| 央塔克闸口 | يانتاق ئېلىشبېشى |
| 马奎牙干渠 | ماكۇيا ئوق ئۆستىڭى |
| 扎瓦干渠 | زاۋا ئوق ئۆستىڭى |
| 奎牙干渠 | كۇيا ئوق ئۆستىڭى |
| 巴拉木苏渠 | بەھرامسۇيى ئوق ئۆستىڭى |
| 兰帕干渠 | لەمپە ئوق ئۆستىڭى |
| 胜利干渠 | غالىبىيەت ئوق ئۆستىڭى |
| 巴夏克其渠 | باشاقچى سۇغىرىش ئۆستىڭى |
| 喀尔赛灌区干渠 | قاراساي سۇغىرىش ئۆستىڭى |
| 雅瓦引洪渠 | ياۋا كەلكۈن ئۆستىڭى |
| 喀和公路 | قەشقەر - خوتەن تاشيولى |
| 墨玉大桥 | قاراقاش چوڭ كۆۋرۈكى |
| 光明桥 | نۇرلۇق كۆۋرۈكى |
| 芒来桥 | ماڭلاي كۆۋرۈكى |
| 五一大桥 | 1 - ماي چوڭ كۆۋرۈكى |
| 兰干桥 | لەڭگەر كۆۋرۈكى |

| | |
|---|---|
| ھېيتگاھ مەسچىتى | 艾依特喀清真寺 |
| شاخلىق قورۇقى | 夏合勒克庄园 |
| ئىمامى ئەپتەر مازىرى | 依马目艾铺塔尔麻扎 |
| ئىمامى زەيدىن مازىرى | 依马目再丁麻扎 |
| 1 - پونكىت | 一站 |
| 2 - پونكىت | 二站 |
| چىنماچىن | 其乃麻青 |
| مازارتاغ | 麻扎塔格 |
| ئاتبېشى سۇ ئامبىرى | 阿特巴什水库 |
| تۇزلۇقئۇتاغ 1 - سۇ ئامبىرى | 吐孜鲁克奥达克水库 |
| تۇزلۇقئۇتاغ 2 - سۇ ئامبىرى | 吐孜鲁克奥达克二水库 |
| لەمپە سۇ ئامبىرى | 兰帕水库 |
| دۆڭكۆل سۇ ئامبىرى | 墩库勒水库 |
| شەرق شاملى 1 - نومۇرلۇق تاشيولى | 东风一号公路 |
| قاراساي 2 - نومۇرلۇق تاشيولى | 喀尔赛 2 号公路 |
| ياۋا 2 - نومۇرلۇق تاشيولى | 雅瓦 2 号公路 |
| كاۋاك 3 - نومۇرلۇق تاشيولى | 喀瓦克 3 号公路 |
| ئىلگىرىلەش 4 - نومۇرلۇق تاشيولى | 跃进 4 号公路 |
| قويچى تاشيولى | 阔依其公路 |

## قاراقاش ناھىيىسىدىكى بىر قىسىم تەبىئىي جۇغراپىيىلىك گەۋدىلەرنىڭ نامى
## 墨玉县部分自然地理实体名称

| | |
|---|---|
| باشئېغىل | 巴什艾格勒 |
| يامانجاڭگال | 亚玛江尕勒 |
| ئېغىز | 艾格孜 |
| سۇزۇندە | 苏尊代 |
| كاللا ئاستى | 喀拉阿斯特 |

www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| 格勒姆亚依迪 | گىلەمىيايدى |
| 硝恰克玛 | شورچاقما |
| 塔克阿勒迪 | تاغئالدى |
| 奥尔特玛姜 | ئورتا مارجان |
| 阿亚格玛姜 | ئاياغ مارجان |
| 玛姜 | مارجان |
| 库西拉希 | قوشلاش |
| 赫拉宛 | خىراۋان |
| 其朗库勒 | چىلانكۆل |
| 昆仑山 | كوئېنلۇن (قۇرۇم) تېغى |
| 干基塔格 | گەنجىتاغ |
| 喀拉喀什河 | قاراقاش دەرياسى |
| 苏格萨依 | سۆكە ساي |
| 喀拉墩 | قارادۆڭ |
| 基尔尕 | جىلغا |
| 克孜勒色格孜亚 | قىزىلسىغىز يار |
| 哈达勒克 | خادىلىق |
| 色日克塔什宁依奇 | سېرىقتاش ئىچى |
| 阿尔克乃斯 | ئاراكۆنەس |
| 阿其克苏 | ئاچچىقسۇ |
| 尤库日艾格勒 | يۇقىرئېغىل |
| 巴什艾格勒 | باشئېغىل |
| 库希达坂 | قوشداۋان |
| 萨勒瓦勒克 | سالۋالىق |
| 其那 | چىنار |
| 托喀依亚 | تۇقاييار |
| 亚尕其 | ياغاچ |
| 阿鲁艾日克 | ھالۇ ئېرىق |
| 加依铁热克 | جايتېرەك |
| 夏合勒克 | شاخلىق |

| | |
|---|---|
| 阿亚格恰喀 | ئاياغ چاقار |
| 马亚克墩 | ماياقدۆڭ |
| 库拉墩 | كۇلادۆڭ |
| 萨阳塔克 | سايانتاق |
| 琼达希 | چوڭداش |
| 喀沙 | كاسا |
| 阔依其 | قويچى |
| 铁热木也尔 | تېرىميەر |
| 阿其克 | ئاچچىق |
| 依西克阿勒迪喀什 | ئېشەكھاردى قاش |
| 巴什阿瓦提 | باشئاۋات |
| 阔希阿瓦提 | قوشئاۋات |
| 克亚客库木 | قىياققۇم |
| 赛格孜勒克 | سېغىزلىق |
| 达希库木鲁克 | داشقۇملۇق |
| 阔希库勒 | قوشكۆل |
| 麻扎库木鲁克 | مازارقۇملۇق |
| 阿喀吾斯塘 | ئارقا ئۆستەڭ |
| 其格列克 | چىگىلىك |
| 喀克夏勒克 | قاقشاللىق |
| 跑哈克库木 | پوقاققۇم |
| 喀萨库勒 | كاساكۆل |
| 台吐尔吾斯塘 | تەتۇر ئۆستەڭ |
| 阿热瓦库木 | ھارۋاقۇم |
| 喀什艾格勒 | قاشئېغىل |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# گۇما ناھىيىسى 皮山县

گۇما ناھىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىغا، قاراقۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان بولۇپ، يەر شەكلى جەنۇبى ئېگىز، شىمالى پەس. شەرق تەرىپى قاراقاش، خوتەن ناھىيىسى بىلەن، غەرب تەرىپى قاغىلىق ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. شىمالدا مەكىت، مارالبېشى ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. ناھىيىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 39 مىڭ 819.75 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، بۇنىڭدىن قۇملۇق 39.5% نى، تۈزلەڭلىك 22.6% نى، تاغلىق 37.9% نى ئىگىلەيدۇ. ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 453 مىڭ 210 موسى تېرىلىدىغان كۆلەمدۇر.

گۇما ناھىيىسى قارىمىقىدا ئىككى بازار، 13 يېزا، 198 كەنت كومىتېتى، 677 تەبىئىي كەنت (مەھەللە)، ناھىيىگە قاراشلىق ئىدارە - ئورگانلار، مەكتەپلەر، كەسپىي ئورۇنلار ۋە كان - كارخانىلار بار. شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش ئارمىيىسى 14 - دېۋىزىيەنىڭ «قاراتاغىز دېھقانچىلىق مەيدانى»، شۇنىڭدەك يېڭىدىن قۇرۇلغان تۈەن - مەيدانلار بۇ ناھىيە تەۋەسىدە. ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جاي گۇما بازىرى گۈلباغ يولىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە بولۇپ، ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان تۈز لىنىيىسى 1015 كىلومېتىر.

گۇما ناھىيىسىدە ئۇيغۇر، خەنزۇ، تاجىك قاتارلىق مىللەتلەردىن 53 مىڭ 873 ئائىلە — 220 مىڭ 919 نوپۇس بار.

گۇما ئەڭ قەدىمكى يۇرتلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ قەدىمكى يىپەك يولىدىكى مۇھىم ئۆتەڭلەرنىڭ بىرى. گۇمىدىن قەشقەر، خوتەن، تىبەت ۋە ھىندىستانلارغا بارىدىغان يوللار بار ئىدى. ناھىيىنىڭ نامى خەنزۇچىدا «皮山 (پىشەن)» دېيىلىدۇ. «皮山 (پىشەن)» دې-

گەن ئاتالغۇ غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قەدىمكى بەگلىكنىڭ نامى بولۇپ، تەخمىنەن 3 - ئەسىردىن ئىلگىرى تارىم ئويمانلىقى بويلىرىدا شەكىللەنگەن قۇرغاردىكى 36 بەگلىكنىڭ بىرى ئىدى. نامى ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدە خەنزۇچە 皮穴国 (پىشۇە بەگلىكى)، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدە 蒲山国 (پۇشەن بەگلىكى) دەپ ئاتالغان. «قۇرغار تەزكىرىسى» دە 皮什南 (پىشىنەن) دەپ ئېلىنىپ، بۇ سۆز ئېتىنىڭ ئوقۇلۇپ 皮山 (پىشەن) بولۇپ قالغان» دېيىلگەن. «چىڭدىڭخۇاڭ ۋە قۇرغار تەزكىرىسى» دە 皮什雅 (پىشىيا) دەپ يېزىلغان. گۇاڭشۈيىنىڭ 28 - يىلى (1902 - يىلى) چىڭ خانىدانلىقى قاغىلىقتىن گۇما، سانجۇ ئىككى چوڭ كەنتنى ئاجرىتىپ مەزكۇر ناھىيىنى تەسىس قىلغاندا، ئۇنىڭغا قەدىمكى پىشەن بەگلىكىنىڭ نامىنى ناھىيە نامى قىلىپ قوللانغان.

توپونىمشۇناسلار (‹توپۇل› — ئورۇن - يەر، ‹ئونومو› — نام - ئاتالغۇ) «گۇما» دېگەن بۇ نامنى «قۇم ئاق» دىن ۋە قەدىمكى تىلدا «قاينام»، «يۆگەم» مەنىسىدىكى «گھۇمانا» دىن ئۆزگەرگەن دەپ ئىزاھ بېرىدۇ. ئەنگلىيىلىك W.F تۇماسنىڭ «ئۇدۇن رايونىغا ئائىت تۈبۈتچە ۋەسىقىلەر» (مۇشۇ يۈرۈشلۈك كىتابلار «چەت ئەللىكلەر نەزىرىدىكى خوتەن» تومىنىڭ 233 — 278 - بەتلىرى) ناملىق ئەسەرنىڭ 3 - بۆلىكىدە «گيۇمۇ» <Gyu—mo>نى جاي نامى دەپ كۆرسىتىپ (بۇ مەنبە ئاۋرېل ستەيىننىڭ «ئاسىيا كىندىكى» ناملىق كىتابىنىڭ 170 -، 174 ۋە 203 - بەتلىرىدە ئۇچرىغان): «بۇ يەرنىڭ ئورنى تۈبۈتلەر زېمىنىدىكى ئوتلاق ساھىل <Gling—rings> بىلەن ئىسلاھىي تاغ (مازار تاغ Mazar—tag) ئارىلىقىغا جايلاشقان. بۇ جاينىڭ خەنزۇچە ئاتىلىشىمۇ <Ku—mo> («ئاسىيا كىندىكى» ناملىق كىتابىنىڭ 835 - بېتىگە قاراڭ) بولۇپ، ئۇ بەلكىم ئۇدۇن بىكى گۇما <Guma> بوستانلىقى بولۇشى مۇمكىن» دەپ يازىدۇ. بۇ ئىلمىي ئىسپاتلاردىن قارىغاندا، «گۇما» دېگەن نام «گيۇمۇ» دىن ئۆزگەرگەن بولسا كېرەك. تۈركچە - ئېنگلىزچە لۇغەت» (ئىستانبۇل 1979 - نەشرى) دە «گۇما» — تۈركچە سۆز، مەنىسى «ئوۋچى كەپىسى» دەپ ئىزاھلانغان. بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ «گۇما» سۆزى

www.uygurkitap.com

«قـۇمـا» دىن ئۆزگەرگەن، چۈنكى بۇ زېمىندىكى ئولتۇراق ئۆيلەر خـۇددى قۇمىغا ئوخشاش ۋادەكلەپ ـ توقۇلۇپ سېلىنغان، دېگەن قاراشلىرى بىلەن «ئۆۋچى كەپىسى» دېگەن مەنە ئاساسەن يېقىن كېلىدۇ. يەنە بىر ئېيتىلىشتا، «گۇما» دېگەن نام قەدىمكى خوتەن تىلىدا سۆزلىشىدىغان يەرلىك مىللەتلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇ تۈركلەشكەن قەدىمكى خوتەن تىلى بولۇشى كېرەك، دېگەن قاراشتىن ئىبارەت.

هازىرقى گۇما ناھىيە بازىرىنىڭ 140 كىلومېتىر شىمالىدىكى تەكلىماكان قۇملۇقى ئىچىدە «ياغاچ ئۆي قەدىمكى شەھىرى» خارابىسى بار. بۇ شەھەرنىڭ بىنا بولغان ۋاقتى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 206 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ. تەكشۈرۈپ ئىسپاتلىنىشىچە، گۇمىنىڭ ئەسلىي ئورنى «ياغاچ ئۆي قەدىمكى شەھىرى» نىڭ دەل ئۆزى بولۇپ، ئېكولو-گىيىلىك ئۆزگىرىش سەۋەبىدىن كىشىلەر سۇ قوغلىشىپ هازىرقى گۇما، قوشتاغ، سانجۇ دەريالىرى ۋادىسىغا كۆچكەن. جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە، گۇما بەگلىكى ئۇدۇنغا قوشۇۋېتىلىپ، ئۇدۇن بەگلىكىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلانغان. 1902 ـ يىلى ناھىيە تەسىس قىلىنغان. 1950 ـ يىلى 3 ـ ئايدا گۇما ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغان. 1958 ـ يىلى گۇما ناھىيىسىدە يەتتە خەلق كوممۇنىسى قۇرۇلغان. 1984 ـ يىلى 10 ـ ئايدا كوممۇنا ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، يېزا تەسىس قىلىنغان.

شىنجاڭدىكى ئەڭ قەدىمكى بوستانلىقلارنىڭ بىراپىيىلىك ئورنى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 79°31′ — 79°38′ ۋە شىمالىي كەڭلىك 39°01′ — 35°22′ ئارىلىقىدا بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1350 مېتىر كېلىدۇ. بۇ زېمىننىڭ ئۇرچۇقىقا ئوخشاش يەر شەكلىنى ئاساسەن بەش بەلۋاغقا ئايرىشقا بولىدۇ:

1. ئېگىز تاغلىق بەلۋاغ. يەنى قار ـ مۇزلۇق بەلۋاغ دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ شەيدۇللا، سۆگەتتاغ، قاراسۇ تېغى ئەتراپىنى كۆرسىتىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن 5000 مېتىر ئېگىز بۇ جايدىكى ئېگىز چوققىلاردا يىلبويى قار ئېرىمەيدۇ. ئادەم ياشىمايدۇ، يەنە زور مۇزلۇقلار جايلاشقان دېڭىز يۈزىدىن 4500 ~ 3500 مېتىر كېلىدىغان جايلاردا قۇرغاق

ئوتلاق يېپىنچىلىرى بولۇپ، ئۇلار قار سۇلىرى سىڭىپ كەتكەن تاغ قاپتاللىرى ۋە جىلغىلارغا بەلۋاغسىمان ھالدا جايلاشقان.

2. ئوتتۇرا تاغلىق بەلۋاغ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3500 ~ 2500 مېتىر كېلىدۇ. تاغ گەۋدىسىنىڭ كۆپ قىسمى قىياتاشتىن تەركىب تاپقاچقا، مۇرەككەپ شەكىل ھاسىل قىلغان. ئېگىز تاغدىكى ئوت ۋە يېپىنچىلار بەلۋاغ شەكلىدىكى يەرلەر بولۇپ، ئاساسىي يايلاق ھېسابلىنىدۇ.

3. تاغ باغرىدىكى جىلغىلىق بەلۋاغ. ئاساسلىقى دۇۋا، سانجۇ، قوشتاغ، ئىسمىسلا، كىلياڭ قاتارلىق يېزا - بازارلار. بۇ جايلار دېڭىز يۈزىدىن 2500 ~ 1400 مېتىر ئېگىز. بۇ بەلۋاغدا جىلغا كۆپ، ھاۋا كىلىماتى بىر قەدەر سوغۇق، ھۆل - يېغىن كۆپ، بىر قەدەر ياخشى بولغان تەبىئىي ئوتلاق بولۇپ، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىققا باب كېلىدۇ.

4. تۈزلەڭلىك بەلۋاغ. بۇلار گۇما، كۆكتېرەك، موكويلا يېزا - بازارلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1400 ~ 1200 مېتىرغىچە بولۇپ، تېرىلغۇ يەرلىرى بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن، ئېرىق ئۆستەڭلىرى بىر - بىرىگە گىرەلەشكەن، بۇ جايلار ناھىيىنىڭ دېھقانچىلىق رايونى ھېسابلىنىدۇ.

5. قۇملۇق بەلۋاغ. شىمالىي قىسمىدىكى دېڭىز يۈزىدىن 1200 مېتىر ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن رايونلار بولۇپ، بۇ بەلۋاغنىڭ سۇيى قىس، كۆچمە قۇم كۆپ، ئايرىم ساندىكى يەر ئاستى سۇيى ئېگىز بولغان جايلاردا ئاندا - ساندا قومۇش، يۇلغۇن، توغراق قاتارلىقلار ئۆسىدۇ.

ناھىيە تەۋەلىكىدە ئاساسلىق تاغلاردىن پاسالىق تېغى بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 5708 مېتىر ئېگىز، لەيلىچۇق تېغى 5032 مېتىر، گەنجىتاغ تېغى 1921 مېتىر، قوشتاغ 2902 مېتىر، جايقىر تېغى 2375 مېتىر، يادەنچى تېغى 1957 مېتىر ئېگىز.

گۇما ناھىيىسىدە بەش دەريا بار. بۇنىڭ ئىچىدە بىر قەدەر چوڭراق بولغىنى: قوشتاغ دەرياسى (گۇما دەرياسى)، سانجۇ دەرياسى، دۇۋا دەرياسىدىن ئىبارەت.

گۇما ناھىيىسى چوڭ قۇرۇقلۇق خاراكتېرىدىكى مۆتىدىل بەلۋاغ-

نىڭ قۇرغاق قۇملۇق كىلىماتىغا تەۋە بولۇپ، ياز پەسلىدە قاتتىق ئىسسىق بولىدۇ، قىش پەسلىدە سوغۇق ئانچە قاتتىق بولمايدۇ. ھۆل - يېغىن ناھايىتى ئاز، كۈن نۇرى كۈچلۈك، ئىسسىقلىق بايلىقى مول، كېچە - كۈندۈز ئوتتۇرىسىدىكى تېمپېراتۇرىنىڭ پەرقى چوڭ.

يەر شەكلى پەرقى تۈپەيلىدىن، ناھىيە زېمىنىنى ئۈچ كىلىمات رايونىغا ئايرىشقا بولىدۇ.

1. جەنۇبىي قىسمىدىكى تاغلىق رايون. دېڭىز يۈزىدىن 3900 مېتىر ئېگىزلىكتىكى بۇ تاغلىق رايوندا يىل بويى قار ئېرىمەيدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 6℃، يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 36.6 مىللىمېتىر.

2. ئوتتۇرا تاغلىق بەلۋاغ. يامغۇر، قار بىر قەدەر كۆپ، ياز پەسلىدە مۆلدۈر ۋە قاتتىق يامغۇر ياغىدۇ. سەل پەيدا بولىدۇ. يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 189.9 مىللىمېتىر بولۇپ، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشقا باب كېلىدۇ.

3. تۈزلەڭلىك بەلۋاغ. كۈن نۇرى بايلىقى مول، ھۆل - يېغىنى ئاز، كۈننىڭ چۈشۈش ۋاقتى ئۇزۇن، ئەتىيازدا دائىم قۇرغاقچىلىق بولۇپ تۇرىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 11.8℃، مۇتلەق يۇقىرى تېمپېراتۇرا 41℃، مۇتلەق تۆۋەن تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن 22.9℃—، يىللىق كۈننىڭ يورۇتۇش ۋاقتى 2466.8 سائەت، قىروسىز ۋاقتى 217 كۈن، ھۆل - يېغىن مىقدارى 51.3 مىللىمېتىر، يىللىق پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2412.9 مىللىمېتىر. 5 - ئايدىن 9 - ئايغىچە بوران پەسلى بولىدۇ. دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، پىلە - ئۈجمىچىلىك ۋە باغۋەنچىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشقا باب كېلىدۇ.

گۇما ناھىيىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسىم تاغلىق رايونلىرىدا كوئېنلۈن ئارچىسى، يۇلغۇن، تاغ سۆگىتى، تۇخۇمەك قاتارلىق دەرەخلەر ئۆسىدىغان تەبىئىي ئورمان رايونى 40 مىڭ مو ئەتراپىدا بولۇپ، شىمالىي قىسمىدىكى قۇملۇقنىڭ گىرۋىكىدە كۆپىيىۋاتقان 60 مىڭ مو ئەتراپىدىكى ئېيتىدائىي توغراقلىق بار. پەس تاغلىق رايون، يەنى تۈزلەڭلىك

ۋادىدا تېرەك، سۆگەت، جىگدە تىكىلىپ ئۆستۈرۈلىدۇ ھەمدە ئەرمە-دۇن، قارىياغاچ، ئاكاتسىيە دەرەخلىرى قوشۇمچە تىكىلىدۇ. ياڭاق، ئۈزۈم، ئالما، شاپتۇل، ئۆرۈك، ئۈجمە، نەشپۈت ئۆستۈرۈش ئاساس قىلىنىدۇ. سۇنئىي ئورمان ئۆستۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىل-گەن.

دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن: توشقانزەدىكى، چۈچۈكبۈيا، پاقا يوپۇر-مىقى، قومۇش يىلتىزى، قانتېپەر، مامۇرانچىن، ۋاسالغۇ، تۇخۇمەك چېچىكى، قار لەيلىسى قاتارلىقلار بار.

ھايۋاناتتىن: كۆكمەت، كېيىك، داۋغان، سۇلەيسۇن، جەرەن، ياۋا تـوڭگۇز، تۈلكە، ياۋا توشقان، كىرپە، بۆرە قاتارلىق ياۋايى ھـايۋانلار؛ بۈركۈت، قارچىغا، ئاق قوتان، سېغىزخان، تۇرۇلغا، قۇشقاچ، كاككۇك، تۆمۈر تۇمشۇق، مۇشۇكياپىلاق (ھۇۋقۇش)، ئـۇلار، يـاۋا توخۇ، قاغا قاتارلىق قۇشلار؛ كېپىنەك، يىڭناغۇچ، ياچىۋەك، قارا چېكەتكە، ئۆمۈچۈك، چارپاقا، چۆل كەسلەنچۈكى، سازاڭ، چارىيلان قاتارلىقلار؛ تىرىسكا بېلىقى، ئۇششاق راك، كىچىك ئاق بېلىق قاتارلىقلار بار.

دەسلەپكى تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، ناھىيە تەۋەسىدە ماگنىت دورىسى زاپاس مىقدارى 11 مىليون 550 مىڭ توننا ئەتراپىدا، گەج زاپاس مىقدارى 50 مىليون توننا ئەتراپىدا، گۈڭگۈرت زاپاس مىقدارى 56 مىڭ توننا، ئاق چىرىمتال زاپاس مىقدارى بىر مىليون 80 مىڭ توننا ئەتراپىدا، مانگان زاپاس مىقدارى بىر مىليون 490 مىڭ توننا ئەتراپىدا، قاشتېشى زاپاس مىقدارى بەش مىليون توننا ئەتراپىدا بو-لۇپ، ھازىر كـۆمۈر، گـۈڭـگۈرت، گەج، قاشتـېـشى قـاتـارلىقلار قېزىلماقتا.

گوما يېزا ئىگىلىك ناھىيىسى بولۇپ، دېھقانچىلىق، ئورمانچى-لىق، چارۋىچىلىق تارىخى ئۇزۇن. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن گوما خەلقىنىڭ تەبىئەتنى ئۆزگەرتىپ، قۇمنى تىزگىنلەپ، بوز يەر ئـېچىپ ئېتىز بىنا قىلىشتەك قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن-نىڭ تەقدىرلىشىگە سازاۋەر بولغانىدى. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللى-

www.uyghurkitap.com تۇغىز كىتاب تورى

رىنىڭ بىشىدا يەنە غەربىي شىمال رايونىدىكى يېزا ئىگىلىكىدە «40 قىزىل بايراقدار» نىڭ بىرى بولۇپ، «جانلىق، تېتىك گۇمىلىقلار» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشكەن.

گۇما ناھىيىسى خوتەننىڭ غەربىي چوڭ دەرۋازىسى بولۇپ، 315 - دۆلەت تاشيولى ناھىيە چېگرىسىنى كېسىپ ئۆتۈپ، غەربتە قەشقەر بىلەن، شەرقتە خوتەن بىلەن تۇتىشىدۇ. گۇما ناھىيىسىنىڭ ساياھەت بايلىقى مول، جۇغراپىيىلىك مۇھىتى ئەۋزەل بولۇپ، قۇملۇق، بوستانلىق، تاغلىق ۋە دۆڭلۈكلەر گىرەلەشكەن ئالاھىدىلىكنى شەكىللەندۈرگەن. ساياھەت مەنزىرىلىك جايلىرىدىن: «گۇما جامەسى»، «تۇردى ھاجى قورۇقى»، «سانجۇ قىيا تاش سۈرەتلىرى»، تاش قاتما تاغ، كېڭەز دەريا ساھىلى، پىيالما ئون مىڭ مولۇق ئانارلىق ئېچىش رايونى قاتارلىقلار بار.

تۆۋەندە گۇما ناھىيىسى تەۋەلىكىدىكى يېزا - بازارلارنىڭ تەبىئىي ۋە جۇغراپىيىلىك ئەھۋاللىرى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلىدۇ.

## گۇما بازىرى 固玛镇

گۇما بازىرى 1957 - يىلى تەسىس قىلىنغان، 1958 - يىلى كوممۇنالاشقاندا ئۆزلۈكىدىن ئەمەلدىن قېلىپ، ئۇنىڭغا تەۋە جايلار «شۇگۇاڭ» خەلق كوممۇنىسىغا قوشۇۋېتىلگەن. 1984 - يىل 10 - ئايدا ھاكىمىيەت بىلەن كوممۇنا ئايرىلغاندا گۇما بازىرى قايتا تەسىس قىلىنغان. 1985 - يىل 10 - ئايدا نىشاندا يېزىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ «پىشەن جېن» دەپ ئاتالغان. 1986 - يىلى «گۇما بازىرى» غا ئۆزگەرتىلگەن. ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت مۇشۇ جايدا.

گۇما بازىرىنىڭ دائىرىسى شەرقىي مېرىدىئان 77°37′ بىلەن 79°38′ ئارىلىقىدا، شىمالىي پاراللېل 35°22′ بىلەن 39°01′ ئارىلىقىدا تۇرىدۇ. جەنۇبىدىن شىمالىغىچە ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 40 كىلومېتىر، شەرقىدىن غەربىگىچە كەڭلىكى تەخمىنەن 15 كىلومېتىر كېلى-

ــدۇ. قارىمىقىدىكى 20 كەنت (ئاھالە) كومىتېتى، 82 مەھەللە (ئاھالە) گۇرۇپپىسىدا 5240 ئائىلە ــ 22 مىڭ 158 كىشى ياشاي-دۇ.

گۇما بازىرى گۇما ناھىيىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى بوستانلىق رايونغا جايلاشقان، زېمىنى گۇما دەريا ئېقىنلىرى شەكىللەندۈرگەن تاشقىن لاتقىلىق تىندۇرما تۈزلەڭلىكتىن ئىبارەت. ئومۇمىي يەر كۆ-لىمىنىڭ 32 مىڭ 842 موسى تېرىلىدىغان كۆلەم ھېسابلىنىدۇ. تۆت ئەتراپىنىڭ كۆپ قىسمى چۆل سايلىق. چېگرىسى ئىچىدە ئۇ يەر - بۇ يەردە سازلىق بار. دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1300 ~ 1400 مېتىرغىچە كېلىدۇ. ئىقلىمى چوڭ قۇرۇقلۇق كىلىماتىغا ياتىدۇ. تۆت پەسىل ئېنىق ئايرىلىپ تۇرىدۇ. كۈندۈز بىلەن كېچىنىڭ تېمپېراتۇرىسىدىكى پەرق چوڭ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 11.8℃، 7 - ئايدىكى ئەڭ يۇقىرى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 25.3℃، 1 - ئايدىكى ئەڭ تۆۋەن ئوتتۇرىچە تې-مپېراتۇرا 6.1℃-، يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 51.3 مىللىمېتىر، قىروسىز مەزگىل ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 217 كۈن، يىل بويى غەربىي شىمال شامىلى چىقىدۇ. قۇرغاق ئىسسىق، چاڭ - توزانلىق بوران بۇ رايوندىكى ئاساسلىق تەبىئىي ئاپەت ھېسابلىنىدۇ.

بازار دائىرىسىدىكى تۈزلەڭ بوستانلىق ئومۇمىي يەر مەيدانىنىڭ % 92نى ئىگىلەيدىغان بولۇپ، گۇما ناھىيىسىدىكى ئاساسلىق دېھقاندىچىلىق رايونلىرىنىڭ بىرى. ئاساسلىقى بۇغداي، كۆممىقوناق، پاختا، ماش پۇرچاق، زاغۇن، زاراڭزا قاتارلىق مايلىق زىرائەت تېرىلىدۇ.

ياپچان سۇ ئامبىرىدىن كېلىدىغان نىشاندا ئۆستىڭىنىڭ سۈيى بىلەن گۇما بازىرى دائىرىسىدىكى دېھقانچىلىق قىلىنىدىغان يەرلەر سۇغىرىلىدۇ. ھاۋا كىلىماتى ۋە قۇم - شورلۇق تىندۇرما تۇپراقلىق ئالاھىدىلىككە ماس كەلگەچكە، بازار دائىرىسىدە ماتېرىيال ئورمىنى، ئوتۇنلۇق ئورمان، ئۈجمە ئورمىنى باغلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە تىكىش ئومۇملاشقان. ئورمان تۈرلىرى تېرەك، سۆگەت، شاپتۇل، نەشپۈت، ئۆرۈك، ئۈجمە، ئالما، ياڭاق قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بوستانلىقنىڭ گىرۋەكلىرى سايلىق چۆل بولۇپ، بۇ يەرلەردە جىگدە، يۇلغۇن،

يانتاق، چىغ قاتارلىق قۇمنى مۇقىملاشتۇرىدىغان، قۇرغاقچىلىققا چىدامىلىق ئۆسۈملۈكلەر بار. بۇ يەرلەر يەنە بازار تەۋەسىدىكى پەسىل خاراكتېرلىك چارۋىچىلىق نۇقتىسى ھېسابلىنىدۇ. دائىرىسىدىن چۆچۈكبۇيا، بۆرە سامسىقى چىقىدۇ.

## گۇما بازىرى تەۋەلىكىدىكى يول، مەمۇرىي كەنت ۋە ئاساسلىق تەبىئىي كەنتلەرنىڭ نامى
## 皮山县皮山镇行政区划和自然村名称

| | |
|---|---|
| گۇما بازىرى | 固玛镇 |
| شىمالىي گۇما يولى | 固玛北路 |
| جەنۇبىي گۇما يولى | 固玛南路 |
| يېڭىئۆستەڭ يولى | 英吾斯塘路 |
| بوستان يولى | 博斯坦路 |
| جاھانباغ يولى | 加罕巴格路 |
| سايباغ يولى | 萨依巴格路 |
| يېڭىبازار يولى | 英巴扎路 |
| گۈلباغ يولى | 古勒巴格路 |
| خانىقا يولى | 哈尼喀路 |
| كونابازار يولى | 阔纳巴扎路 |
| ئوردىيان يولى | 欧地央路 |
| بازاريار يولى | 巴扎亚路 |
| جاۋاقۇم يولى | 加瓦库木路 |
| گۇما ناھىيە بازىرى سودا مەركىزى | 皮山县集市贸易中心 |
| نىشاندا كەنت كومىتېتى | 尼向达村委会 |
| خارەتمەھەللە | 哈热提买里 |
| جاي | 加依 |
| بوياقمەھەللە | 博亚克买里 |
| ھويلامەھەللە | 霍依拉买里 |
| ئاستا قوش كەنت كومىتېتى | 阿斯提阔什村委会 |

www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| 阿特恰普玛 | ئاتچاپما |
| 库拉买里 | كۇلامەھەللە. |
| 阿萨尔 | ھاسار |
| 阔叶克买里 | كويەكمەھەللە |
| 散加村委会 | سانجار كەنت كومىتېتى |
| 散加库勒贝希 | سانجار كۆلبېشى |
| 散加 | سانجار |
| 亚巴格 | يارباغ |
| 巴什散加 | باش سانجار |
| 阿热亚村委会 | ئارايار كەنت كومىتېتى |
| 喀乃恰喀 | كانايچاقا |
| 其克尔买里 | چىقىرمەھەللە |
| 博热其买里 | بورىچىمەھەللە |
| 喀勒玛克买里 | قالماقمەھەللە |
| 克什拉克阿勒迪村委会 | قىشلاقئالدى كەنت كومىتېتى |
| 喀玛尔艾其克 | كامارئېچىق |
| 龙喀尔克买里 | يۇقارقىمەھەللە |
| 兰干艾日克 | لەڭگەرئېرىق |
| 喀吉艾日克 | كاجئېرىق |
| 吐格曼贝希村委会 | تۇگمەنبېشى كەنت كومىتېتى |
| 萨让买里 | ساراڭمەھەللە |
| 帕格尔买里 | پاگىرمەھەللە |
| 阿亚格买里 | ئاياغمەھەللە |
| 克尔塔什村委会 | قىرتاش كەنت كومىتېتى |
| 旁买里 | پاڭمەھەللە |
| 克尔塔什 | قىرتاش |
| 琼库孜买里 | چوڭكۆزمەھەللە |
| 托喀依阔恰 | توقايكوچا |
| 亚普羌村委会 | ياپچان كەنت كومىتېتى |
| 瓦合拍艾日克 | ۋەخپەئېرىق |

www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| ئۆچلۇقدۆك | 吾其鲁克墩 |
| جاڭگالمەھەللە | 江尕勒买里 |
| قاراجىلغا | 喀拉吉勒尕 |
| يېڭىبازار كەنت كومىتېتى | 英巴扎村委会 |
| قۇمئېرىق | 库木艾日克 |
| قارامەھەللە | 喀拉买里 |
| دانجىغمەھەللە | 当吉格买里 |
| پاچاقمەھەللە | 帕恰克买里 |
| سېيىتئېرىق كەنت كومىتېتى | 色提日克村委会 |
| سېيىتئېرىق | 色提日克 |
| يالاڭمەھەللە | 亚朗买里 |
| دوراقمەھەللە | 多拉克买里 |
| سەيچىمەھەللەكەنت كومىتېتى | 莱其买里村委会 |
| يېڭىبازار | 英巴扎 |
| پەتەكمەھەللە | 拍台克买里 |
| كۆنچىمەھەللە | 昆其买里 |
| ساغان كەنت كومىتېتى | 萨干村委会 |
| تۇمشۇقچاقا | 吐木休克恰喀 |
| ئازمابېشى | 阿孜麻贝希 |
| قارىچاقا | 喀日恰喀 |
| قاغاتوغراق | 喀尕托格拉克 |
| كويلاچاقا | 阔拉恰喀 |
| بوستانتوغراق كەنت كومىتېتى | 博斯坦托格拉克村委会 |
| بوستانتوغراق | 博斯坦托格拉克 |
| مەنسەپى | 曼赛皮 |
| مازارخوجام | 麻扎霍加木 |
| قورۇل | 库若勒 |
| بوستانئېرىق كەنت كومىتېتى | 博斯坦艾日克村委会 |
| مەھەللەئېرىق | 买里艾日克 |
| قۇمئېرىق | 库木艾日克 |

| | |
|---|---|
| 托格拉艾日克 | توغرائېرىق |
| 阿亚格买里 | ئاياغمەھەللە |
| 托格拉艾日克村委会 | توغرائېرىق كەنت كومىتېتى |
| 海力派恰喀 | خەلپەچاقا |
| 阔扎买里 | كوزامەھەللە |
| 索喀巴什买里 | سوقاباش مەھەللە |
| 巴什托格拉艾日克 | باش توغرائېرىق |
| 古勒巴格村委会 | گۈلباغ كەنت كومىتېتى |
| 吉勒尕艾日克 | جىلغائېرىق |
| 古勒巴格 | گۈلباغ |
| 萨勒普买里 | سالپۇمەھەللە |
| 羌尕买里 | چاڭگامەھەللە |
| 克其克亚村委会 | كىچىكيار كەنت كومىتېتى |
| 古古特恰喀 | گۇگۇتچاقا |
| 协依合买里 | شېيىخمەھەللە |
| 其木盖买里 | چىمگەرمەھەللە |
| 帕喀加依 | پاكارجاي |
| 吐木休克阿勒迪村委会 | تۇمشۇقئالدى كەنت كومىتېتى |
| 龙喀克买里 | يۇقارقىمەھەللە |
| 托万买里 | تۆۋەنمەھەللە |
| 欧吐拉喀什村委会 | ئوتتۇراقاش كەنت كومىتېتى |
| 坡买里 | پومەھەللە |
| 兰干 | لەڭگەر |
| 古古特买里 | گۇگۇتمەھەللە |
| 乌堂村委会 | ئۆتەڭ كەنت كومىتېتى |
| 乌堂 | ئۆتەڭ |
| 欧依散加 | ئويسانجار |
| 吐胡买克力克 | تۇخۇمەكلىك |
| 其干勒克 | چىغانلىق |

تۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# دۇۋا بازىرى 杜瓦镇

دۇۋا بازىرى گۇما ناھىيىلىك ھۆكۈمەت جايلاشقان گۇما بازىرى-نىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 105 كىلومېتىر كېلىدۇ، شەرق تەرەپتە قارا-قاش ناھىيىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ، غەربتە سانجۇ يېزىسى، شىمالدا خوتەن - قاغىلىق تاشيولى بىلەن تۇتىشىدۇ، جەنۇبتا خوتەن ناھىيىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. شەرقىدىن غەربىگىچە كەڭلىكى 35 كىلومېتىر، جەنۇبىدىن شىمالىغىچە ئۇزۇنلۇقى 140 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئومۇ-مىي يەر مەيدانى 4900 كۋادرات كىلومېتىر. ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 7505 موسى تېرىلىدىغان كۆلەمنى ئىگىلىگەن بۇ بازار قارمىقىدىكى توققۇز كەنت كومىتېتى، 24 مەھەللە (ئاھالە) گۇرۇپپىسىدا 1553 ئائىلە — 6458 كىشى ياشايدۇ.

1984 - يىل 10 - ئايدا زاڭگۇي خەلق كوممۇنىسىدىن دۇۋا باشقۇرۇش رايونىنى ئايرىپ دۇۋا بازىرى تەسىس قىلىنغان. بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئورنى جايباغ كەنتىدە.

«دۇۋا» ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، «دۇئا» سۆزىنىڭ يەرلىك شېۋىدە ئاتىلىشى دەپ رىۋايەت قىلىنىسمۇ (مۇشۇ يۇرۇشلۇك كىتابلارنىڭ «خەلق ئەپسانە - رىۋايەت، چۆچەكلىرى» گە قاراڭ)، تىلشۇناسلار «بۇ قەدىمكى تىلدا ‹دۆبە› بولۇپ، ‹تۆگەنچە›، ‹ئاخىرقى ئۇچى›، ‹ئاياغ› دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن، تەلەپپۇزدا ‹دۇۋا› بولۇپ كەتكەن. ئۇيغۇر تىلىدا ‹ب› نىڭ ‹پ› ھەم ‹ۋ› بىلەن ئۆزگىرىشىش قانۇنىيىتى بار» دەپ قارايدۇ.

بازار دۇۋا دەرياسى پەس تاغ - دەريا ئېقىنىنىڭ بويىغا جايلاشقان بولۇپ، يەر تۈزلۈكى ئېگىز - پەس. دۇۋا دەرياسى بازارنى كېسىپ ئۆتۈپ شىمالدا «شورلۇق سۇ ئامبىرى» غا ئېقىپ كىرىپ، پىيالما ئۆستىڭى ئارقىلىق قۇملۇققا قۇيۇلىدۇ.

بۇ بازارنىڭ ھاۋا كىلىماتى سانجۇ يېزىسى بىلەن ئوخشاپ كېتى-دۇ. يېرى قۇم تۇپراق. دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. قوشۇمچە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئاساسلىقى بۇغداي، كۆممىقوناق،

ئارپا، مايلىق دان ۋە پۇرچاق، بېدە ئىشلەپچىقىرىدۇ. چارۋىچىلىقتا قوي، كالا بېقىشنى ئاساس قىلىدۇ. يەنە ئات، تۆگە، ئېشەك قاتار- لىقلارمۇ بار. سۇئىي ئورمان يېتىشتۈرۈشنى ئاساس قىلىدۇ. ئاساس- لىقى تېرەك، سۆگەت، جىگدە، ئۆرۈك دەرەخلىرى ھەم ئاز ساندا ياڭاق دەرەخلىرى بار.

بازار دائىرىسىدە كۆمۈر، گەج كانلىرى بار. دورا ئۆسۈملۈكلىد- رىدىن قانتېپەر، يەر مەدىكى، چۇچۇكبۇيا، چاكاندا، ئىت ياڭىقى قاتارلىقلار بار. تۈلكە، كېيىك، داۋغان، توشقان، ئۇلار، كەكلىك، قارچىغا قاتارلىق ياۋايى ھايۋان ۋە ئۇچار قۇشلار بار.

دۇۋا بازىرى دائىرىسىدە خوتەن ۋىلايەتلىك سانائەت شىركىتى دۇۋا سېمونت زاۋۇتى، دۇۋا كۆمۈر كانى، دۇۋا ئېلېكتر ئىستانسىسى قاتارلىق ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق كان - كارخانىلار بار.

## دۇۋا بازىرى تەۋەلىكىدىكى مەمۇرىي كەنتۋە ئاساسلىق تەبىي كەنتلەرنىڭ نامى
## 皮山县杜瓦镇行政村和自然村名称

| | |
|---|---|
| 杜瓦镇 | دۇۋا بازىرى |
| 杜瓦村委会 | دۇۋا كەنت كومىتېتى |
| 加依巴格 | جايباغ |
| 玉瑞克吕克 | ئۆرۈكلۈك |
| 杜瓦 | دۇۋا |
| 墩巴格 | دۆڭباغ |
| 阔纳买里 | كونامەھەللە |
| 都村委会 | دۆ كەنت كومىتېتى |
| 都 | دۆ |
| 亚克尔 | يارقىر |
| 喀勒塔萨依 | كالتاساي |
| 桑株艾格孜 | سانجۇ ئېغىزى |
| 诺尔巴什 | نورباش |

www.uygurkitap.com

| | |
|---|---|
| قىزىلسېغىزلىق | 克孜勒色格孜勒克 |
| لامۇس كەنت كومىتېتى | 拉木斯村委会 |
| شورلۇق كەنت كومىتېتى | 硝尔鲁克村委会 |
| شەنبەبازار | 先拜巴扎 |
| قىزىلباغ | 克孜勒巴格 |
| سايباغ | 萨依巴格 |
| لايقا | 拉依喀 |
| شورلۇق | 硝尔鲁克 |
| قىزىلدۆۋە | 克孜勒都维 |
| تاشئېرىق كەنت كومىتېتى | 塔什艾日克村委会 |
| ئورنا | 欧尔那 |
| تاشئېرىق | 塔什艾日克 |
| پايكا | 帕依喀 |
| كۆتەكلىك كەنت كومىتېتى | 科台克力克村委会 |
| كۆتەكلىك | 科台克力克 |
| ماڭسا | 芒萨 |
| لاڭقا | 朗喀 |
| سۇناق | 苏那克 |

## داۋا بازىرى تەۋەلىكىدىكى بىر قىسىم تەبىئىي جۇغراپىيىلىك گەۋدىلەرنىڭ نامى

| | |
|---|---|
| كوستائېغىزى | 库斯塔艾格孜 |
| تومان | 托满 |
| قىزىلتاش | 克孜勒塔什 |
| بۇرهان | 布尔汉 |
| ياماس ئارپىلىق | 亚玛斯阿尔皮勒克 |
| چۇكولاڭئېغىز | 丘库朗艾格孜 |
| ياماسېغىز | 亚玛斯艾格孜 |
| ياريۇت | 亚尤提 |

| | |
|---|---|
| 阔拉木科其坎 | قۇرامكۆچكەن |
| 库什喀奇布拉克 | قۇشقاچبۇلاق |
| 斯米孜霍吞 | سېمىزخوتۇن |
| 托帕吐维 | توپاتۇۋى |
| 阿勒瓦斯提翁库尔 | ئالۋاستىئۆڭكۈر |
| 吾遵阿热 | ئۇزۇنئارا |
| 库仑吐孜 | قۇلۇنتۇز |
| 索库恰克 | سوقىچاق |
| 叶玉提喀拉艾格勒 | يەريۇت قارائېغىل |
| 乔克拉 | چوكلا |
| 色日克玉瑞克 | سېرىقئۆرۈك |
| 艾日克 | ئېرىق |
| 亚玛斯阿尔皮勒克 | ياماسئارپىلىق |
| 吐孜鲁克 | تۇزلۇق |
| 夏合巴斯坎 | شاخباسقان |
| 亚依拉克艾格勒 | يايلاقئېغىل |
| 吐孜阔什拉格 | تۇز قوشلاغ |
| 阔拉木艾格勒 | قۇرامئېغىل |
| 阿依库乃斯 | ئايكۇنەس |
| 色日克塘来 | سېرىقتەڭلە |
| 科克尤特 | كۆكيۇرت |
| 喀勒塔达坂 | كالتاداۋان |
| 阔尕其艾格勒 | قوغاچئېغىل |
| 喀拉亚普羌 | قاراياپچان |
| 苏麻 | سوما |
| 阔什喀尔吐孜 | قوشقارتۇز |
| 吾如什喀克 | ئۇرۇشقاق |
| 喀尔勒克阿特克尔 | قارلىق ئاتقىر |
| 喀让尕孜 | قاراڭغاز |
| 阿克木纳 | ئاقمۇنار |

www.uygurkitap.com

| | |
|---|---|
| سۇناققۇز | 苏那克库孜 |
| مومۇنلۇق | 莫蒙鲁克 |
| ئۆڭكۈركەش | 翁库尔开什 |
| يارغان | 亚干 |
| ساڭلىسئىشەنچى | 桑里斯依先其 |
| ساڭلىسئۆڭكۈر | 桑里斯翁库尔 |
| سانغۇدوساڭئۆڭكۈر | 萨尼古都桑翁库尔 |
| مىلكەش تۈزقىر | 米勒开什吐孜克尔 |
| دوساڭ تۆرئېغىل | 都桑托尔艾格勒 |
| كىچىكساڭلىس | 克其克桑里斯 |
| يازاغۇ | 亚扎古 |
| ساڭلىستۆرئېغىل | 桑里斯托尔艾格勒 |
| ساڭلىسياۋلىق | 桑里斯亚瓦勒格 |
| چاۋار ئاتقىر | 恰瓦阿特克尔 |
| كوستاتەڭلە | 库斯塔塘来 |
| يارلىققىر | 亚勒克克尔 |
| ئارقا تۈزئېغىل | 阿尔喀吐孜艾格勒 |
| پەرۋا | 派尔瓦 |
| ياپچاتقىر | 亚普羌克尔 |
| قارلىق ئاقتاش | 喀尔勒克阿克塔什 |
| توڭباش | 通巴什 |
| قوتازچالغۇ ئۆڭكۈر | 阔塔孜恰勒古翁库尔 |
| باشئېغىل | 巴什艾格勒 |
| ئۇلۇغيايلاق | 吾鲁格亚依拉克 |
| تار ئېغىز | 塔尔艾格孜 |

## قوشتاغ يېزىسى 阔什塔格乡

قوشتاغ يېزىسى گۇما بازىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 37 كىلومېتىر

كېلىدۇ. شەرق تەرىپى سانجۇ يېزىسى بىلەن، غەرب تەرىپى پىشنا ۋە
باشلەڭگەر يېزىلىرى بىلەن، شىمال تەرىپى ناھىيىلىك ئۈرۈقچىلىق
مەيدان بىلەن، جەنۇب تەرىپى نەۋئابات تاجىك مىللىي يېزىسى بىلەن
چېگرىلىنىدۇ. شەرقىدىن غەربىگىچە ئوتتۇرىچە كەڭلىكى 31 . 3 كىلو-
مېتىر، جەنۇبىدىن شىمالىغىچە ئوتتۇرىچە ئۇزۇنلۇقى 49 . 3 كىلومېت-
تىر كېلىدۇ. ئومۇمىي يەر مەيدانى 1543 كۋادرات كىلومېتىر بو-
لۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇ كۆلىمى 36 مىڭ 950 مو كېلىدۇ.
قارىمىقىدىكى 16 كەنت كومىتېتى — 44 مەھەللە گۇرۇپپىسىدا
2920 ئائىلە — 12 مىڭ 262 كىشى ياشايدۇ. يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ
ئورنى شاپچاقا كەنتىدە.

ئېيتىلىشىچە، دىن تارقاتقۇچى ئىماملاردىن ھەممەل شېرىپ ۋە
ئوبۇل يۇسۇپ ھەمەدانى قاتارلىقلار بۇ جايغا كەلگەندە، خۇش ھاۋالىق،
گۈزەل مەنزىرىلەرگە زوقلىنىپ: «خۇش ئوتاغ» دەپ ماختىغان ئى-
كەن. يەرلىك كىشىلەر بۇنى مۇقەددەس سۆز بىلىپ، بۇ يەرگە نام
قىلىۋالغان ئىكەن. «خۇش ئۇتاغ» دېگەن بۇ نامنى، ئۇيغۇر كلاسسىك
ئەدەبىياتىنىڭ ئاخىرقى ۋەكىللىرىدىن ھۇسەيىنخان تەجەللىي ۋە ئىس-
مايىل ھاجىلارنىڭ يازمىلىرىمۇ ئىسپاتلايدۇ. كېيىنچە بۇ سۆز «قوش-
تاغ» قا ئۆزگىرىپ، ھازىرغىچە داۋاملاشقانىكەن.

چىڭ خاندانلىقى گۇاڭشۈينىڭ 18 - يىلى (1893 - يىلى)
قوشتاغ قاغىلىق ناھىيىسىگە تەۋە بولغان گۇمىدىكى 36 كەنتنىڭ
بىرى ئىدى. گۇاڭشۈينىڭ 28 - يىلى (1902 - يىلى) گۇما، سانجۇ
ئىككى چوڭ كەنتنى قاغىلىقتىن ئايرىپ گۇما ناھىيىسىنى تەسىس
قىلغاندا گۇمىغا قاراشلىق بولغان. كېيىن قوشتاغ رايونى دەپ ئاتال-
غان. 1950 - يىلى «گۇما ناھىيە 2 - رايون» دەپ ئاتالغان.
1956 - يىلى 8 - رايوننى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، بۇ رايوننىڭ بورا
دېگەن جايلىرى قاغىلىق ناھىيىسىگە قارىغاندىن باشقا، قالغان قىسىم-
لىرىنى 2 - رايونغا قوشۇۋەتكەن. 1958 - يىلى «يۈجىن خەلق
كوممۇنىسى» بولۇپ قۇرۇلغان. 1978 - يىلى «قوشتاغ خەلق كوم-
مۇنىسى» دەپ ئاتالغان. 1981 - يىلى ئۇنىڭدىن پىشنا ۋە باشلەڭگەر
باشقۇرۇش رايونلىرى بىلەن سازام چوڭ ئەترىتى ئايرىلىپ «پىشنا

uyghurkitap.com

خەلق كوممۇنىسى» بولۇپ قۇرۇلغان. 1984 ـ يىلى «قوشتاغ يېزا» قىلىپ ئۆزگەرتىپ تەسىس قىلىنغان.

يېزىنىڭ شەرقىي ۋە جەنۇبىي تەرەپلىرىنى قاتمۇ قات تاغلار توسۇپ تۇرىدۇ. تاغ جىلغىلىرى گىرەلىشىپ كەتكەن. يەر تۈزۈلۈشى شىمالغا قاراپ پەسىيىپ بارىدۇ. دەريا ـ ئېقىنلىرى ۋە كەلكۈن لاتقىلىرىنىڭ تىندۇرمىلىرىدىن ھاسىل بولغان شىمالىي قىسمىدىكى يەلپۈگۈچسىمان تۈزلەڭلىكنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3000 ~ 1500 مېتىر كېلىدۇ. جەنۇبىي قىسمىدىكى كوئېنلۇن تېغىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن بۇ يېزىنىڭ ھاۋا كىلىماتىدىكى پەرق بىر قەدەر چوڭ بولىسىمۇ، يەنىلا قۇرۇقلۇق خاراكتېرىدىكى كىلىماتقا كىرىدۇ. كۈندۈز بىلەن كېچىنىڭ تېمپېراتۇرىسىدىكى پەرق چوڭ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 9.3℃. ئەڭ ئىسسىق بولغاندا (7 ـ ئايدا) 22℃ بولىدۇ. ئەڭ سوغۇق بولغاندا (1 ـ ئايدا) 8℃ ـ بولىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل ـ يېغىن مىقدارى بىر قەدەر كۆپ. قىرووسىز مەزگىلى 210 كۈن ئەتراپىدا. ھاۋارايى جەھەتتىكى ئاساسلىق تەبىئىي ئاپەتلەر ئۇششۇك ۋە بوراندىن ئىبارەت.

قوشتاغ دەريا سىستېمىسى ئاساسىي سۇغىرىش مەنبەسى بولۇپ، بۇ دەريا قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىن باشلىنىپ، شەرقىي شىمالغا قاراپ ئېقىپ، پۈتۈن يېزىنى قىيپاش كېسىپ ئۆتۈپ، گۇما بازىرى تەۋەسىدىكى «ياپچان سۇ ئامبىرى»غا قۇيۇلىدۇ. يۇقىرى ئېقىمدا «ئاقشور» ۋە «كەڭەز» سۇ ئامبارلىرى بولۇپ، ئۇلاردا كىچىك تىپتىكى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرى قۇرۇلغان. تۆۋەن ئېقىمدا قوشتاغ كىچىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلغان. بۇ دەريانىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 160 كىلومېتىر.

قوشتاغ يېزىسى دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلىرىمۇ بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان. يېزا ئىگىلىكىدە ئاساسلىقى بۇغداي، كۆممىقوناق، مايلىق دان ۋە پۇرچاق ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. قوشۇمچە ئارپا، بېدە، قوغۇن ـ تاۋۇز، ئوتياش قاتارلىقلارنى تېرىيدۇ.

چارۋىچىلىقتا قوي، كالا بېقىشنى ئاساس قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن

باشقا ئات، تۆگە، ئېشەك، قوتاز قاتارلىقلارمۇ بار.

قوشتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ئوتتۇرا قىسىم جىلغىلاردا كوئېنلۈن ئارچىسى، قىزىل قېيىن قاتارلىق سۇ مەنبەسىنى ساقلايدىغان تەبىئىي ئورمانلىقلار بار. ئەڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى ئېگىز تاغلىق ئويمان ئوتلاقلىق رايون ھېسابلىنىدۇ. شىمالىي قىسمىدىكى يەلپۈگۈچسىمان تىندۇرما لاتقىلىق تۈزلەڭلىكلەر سۇنئىي يېتىشتۈرۈلگەن ئورمان رايونى بولۇپ، ئاساسلىقى تېرەك، سۆگەت، جىگدە، ياڭاق، ئۆرۈك، ئالما، ئۈجمە، نەشپۈت قاتارلىقلار بار.

يېزا تەۋەسىدىن قانتېپەر، رەۋەن، گۈلاب، گۈلبىنەپشە، بۇزەنجى، سانا قاتارلىق دورا ئۆسۈملۈكلىرى چىقىدۇ. جەنۇبىي قىسىم تاغلىرىدىكى ئورمانلىقلاردا كېيىك، قوتاز، داۋغان، تۈلكە، توشقان، بۆرە قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار ۋە ئۈلار، كەكلىك، قاغا، قارچىغا، كۈرۈشكەل (ياۋا كەپتەر) قاتارلىق ياۋايى ئۇچار قاناتلار بار. تاغلىق رايوندا گۆڭگۈرت كېنى بار، تاشتۇز زاپىسى بىر قەدەر مول.

## قوشتاغ يېزا تەۋەلىكىدىكى مەمۇرىي كەنتۋە ئاساسلىق تەبىئىي كەنتلەرنىڭ نامى
## 皮山县阔什塔格乡行政村和自然村名称

| | |
|---|---|
| شاپچاقا | 夏普恰喀 |
| قوشتاغ كەنت كومىتېتى | 阔什塔格村委会 |
| بايكوچا | 巴依阔恰 |
| ماندارکوچا | 芒达阔恰 |
| سۆگەتلىك كەنت كومىتېتى | 苏盖特力克村委会 |
| تورغايچاقا | 托尕依恰喀 |
| ئازماباش | 阿孜玛巴什 |
| سۆگەتلىك | 苏盖特力克 |
| سايتۇگمەن | 萨依吐格曼 |
| خالتاچاقا | 哈勒塔恰喀 |
| چوناقچاقا | 乔那克恰喀 |

www.uyghurkitap.com كىتاب تورىبېكىتى

| | |
|---|---|
| 博斯坦村委会 | بوستان كەنت كومىتېتى |
| 吉热木恰喀 | جىرىمچاقا |
| 博斯坦 | بوستان |
| 乔那克买里 | چوناقمەھەللە |
| 阿孜干阿勒迪村委会 | ئازغانئالدى كەنت كومىتېتى |
| 阿孜干阿勒迪 | ئازغانئالدى |
| 喀勒台克恰喀 | كالتەكچاقا |
| 萨依博斯坦 | سايبوستان |
| 皮西那提日木 | پىشناتىرىم |
| 塔孜滚博依 | تازغۇنبويى |
| 加依纳古特村委会 | جايناغۇت كەنت كومىتېتى |
| 加依 | جاي |
| 阿其玛克 | ئاچىماق |
| 纳古特 | ناغۇت |
| 墩买里 | دۆڭمەھەللە |
| 托喀皮依克 | توكۇرپىيىك |
| 苏勒尕孜村委会 | سۇلغاز كەنت كومىتېتى |
| 苏勒尕孜 | سۇلغاز |
| 巴什苏勒尕孜 | باش سۇلغاز |
| 亚尔艾格勒 | يارئېغىل |
| 其格勒克村委会 | چىغلىق كەنت كومىتېتى |
| 坡斯台克恰喀 | پوستەكچاقا |
| 皮亚勒玛恰喀 | پىيالماچاقا |
| 博木尕村委会 | بومۇغا كەنت كومىتېتى |
| 阿克吾斯塘 | ئاقئۆستەڭ |
| 墩买里 | دۆڭمەھەللە |
| 津恰喀 | جىنچاقا |
| 旁恰喀 | پاڭچاقا |
| 吐格曼博依村委会 | تۇگمەنبويى كەنت كومىتېتى |
| 吐格曼博依 | تۇگمەنبويى |

| | |
|---|---|
| ماندارلىق | 芒达勒克 |
| يالغۇزجىگدە | 亚勒古孜吉格代 |
| تېرەكئالدى كەنت كومىتېتى | 铁热克阿勒迪村委会 |
| تېرەكئالدى | 铁热克阿勒迪 |
| چىغانباغ | 其干巴格 |
| توقايجىگدە | 托喀依吉格代 |
| قىشلاق كەنت كومىتېتى | 克什拉克村委会 |
| قىشلاق | 克什拉克 |
| ئاچما | 阿其玛 |
| بۇجىگدە | 布吉格代 |

## كىلياڭ يېزىسى 克里阳乡

گۇما ناھىيىسىنىڭ بۇ يېزىسى 1986 - يىل 12 - ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق قۇرۇلغان بولۇپ، ئەسلىدە قوشتاغ يېزىسىنىڭ تەۋەلىكىدە بولۇپ كەلگەن بىر قىسىم جايلار جۇغراپىيىلىك جايلىشىش جەھەتلەردىكى ئەۋزەللىكى بىلەن كىلياڭ يېزىسىغا تەۋە قىلىنغان. تەۋەلىكىدىكى 11 كەنت كومىتېتى، 27 مەھەللە گۇرۇپپىسىدا 1357 ئائىلە — 5605 كىشى ياشايدۇ. تېرىلغۇ كۆلىمى 19 مىڭ 116 مو كېلىدۇ. يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى كىلياڭ كەنتىدە.

بۇ يېزىنىڭ ھاۋا كىلىماتى، تەبىئىي شارائىتى، سۇغىرىش ئىشلىرى، تەبىئىي بايلىقلىرى ۋە مەھسۇلاتلىرى قوشتاغ بىلەن ئوخشاش. بىر قىسىم تەبىئىي كەنتلىرى دېھقانچىلىقنى ئاساس، چارۋىچىلىقنى قوشۇمچە ئىگىلىك قىلسا، بىر قىسىم مەھەللە - كەنتلىرى چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ.

«كىلياڭ» ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، گۇما شېۋىسىدە «تىل»نى «كىل» دەپ تەلەپپۇز قىلىدۇ (م: «مېنى تىللىدى» دېگەننى «مېنى كىللىدى» دېگەندەك) . «ياڭ» مۇ «يان» نىڭ بۇزۇلغان تەلەپپۇزى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇ يېزا «تىلدەك سوزۇلغان جاي»، «ئۇزۇنسىغا كەتكەن يەر» بو-لۇپ، بۇ نام ئەشۇ جۇغراپىيىلىك تۇزۇلۇشكە ماس كېلىدۇ.

تەبىئىي ئەۋزەللىككە ئىگە بولغان كەنت - مەھەللىلىرىنىڭ خىل-مۇخىل رىۋايەتلىرى بار. مەسىلەن، «يۇلغۇنجاي» نىڭ نامىنىڭ كې-لىپ چىقىشى توغرىسىدا «يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ شاھزادىسى لىيتىپ ئاتاخان تىبەتكە ئۇرۇش قىلغىلى بېرىپ قايتىپ كېلىشىدە مۇشۇ جايدا ۋاپات بولغاچقا، ئۇنىڭ ياتقان مازىرىدىن بۇك - باراقسان يۇلغۇن كۆكلەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ‹يۇلغۇنلۇق مازار› دەپ ئاتىلىپ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يۇلغۇنجاي دەپ ئاتىلىپتۇ» دېيىلسە؛ «قارا-مان» كەنتى توغرىسىدا: «بۇ ئەسلىي ‹قارا يامان› دېگەن سۆز بو-لۇپ، بۇرۇندا مۇقەررەپ دەيدىغان بىر مىگبېشى بۇ يەرگە زىندان سېلىپ، بىگۇناھ پۇقرالارنى سولاپ قويۇپ، مەجبۇرىي بىنەم ئاچقىلى سالغاندا، پۇقرالار قارشىلىق بىلدۇرۇپ ‹قارا يامان› دەپ دادلىغان. كېيىنچە بۇ يەردە كەنت پەيدا بولغان ۋە ‹قارامان› بولۇپ قالغان» دېيىلىدۇ؛ «كۇتام» كەنتىنىڭ ئىسمىنىڭ مەنىسى ‹قۇرۇق تام› بولۇپ، مەشھۇر ئالىم ھۇسەيىنخان تەجەللىي بۇ جايلارنى ئارىلىغاندا ئادەم ئولتۇرمايدىغان جاي ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ‹قۇرۇق تام› دەپتىكەن؛ بۇ سۆز كەنت نامى بولۇپ قىسقارتىلىپ ‹كوتام› بولـ-غان، يەنە بۇ ‹كۆھتام› — تاغ تام دېگەن مەنىدە» دېيىلىدۇ.

بۇ يېزىنىڭ ھەر قايسى كەنتلىرىدە بۇغداي، قوناق، مايلىق دان تېرىلىدۇ. چارۋىچىلىقى قوي بېقىشنى ئاساس قىلىپ، يەنە كالا، ئات، ئېشەك، تۆگە قاتارلىقلار بېقىلىدۇ. يېزىنىڭ ئاسفالت يولى ناھىيە بازىرىغا يېتىپ بارىدۇ.

كىلىيانىڭ يېزىسىدا خوتەن خەلق مەشرەپلىرىنىڭ تۆت چوڭ تۈرى-نىڭ بىرى بولغان «كىلىيانىڭ مەشرىپى» مۇشۇ رايونغا ۋە ئەتراپىتىكى قوشتاغ، باشلەڭگەر يېزىلىرىغا تارقىلىپ، ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەل-گەن. بۇ مەشرەپ تۈردە خوتەن خەلق مەشرەپلىرىنىڭ ئاساسىي ئالا-ھىدىلىكى ساقلانغاندىن سىرت، بىر قىسىم دولان ئاھاڭلىرى ۋە دولان ئۇسسۇللىرى ئارىلىشىپ، بىر خىل ئارىلاش مەشرەپ شەكىللەنگەن.

# كىلياڭ يېزا تەۋەلىكىدىكى مەمۇرىي كەنت ۋە ئاساسلىق تەبىئىي كەنتلەرنىڭ نامى
# 皮山县克里阳乡行政村和自然村名称

| | |
|---|---|
| 阿克其格村委会 | ئاقچىغ كەنت كومىتېتى |
| 米斯开尔恰喀 | مىسكەرچاقار |
| 巴什恰喀 | باشچاقا |
| 库塔木 | كۆتام |
| 兰干 | لەڭگەر |
| 塔合塔科瑞克村委会 | تاختاكۆۋرۈك كەنت كومىتېتى |
| 旁克尔 | پاڭقىر |
| 阿尔喀恰喀 | ئارقاچاقا |
| 依希塔其 | ئىشتاچى |
| 托万恰喀村委会 | تۆۋەنچاقا كەنت كومىتېتى |
| 托万恰喀 | تۆۋەنچاقا |
| 坎特依其 | كەنتئىچى |
| 诺尔拉克 | نورلاق |
| 克孜勒塔格 | قىزىلتاغ |
| 克里阳村委会 | كىلياڭ كەنت كومىتېتى |
| 沃吐拉恰喀 | ئوتتۇراچاقا |
| 阿其克阿勒玛 | ئاچچىقئالما |
| 墩库勒村委会 | دۆڭكۆل كەنت كومىتېتى |
| 墩库勒 | دۆڭكۆل |
| 品尼 | پىننى |
| 依力什巴什 | ئىلىشبېشى |
| 尤勒滚加依村委会 | يۇلغۇنجاي كەنت كومىتېتى |
| 尤勒滚加依 | يۇلغۇنجاي |
| 普混达 | پۇخۇندا |
| 央都玛 | ياندۇرما |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| ئىسپاھان كەنت كومىتېتى | 依斯法罕村委会 |
| ئىسپاھان | 依斯法罕 |
| قارامان كەنت كومىتېتى | 喀热曼村委会 |
| قارامان | 喀热曼 |
| قاراسۇ كەنت كومىتېتى | 喀热苏村委会 |
| بايدۆۋە | 巴依都维 |
| باشتۇگمەن | 巴什吐格曼 |
| جاپپارقۇم | 加帕尔库木 |
| كېيىكچى كەنت كومىتېتى | 克依克其村委会 |
| سوقاباغ | 索喀巴格 |
| دۆڭچاقا | 墩恰喀 |
| ئۇلباغ كەنت كومىتېتى | 吾勒巴格村委会 |
| ياڭاقلىق | 央阿克勒克 |
| ئۇلباغ | 吾勒巴格 |
| هاراپ | 阿热普 |
| ياركېچىك كەنت كومىتېتى | 亚开其克村委会 |
| ياركېچىك | 亚开其克 |
| كېيىكتۇز | 克依克吐孜 |
| يىڭىبىنام | 英比纳木 |
| تارلاغ | 塔拉格 |
| قارامان | 喀热曼 |
| قىزىلئېغىل | 克孜勒艾格勒 |
| توشقانلىق | 托什坎勒克 |
| شىيىخھاجىم تۆر ئېغىلى | 协合阿吉托尔艾格勒 |
| ئارچىلىق | 阿尔其勒克 |
| ئۈچئېغىل | 吾其艾格勒 |
| قوشتاغ ماندارلىق | 阔什塔格芒达勒克 |
| تەڭلىچۇك | 塘力曲克 |
| زەيتۇز | 再吐孜 |

| | |
|---|---|
| 吉格代力克库孜 | جىگدىلىكقۇز |
| 阿热墩 | ئارادۆڭ |
| 坡赛克亚瓦勒克 | پوسەكياۋىلىق |
| 科克买克力克 | كۆكمەكلىك |
| 阔什塔格科克艾格勒 | قوشتاغ كۆكئېغىل |
| 介外勒台 | جەۋەلتە |
| 苏孜干艾格勒 | سۆزگەنئېغىل |
| 阔什塔格央艾格勒 | قوشتاغ يانئېغىل |
| 亚普羌艾格勒 | ياپچانئېغىل |
| 乔喀巴什 | چوققاباش |
| 喀拉克尔 | قاراقىر |
| 喀勒玛艾格勒 | قالمائېغىل |
| 依吉勒玛艾格勒 | ئېچىلمائېغىل |
| 麻扎克尔 | مازارقىر |
| 拜什托格拉克 | بەشتوغراق |
| 克赛克 | كېسەك |
| 巴什艾格勒 | باشئېغىل |
| 阿其克博云艾格勒 | ئاچچىق بويۇنئېغىل |
| 托盖博云 | تۆگەبويۇن |
| 普塔克 | پۇتاق |
| 克其克阿特克尔 | كىچىك ئاتقىر |
| 阿特克尔 | ئاتقىر |
| 苏特克尔 | سۇتقىر |
| 阔什艾格勒 | قوشئېغىل |
| 艾斯尔里克 | ئەسىرلىك |
| 翁库尔艾格勒 | ئۆڭكۈرئېغىل |
| 亚尔艾格勒 | يارئېغىل |
| 恰坎得勒克 | چاكاندىلىق |
| 托格热塔什 | توغراتاش |

www.uyghurkitap.com

قوشقۇنلۇق 阔什昆鲁克

# كۆكتېرەك يېزىسى 科克铁热克乡

كۆكتېرەك يېزىلىق ھۆكۈمەت ناھىيىلىك ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق ئورۇننىڭ شىمالىغا ئۈچ كىلومېتىر كېلىدىغان تۇزلەڭ ۋادىغا جايلاشقان. شەرق تەرىپى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش ئارمىيىسى 14 - دىۋىزىيە گۇما قارىتاغىز دېھقانچىلىق مەيدانىغا تۇتىشىدۇ، غەرب تەرىپى قاغىلىق ناھىيىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ، شىمال تەرىپى تەكلىماكان قۇملۇقى ئارقىلىق مارالبېشى، مەكىت ناھىيىلىرى بىلەن چېگرىلىنىدۇ، جەنۇب تەرىپى گۇما بازىرىغا تۇتىشىدۇ. شەرقتىن غەربكىچە كەڭلىكى 40 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغىچە ئۇزۇنلۇقى 140 كىلومېتىر كېلىدۇ، قارمىقىدىكى 26 كەنت كومىتېتى، 102 مەھەللە گۇرۇپپىسىدا 7187 ئائىلە — 32 مىڭ 258 كىشى ياشايدۇ. يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى تۇماقمەھەللىدە.

ئەسلىدە بۇ يەرلەر قۇملۇق، سازلىق بولۇپ، توغراق، يۇلغۇن، قومۇشلار ئۆسىدىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا «شاۋاز غوجا» ئاتلىق بىر كىشى ئەڭ بۇرۇن بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ، بىر كۆل كولاپ، ئەتراپىغا تېرەك سالغان ئىكەن، كېيىنچە خىيابان تېرەكلىك ئەتراپلىرىدا كەنت شەكىللىنىپ «كۆكتېرەك» دەپ ئاتالغان ئىكەن.

1949 - يىلىدىن ئىلگىرى بۇ يەر «بازار تۆۋەن رايونى» دەپ ئاتالغان. 1950 - يىلى 3 - رايون دەپ ئاتىلىپ قارمىقىدا بەش يېزا بولغان. كېيىن ھەمكارلىق گۇرۇپپا، باشلانغۇچ كوپېراتىپ، ئالىي كوپېراتىپلار قۇرۇلغان. 1958 - يىلى «ۋېيشىڭ خەلق كوممۇنىسى» بولۇپ قۇرۇلغان. 1978 - يىلى «كۆكتېرەك خەلق كوممۇنىسى» دەپ ئاتالغان. 1984 - يىل 10 - ئايدا «كۆكتېرەك يېزىسى» دەپ ئۆزگەرتىلگەن.

تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىگە جايلاشقان بۇ يېزىنىڭ

شەرقىي شىمال قىسمىنىڭ كۆپىنچىسى قۇملۇق، سازلىق؛ غەربىي قىسمى سايلىق دەشت؛ جەنۇبىي قىسمى دېھقانچىلىق رايونى ھېسابلىنىدۇ. يەر تۈزۈلۈشى تۈزلەڭ بولۇپ، شىمال تەرەپكە سەل يەسىيىپ باردۇ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1400 ~ 1200 مېتىر. ھاۋا كىلىماتى قۇرۇقلۇق خاراكتېرىدىكى كىلىماتقا كىرىدۇ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.8℃، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا (7 - ئايدا) 25.3℃، ئەڭ تۆۋەن بولغاندا (1 - ئايدا) 6.1℃- بولىدۇ. قىروسىز مەزگىلى 217 كۈن، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 51.3 مىللىمېتىر. ئاساسلىق تەبىئىي ئاپەتلەر قۇرغاقچىلىق، بوران ۋە ئۈششۈكتىن ئىبارەت.

بۇ يېزا ئاھالىسى دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. قوشۇمچە ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 49 مىڭ 658 موسى تېرىم يەر بولۇپ، ئاساسلىقى بۇغداي، كۆممىقوناق، يۇرچاق تۈرىدىكى زىرائەتلەر ئىشلەپچىقىرىلىدۇ؛ ئىقتىسادىي زىرائەتلەردىن پاختا، مايلىق دان، قوغۇن - تاۋۇز، ئوتياش ۋە بېدە قاتارلىقلار بار. ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىدىن ئۈزۈم، ئۆرۈك، ياڭاق ۋە قوغۇن قاتارلىقلار بار. ئۇنىڭدىن باشقا تېرىگە ئىش قوشۇش، ياغاچ سايمانلارنى ياساش، كىيىم تىكىش ۋە پىلە بېقىش قاتارلىق ئائىلە قوشۇمچە كەسىپلىرى بىر قەدەر راۋاجلانغان.

ئورمانچىلىقتا: سۇنئىي ئورمان يېتىشتۈرۈشنى ئاساس قىلىدۇ. ئاساسلىقى تېرەك، سۆگەت، جىگدە، ئۆرۈك، شاپتۇل، ئالما ھەم ئاز ساندا ياڭاق دەرەخلىرى بار.

## كۆكتېرەك يېزا تەۋەلىكىدىكى مەمۇرىي كەنت ۋە ئاساسلىق تەبىئىي كەنتلەرنىڭ نامى
## 皮山县科克铁热克乡行政村和自然村名称

| | |
|---|---|
| تۇماقمەھەللە | 吐玛克买里 |
| كۆكتېرەك كەنت كومىتېتى | 科克铁热克村委会 |
| قوغاچئېرىق | 阔尕其艾日克 |

www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| 喀尕当买里 | قاغادان مەھەللە |
| 加玛勒克孜 | جامالقىز |
| 欧地央村委会 | ئوردىيان كەنت كومىتېتى |
| 海里派买里 | خەلپەمەھەللە |
| 喀赞其买里 | قازانچىمەھەللە |
| 阿克扎热提勒克 | ئاقزاراتلىق |
| 普其喀克买里 | پۇچقاقمەھەللە |
| 切克赛买里 | چەكسىمەھەللە |
| 库木勒村委会 | قۇمۇل كەنت كومىتېتى |
| 瓦拉克买里 | ۋالاقمەھەللە |
| 帕唐买里 | پاتاڭمەھەللە |
| 阿布达勒买里 | ئابدالمەھەللە |
| 托合玛克买里村委会 | توقماقمەھەللە كەنت كومىتېتى |
| 托合玛克买里 | توقماقمەھەللە |
| 恰热克买里 | چارەكمەھەللە |
| 央阿克勒克村委会 | ياڭاقلىق كەنت كومىتېتى |
| 央阿克勒克 | ياڭاقلىق |
| 帕格尔买里 | پاگىرمەھەللە |
| 阿合玛克买里 | ئاخماقمەھەللە |
| 英坎特村委会 | يېڭىكەنت كەنت كومىتېتى |
| 喀斯坎买里 | قاسقانمەھەللە |
| 恰塔克买里 | چاتاقمەھەللە |
| 艾木拜尔开皮斯 | ئەمبەر كەپىسى |
| 阿木特鲁克 | ئامۇتلۇق |
| 阿勒瓦斯提墩 | ئالۋاستىدۆڭ |
| 拉依喀村委会 | لايقا كەنت كومىتېتى |
| 阿其克买里 | ئاچچىقمەھەللە |
| 库木买里 | قۇممەھەللە |
| 都木拜买里 | دۇمبەمەھەللە |
| 阔恰艾日克 | كوچائېرىق |

| | |
|---|---|
| 司叶买里 | سىيەمەھەللە |
| 曲吕克买里 | چۈلۈكمەھەللە |
| 托普买里村委会 | توپمەھەللە كەنت كومىتېتى |
| 帕让买里 | پاراڭمەھەللە |
| 托普买里 | توپمەھەللە |
| 科木尔恰喀 | كۆمۈرچاقا |
| 拜什欧塔格 | بەشئوتاغ |
| 库木艾日克村委会 | قۇمئېرىق كەنت كومىتېتى |
| 科台克巴格 | كۆتەكباغ |
| 且克曼买里 | چەكمەنمەھەللە |
| 阔恰克玉吉买里克村委会 | قوچاقئۈجمىلىك كەنت كومىتېتى |
| 加依 | جاي |
| 艾曼买里 | ئەمەنمەھەللە |
| 科克塔格村委会 | كۆكتاغ كەنت كومىتېتى |
| 喀库克买里 | كاككۇكمەھەللە |
| 帕依提玛买里 | پايتىما مەھەللە |
| 孜瓦买里 | زىۋامەھەللە |
| 玛依玛克买里 | مايماقمەھەللە |
| 哈勒塔买里 | خالتامەھەللە |
| 巴扎亚村委会 | بازاريار كەنت كومىتېتى |
| 哈萨克买里 | قازاقمەھەللە |
| 杜吾拉买里 | دۇۋۇلامەھەللە |
| 萨依巴格 | سايباغ |
| 科克亚村委会 | كۆكيار كەنت كومىتېتى |
| 库勒达买里 | كولدارمەھەللە |
| 须买克买里 | شۇمەكمەھەللە |
| 乔那克买里 | چوناقمەھەللە |
| 阿亚格亚村委会 | ئاياغيار كەنت كومىتېتى |
| 其拉克买里 | چىلاقمەھەللە |
| 协依提里克 | شېھىتلىك |

www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| شورلۇق | 硝尔鲁克 |
| ئاراقۇم كەنت كومىتېتى | 阿热库木村委会 |
| ئارامەھەللە | 阿热买里 |
| دۆڭمەھەللە | 墩买里 |
| تازمەھەللە | 塔孜买里 |
| توغراقتار كەنت كومىتېتى | 托格拉克塔村委会 |
| كاسامەھەللە | 喀萨买里 |
| چوغدەكمەھەللە | 乔格代克买里 |
| توغراقتار | 托格拉克塔 |
| پوسەكمەھەللە | 坡赛克买里 |
| يۇقىرى قۇمكۆل كەنت كومىتېتى | 尤库日库木库勒村委会 |
| مۇشۇكمەھەللە | 木须克买里 |
| چىقىرمەھەللە | 其克尔买里 |
| غازمەھەللە | 尕孜买里 |
| باداڭ كۆلبېشى | 巴当库勒贝希 |
| دولانمەھەللە كەنت كومىتېتى | 多兰买里村委会 |
| شىمەھەللە | 希买里 |
| دولانمەھەللە | 多兰买里 |
| شالدىرمەھەللە | 夏勒迪尔买里 |
| بەلقۇم كەنت كومىتېتى | 拜勒库木村委会 |
| ياڭاقباغ | 央阿克巴格 |
| بۇغامەھەللە | 布尕买里 |
| ئاتقۇچمەھەللە | 阿特库其买里 |
| قاغامەھەللە كەنت كومىتېتى | 喀尕买里村委会 |
| قاغامەھەللە | 喀尕买里 |
| جالامەھەللە | 加拉买里 |
| شۇمەكبىنام | 须买克比纳木 |
| ئارامەھەللە كەنت كومىتېتى | 阿热买里村委会 |
| بوياقمەھەللە | 博亚克买里 |
| قاشقامەھەللە | 喀什喀买里 |

| | |
|---|---|
| 台吐尔买里 | تەتۈرمەھەللە |
| 苏盖特里克库勒贝希 | سۆگەتلىك كۆلبېشى |
| 帕特曼勒克村委会 | پاتمانلىق كەنت كومىتېتى |
| 帕特曼勒克 | پاتمانلىق |
| 海里派买里 | خەلپەمەھەللە |
| 吉格代买里 | جىگدەمەھەللە |
| 托万库木库勒村委会 | تۆۋەن قۇمكۆل كەنت كومىتېتى |
| 克其尔买里 | قېچىرمەھەللە |
| 拜什力克 | بەشلىك |
| 恰帕克买里 | چاپاقمەھەللە |
| 阿克欧吞农场 | ئاقئوتۇن دېھقانچىلىق مەيدانى |
| 阿热库木吐格贝希牧场 | ئاراقۇم تۇغبېشى چارۋىچىلىق مەيدانى |
| 喀特亚尔(农点) | قاتيار |
| 果勒托格拉克(林点) | غولتوغراق |
| 恰克玛(林点) | چاقما |

## سانجۇ يېزىسى 桑株乡

سانجۇ يېزىلىق ھۆكۈمەت گۇما ناھىيىلىك ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق ئورۇنىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا 50 كىلومېتىر كېلىدۇ. قاراقۇرۇم تېغى-نىڭ شىمالى ئېتىكىدىكى پەس دەريا ئېقىنىنىڭ ئىچىگە جايلاشقان. شەرق تەرىپى زاڭگۇي يېزىسى، دۇۋا بازىرى بىلەن؛ غەرب تەرىپى قوشتاغ يېزىسى بىلەن؛ شىمال تەرىپى مۇجى يېزىسى بىلەن؛ جەنۇب تەرىپى كەڭقىر قىرغىز مىللىي يېزىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. شەرقى-دىن غەربىگىچە ئوتتۇرىچە كەڭلىكى 45 كىلومېتىر، جەنۇبىدىن شىما-لىغىچە ئوتتۇرىچە ئۇزۇنلۇقى 61.5 كىلومېتىر، ئومۇمىي يەر مەيدانى 2767.5 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، بۇ كۆلەمنىڭ 52 مىڭ 615 موسى تېرىلغۇ يېرىدۇر. قارىمىقىدىكى 24 كەنت كومىتېتى — 100 مەھەللە گۇرۇپپىسىدا 6442 ئائىلە — 27 مىڭ 166 نوپۇس بار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

12 ئورۇندا چارۋىچىلىق نۇقتىسى بار. يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئورنى سانجۇ كەنتىدە.

لوپ ناهىيىسى تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىغا، قاراقۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان. شەرق تەرەپتە چىرا بىلەن، جەنۇب تەرەپتە قاراقۇرۇم تېغى بىلەن تۇتىشىدۇ. غەرب تەرىپىدە يۇرۇڭقاش دەرياسى ئارقىلىق خوتەن شەھىرى، خوتەن ناهىيىسى، قاراقاش ناهىيىسى بىلەن، شىمالىي تەرەپتە تەكلىماكان قۇملۇقى ئارقىلىق ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئاۋات ناهىيىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 337.5 كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 24.9 — 67.5 كىلومېتىرغىچە كېلىدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى 14 مىڭ 287 كۋادرات كىلومېتىر. بۇنىڭ ئىچىدە تۈزلەڭ بوستانلىق 5.8% نى، قۇملۇق 84% نى، تاغلىق 10.2% نى ئىگىلەيدۇ، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 348 مىڭ 100 مو. ناهىيە بازىرى خوتەن شەھىرىگە 22 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ زېمىن شەرقىي ئۇزۇنلۇق 79°59′ — 81°83′ ۋە شىمالىي كەڭلىك 36°30′ — 39°29′ ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ.

لوپ ناهىيىسىدە ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان خەنزۇ، خۇيزۇ قاتارلىق ھەر قايسى مىللەت كىشىلىرىدىن 60 مىڭ 414 ئائىلە — 241 مىڭ 821 نوپۇس ئىككى بازار، سەككىز يېزا، 240 كەنت كومىتېتى، 1052 مەھەللىدە ياشايدۇ.

«لوپ» دېگەن بۇ ئىسىمنى ياۋروپا تۈركولوگلىرىدىن رادلوف «چوڭ دۆڭخىلاگۇ، ۋېسىخۇ» يەنى — چوڭ چەمبەر سۇ، پارچە-پارچە سۇ دېگەنلىك بولىدۇ» دەپ ئىزاھلايدۇ. خەنزۇچە مەنبەلەردە: «لوپ ئۇيغۇر تىلىدا ‹يىغىلغان سۇ› دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ» دەپ يېزىلغان. «تارىخىي خاتىرىلەر» ناملىق كىتابتا «لوپ» سۆزى «شور سايلىق» دەپ ئىزاھلانغان. «لوپ» سۆزى قەدىمكى تۈبۈت تىلىدا «نوپ» ئوقۇلغان ۋە شۇنداق خاتىرە قالدۇرۇلغان. مەيلى «لوپ»

بولسۇن ياكى «نوپ» بولسۇن ھەر ئىككىلىسىنىڭ مەنىسى «شور سايلىق» دېگەننى بىلدۈرىدۇ. شۇنى قەيت قىلىش لازىمكى تۆۋۈتچە بىر قىسىم ۋەسىقىلەردە «چوڭ لوپ» ھازىرقى «لوپنۇر» ۋە ئۇنىڭغا تۇتاش رايونلارنى؛ «كىچىك نوپ» مۇشۇ لوپ ناھىيىسىنى كۆرسەتسە كېرەك.

لوپ ناھىيىسى توغرىسىدا شۇنى قىياس قىلىشقا بولىدۇكى: بۇ ناھىيىنىڭ زېمىنى ئىلگىرى سۇ يىغىلغان داش بولۇشى مۇمكىن؛ شۇنىڭدەك لوپ نامى لوپ كۆللىرى بويى (كرورەن) دىن كۆچۈپ كەلگەنلەر ماكانلىشىپ، «لوپ ئەھلى» دېگەن نامدىن كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن. بىر قىسىم تەتقىقاتچىلارنىڭ «لوپ» نامىغا بەرگەن يەشمىسىدىن قارىغاندا، بۇ نام لوپنۇردىكى لوپلۇقلارنىڭ كونا تىلى بولۇپ، «جاڭگال» دېگەن مەنىدە. 18 - ئەسىردىكى ماتېرىياللاردا يەنى، داۋگۇاڭنىڭ بىرىنچى يىلى (1821 - يىلى) تۈزۈلگەن «شىنجاڭ ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە» دېگەن كىتابتا «لوپ» دەپ يېزىلغان. «لوپ تەزكىرىسى» دە: «لوپ ناھىيىسى ئەسلىي كېرىيە ناھىيىسىنىڭ بىر كەنتى بولۇپ، گۇاڭشۈينىڭ 29 - يىلى ناھىيە تەسىس قىلىنغان» دەپ چۈشەندۈرۈلگەن.

لوپ ناھىيىسى قەدىمكى ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ زېمىنى بولۇپ، چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈينىڭ 29 - يىلى (1903 - يىلى) خوتەن ئايمىقىغا بىۋاستە قاراشلىق يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى 15 جاڭزا بىلەن، كېرىيە ناھىيىسىنىڭ يېڭىلەڭگەر (ھازىرقى لوپ ناھىيىسى بىلەن چىرا ناھىيىسى تۇتىشىدىغان جاي) نىڭ غەربىدىن 23 جاڭزا ئايرىپ چىقىلىپ، لوپ ناھىيىسى قۇرۇلغان. شۇ چاغدا لوپ ناھىيىسىدە 11 مىڭ 140 نوپۇس بار ئىدى. ناھىيە ئورنى لوپ جاڭزىسى (يەنى ھازىرقى لوپ بازىرى) دا بولۇپ، خوتەن ئايمىقىنىڭ بىۋاستە باشقۇرۇشىدا بولغان. مىنگونىڭ 9 - يىلى (1920 - يىلى) 4 - ئايدا لوپ ناھىيىسى خوتەن ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. مىنگونىڭ 17 - يىلى (1928 - يىلى) خوتەن مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1950 - يىل 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى لوپ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇپ، خوتەن ۋالىي مەھكىمە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. 1979 ـ يىلى خوتەن مەمۇرىي مەھكىمە-
نىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى.
لوپ ناھىيىسىنىڭ يەر شەكلى جەنۇبتىن شىمالغا يانتۇ شەكىلدە،
غەربىي جەنۇب تەرىپى ئېگىز، شەرقىي شىمال تەرىپى پەس، ئومۇمىي
گەۋدىسى تاسما شەكىلدە. دېھقانچىلىق رايونىنىڭ ئوتتۇرىچە ئېگىزلى-
كى دېڭىز يۈزىدىن 1300 ~ 1500 مېتىرچە كېلىدۇ. تاغلىق رايون
دېڭىز يۈزىدىن 3300 مېتىر ئېگىز. ئەڭ ئېگىز چوققا تېكىلىك تاغ
چوققىسى بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 5466 مېتىر كېلىدۇ.
ئوكلونىڭ ئۆزگىرىش پەرقى ناھايىتى چوڭ، تاغلىق رايونىڭ ئوكلو-
نى چوڭ، دېھقانچىلىق رايونىنىڭ ئوكلونى كىچىك، جاڭگاللىقتا ئوك-
لون يوق دېيەرلىك.
لوپ ناھىيىسىدىكى تاغ تىزمىلىرى قاراقۇرۇم تاغ تىزمىلىرىنىڭ
داۋامى بولۇپ، بۇ ئاچچىق تېغى، ئوتتۇرا قىر تېغى، قوماچ شىمالىي
تېغىدىن ئىبارەت ئۈچ تارمىقى بار. بۇ تاغلار ناھىيىنىڭ جەنۇبىنى
توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ. بۇ ئۈچ تاغ تىزمىسى رايونلىرىنىڭ ئېگىز-
لىكى دېڭىز يۈزىدىن 2200 ~ 3300 مېتىرچە كېلىدۇ، بۇ پەس
تاغلىق بەلۋاغ ھېسابلىنىدۇ.
ناھىيە تەۋەسىدە: يۇرۇڭقاش (رەسمىي تارىخلاردا بۇ دەريا
‹ShuZhiShui 树枝水› ياكى قاش` دەرياسى ‹Jishishui 计式水›
دەپ خاتىرىلەنگەن)، ئاچچىق، ئوتتۇرا قىر، ساقى، قورامىلىق ۋە
پاختىلىق دەرياسىدىن ئىبارەت ئالتە دەريا بار. بۇنىڭدىن يۇرۇڭقاش،
ئاچچىق، ئوتتۇرا قىر قاتارلىق ئۈچ دەريانىڭ سۇغىرىشتا رولى گەۋدى-
لىك.

ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق رايونى: لايلاتما تۇپراق، قوڭۇر تۇپ-
راق، نەم تۇپراق، قۇم تۇپراق، شور تۇپراق، يېڭىدىن ئۆزلەشتۈرۈل-
گەن تۇپراق، سازلىق تۇپراق قاتارلىق توققۇز خىلغا بۆلۈنىدۇ.
شور — بۇ ناھىيىنىڭ يېزا ئىگىلىكىدىكى ئاساسىي توسالغۇ. پۈتۈن
ناھىيە بويىچە ئوخشاش بولمىغان شورلۇق يەر تەخمىنەن ئومۇمىي
تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. ناھىيە
بويىچە تۇپراق جەھەتتە مەملىكەتنىڭ 3 ـ دەرىجىلىك ئۆلچىمىگە يەتكە-

ـنى ئاران 4.8% نى ئىگىلەيدۇ.

لوپ ناھىيىسىدە ياۋايى ھايۋانلاردىن ئاساسلىقى: جەرەن، ئۆلار، داۋغان، ياۋا توڭگۇز، تۇلكە، ياۋا توشقان قاتارلىقلار بار. ياۋايى ئۆسۈملۈكلەردىن: توغراق، يۇلغۇن، جىغان، ئاق تىكەن قاتارلىقلار؛ ئاساسلىق ئوت ـ چۆپلەردىن: تار يوپۇرماقلىق قوۋزاقلىق ئەمەن، تاغ قامچا ئوتى، قاراقۇرۇم ئوتى، ئىنچىكە يوپۇرماقلىق ئەمەن، قاراقۇرۇم ئەمىنى، چىم، قومۇش قاتارلىقلار؛ ياۋايى دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن: ئەمەن، چۇچۇكبۇيا، چاكاندا قاتارلىقلار بار.

لوپ ناھىيىسى تەۋەلىكىدىكى ئاچچىق تاغدا ھاك تاش زاپىسى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇ سېمونت ئىشلەپچىقىرىدىغان ۋە قۇرۇلۇش قىلىدىغان ئاساسلىق خام ئەشيا ھېسابلىنىدۇ. گەج تېشى زاپىسىمۇ خېلى كۆپ. يەنە تۆمۈر رودىسى بار. بۇ جايدا قەدىمي ئۇدۇن دۆلىتىـ ـنىڭ پولات تاۋلاش ئورنىنىڭ خارابىسى بار. مەشھۇر خوتەن قاشتېشى بۇ ناھىيە تەۋەلىكىدىكى يۇرۇڭقاش دەرياسى ساھىللىرىدىن كۆپلەپ چىقىدۇ.

لوپ ناھىيىسى دېھقانچىلىق ناھىيىسى بولۇپ، ئاساسلىقى قوـ ناق، بۇغداي، شال، پۇرچاق، كېۋەز، مايلىق دان قاتارلىقلارنى تېرىيدۇ. لوپ ناھىيىسىنىڭ ئۈجمە سېلىپ، پىلە بېقىش تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن.

داڭلىق ئالاھىدە مەھسۇلاتلاردىن گىلەم دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا سېتىلىدۇ. جىيا يېزىسىنىڭ ئەتلىسى مىڭ يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە. ئەتلەسنىڭ گۈللىرى كۆركەم، قەدىمي ئۇسلۇبتا بوـ لۇپ، رەڭگىنىڭ جۇلالىقى ۋە ماس كېلىشى، قولدا توقۇلغانلىقى ۋە ئۆرۈشنى بوغۇپ بويىغانلىقى، ھۈنەر ـ سەنئەتنىڭ ئۆزگىچە بولۇشى، سۈپىتىنىڭ ئەلا ۋە تارىخىنىڭ ئۇزۇن بولۇشى بىلەن يىراق ـ يېقىندا زور ئالقىشقا ئېرىشكەن.

لوپ ناھىيىسىنىڭ قاتنىشى قولايلىق بولۇپ، 315 ـ دۆلەت تاشيولى ناھىيە چېگرىسىنى كېسىپ ئۆتۈپ، شەرقتە نىيا ناھىيىسى بىلەن، غەربتە خوتەن بىلەن تۇتىشىدۇ. خوتەن خەلقئارا ئايرودرومى بىلەن بىر دەريا ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدۇ. لوپ ناھىيىسىدىكى خەلقـ

uyghurkitap.com

نىڭ ئۆرپ - ئادىتى قەدىمىي ھەم قويۇق يەرلىك تۈسكە ئىگە بولۇپ، مىللىي زىبۇ زىننەت، كىيىم - كېچەكلىرىمۇ ھەم قەدىمىيلىككە، ھەم ئۆزگىچىلىككە ئىگە. بۇ يەردە «ئاقسېپىل قەدىمكى شەھەر خارابىسى»، «راۋاق بۇددا ئىبادەتخانا خارابىسى»، «سامپۇل قەبرىستانلىقى» قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بولۇپلا قالماستىن، يەنە «ياغاق پادىشاھى» ۋە «ئەنجۈر پادىشاھى» بىلەن تەڭ نام ئالغان «ئۈزۈم پادىشاھى» بار.

تۆۋەندە لوپ ناھىيىسى تەۋەلىكىدىكى يېزا (بازار) لارنىڭ تەبىئىي، جۇغراپىيىلىك ئەھۋاللىرى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلىدۇ.

## لوپ بازىرى 洛浦镇

لوپ بازىرى لوپ ناھىيە ئورگانلىرى تۇرۇشلۇق جاي بولۇپ، بازارنىڭ شىمالى ھاڭگىيا يېزىسىنىڭ راخمانپور ئۆستىڭى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. شەرقى دول يېزىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. جەنۇبىي سامپۇل يېزىسى بىلەن، غەربىي چاھارباغ يېزىسى بىلەن تۇتىشىدۇ.

لوپ بازىرى لوپ كەنتىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن «لوپ» دەپ ئاتالغان. تارىختا بۇ يەر قەدىمكى ئۇدۇن دۆلىتىگە قاراشلىق يۇرۇڭقاش كەنتىدىكى ئىككى مەھەللىنىڭ بىرسى ئىدى. ناھىيە قۇرۇلغىچە بۇ يەر بىر كىچىك كەنت بولۇپ، ئۇنىڭغا قاراشلىق ئىككى مەھەللىنىڭ بىرى «دولپۇر» دەپ ئاتىلاتتى. شۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەر لوپ بىلەن دولپۇرنى قېتىپ بۇ يەرنى «دولپۇر» دەپمۇ ئاتىشاتتى. ناھىيە قۇرۇلغان چاغدىمۇ بۇ يەر سامپۇل مىڭ بەگلىكىگە قارايتتى. ناھىيە قۇرۇلغاندىن كېيىن، لوپ ناھىيە نامى قىلىنغان. شۇڭا ئىزچىل لوپنىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى بولۇپ كەلمەكتە.

1934 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە، پۈتۈن ناھىيە ئالتە مەمۇرىي رايونغا بۆلۈندى، لوپ ناھىيە شەھەر ئىچى 1 - رايون بولدى. لوپ، قورغان، چاپال، راخمانپور، دول كەنتلىرى ئۇنىڭغا قاراشلىق قىلىن-

دى. 1942 - يىلى پۈتۈن ناھىيە سەككىز مەمۇرىي رايونغا ئۆزگەرتىلـ.
ـگەندە، لوپ شەھەر ئىچى يەنىلا 1 - رايون قىلىنىپ، 12 كەنت
قاراشلىق بولدى. 1944 - يىلى يۈز بېشىلىق تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندا
لوپ شەھەر ئىچى: بىر بازار ئىككى يېزىغا يەنى ۋىنخۇا جېن (مەدەنىـ
يەت بازار)، خۇامىنشاڭ (جۇڭگو پۇقرالىرى يېزىسى)، شىنشىشياڭ
(ئىشىنىش يېزىسى) غا ئايرىلدى. 1947 - يىلى بىر بازار ئىككى
يېزا — لوپ بازىرى، راخمانپور يېزا بولۇپ ئۆزگەردى.
1947 - يىل 12 - ئايدا پۈتۈن ناھىيىدىكى تۆت بازار بەش چوڭ
يېزىغا ئۆزگەرتىلگەندە، لوپ بازار بىلەن راخمانپور يېزىنى قوشۇپ
ئەسلىدىكى قورغان بازارغا ئۆزگەرتىلدى.

1950 - يىل 4 - ئايدا لوپ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلـ
غاندىن كېيىن، پۈتۈن ناھىيە يەتتە رايونغا ئۆزگەرتىلدى. قورغان
رايونى 1 - رايون بولدى ۋە رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى.
1954 - يىل 3 - ئايدا 1 -، 4 - رايوننى ئىككى رايونغا بۆلۈپ شەھەر
ئەتراپى رايونى ئاۋۇتۇلدى. 1955 - يىلى شەھەر ئەتراپى رايونى ئەمەلـ
دىن قالدۇرۇلۇپ، لوپ بازىرى قۇرۇلدى. 1956 - يىل 12 - ئايدا
1 - رايون (قورغان رايون) ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئەتراپىتىكى كەنتـ
لەرنى قوشۇپ، قورغان كەنت ئاساس قىلىنغان ھالدا ناھىيىگە بىۋاـ
ستە قاراشلىق قورغان يېزىسى قۇرۇلدى. 1958 - يىل 11 - ئايدا
قورغان يېزا، ساميۇل 6 - يېزا (قىرقاش)، دول 6 - يېزا (بوشقان)
لاردىن تەركىب تاپقان لوپ «قىزىليۇلتۇز كوممۇنىسى» قۇرۇلدى.
1959 - يىل 3 - ئايدا پۈتۈن ناھىيىدىكى 15 كوممۇنىنى قىسقارتقاندا،
لوپ بازىرى تەسىس قىلىنىپ قۇرغان يېزا ئۆز ئالدىغا «قىزىليۇلتۇز
كوممۇنا» بولۇپ قۇرۇلدى، رەھبەرلىك ئورگىنى «كوممۇنا باشقۇـ
رۇش كومىتېتى» دەپ ئاتالدى. 1968 - يىلى كوممۇنا باشقۇرۇش
كومىتېتى كوممۇنا ئىنقىلابىي كومىتېتقا ئۆزگەرتىلدى. 1979 - يىلى
«لوپ كوممۇنا» دەپ ئۆزگەرتىلدى.

1984 - يىلى 12 - ئايدا ھاكىمىيەت بىلەن كوممۇنا ئايرىلغاندا،
«لوپ كوممۇنا» لوپ بازىرى ۋە قورغان يېزا دەپ ئىككىگە ئايرىلدى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەم بازارلىق، يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. 1985 - يىل 12 - ئايدا لوپ بازىرى بىلەن قورغان يېزا بىرلەشتۈرۈ-لۈپ، لوپ بازىرى (جېن) قۇرۇلدى ۋە بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى تەسىس قىلىندى.

لوپ بازارنىڭ ئەسلىي شەھەر سېپىلى يوق ئىدى. تۆت ئەتراپى يېزىلار بىلەن تۇتىشىپ كېتەتتى. 1945 - يىلى لوپ شەھەر سېپىلى ياسالدى. سېپىل ئېگىزلىكى 4.75 مېتىر، تېگىنىڭ كەڭلىكى 3.5 مېتىر، ئۈستىنىڭ كەڭلىكى 1.5 مېتىر، ئەتراپىنىڭ ئاي-لانما ئۇزۇنلۇقى 3180 مېتىر بولۇپ، پۈتۈن شەھەر ئىچى تۇخۇم شەكلىگە چۈشۈرۈلگەن ئىدى. تۆت تەرىپىدە شەھەر دەرۋازىسى قويۇ-لۇپ، شەرقىي دەرۋازىسى خۇيىنىڭمېن (ئامانلىق دەرۋازىسى)، جەنۇ-بىي دەرۋازىسى يۈيشۈمېن (تاغ مەنزىرىسى دەرۋازىسى)، غەربىي دەرۋا-زىسى جېڭبەنمېن (چېگرا مۇداپىئە دەرۋازىسى)، شىمالىي دەرۋازىسى شۈەنجېڭمېن (ھۆكۈمەت دەرۋازىسى) دەپ ئاتىلاتتى. شەھەر ئىچىدە ئويداڭ - چوڭقۇر، ئەگرى - مايماق تۆت توپا يول (كوچا)، بىر قانچە ئائىلىلىك ناۋايخانا ۋە پارچە - پۇرات دۇكان بار ئىدى. بىر ئۇيغۇر باشلانغۇچ مەكتەپ بولۇپ، 60 نەپەر ئوقۇغۇچى بار ئىدى. 1949 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيىلىك ھۆكۈمەت، ساقچى ئىدارى-سى، ئۇيغۇر ئۇيۇشما قاتارلىق تۆت ئورۇننىڭ خىش ۋە ياغاچتىن ياسالغان قۇرۇلۇشىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغان كونا ئۆيلىرىنىڭ ھەممىسى پاكار ۋادەك ئۆيلەر ئىدى. ھەر سەيشەنبە كۈنى بازار بولاتتى. شۇڭا لوپ بازىرىنى پۇقرالار «سەيشەنبە بازار» دەپ ئاتىشاتتى.

لوپ بازىرىدا 24 مىڭ 978 مو تېرىلغۇ يەر بولۇپ، زېمىنى تاغ ئالدى كەلكۈن لاتقا تۈزلەڭلىكىگە كىرىدۇ. جەنۇبىي تەرىپى ئېگىز، شىمالىي تەرىپى پەس، ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى دېڭىز يۈزىدىن 1340 مېتىر ئېگىز. قىيپاشلىقى 300/1 مېتىر، زېمىن تەۋەلىكىدىكى يەر ئاستى سۇ ئورنى ئېگىز، شورلۇق تۇپراق كۆپ، بازارنىڭ غەرب ۋە شىمال تەرىپىدە زور كۆلەملىك زەيلىك، سازلىق يەرلەر بار. ھاۋاسى قۇرغاق، شامال كۆپ چىقىدۇ. بۇ يەر تىپىك قۇرۇقلۇق چۆل خاراك-

تېرىدىكى ھاۋا كىلىماتىغا كىرىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 11.5℃، تارىختىن بۇيانقى يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل يېغىن مىقدارى 34.5 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 212 كۈن.

لوپ بازىرى لوپ ناھىيىسىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، سودا، مەدەنىيەت مەركىزى ھېسابلىنىدۇ. ج ك پ لوپ ناھىيىلىك كومىتېتى، خەلق قۇرۇلتىيى لوپ ناھىيىلىك كومىتېتى، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى، سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى لوپ ناھىيىلىك كومىتېتى قاتارلىق ئورگانلار، ناھىيىگە قاراشلىق ئىدارە — بۆلۈملەر، كەسپىي ئورۇنلار، مەكتەپلەر مۇشۇ بازارغا جايلاشقان. ئازادلىقتىن كېيىن شەھەر ئىچى بارغانسېرى كېڭەيدى. ھازىرقى ناھىيە شەھەر ئىچى كۆلىمى ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىنىڭ نەچچە ئون ھەسسىسىگە تەڭ كېلىدۇ. شەھەر ئىچى قۇرۇلۇشى رەتلىك، كەڭ، داغدام كوچا - يوللار تەرەپ - تەرەپكە تۇتىشىدۇ.

بۇ بازارنىڭ بەش ئاھالە كومىتېتى، 18 كەنت كومىتېتى — 73 مەھەللە (ئاھالە) گۇرۇپپىسىدا 5533 ئائىلە — 19 مىڭ 643 نوپۇس بار.

## لوپ بازىرىغا تەۋە مەمۇرىي كەنت ۋە ئاساسلىق تەبىئىي كەنتلەرنىڭ نامى
## 洛浦县洛浦镇行政村和自然村名称

| | |
|---|---|
| 1 - ئاھالە كومىتېتى | 第一居民委员会 |
| 2 - ئاھالە كومىتېتى | 第二居民委员会 |
| 3 - ئاھالە كومىتېتى | 第三居民委员会 |
| 4 - ئاھالە كومىتېتى | 第四居民委员会 |
| 5 - ئاھالە كومىتېتى | 第五居民委员会 |
| خوتەن يولى | 和田路 |
| ھاڭگىيا يولى | 杭桂路 |
| دول يولى | 多鲁路 |

www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| مەدەنىيەت يولى | 文化路 |
| سامپۇل يولى | 山普鲁路 |
| يېڭىبازار يولى | 英巴扎路 |
| بوشقان يولى | 博西坎路 |
| يېڭىبازار كەنت كومىتېتى | 英巴扎村委会 |
| يېڭىبازار | 英巴扎 |
| لاتاكوچا | 拉塔阔恰 |
| پەرەكوچا | 派热阔恰 |
| كونا بازار كەنت كومىتېتى | 阔纳巴扎村委会 |
| تۇزلۇقئېرىق | 吐孜鲁克艾日克 |
| قومچاقباغ | 库木恰克巴格 |
| ئوتتۇرا بوشقان كەنت كومىتېتى | 欧吐拉博西坎村委会 |
| كاۋا مەھەللە | 喀瓦买里 |
| ئېگىز ئېرىق | 依格孜艾日克 |
| جايتېرەك باغۋەنچىلىك كەنت كومىتېتى | 加依铁热克巴格万其勒克村委会 |
| خەلپە چۇشۇرگە كەنت كومىتېتى | 海力派曲许尔盖村委会 |
| قاپاقلىقمەھەللە | 喀帕克勒克买里 |
| باشدول | 巴什多鲁 |
| دول تۆگمەنبېشى كەنت كومىتېتى | 多鲁吐格曼贝希村委会 |
| دول تۆگمەنبېشى | 多鲁吐格曼贝希 |
| كامپائېرىق | 康帕艾日克 |
| قىرقاش كەنت كومىتېتى | 克尔喀什村委会 |
| كالپۇكمەھەللە | 喀勒普克买里 |
| توغراقئالدى | 托格拉克阿勒地 |
| جالانمەھەللە | 加朗买里 |
| دۆۋەت كەنت كومىتېتى | 多外特村委会 |
| شىيتمەھەللە | 西依提买里 |
| باچكۇمەھەللە | 巴其古买里 |

| | |
|---|---|
| 阿恰村委会 | ئاچا كەنت كومىتېتى |
| 阿 恰 | ئاچا |
| 古古提其买里 | گۆگۆتچىمەھەللە |
| 博西坎村委会 | بوشقان كەنت كومىتېتى |
| 曲吉买里 | چۆجەمەھەللە |
| 兴台买里 | شىڭتەيمەھەللە |
| 喀尕买里 | قاغامەھەللە |
| 喀拉都外村委会 | قارادۆۋە كەنت كومىتېتى |
| 布古拉阔恰 | بۇغراكوچا |
| 苏喀买里 | سوقامەھەللە |
| 古木巴特村委会 | گۇمبات كەنت كومىتېتى |
| 琼库尔买里 | چوڭقۇر مەھەللە |
| 台依西买里 | تېيىشمەھەللە |
| 巴依塔勒买里 | بايتالمەھەللە |
| 喀日古买里 | قارىغۇمەھەللە |
| 库尔干村委会 | قورغان كەنت كومىتېتى |
| 墩艾日克 | دوڭئېرىق |
| 托格热艾日克 | توغرائېرىق |
| 合 尼 | خېنىي |
| 阿亚克恰帕勒村委会 | ئاياغچاپال كەنت كومىتېتى |
| 艾则旦木艾日克 | ھەزرەتەمئېرىق |
| 恰热买里 | چارامەھەللە |
| 尤布旦买里 | يوبدانمەھەللە |
| 巴什恰帕勒村委会 | باشچاپال كەنت كومىتېتى |
| 墩艾日克 | دۆڭئېرىق |
| 恰帕勒兰干村委会 | چاپاللەڭگەرى كەنت كومىتېتى |
| 恰帕勒兰干 | چاپاللەڭگەرى |
| 麻扎艾日克 | مازار ئېرىق |
| 塔盘村委会 | تاپان كەنت كومىتېتى |

www.uyghurkitap.com

جاقامەھەللە 加喀买里
تۇگمەنئايمىقى 吐格曼阿依玛克

# يۇرۇڭقاش بازىرى 玉龙喀什镇

يۇرۇڭقاش بازىرى لوپ ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىگە جايلاشقان، ناھىيە مەركىزى بىلەن بولغان تۈز ئارىلىقى 20.5 كىلومېتىر، ئورنى يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدا. غەرب تەرىپى خوتەن شەھىرى بىلەن يۇرۇڭقاش دەرياسى ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدۇ. شەرق، شىمال، جەنۇب — ئۈچ تەرىپى بوّيا يېزىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى تۆت كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 11 كىلومېتىر، ئومۇمىي كۆلىمى 28.6 كۋادرات كىلومېتىر، بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى يۇڭبازار كەنتىدە.

«يۇرۇڭقاش» دېگەن نام، يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ نامى بىلەن قويۇلغان. «يۇرۇڭقاش» تۈركچە سۆز بولۇپ، «قورىغار تەزكىرىسى» دە 玉龙哈什 دەپ يېزىلغان. «چىڭ دىڭ پادىشا ۋە قورىغار تەزكىرىسى» ھەم «شىنجاڭدىكى چوڭ ۋەقەلەر خاتىرىسى»، «چىڭ دىڭ - شىنجاڭ قىسقىچە تارىخى» «يۈەن سۇلالىسىنىڭ تارىخى» دېگەن كىتابلارنىڭ ھەممىسىدە 玉陇哈什 دەپ يېزىلغان. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە موڭغۇلچە 玉陇杰赤 دەپ ئاتالغان. بۇ نامنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە مەنىسى توغرىسىدا ئىككى خىل رىۋايەت بار:

بىرى، «قورىغارنىڭ سۇ ئەھۋالى خاتىرىسى» دە: «يۇرۇڭقاش مۇسۇلمانچە (ئۇيغۇرچە) سۆز بولۇپ، يۇرۇڭ دېگەن سۆز ‹يورۇق، سۈزۈك› دېگەنلىك، ‹قاش› دېگەن سۆز قاشتېشىغا قارىتىلغان» دېيىلگەن. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا: «يۇرۇڭقاش دەرياسىدىن سۈپسۈزۈك قاشتېشى چىقىدۇ. بۇ دەريا مۇشۇ يەردىن ئېقىپ ئۆتكەنلىكتىن يۇرۇڭقاش دەپ نام بېرىلگەن» دەپ ئىزاھات بېرىلگەن. يۇرۇڭقاش دېگەن «ئاق (سۈزۈك) قاشتېشى» دېگەن مەنىدە بولۇپ، «قەدىمكى تۈركىي تىللىرى لۇغىتى» (موسكۋا

1962 - يىل نەشرى) دە: «ئۆرۈك — مەرۋايىت دېگەن مەنىدە، قاش — قاشتېشىنى كۆرسىتىدۇ» دەپ چۈشەندۈرۈلگەن.

يەرلىك خەلقلەر ئارىسىدىكى رىۋايەتتە: «يورۇڭقاش ئەسلىي ‹يورۇققاش› دېگەن سۆزدىن ئۆزگەرگەن، يەنى يورۇڭقاش دەرياسى خوتەننىڭ كۈنچىقىش (شەرق) تەرىپىگە جايلاشقانلىقتىن، كۈن يورۇتۇپ تۇرغان دەريا قېشى دېگەن مەنىدە» دېيىلىدۇ.

يورۇڭقاش بازىرى قەدىمكى دەۋردە ئۇدۇن دۆلىتىگە قاراشلىق ئالتە شەھەرنىڭ بىرسى بولۇپ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە چاغاتاي خانلىقى ۋە موغۇلىستان خانلىقىغا، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يەركەن خانلىقىغا تەۋە يەر ئىدى. «قورىغار تەزكىرىسى» دە: «قورىغار خاقانى جۈجىخان يورۇڭقاش (玉陇杰赤)[①] قاتارلىق شەھەرلەرنى قولغا ئالغان ... ئالوغۇنى پادىشاھلىققا بەلگىلىگەن» دەپ يېزىلغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە يورۇڭقاش ئالتە شەھەرنىڭ بىرى بولغان خوتەنگە تەۋە بولۇپ، «يورۇڭقاش كەنتى» دەپ ئاتىلاتتى. «شىنجاڭدىكى چوڭ ۋەقەلەر خاتىرىسى» دە: «يورۇڭقاشقا شەھەر سېپىلى سوقۇلمىغان، ئۇ ئالتە شەھەرنىڭ بىرسى بولۇپ، شۇپۇر (ھازىرقى سامپۇل)، بويى (بۇيا) كەنتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ» ، دەپ ئىزاھلانغان. گۇاڭشۈينىڭ 8 - يىلى (مىلادىيە 1882 - يىلى) يورۇڭقاش كەنتى بىۋاسىتە خوتەنگە تەۋە بولدى. گۇاڭشۈينىڭ 28 - يىلى (مىلادىيە 1902 - يىلى) لوپ ناھىيىسى قۇرۇلغاندا، لوپ ناھىيىسىگە ئايرىلىپ، ئالتىلە مىڭلىكى ئۇنىڭغا تەۋە قىلىندى. شۇ ئەتنۇڭ زامانىسىدا ئالتىلە مىڭلىكى توسالالا مىڭلىكىگە ئۆزگەرتىلگەندە يورۇڭقاشمۇ توساللىغا تەۋە بولدى. 1934 - يىلى يورۇڭقاشنى مەركەز قىلغان 2 - رايون قۇرۇلدى. ئۇنىڭغا 12 كەنت تەۋە بولدى. 1938 - يىلى 4 - رايونغا ئۆزگەرتىلىپ، 14 كەنت تەۋە بولدى. 1942 - يىلى پۈتۈن ناھىيىدىكى ئالتە رايون سەككىز رايونغا ئۆزگەرتىلگەندە يورۇڭقاش 4 - رايوندىن 6 - رايونغا ئۆزگەرتىـ

① خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردىن قارىغاندا، «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى. سۇ ئەھۋالى خاتىرىسى» دە: ئامۇ دەرياسىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى جەنۇبىي دەرياسى بويلىرىدا ئۈرگەنج شەھىرى (乌尔根齐城) ۋە ئۇلۇغگاچ (兀笼格赤) دېگەن ناملار بارلىقى خاتىرىلەنگەن. ئۇلۇغگاچ دېگەن ئۈرگەنجنى كۆرسىتەمدۇ ياكى يورۇڭقاشنى كۆرسىتەمدۇ، بۇنى ھازىرچە مۇقىمداش تەس.

www.uyhurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

لىپ، ئۇنىڭغا 17 كەنت تەۋە قىلىندى. 1944 - يىلى يۈز بېشىلىق تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندا، 6 - رايون — يۇرۇڭقاش بازار نوڭچىڭشياڭ (ئىشچانلار يېزىسى)، شىن فاشياڭ (يېڭىدىن راۋاجلاندۇرۇش يېزىسى)، سۇي خېشياڭ (تىنچلاندۇرۇش يېزىسى)، فەنشىن شياڭ (گۈللەندۈرۈش يېزىسى) دېگەن بىر بازار، تۆت يېزىغا ئۆزگەرتىلدى. 1947 - يىل 12 - ئايدا پۈتۈن ناھىيە تۆت بازار، بەش چوڭ يېزىغا ئۆزگەرتىلگەندە، يۇرۇڭقاش يەنە بازار تۈرۈشلۇق جاي بولدى ۋە بازارلىق ھۆكۈمەت، باجخانا، ساقچىخانا قۇرۇلدى ھەمدە 1949 - يىلىدىن 1950 - يىل 3 - ئايغىچە مۇشۇ قۇرۇلمىنى ساقلاپ كەلدى. 1950 - يىل 4 - ئايدا، لوپ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇپ پۈتۈن ناھىيە يەتتە رايونغا ئايرىلغاندا، يۇرۇڭقاش 2 - رايون بولدى. تەۋەلىكىدە: يۇرۇڭقاش، قۇتچى، ئالتىلە، چالمىي، كوزنىي، بۇيا، تامئېغىل، سولۋا، بۇياپېشى قاتارلىق توققۇز يېزا قۇرۇلۇپ، 52 كەنت تەسىس قىلىندى.

1954 - يىل 3 - ئايدا 7 - يېزا (تامئېغىل) ۋە 8 - يېزا (سولۋا) 7 - رايونغا ئايرىپ بېرىلدى. 1958 - يىل 11 - ئايدا بۇ رايوندا «تىنچلىق»، «قىزىليۇلتۇز» دېگەن ئىككى كوممۇنا قۇرۇلدى. 1959 - يىلى بۇ ئىككى كوممۇنا «شەرق شاملى»، «سۇنئىي ھەمراھ» دېگەن ئىككى كوممۇناغا قوشۇلۇپ، «تاشقىن كوممۇنا» قىلىپ ئۆزگەرتىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى كوممۇنا باشقۇرۇش كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى. 1962 - يىل 2 - ئايدا جىيا «تاشقىن كوممۇنا»دىن ئايرىلىپ چىقىپ، مۇستەقىل ھالدا «يېڭى قۇرۇلۇش كوممۇنا» قۇرۇلدى. «تاشقىن كوممۇنا»غا بەش باشقۇرۇش رايون، 28 دادۈي ۋە كوممۇنا باشقۇرغان بىر دېھقانچىلىق مەيدان قاراشلىق بولدى. 1968 - يىلى ھەر دەرىجىلىك ھاكىمىيەت ئورگانلىرى ئىنقىلابىي كومىتېتقا ئۆزگەرتىلگەندە، «تاشقىن كوممۇنا» باشقۇرۇش كومىتېتىمۇ «تاشقىن كوممۇنا» ئىنقىلابىي كومىتېتقا، 1979 - يىلى يۇرۇڭقاش كوممۇناغا ئۆزگەرتىلدى. 1984 - يىل 12 - ئايدا ھاكىمىيەت بىلەن كوممۇنا ئايرىلغاندا، بۇيا ئايرىلىپ چىقىپ، بۇيا يېزىلىق ۋە يۇرۇڭقاش بازارلىق

ھۆكۈمەت قۇرۇلدى.

يۇرۇڭقاش بازىرى دەريا بويىدىكى كەلكۈن - لاتقا تۈزلەڭلىككە كىرىدۇ. 18 مىڭ 24 مو تېرىلغۇ كۆلەمنى ئىگىلىگەن بۇ يەرنىڭ زېمىنى تەكشى، جەنۇبتىن شىمالغا قىيپاش، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1340 مېتىر. ھاۋاسى قۇرغاق، شامال كۆپ چىقىدۇ. تىپىك بولغان قۇرۇقلۇق چۆل خاراكتېرىدىكى ھاۋا ئىقلىمىغا كىرىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 11.5℃، 7 - ئايدىكى ئەڭ يۇقىرى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 24.5℃، 1 - ئايدىكى ئەڭ تۆۋەن ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 6℃-، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 32.5 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 212 كۈن. زېمىنى قۇم تۇپراق. ئاساسلىق مەھسۇلاتى: بۇغداي، قوناق، پاختا ۋە مايلىق دان تېرىلىدۇ. پىلە - ئۈجمىچىلىك تارىخى ئۇزۇن. بۇ بازارنىڭ «گىلەم ۋە ئەتلەس يۇرتى» دېگەن نامى بار. شىنجاڭ بويىچە ئەڭ بۇرۇن قۇرۇلغان ئەڭ چوڭ گىلەم كارخانىسى مۇشۇ بازارغا جايلاشقان. بۇ بازاردا تۈرلۈك قول ھۈنەر سانائىتى ئەسلىدىلا تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ھازىر يەنىمۇ كۆلەملەشتى.

يۇرۇڭقاش بازىرى تارىختىن بۇيان خوتەننىڭ شەرقىدىكى ئۈچ ناھىيىنىڭ سودا تۈگۈنى بولۇپ كەلگەن. ئۇنىڭ 15 كەنت (ئاھالە) كومىتېتى — 76 مەھەللە (ئاھالە) گۇرۇپپىسىدا 4275 ئائىلە — 17 مىڭ 980 نوپۇس بار.

## يۇرۇڭقاش بازىرى تەۋەلىكىدىكى مەمۇرىي كەنت ۋە ئاساسلىق تەبىئىي كەنتلەرنىڭ نامى
## 洛浦县玉龙喀什镇行政村和自然村名称

| | |
|---|---|
| 玉龙喀什镇 | يۇرۇڭقاش بازىرى |
| 永巴扎 | يۇڭبازىرى |
| 阿勒提来村委会 | ئالتىلە كەنت كومىتېتى |
| 哈勒达买里 | خالدا مەھەللە |
| 铁提尔巴格 | تېتىرباغ |

| | |
|---|---|
| هالۇبويى كەنت كومىتېتى | 阿鲁博依村委会 |
| هالۇبويى | 阿鲁博依 |
| ياغمەھەللە | 亚格买里 |
| داۋا بازىرى كەنت كومىتېتى | 达瓦巴扎村委会 |
| داۋابازىرى | 达瓦巴扎 |
| چاكۇمەھەللە | 恰库买里 |
| يۇڭبازىرى كەنت كومىتېتى | 永巴扎村委会 |
| قېيىشمەھەللە | 克依什买里 |
| ئېگىز ئېرىق كەنت كومىتېتى | 依格孜艾日克村委会 |
| قىرىمچىمەھەللە | 克热木其买里 |
| پاچاقمەھەللە | 帕恰克买里 |
| قىرىغئېرىق كەنت كومىتېتى | 克热格艾日克村委会 |
| پىلىكمەھەللە | 皮里克买里 |
| ياغچىمەھەللە | 亚格其买里 |
| كونائۆستەڭ | 阔纳吾斯塘 |
| باشمىيقىلا كەنت كومىتېتى | 巴什米克拉村委会 |
| باشمىيقىلا | 巴什米克拉 |
| ناغرىچى كەنت كومىتېتى | 纳格热其村委会 |
| ناغرىچى | 纳格热其 |
| قۇمئېرىق | 库木艾日克 |
| قۇتچى كەنت كومىتېتى | 库提其村委会 |
| قۇتچى | 库提其 |
| ئىگەرچى | 依盖其 |
| چۇشۇرگە ئېرىق | 曲许尔盖艾日克 |
| قۇتچىلەڭگەر كەنت كومىتېتى | 库提其兰干村委会 |
| كانايمەھەللە | 喀纳依买里 |
| شايىچىمەھەللە | 夏依其买里 |
| ئاقچىغ | 阿克其格 |
| سېرىق | 色日克 |
| ئاياغمىيقىلا كەنت كومىتېتى | 阿亚克米克拉村委会 |

| | |
|---|---|
| ئاياغمىيقىلا | 阿亚克米克拉 |
| ئاچما كەنت كومىتېتى | 阿其玛村委会(农场) |
| ئاچما | 阿其玛 |
| بوستانقۇم | 博斯坦库木 |
| باغۋەن | 巴格万 |
| شاخدۆڭ | 夏合墩 |
| چىغانلىق | 其干勒克 |

## جىيا يېزىسى 吉亚乡

جىيا يېزىسى لوپ ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى 27 كىلومېتىر جايغا جايلاشقان. جەنۇبىي يۇرۇڭقاش بازىرىنىڭ قۇتچىلەڭ-گىرى ۋە مىيقىلا كەنتلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. شىمالى تەكلىماكان چۆلىگە تۇتىشىدۇ. شەرقىي شىمال تەرىپى بويىا يېزىسىنىڭ يېڭىئاۋات دېھقانچىلىق مەيدانى بىلەن، غەربى يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. جەنۇبتىن شىمالغىچە ئۇزۇنلۇقى 17 كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكىچە كەڭلىكى 4 كىلومېتىر، ئومۇمىي كۆلىمى 69 كۋادرات كىلومېتىر، 30 مىڭ 675 مو كېلىدۇ. ھازىر 19 كەنت كومىتېتى — 83 مەھەللە گۇرۇپپىسىدا 4085 ئائىلە — 19 مىڭ 192 نوپۇس بار. يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى تېرەكلىك كەنتىدە.

جىيا «قورىغارنىڭ سۇ ئەھۋالى خاتىرىسى»، «شىنجاڭ تەزكىرى-لىرى» دە «纪雅» دەپ خاتىرىلەنگەن، ئۇيغۇرچە تارىخىي مەنبەلەر تېخى تېپىلمىدى. جىيا دېگەن سۆز ئۇيغۇرچە «جىرا» دىن ئۆزگەرگەن بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلىنىدۇ. يەنى كەلكۈن سۇ يامراپ چېقىپ ئۆتكەن قىيپاش تۈزلەڭلىك دېگەن مەنىدە. زىمىن ئالاھىدىلىكىدىن ئېيتقاندا، بۇ يەر ئەسلىدىن تارتىپ يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ لېۋىگە جايلاشقاچقا جەنۇبى ئېگىز، شىمالغا سوزۇلغانسېرى پەس بولۇپ، دائىم سۇ يالاپ، تۈزلەڭلىككە ئايلانغان. تىل ئالاھىدىلىكىدىن ئېيت-

قاندا، جىيا بىلەن يۇرۇڭقاشنىڭ تىل شېۋىسىدە «يى» ھەرپى بىلەن «ر» ھەرپى ئۆزئارا ئالمىشىدۇ. شۇڭا بۇ يەرنىڭ نامىنى «جىرا» دىن «جىيا» غا ئۆزگەرگەن دەپ پەرەز قىلغىلى بولىدۇ.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە جىيا خوتەنگە بىۋاسىتە قاراشلىق كالون (ھەربىي بېكەت) نىڭ بىرسى ئىدى. گۇاڭشۇينىڭ 28 - يىلى (مىلادىيە 1902 - يىلى) لوپ ناھىيە قارىمىقىدىكى ئۈچ مىڭلىكنىڭ بىرسى بولغان ئالتىلە مىڭلىكگە تەۋە ئىدى. چىڭ سۇلالىسى شۇەنتۇڭنىڭ 1 - يىلى ئالتىلە مىڭلىكى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، توسالا مىڭلىكى قۇرۇلغاندا، ئۇنىڭغا تەۋە قىلىنغان.

1934 - يىلى يۇرۇڭقاش 2 - رايوننىڭ 1 - كەنتى بولغان. 1938 - يىلى يۇرۇڭقاش 2 - رايوندىن 4 - رايونغا ئۆزگەرگەندە، جىيانىڭ تەۋەلىك مۇناسىۋىتىمۇ بىللە ئۆزگەرگەن. 1942 - يىلى پۈتۈن ناھىيە ئالتە رايوندىن سەككىز رايونغا ئۆزگەرتىلگەندە يۇرۇڭقاش 6 - رايون قىلىندى. جىيا ئايرىلىپ 7 - رايون بولدى. 1944 - يىلى يۈز بېشىلىق تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندا 7 - رايون گۇڭنۇڭشىياڭ (ئىشچى - دېھقانلار يېزىسى) دەپ ئاتالدى. 1947 - يىل 2 - ئايدا يەنە جىيا يېزا دەپ ئايرىلدى. 1947 - يىل 12 - ئايدا پۈتۈن ناھىيە تۆت بازار، بەش چوڭ يېزىغا ئايرىلغاندا جىيا يېزىسى يۇرۇڭقاش بازارغا تەۋە قىلىندى.

1950 - يىل 4 - ئايدا لوپ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، پۈتۈن ناھىيە يەتتە رايونغا ئايرىلغاندا، جىيا 7 - رايون بولدى. 1954 - يىل 3 - ئايدا 2 - رايون (يۇرۇڭقاش) دىكى 7 - ۋە 8 - ئىككى (تامئېغىل بىلەن سولۇۋا) يېزىنى 7 - رايونغا (جىيا رايونىغا) ئايرىپ بەردى. شۇ چاغدا جىيا رايونىدا ئالتە يېزا 31 كەنت بار ئىدى. 1956 - يىل 12 - ئايدا قۇرغان 1 - رايون ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، جىيا 7 - رايوندىن 1 - رايونغا ئۆزگەرتىلدى. 1958 - يىل 11 - ئايدا 1 - رايوندا «شەرق شامىلى»، «سۇنئىي ھەمراھ» دېگەن ئىككى كوممۇنا قۇرۇلدى. 1959 - يىل 2 - ئايدا ھەممىسى 2 - رايون (يۇرۇڭقاش) غا قوشۇۋې-

تىلىپ، «تىنچلىق»، «قىزىلىيۇلتۇز» كوممۇنالىرى بىرلەشتۇرۇلۇپ «تاشقىن كوممۇنا» قۇرۇلدى. 1961 - يىل 2 - ئايدا جىيا يۇرۇڭقاش-تىن ئايرىلىپ چىقىپ، «يېڭى قۇرۇلۇش كوممۇنىسى» قۇرۇلدى ۋە 1968 - يىلى «يېڭى قۇرۇلۇش كوممۇنا» ئىنقىلابىي كومىتېت دەپ ئاتالدى، 1979 - يىلى جىيا كوممۇنا دەپ ئۆزگەرتىلدى. 1983 - يىلى يەر ناملىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشتە، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق جىيانىڭ خەنزۇچە 吉牙 دەپ يېزىلىشى 吉亚 غا ئۆزگەرتىلدى. 1984 - يىل 12 - ئايدا ھاكىمىيەت بىلەن كوممۇنا ئايرىلغاندا جىيا يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى.

جىيا يېزىسىنىڭ زېمىنى يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ ئېقىن ۋادىسىغا جايلاشقان. زېمىنىنىڭ جەنۇبى ئېگىز، شىمالى پەس قىيپاش تۈزلەڭ-لىك بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1300 مېتىر، ھاۋاسى قۇرغاق، بوران كۆپ چىقىدۇ. تىپىك بولغان قۇرۇقلۇق قۇم خاراكتېرىدىكى ھاۋا كىلىماتىغا كىرىدۇ. ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.5℃، 7 - ئايدىكى ئەڭ يۇقىرى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇ-رىسى 24.5℃، 1 - ئايدىكى ئەڭ تۆۋەن ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 6.5℃-. يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 34 مىللىمېتىر، يىللىق قىروسىز مەزگىلى 212 كۈن، قۇم تۇپراق. 30 مىڭ 675 مودىن ئارتۇق تېرىم يېرى بار. ئاساسىي مەھسۇلاتى: بۇغداي، قوناق، پاختا، مايلىق دان. ئاھالىلار قوشۇمچە پۇرچاق تېرىش، پىلە - ئۈجمىچىلىك، چارۋىچىلىق، يەل - يېمىش ئىشلەپچى-قىرىش، سودا، قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

جىيا يېزىسىنىڭ سۇ مەنبەسى مول، يۇرۇڭقاش دەرياسى مۇشۇ يەردىن ئېقىپ ئۆتىدۇ. جىيا ئۆستىڭى ناھىيىلىك باش ئېلىشبېشى-نىڭ غەربىي ئوق ئۆستىڭىدىكى 2 - ئېلىشبېشىدىن باشلىنىپ كەنتكە قاراپ ئاقىدۇ. كەنتلەردىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم تېرىلغۇ يەر ۋە باغ - ئورمانزارلار مۇشۇنىڭ بىلەن سۇغىرىلىدۇ. جىيىنىڭ بۇلاق سۈيى مول بولۇپ، قىش، ئەتىياز پەسىللىرىدىكى قۇرغاقچىلىق مەز-

www.uyghurkitap.com

گىلىلىرىدە ئۆز تەۋەسىدىكى سۇغىرىش ئىشلىرىغا تولۇقلىما سۈسۈپىتىدە ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنۇملۇك سۇغىرىش كۆلىمى دەريا سۈيى بىلەن قوشقاندا 27 مىڭ 500 موغا يېتىدۇ.

جىيا يېزىسىنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتى قول بىلەن توقۇلىدىغان ئەتلەس بولۇپ، بۇ ئەنئەنىۋى ھۈنەر ـ سەنئەت مەھسۇلاتى قەدىمكى زاماندىكى نۇسخا بويىچە رەڭگى كۆركەم، سۈپىتى ياخشى توقۇلىدىغان بولۇپ، تارىخى ئۇزۇن. دۆلىتىمىز، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىسلام ئەللىرىدە داڭلىق.

جىيا يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىدىكى 6.5 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى چوڭ ـ كىچىك «قۇمات»، قەدىمكى زاماندا يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ شەرقىي ئېقىن ئورنى ئىدى. تارىخ ۋە گېئولوگىيە ساھەسىدىكىلەر بۇ جاينى «قۇمات يۇرۇڭقاش دەريا رايونى» دەپ ئاتايدۇ. ئارخېئولوگىيە ئالىمى خۇاڭ ۋېنبىي ئەپەندى «بۇ يەر قەدىمكى ئۇدۇننىڭ مەدەنىيەت، سىياسىي مەركىزى، قەدىمكى يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىنىڭ ئورنىدىكى ئاسارەتىقىلەر جەنۇبتىن شىمالغا 10 نەچچە چاقىرىم سوزۇلغان» دەپ يازغان. بۇ داڭلىق خارابىلىقتا: راۋاق خارابىلىقى، ئاقسىپىل شەھەر خارابىلىقى، «تاڭ دەۋرىدىكى قورغار خاتىرىسى» دە خاتىرىلەنگەن چوڭ جالان (大伽兰)، جەنمۇ بۇتخانىسى (جۈيمۇ بۇتخانىسى) خارابىلىقى قاتارلىقلار بار، چوڭ ـ كىچىك قۇماتتىن قاشتېشى كۆپ چىقىدۇ. «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە «قۇستانا دۆلىتى (ئۇدۇن) دىن ئاق قاشتېشى، كۆك قاشتېشى چىقىدۇ. بۇ يەر ھازىر لوپتىكى چوڭ ـ كىچىك قۇمات دېيىلىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. 1929 ـ يىلى پروفېسسور خۇاڭ ۋېنبىي بۇ يەر ھەققىدە: «بۇ يەردىن كىشىلەر ئەڭ ئېسىل قاشتېشى كولايدۇ. قاشتېشىنى كىشىلەر قوي يېغىغا ئوخشىتىپ، ‹خۇددى قوينىڭ دۈمبىسىدەك سۈزۈك› دېيىشىدۇ»، دەپ يازغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ جياچىڭ يىللىرى شىنجاڭدىن چىڭ خاندانلىقىغا ھەدىيە قىلىدىغان ئېسىل قاشتېشى دىگۇدەك مۇشۇ يەردىن چىققان بولۇپ، ھاشارچىلار مەخسۇس ئەمەلدارلارنىڭ نازارىتى ئاستىدا

بۇ يەردىن قاشتېشى تەرگەن ۋە قازغان. ھازىرمۇ كىشىلەر بۇ جايلاردىن قاشتېشى ئىزدەيدۇ.

## جىيا يېزىسى تەۋەلىكىدىكى مەمۇرىي كەنت ۋە ئاساسلىق تەبىئىي كەنتلەرنىڭ نامى
## 洛浦县吉亚乡行政村和自然村名称

| | |
|---|---|
| تېرەكلىك كەنت كومىتېتى | 铁热克力克村委会 |
| تېرەكلىك | 铁热克力克 |
| جۇگۇمەھەللە | 居古买里 |
| تايلاقمەھەللە | 塔依拉克买里 |
| جىلغابويى | 吉勒尕博依 |
| تاۋغاز كەنت كومىتېتى | 塔吾尕孜村委会 |
| تاۋغاز | 塔吾尕孜 |
| ئاچما | 阿其玛 |
| لەڭگەر | 兰 干 |
| سۇيا ئۇجمىلىك كەنت كومىتېتى | 苏亚玉吉买勒克村委会 |
| پويەر | 泡也尔 |
| تۆۋەن | 托万 |
| يېڭىمەھەللە | 英买里 |
| كوچا كەنت كومىتېتى | 阔恰村委会 |
| كوچا | 阔 恰 |
| داڭقانمەھەللە | 当坎买里 |
| دۆڭئېرىق | 墩艾日克 |
| ئاياغ كۆلئېرىق كەنت كومىتېتى | 阿亚克库勒艾日克村委会 |
| ئاياغ كۆلئېرىق | 阿亚克库勒艾日克 |
| سۇيا لەڭگەر كەنت كومىتېتى | 苏亚兰干村委会 |
| سۇيا لەڭگەر | 苏亚兰干 |
| يامۇكمەھەللە | 亚木克买里 |
| ئارقا مەھەللە | 阿日喀买里 |

www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| ھېلىماتام كەنت كومىتېتى | 艾里玛塔木村委会 |
| تېكەمەھەللە | 铁克买里 |
| ياغاقمەھەللە | 亚尕克买里 |
| جىلغا ئېرىق كەنت كومىتېتى | 吉勒尕艾日克村委会 |
| دۆمباقمەھەللە | 冬巴克买里 |
| ئاقمەھەللە كەنت كومىتېتى | 阿克买里村委会 |
| سالجا مەھەللە | 萨勒吉买里 |
| دولانمەھەللە | 多朗买里 |
| ئازنە بازار كەنت كومىتېتى | 阿孜乃巴扎村委会 |
| چۆپئېرىق | 曲甫艾日克 |
| يېڭىئاۋات | 英阿瓦提 |
| مەدرىسبويى كەنت كومىتېتى | 买迪日斯博依村委会 |
| قىيىشمەھەللە | 克依什买里 |
| كالتە تۆگمەن كەنت كومىتېتى | 喀勒塔吐格曼村委会 |
| خوندەكمەھەللە | 宏代克买里 |
| يار تۆگمەن كەنت كومىتېتى | 亚吐格曼村委会 |
| قۇياڭمەھەللە | 阔央买里 |

## بۇيا يېزىسى 布亚乡

بۇيا يېزىسى لوپ ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىگە جايلاشقان، لوپ بازىرى بىلەن تۈز لىنىيە ئارىلىقى 20 كىلومېتىر، شەرقى چاھارباغ يېزىسى بىلەن قوشنا، جەنۇبى ناۋا يېزىسىنىڭ تۆۋەن قاراقىر كەنتىگە تۇتىشىدۇ. غەربى يۇرۇڭقاش بازىرى بىلەن تۇتاش، شىمالى تەكلىماكان چۆلىگە تۇتىشىدۇ. شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى ئۈچ كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 20 كىلومېتىر، ئومۇمىي كۆلىمى تەخمىنەن 60 كۋادرات كىلومېتىر. يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۆرۈشلۈق ئورۇن كۆنچىمەھەللىدە.

«بۇيا» ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە مەنىسى

ھەققىدە ئۈچ خىل رىۋايەت بار. بىرى: ‹ بۈيا › دېگەن ‹ بويى › دىن ئۆزگەرگەن دېيىلىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ يەر قەدىمكى زاماندا يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ ئېقىن ئورنى بولۇپ، دەسلەپتە كىشىلەر مۇشۇ دەريا بويىغا كۆچۈپ كېلىپ ماكانلاشقان ۋە بۇ يەر «دەريا بويى» دەپ ئاتالغان. بازار شەكىللەنگەندىن كېيىن «بۈيى بازار» دەپ نام قويۇلـ
غان.

ئىككىنچى رىۋايەتتە: «بۈيا» دېگەن ‹ ھىد، بۇي › دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ دېيىلىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە: خوتەن بۇددىستلىرى بىـ
لەن ئىسلام غازاتچىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشتا ئىسلام دىنى مۆتىـ
ۋەرلىرىدىن ئىمامى مۇھەممەد نەقىي بىلەن ئىمامى مۇھەممەد تەقىي دېگەن دادا - بالا ئىككىسى شېھىت بولۇپ، مۇشۇ مازارغا كۆمۈلگەن. 100 يىللاردىن كېيىن قەشقەرلىك يۇسۇپ قادىرخان بۇ يەرگە كېلىپ، ئۇ ئىككى بۇزرۇكۋارنىڭ قەبرىسىنى تاپالماي شۇ مازاردا «بۇي كېپەك» كۆيدۈرگەن ۋە ئاللانىڭ بېشارىتى بىلەن ئۇ ئىككى بۇزرۇكۋارنىڭ قەبرىسى تېپىلغان. شۇندىن بۇيان بۇ مازارنىڭ نامى «بۇي مازار» دەپ ئاتالغان.

ئۈچىنچى رىۋايەتتە: بۇرۇندىن تارتىپ بۇ مازاردا بۈيا كۆپ ئۆسىـ
دۇ. شۇڭا «بۈيا مازار» دەپ ئاتالغان دېيىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ مازاردا بۈيا ۋە قومۇش ئەڭ كۆپ ئۆسىدۇ.

بۈيا مازارنىڭ تەخمىنەن مىڭ يىلغا يېقىن تارىخى بار دەپ پەرەز قىلىنىدۇ. بۇ يۇرۇڭقاش، بۈيا قاتارلىق جايلاردىكى ئاھالىلەرنىڭ تەۋەلىكىدە بولۇپ، قەبرە ئورۇنلاشقان كۆلەم 80 مو كېلىدۇ. مازاردا ئىككى قەبرە قاتۇرۇلغان ئۆي، بىر مەسچىت، ئىككى تىلاۋەتخانا ياسالغان. قورۇلۇش كۆلىمى 500 كۋادرات مېتىر، ئىسلام دىنى تەقۋادارلىرى دائىم بۇ مازارغا كېلىپ تاۋاپ قىلىپ يانىدۇ.

بۈيا يېزىسى يۇرۇڭقاشنىڭ تەۋەلىكى بىلەن بىللە بۇرۇن خوتەنگە تەۋە ئىدى. لوپ ناھىيىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن لوپقا قاراشلىق ئالتىـ
لە مىڭلىكىگە تەۋە قىلىنغان. 1934 - يىلى 2 - رايون (يۇرۇڭقاش) غا تەۋە بولغان. 1938 - يىلى يۇرۇڭقاش 4 - رايونغا ئۆزگەرتىلگەندە بۈيا ئۆز تەۋەلىكى بويىچە ئۆزگەرگەن. 1942 - يىلى پۈتۈن ناھىيە

www.uygurkitap.com

سەككىز رايونغا ئايرىلىپ، يۇرۇڭقاش 6 - رايون بولغاندا بۇيا تەۋەلىكى بىللە ئۆزگەرگەن. 1944 - يىلى يۈز بېشىلىق تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندا، بۇيا فەنشىن شياڭ (گۈللىنىش يېزىسى) دەپ ئاتالغان. 1947 - يىلى يەنە بۇيا يېزىسىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1947 - يىل 12 - ئايدا پۈتۈن ناھىيە تۆت بازار، بەش چوڭ يېزىغا ئايرىلغاندا بۇيا شۇنىڭ بىرى بولغان. 1950 - يىل 4 - ئايدا پۈتۈن ناھىيە يېڭىدىن يەتتە رايونغا ئايرىلغاندا، بۇيا 2 - رايون (يۇرۇڭقاشقا تەۋە) 4 - يېزا دەپ ئاتالغان. 1958 - يىل 11 - ئايدا يۇرۇڭقاشتا ئىككى كوممۇنا قۇرۇلغاندا بۇيا «تىنچلىق كوممۇنا» غا تەۋە بولغان. 1959 - يىل 2 - ئايدا 1 -، 2 - رايون (جىميا، يۇرۇڭقاش) نى بىرلەشتۈرۈپ «تاشقىن كوممۇنا» قۇرۇلغاندا، بۇيا مۇشۇ كوممۇنانىڭ 2 - باشقۇرۇش رايونى بولغان. 1979 - يىلى بۇيا باشقۇرۇش رايونى دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1983 - يىلى يەر ناملىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشتە بۇيىنىڭ خەنزۇچە 布牙 دەپ يېزىلىشى 布亚 قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984 - يىل 12 - ئايدا ھاكىمىيەت بىلەن كوممۇنا ئايرىلغاندا بۇيا يۇرۇڭقاشتىن ئايرىلىپ، ئۆز ئالدىغا بۇيا يېزا دەپ ئاتالدى ۋە بۇيا يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى.

بۇيا يېزىسى يۇرۇڭقاش دەريا ئېقىن بويىدىكى كەلكۈن لاتقا تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. يەر شەكلى جەھەتتە جەنۇبىي ئېگىز، شىمالىي پەس، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1400 مېتىر، ھاۋا كىلىماتى قۇرغاق. شامال كۆپ چىقىدۇ. تىپىك بولغان قۇرۇقلۇق چۆل خاراكتېرلىك ھاۋا كىلىماتىغا كىرىدۇ. تېرىلغۇ يەر 37 مىڭ 421 مو، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 11.5℃، 7 - ئايدىكى ئەڭ يۇقىرى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 24.5℃، 1 - ئايدىكى ئەڭ تۆۋەن ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 6℃-، تارىخى يىللاردىكى ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 32.5 مىللىمېتىر، يىللىق قىروسىز مەزگىلى 212 كۈن. قۇم تۇپراق. ئاساسىي مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، مايلىق دان، قوشۇمچە پۇرچاق، پىلە - ئۈجمىچىلىك، يەل - يېمىش كۆپ چىقىدۇ، چارۋا بېقىلىدۇ. ئاھالىلار دېھقانچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە ھەر خىل تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

بۇيا يېزىسى لوپ ناھىيىسىنىڭ مۇھىم دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ بىرى. سۇ مەنبەسى يورۇڭقاش دەرياسىدىن كېلىدۇ. ھەر يىلى دەريادىن تەخمىنەن 64 مىليون 50 مىڭ كۇب مېتىر سۇ ئېقىپ كىرىپ، پۈتۈن يېزىنىڭ تېرىلغۇ يەر، ئۈجمىزار، باغ - ئورمانزارلىرى سۇغىرىلىدۇ. ئۇنىڭ تەۋەلىكىدىكى 28 كەنت كومىتېتى — 136 مەھەللە گۇرۇپپىسىدا 6002 ئائىلە — 29 مىڭ 214 نوپۇس بار.

## بۇيا يېزىسى تەۋەلىكىدىكى مەمۇرىي كەنت ۋە ئاساسلىق تەبىئىي كەنتلەرنىڭ نامى
## 洛浦县布亚乡行政村和自然村名称

| | |
|---|---|
| 昆其买里 | كۆنچىمەھەللە |
| 布亚麻扎村委会 | بۇيامازار كەنت كومىتېتى |
| 再干买里 | زەگەر مەھەللىسى |
| 坎特艾日克 | كەنتئېرىق |
| 喀赞其买里 | قازانچىمەھەللە |
| 铁提尔村委会 | تېتىر كەنت كومىتېتى |
| 铁提尔 | تېتىر |
| 结格然买里 | جەگرەنمەھەللە |
| 克依什买里 | قېيىشمەھەللە |
| 坎其艾日克村委会 | كانچىئېرىق كەنت كومىتېتى |
| 坎其艾日克 | كانچىئېرىق |
| 阔提买里 | كوتمەھەللە |
| 恰勒米村委会 | چالمىي كەنت كومىتېتى |
| 墩买里 | دۆڭمەھەللە |
| 库外提买里 | قۇۋۋەتمەھەللە |
| 墩扎热特村委会 | دۆڭزارەت كەنت كومىتېتى |
| 墩扎热特 | دۆڭزارەت |
| 孟加克买里 | مونجاقمەھەللە |
| 喀勒尕其买里 | قالغاچمەھەللە |

www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| 依来克博依 | ئىلەكبويى |
| 巴什昆孜村委会 | باشكونزىي كەنت كومىتېتى |
| 巴什昆孜 | باشكونزىي |
| 阿亚克恰勒米村委会 | ئاياغچالمىي كەنت كومىتېتى |
| 喀来克买里 | كاللەكمەھەللە |
| 阿克买里 | ئاقمەھەللە |
| 吾斯塘博依 | ئۆستەڭبويى |
| 布亚阿日西村委会 | بۇيائىرىش كەنت كومىتېتى |
| 布亚阿日西 | بۇيائىرىش |
| 阿亚克昆孜村委会 | ئاياغكونزىي كەنت كومىتېتى |
| 恰尔阔恰 | چاركوچا |
| 夏拉克 | شالاقمەھەللە |
| 依格孜博斯坦村委会 | ئېگىزبوستان كەنت كومىتېتى |
| 依格孜博斯坦 | ئېگىز بوستان |
| 塔木其拉村委会 | تامچىلا كەنت كومىتېتى |
| 克朗买里 | قىيلاڭمەھەللە |
| 喀拉比斯 | قارابىس |
| 喀勒尕其买里 | قالىغاچمەھەللە |
| 塔木艾格勒村委会 | تامئېغىل كەنت كومىتېتى |
| 塔木艾格勒 | تامئېغىل |
| 苏盖提艾日克 | سۆگەتئېرىق |
| 乌其鲁克库木村委会 | ئۈچلۈققۇم كەنت كومىتېتى |
| 曲鲁克买里 | چۆلۈكمەھەللە |
| 乌其鲁克库木 | ئۈچلۈققۇم |
| 欧吐拉昆孜村委会 | ئوتتۇرا كونزىي كەنت كومىتېتى |
| 吾如克阔恰 | ئۆرۈقكوچا |
| 普勒其阔恰 | پۆلچىكوچا |
| 艾其克尔克恰尔巴格村委会 | ئىچكىرىكى چارباغ كەنت كومىتېتى |
| 艾其克尔克恰尔巴格 | ئىچكىرىكى چارباغ |
| 塔什克尔克恰尔巴格 | تاشقىرىقى چارباغ |

| | |
|---|---|
| سولۋا كەنت كومىتېتى | 苏勒瓦村委会 |
| باشسولۋا | 巴什勒苏瓦 |
| تارايچىمەھەللە | 塔热依其买里 |
| داكىچىمەھەللە | 达克其买里 |
| قۇرغۇيچىمەھەللە | 阔尔归其买里 |
| شاخلىق كەنت كومىتېتى | 夏合勒克村委会 |
| شاخلىق | 夏合勒克 |
| ئاياغشاخلىق | 阿亚克夏合勒克 |
| لايقا | 拉依喀 |
| قۇمات | 库玛提 |

## ناۋا يېزىسى 纳瓦乡

ناۋا يېزىسى لوپ ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى 11.6 كىلومېتىر جايدا. جەنۇبى سامپۇل يېزىسى بىلەن دول ئۆستىڭى ئارقىلىق چېگرىلىنىدۇ. غەربى بۇيا يېزىسىنىڭ چالمىي كەنتى ۋە چاھارباغ يېزىسىنىڭ باشگىجا كەنتى بىلەن، شىمالى چاھارباغ يېزىسىنىڭ ئاياغگىجا كەنتى بىلەن تۇتىشىدۇ. ناۋا يېزىسى دول ئۆستىڭى بىلەن راخمانپور ئۆستىڭى ئارىلىقىدىكى تار ئۇزۇنچاق جايغا جايلاشقان. شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 16 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى تەخمىنەن 2 كىلومېتىر، ئومۇمىي كۆلىمى 32 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جاي پادىچى مەھەللىدە.

«ناۋا» دېگەن سۆزنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە خەلق ئارىسىدا ئۈچ خىل رىۋايەت بار. بىرى: ‹ناۋا› دېگەن ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، ئادەمنىڭ ئىسمىدىن كەلگەن. يەنى بۇنىڭدىن 300 يىل بۇرۇن قاراقاشلىق موللاناۋا خەلپە دېگەن كىشى بۇ يەرگە كېلىپ مەدرىسە ئېچىپ، شاگىرت تەربىيىلەپ يۇقىرى ئابرۇيغا ئېرىشكەچكە، شۇ كىشىنىڭ نامىدىن كەنت نامى كېلىپ چىققان دەپ قارايدۇ. يەنە بىر

رىۋايەتتە: «ناۋا» دېگەن تۈبۈتچە سۆز، «ئاقتاش» دېگەن مەنىسى بار. بۇ يەر قەدىمكى جەنۇبىي يىپەك يولى بويىغا جايلاشقان بولۇپ، كېيىنـ. كى زاماندا سامپۇل بويلىرىدا ئۇيغۇرلار بىلەن تۈبۈتلەر ئوتتۇرىسىدا كەسكىن ئۇرۇشمۇ بولغان ئىكەن. ناۋا قەدىمدىن تارتىپ سامپۇلغا تەۋە ئىدى. شۇ چاغلاردا خېلى بىر قىسىم جايلارغا تۈبۈتچە نام بېرىلگەن. ناۋا زېمىنى قەدىمكى يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ تارماق ئېقىن ئورنى بولغاچقا، ناۋىنىڭ يېزىلىرىدا ھازىرمۇ كۆپلەپ ئاقتاش ئۇچرىتىشلىق بولىدۇ. شۇڭا تۈبۈتلەر بۇ يەرنى «ناۋا» (ئاقتاش) دەپ ئاتىغان دەپ قارايدۇ. ئۈچىنچى خىل رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە: «ناۋا» دېگەن سۆز ئۇيغۇرچە «لاۋا» دىن ئۆزگەرگەن، چۈنكى دول ئۆستەڭ ناۋا، سامپۇل يېزىلىرىدىن ئېقىپ ئۆتىدۇ، بۇرۇن مۇشۇ ئۆستەڭ بويلىرى قارا لاۋا بولۇپ، كىشىلەر بۇ يەرنى «لاۋىلىق» دېگەن، كېيىن «ناۋا» بولۇپ قالغان دەپ قارايدۇ. «ناۋا» دېگەن نام پەرىزىمىزچە، قەدىمكى خوتەن تىلى. ئىككىنچى خىل قاراش بىر قەدەر ئىلمىي ئاساسقا ئىگە.

1984 ـ يىلىدىن بۇرۇن «ناۋا» دېگەن يەر نامىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشى ھەر خىل بولۇپ كەلگەن. مەسىلەن: 那瓦、拉瓦、那哇、拉哇 قاتارلىقلار. 1984 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى بىلەن ناۋانىڭ خەنزۇچە يېزىلىشى 纳瓦 غا ئۆزگەرتىلدى.

لوپ ناھىيىسى تەسىس قىلىنىشتىن بۇرۇن، ناۋا كېرىيىگە قاراشلىق 23 كەنتنىڭ بىرى ئىدى. ناھىيە قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۈچ مىڭلىكنىڭ بىرسى بولغان سامپۇل مىڭلىكىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى.

1934 ـ يىلى ناۋا (خەنزۇچە 拉瓦 دەپ يېزىلغان)، نەنشياڭ (جەنۇبىي يېزا) يەنى سامپۇل 3 ـ رايونىنىڭ بىر كەنتى ئىدى. 1938 ـ يىلى نەنشياڭ 3 ـ رايوننى 2 ـ رايونغا ئۆزگەرتكەندە ناۋا بىللە ئۆزگەردى. 1942 ـ يىلى پۈتۈن ناھىيە سەككىز رايونغا ئۆزگەرتىلگەندە سامپۇل 3 ـ رايونغا ئۆزگەرتىلدى. ناۋا كەنتىمۇ بىللە ئۆزگەردى. 1944 ـ يىلى يۈز بېشىلىق تۈزۈمى يۈرگۈزۈلگەندە، ناۋا شۈنخى شياڭ (مۇلايىم يېزا) دەپ ئاتالدى. 1947 ـ يىلى پۈتۈن ناھىيىدىكى يېزا ـ بازارلار ئۆزگەرتىپ قۇرۇلغاندا يەنە ناۋا يېزا

(خەنزۇچە 那瓦 دەپ يېزىلغان) غا ئۆزگەرتىلدى. 1947 - يىلى 12 - ئايدا پۈتۈن ناھىيە تۆت بازار، بەش چوڭ يېزىغا ئايرىلغاندا ناۋا يېزىسى شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر يېزا بولدى.

1950 - يىل 4 - ئايدا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، پۈتۈن ناھىيە يەتتە رايونغا ئايرىلغاندا ناۋا 3 - رايون (سامپۇل) 6 - يېزىغا تەۋە بولدى. 1958 - يىلى خەلق كوممۇنىسى قۇرۇلغاندا ناۋا يېزىسى «بەخت كوممۇنا» غا تەۋە بولدى. 1959 - يىلى 2 - ئايدا «بەخت» ، «قىزىلبايراق» ، «يېڭى ھايات» قاتارلىق ئۈچ كوممۇنا بىرلەشتۈرۈلۈپ «قىزىلبايراق كوممۇنىسى» قۇرۇلدى. ناۋا مۇشۇ كوممۇنانىڭ 6 - باشقۇرۇش رايونى بولدى. 1963 - يىل 9 - ئايدا ناۋا «قىزىلبايراق كوممۇنا» دىن بۆلۈنۈپ چىقىپ، ئۆز ئالدىغا «مەڭگۈ مول ھوسۇل» كوممۇنىسى بولۇپ قۇرۇلدى ۋە كوممۇنا باشقۇرۇش كومىتېتى تەسىس قىلىنىپ، ئۈچ باشقۇرۇش رايون، 14 دادۈي، 67 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى ئۇنىڭغا تەۋە قىلىندى. 1969 - يىل 4 - ئايدا «مەڭگۈ مول ھوسۇل» كوممۇنا ئىنقىلابىي كومىتېتقا ئۆزگەرتىلدى. 1979 - يىلى ناۋا كوممۇنا باشقۇرۇش كومىتېتى دەپ ئۆزگەرتىلدى. 1984 - يىل 12 - ئايدا ھاكىمىيەت بىلەن كوممۇنا ئايرىلغاندا ناۋا يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى.

ناۋا يېزىسىنىڭ زېمىنى تەكشى، غەربىي جەنۇبى ئېگىز، شەرقىي شىمالى پەس، يانتۇ قىيپاچ، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1370 مېتىر، ھاۋاسى قۇرغاق، چاڭ - توزانلىق، شامال كۆپ چىقىدۇ. تىپىك قۇرۇقلۇق چۆل خاراكتېرلىك ھاۋا كىلىماتىغا كىرىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.5℃، 7 - ئايدىكى ئەڭ يۇقىرى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 24.5℃، 1 - ئايدىكى ئەڭ تۆۋەن ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن 6.5℃-، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 34 مىللىمېتىر، يىللاردىن بۇيانقى ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 212 كۈن. قۇم تۇپراق. ئاساسىي مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، مايلىق دان، قوشۇمچە پۇرچاق، يەل - يېمىش تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ. خەلق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، پىلە - ئۈجمىچىلىك، قول

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uygurkitap.com

ھۈنەرۋەنچىلىك، ئۆششاق تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ناۋا يېزىسىنىڭ تەبىئىي شارائىتى بىر قەدەر ياخشى، سۈيى قولايلىق. لوپ ناھىيە باش ئۆستىڭىنىڭ شەرقىي غول ئۆستىڭى ناۋا يېزىسىنىڭ غەربىدىكى باش قاراقىر ۋە تۆۋەن قاراقىر قاتارلىق ئۈچ كەنتتىن ئېقىپ ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ تېرىلغۇ يېرى 19 مىڭ 516 مو كېلىدۇ. يېزا تەۋەلىكىدىكى 13 كەنت كومىتېتى — 69 مەھەللە گۇرۇپپىسىدا 2600 ئائىلە — 11 مىڭ 34 كىشى ياشايدۇ.

## ناۋا يېزىسى تەۋەلىكىدىكى مەمۇري كەنت ۋە ئاساسلىق تەبىئىي كەنتلەرنىڭ نامى
## 洛浦县纳瓦乡行政村和自然村名称

| | |
|---|---|
| پادىچىمەھەللە | 帕迪其买里 |
| ئاچادۆك كەنت كومىتېتى | 阿恰墩村委会 |
| چۇجەمەھەللە | 曲结买里 |
| تېرىقئايماق | 铁日克阿依玛克 |
| تۇگمەنبېشى | 吐格曼贝希 |
| ئاچما | 阿其玛 |
| ئەمەشلەڭگەر كەنت كومىتېتى | 艾买什兰干村委会 |
| نوربويى | 诺博依 |
| تەڭلە | 唐来 |
| گاپا كەنت كومىتېتى | 尕帕村委会 |
| بوياقمەھەللە | 布亚格买里 |
| كاشاڭمەھەللە | 喀相买里 |
| ھۆپەپمەھەللە | 玉拍甫买里 |
| ناۋا كەنت كومىتېتى | 纳瓦村委会 |
| خالۋاپمەھەللە | 哈勒瓦甫买里 |
| چىغلىق | 其格勒克 |
| سوكسوكمەھەللە | 苏克苏克买里 |
| دولبويى | 多鲁博依 |

| | |
|---|---|
| 巴什尕帕村委会 | باشگاپا كەنت كومىتېتى |
| 布结克买里 | بۆرجەكمەھەللە |
| 苏尕克买里 | سوغاقمەھەللە |
| 科克买里 | كۆكمەھەللە |
| 恰帕克买里 | چاپاقمەھەللە |
| 尕帕买里 | گاپامەھەللە |
| 纳瓦喀哈那村委会 | ناۋاكاخانا كەنت كومىتېتى |
| 帕热买里 | پارامەھەللە |
| 库夏提买里 | كۇشاتمەھەللە |
| 喀勒塔买里 | كالتەمەھەللە |
| 纳瓦库木巴格村委会 | ناۋاقۇمباغ كەنت كومىتېتى |
| 赫达依艾日克 | خىتايئېرىق |
| 尕帕阿日西村委会 | گاپائايرىش كەنت كومىتېتى |
| 帕夏买里 | پاششامەھەللە |
| 艾让巴格 | ھەيرانباغ |
| 帕唐买里 | پاتاڭمەھەللە |
| 托万喀拉克尔村委会 | تۆۋەن قاراقىر كەنت كومىتېتى |
| 喀拉买里 | قارامەھەللە |
| 泡买里 | پورمەھەللە |
| 巴什喀拉克尔村委会 | باش قاراقىر كەنت كومىتېتى |
| 塔吉克买里 | تاجىكمەھەللە |
| 墩买里 | دۆڭمەھەللە |
| 松盖其买里 | سۆڭگەچمەھەللە |
| 昆其买里 | كۆنچىمەھەللە |
| 格加阿日西村委会 | گىجائايرىش كەنت كومىتېتى |
| 曲结买里 | چۇجەمەھەللە |

## سامپۆل يېزىسى 山普鲁乡

سامپۆل يېزىسى لوپ ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاش-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قان، ناھىيە بازىرى بىلەن ئارىلىقى 13 كىلومېتىر، ئۇنىڭ شەرقى تۆزلۈقسايغا، جەنۇبى قاراقۇرۇم تېغىغا تۇتىشىدۇ. غەربى خوتەن ناھىيىسىنىڭ توسالال يېزىسى بىلەن يۇرۇڭقاش دەرياسى ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدۇ. شىمالى لوپ بازىرى ۋە ناۋا يېزىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى تەخمىنەن 56.3 كۋادرات كىلومېتىر، يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاي شەنبە بازار كەنتىدە.

تارىخىي خاتىرىلەردە سامپۇل دېگەن نامنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشى ھەر خىل بولۇپ كەلگەن. مەسىلەن: «萨木普拉»، «萨木普鲁»، «三普拉»، «山普拉» قاتارلىقلار. «شىنجاڭدىكى چوڭ ۋەقەلەر خاتىرىسى»دە «术木尔» دەپ يېزىلغان. «چىڭ دىڭ ۋە قورىغار خەرىتىلىك تەزكىرىسى»دە «萨木普拉» (سامپۇل) دەپ يېزىلغان. «شىنجاڭ قۇرۇلۇش تەزكىرىسى»دە «萨木普鲁» (سامپۇلو) دەپ يېزىلغان. «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» ۋە «چىڭ دىڭ پادىشاھلىقى دەۋرىدىكى شىنجاڭ تەزكىرىسى»دە «三普拉» دەپ، يەنە «山普拉» دەپ يېزىلغان. يۇقىرىقى ھەر خىل خەنزۇچە يېزىلىشلار ئۇيغۇرچىدىكى «سامپۇل» نامىنىڭ تەرجىمە جەريانىدىكى پەرقىنى — بۇ خىل نامنى كۆپ خىل يازغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

«سامپۇل» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە مەزمۇنى توغرىسىدا ئۇيغۇرچە ياكى خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەر تېخى تېپىلمىدى. لېكىن بۇ ھەقتە ھەر خىل رىۋايەت بار. ئۇنىڭ بىرىدە: «سامپۇل» ئۇيغۇرچە «سومپۇل»دىن ئۆزگەرگەن بولۇپ، «بۇ يەرنىڭ ھەممە نېمىسى پۇل» دېگەن مەنىنى بېرىدۇ («سوم» دېگەن يەرلىك شېۋىدە «ھەممىسى» مەنىسىدە)، دېيىلىدۇ. دېمىسىمۇ بۇ يەر تاغ ۋە سۇغا يېقىن، يېرى مۇنبەت، ئاشلىق ۋە يەل - يېمىش مول، تاغلىرىدا تۈگمەنتېشى، گەنجى، ئاھاك، گۈڭگۈرت، ئاق تۇز قاتارلىق كان بايلىقى مول. ھەقىقەتەنمۇ يەر - زېمىنى مۇنبەت جاي. يەنە بىر رىۋايەتتە: «سامپۇل» موڭغۇلچە سۆز بولۇپ، «گۈزەل، ئاۋات» دېگەن مەنىنى بېرىدۇ دېيىلىدۇ، ھەمدە 13 - ئەسىرنىڭ بېشىدا موڭغۇل خاقانى چىڭگىزخان ئۆزگە تەۋە زېمىننى بىر قانچىگە بۆلۈپ باشقۇرغاندا، ئۇنىڭ ئىككىنچى

ئوغلى چاغاتايخاننىڭ «سامپۇل» ئىسمىلىك بىر كىنەز باشلىقى بۇ يەردە تۇرغان ۋە شۇنىڭ نامى بىلەن كەنت نامىغا ئايلانغان بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلىنىدۇ. يەنە بىر رىۋايەتتە: موڭغۇل ئىمپېرىيە-سى بۇ يەرنى باشقۇرۇپ تۇرغاندا بۇ يەرنىڭ تاغ ۋە سۇغا يېقىن گۈزەل، مۇنبەت جاي ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ «سامپۇل» (گۈزەل، مۇنبەت يەر) دەپ نــام بەرگەن دېيىلىدۇ. بەزىلەرنىڭ ئىسپاتلىشىچە «سامپۇل» زاڭزۇچە سۆز بولۇپ، تۈبۈتچە «7» (يەتتە) دېگەن مەنىدە ئىكەن. 1983 - يىلىنىڭ بېشىدا ئاپتونوم رايونلۇق ئارخېئولوگىيە ئەترىتى مۇشۇ يېزا تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى ئىككى كىلومېتىر كېلىدىغان ئېگىز ساي باغرىدىن خېلى كەڭ دائىرىدىكى بىر قەدىمكى قەبرىستانلىقنى قازغان، ئۇ يەردىن قۇرۇپ قالغان جەسەت، يۇڭ توقۇلما رەخت، زىننەت بۇيۇملىرى، ئات جابدۇقلىرى قاتارلىقلار قېزى-ۋېلىنىپ دەسلەپكى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، بۇ ئىسلام دىنىدىن بۇرۇنقى قەبرىستانلىق ئىكەنلىكى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئۇزاق تارىختىن بۇيان بۇ قەدىمىي ماكاندا يۇقىرى ماھارەتلىك قول ھۈنەرۋەنچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆچمەس مەدەنىيەت ياراتقانلىقى دەلىللەنگەن.

سامپۇل لوپ ناھىيىسىنىڭ ئەڭ قەدىمكى يۇرتلىرىنىڭ بىرى. غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا بۇ يەر ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ يېزا ئىگە-لىكى تەرەققىي تاپقان رايونلىرىنىڭ بىرسى ھېسابلىناتتى. خەن، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە بۇ جايدا پولات - تۆمۈر تاۋلاش ئىشلىرى تەرەققىي تاپقانلىقى توغرىسىدا خارابىلىق ئىسپاتلار بار.

بەزىلەر «سامپۇل» دېگەن بۇ نامنىڭ مەنىسى توغرىسىدا «سام» سۆزى قەدىمكى خوتەن تىلىدا «زام» بولۇپ، «جاي، ئورۇن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ؛ «پۇل، پۇلا» سانسكرىت تىلىدىكى «pura» — يەنى «شەھەر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، بۇ نام ئىككى خىل تىل ئامىلىدىن «زامپورا» دەپ ئاتىلىپ، زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «سام-پۇل» دەپ قېلىپلىشىپ قالغان، دەپ قارايدۇ. بۇلاردىن قارىغاندىمۇ ھازىرقى سامپۇل قەدىمدە يىپەك يولىنىڭ ۋە شۇنىڭدىنمۇ ئىلگىرىكى زامانلاردا قاشتېشى يولىنىڭ بويىدىكى مۇھىم قونالغۇ بولۇش ئەۋزەل-لىكى بىلەن ئاۋات شەھەرلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى قىياس قىلىشقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولىدۇ. شۇنى ئېيتىش لازىمكى «سۇنبۇل» (بۇغداي بېشى) — قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا 6 ـ ئاينى كۆرسىتىدۇ. بۇنى يۇسۇپ خاس ھاجىپ 12 بۇرجىنى ئاتىغاندا شۇنداق يازغان. «سامپۇل» دېگەن نام بەلكى «سۇنبۇل» نىڭ كېيىنكى ئۆزگىرىش بولۇشى مۇمكىن.

گۇاڭشۈيىنىڭ 8 ـ يىلى (مىلادىيە 1882 ـ يىلى) كېرىيە ناھىيەسى قۇرۇلغاندا، سامپۇل كېرىيە ناھىيىسىگە قاراشلىق قىلىنغان. گۇاڭشۈيىنىڭ 28 ـ يىلى (1902 ـ يىلى) لوپ ناھىيىسى قۇرۇلغاندا سامپۇل 23 كەنت قاتاردا لوپقا ئايرىلغان ۋە سامپۇل مىڭلىكى (مىڭ ئائىلىلىك) قۇرۇلۇپ، پۇتۇن ناھىيىگە قاراشلىق ئۈچ مىڭلىكنىڭ بىرسى بولغان.

1934 ـ يىلى پۇتۇن ناھىيىنى ئالتە رايونغا ئايرىغاندا سامپۇل نەنشياڭ (جەنۇبىي يېزا) يەنى — 3 ـ رايون بولغان ۋە ئۇنىڭغا 10 كەنت تەۋە قىلىنغان. 1938 ـ يىلى 2 ـ رايونغا ئۆزگەرتىلىپ، ئۇنىڭغا 11 كەنت تەۋە قىلىنغان. 1942 ـ يىلى پۇتۇن ناھىيىنى سەككىز رايونغا ئايرىغاندا سامپۇل 3 ـ رايون بولۇپ ئۇنىڭغا 16 كەنت تەۋە قىلىنغان. 1944 ـ يىلى پۇتۇن ناھىيىدە يېزا بېشىلىق تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندا بۇ 3 ـ رايون: نەنشىن جېن (جەنۇبىي گۈللەندۈرۈش بازىرى)، شونخې شياڭ (مۇلايىم يېزىسى)، جۇڭچىڭ شياڭ (سادا-قەت يېزىسى) غا ئۆزگەرتىلگەن. 1947 ـ يىلى پۇتۇن ناھىيىنى ئىككى بازار 15 يېزىغا ئۆزگەرتكەندە، سامپۇل بىرلىي يېزا دەپ ئاتالغان. 1947 ـ يىل 12 ـ ئايدا پۇتۇن ناھىيىنى تۆت بازار، بەش چوڭ يېزىغا ئايرىغاندا، سامپۇل بازىرى دەپ ئۆزگەرتكەن.

1950 ـ يىل 4 ـ ئايدا لوپ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇل-غاندىن كېيىن، سامپۇل 3 ـ رايونغا ئايرىلغان. ئۇنىڭغا ئالتە يېزا 51 كەنت تەۋە قىلىنغان ۋە يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغان.

1958 ـ يىلى 11 ـ ئايدا 3 ـ رايوندا «قىزىلبايراق»، «بەخت»، «يېڭى ھايات» دېگەن ئۈچ كوممۇنا قۇرۇلغان، 1959 ـ يىل 2 ـ ئايدا ئۈچ كوممۇنانى بىرلەشتۈرۈپ «قىزىلبايراق كوممۇنا» قۇرۇلغان ۋە كوممۇنا باشقۇرۇش كومىتېتى قۇرۇلغان.

1963 - يىلى 9 - ئايدا بۇنىڭدىن ناۋا ئايرىلىپ چىققان. 1968 - يىلى كوممۇنا باشقۇرۇش كومىتېتى كوممۇنا ئىنقىلابىي كومىتېتقا ئۆزگەرتىلگەن.

1979 - يىلى «قىزىلبايراق كوممۇنا» سامپۇل كوممۇناغا ئۆزگەرتىلدى. 1984 - يىلى يەر ناملىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشتە يەر ناملىرىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش، قېلىپلاشتۇرۇش تەلىپىگە ئاساسەن، سامپۇلنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشىدىكى 三普拉 ، 山普鲁 قىلىپ تۈزىتىلدى. «سامپۇل» دېگەن يەر نامىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشىدىكى 拉 نىڭ 鲁 غا ئۆزگەرتىلگەنلىكى، ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۈچ بوغۇملۇق سۆز بولماستىن، ئىككى بوغۇملۇق (سامپۇل) سۆز بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىگە تېخىمۇ يېقىنلىشىدۇ. شۇ يىلى 12 - ئايدا كوممۇنا بىلەن ھاكىمىيەت ئايرىلغاندا، سامپۇل يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى.

سامپۇل يېزىسىنىڭ جەنۇبىدىكى قاراقۇرۇم تاغ تىزمىلىرىنىڭ تېكىلىك تاغ ۋە ئاچچىق تاغ رايونىنىڭ ھاۋاسى سوغۇق. تېكىلىك تاغ چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 5460 مېتىر ئېگىز، يىلبويى قار دۆۋىلىنىپ تۇرىدۇ. ئوتتۇرا تاغ رايونى دېڭىز يۈزىدىن 3500 مېتىر ئېگىز بولۇپ، سۇ مەنبەسى ياخشى، ھۆل - يېغىن كۆپ بولغاچقا، بۇ جايلار لوپ ناھىيىسىنىڭ ئاساسلىق يازلىق يايلىقى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ كۆلىمى تەخمىنەن 200 مىڭ مو، بۇ يەردە كېيىك، تۈلكە، ئۆلار قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار ياشايدۇ. جىلغىلىرىدا دېھقانچىلىق زىرائىتى تېرىغىلى بولىدۇ، لېكىن كەنجىرەك پىشىدۇ. ئالدىنقى تاغ رايونى ۋە تاغ ئالدى كەلكۈن لاتقا بەلۋاغلار بولسا، سامپۇل يېزىسىنىڭ ئاساسىي دېھقانچىلىق رايونى ھېسابلىنىدۇ. زېمىنى جەنۇبتىن شىمالغا قىيپاچ يانتۇ، يانتۇلۇق دەرىجىسى چوڭ بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 170/1 مېتىر كېلىدۇ. زېمىنى دېڭىز يۈزىدىن 1500 ~ 1364 مېتىر ئېگىز، يەرلىرى تەكشى، ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.5℃، 7 - ئايدىكى ئەڭ يۇقىرى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 24.5℃، 1 - ئايدىكى ئەڭ تۆۋەن ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن 7℃-، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 32 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىروسىز مەزگىللى 212 كۈن.

ساميۇل لوپ ناھىيىسىنىڭ تارىخى ئۇزۇن بولغان دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ بىرى. يۇرۇڭقاش دەرياسى بۇ يەرنىڭ غەربىي ئۇچىدىن ئېقىپ ئۆتىدۇ. باش ئۆق ئۆستەڭ ۋە باش ئېلىشبېشى مۇشۇ يېزىنىڭ غەربىدە. يىللىق سۇ تەقسىم بولۇش مىقدارى تەخمىنەن 62 مىليون 260 مىڭ كۇب مېتىر، بۇ يېزىدا بىر غول ئۆستەڭ ياسالغان بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 13 كىلومېتىر، چوڭ ـ كىچىك تاشيول پۈتۈن كەنتلەرگە تۇتىشىدۇ. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 39 مىڭ 326 مو كېلىدۇ. ئاساسىي مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، مايلىق دان، يەنە زاراڭزا، زىرە، پىلە ـ ئۈجمىچىلىك، يەل ـ يېمىش قاتارلىقلار قوشۇمچە تېرىلىدۇ. ئاھالىلار يەنە قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە ھەر خىل تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

يېزا تۇرۇشلۇق جايدىن 60 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئاچچىق تاغنىڭ (ئەسلىي ئاچچىق تاغنىڭ يانباغىرلىرىدا «ئاچچىق باشقۇرۇش رايونى» بولۇپ، «خوتەن گېزىتى» نىڭ 2005 ـ يىل 14 ـ ئاپرېل سانىدىكى خەۋەرگە قارىغاندا، «بۇ جاينىڭ مۇھىتى ناچار، نوپۇسى كۆپ، تېرىلغۇ يەر ئاز بولۇشتەك ئەھۋالغا ئاساسەن 8 مىليون 940 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ بۇ رايوننىڭ تۆت كەنتىدىكى 248 ئائىلە — 1230 كىشىنى بەشتوغراق يېزىسىنىڭ ئىسلىقدۆڭ ۋە ساميۇل يېزىسىنىڭ يېڭىلەڭگەر كەنتلىرىگە كۆچۈرۈپ، تاغلىق رايوندىكى دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش مۇھىتىنى ياخشىلاش پىلانلانغان) يۇقىرى تەرىپىدە «ئۈجمە مازار غوجام» دەپ ئاتالغان بىر قەدىمكى قەبرە تاغ باغرىغا جايلاشقان، ئۇنىڭ بىر يېنىدا مەسچىت ياسالغان، ئەتراپىدا قويۇق ئۆسكەن قەدىمكى دەرەخلەر قەد كۆتۈرگەن، كىشىنىڭ ھەۋىسىنى قوزغايدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە: بۇ يەرگە مىڭ يىللار بۇرۇنقى ئىسلام دىنى ئۆلىمالىرىنىڭ جەسىتى قويۇلغان. شۇڭا بۇ مازار تارىخىي يىللاردىن بۇيان ئىسلام دىنى تەقۋادارلىرى تاۋاپ قىلىدىغان جاي ھېسابلىنىدۇ.

ساميۇل يېزىسىنىڭ 25 كەنت كومىتېتى — 119 مەھەللە گۇ-

رۇپپىسىدا 6131 ئائىلە — 24 مىڭ 960 كىشى ياشايدۇ.

## سامپۇل يېزا تەۋەلىكىدىكى مەمۇرىي كەنت ۋە ئاساسلىق تەبىئىي كەنتلەرنىڭ نامى
## 洛浦县山普鲁乡行政村和自然村名称

| | |
|---|---|
| 先拜巴扎 | شەنبەبازار |
| 台买恰喀村委会 | تەمەچاقا كەنت كومىتېتى |
| 加热克买里 | جاراقمەھەللە |
| 阿热买里 | ئارامەھەللە |
| 苏勒台克买里 | سولتەكمەھەللە |
| 台买恰喀 | تەمەچاقا |
| 阔其坎村委会 | كۆچكەن كەنت كومىتېتى |
| 浑代克买里 | خوندەكمەھەللە |
| 喀拉帕恰克买里 | قاراپاچاق مەھەللە |
| 希纳 | شىنا |
| 安江买里 | ئەنجانمەھەللە |
| 赫拉万 | خىراۋان |
| 兰干村委会 | لەڭگەر كەنت كومىتېتى |
| 萨勒吉买里 | سالجامەھەللە |
| 庞买里 | پاڭمەھەللە |
| 加热克买里 | جاراقمەھەللە |
| 托乎买里 | توخۇمەھەللە |
| 克兰特村委会 | كىلەنتە كەنت كومىتېتى |
| 霍加库勒贝希 | غوجاكۆلبېشى |
| 喀吾如克买里 | كاۋرۇكمەھەللە |
| 琼库勒贝希 | چوڭ كۆلبېشى |
| 库热克阿依玛克 | كۇرەكئايمىقى |
| 山普鲁阿依丁库勒村委会 | سامپۇل ئايدىڭكۆل كەنت كومىتېتى |
| 哈达买里 | خادامەھەللە |

www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| ئايدىڭكۆل مەھەللە | 阿依丁库勒买里 |
| تاراڭگۇمەھەللە | 塔让古买里 |
| قاراكۆل | 喀拉库勒 |
| ئاقمەدرىس كەنت كومىتېتى | 阿克买迪日斯村委会 |
| دۆڭمەھەللە | 墩买里 |
| سايباغ | 萨依巴格 |
| پەشتاقمەھەللە | 帕什塔克买里 |
| چوڭقۇركوچا | 琼库尔阔恰 |
| ئاقمەدرىس | 阿克买迪日斯 |
| چاقماق كەنت كومىتېتى | 恰克玛克村委会 |
| تەتۈكمەھەللە | 台土克买里 |
| تاراڭگۇمەھەللە | 塔让古买里 |
| جايئېرىق كەنت كومىتېتى | 加依艾日克村委会 |
| جايئېرىق | 加依艾日克 |
| سۆگەتئېرىق | 苏盖特艾日克 |
| سۆگەتبوستان | 苏盖特博斯坦 |
| قۇرباغ كەنت كومىتېتى | 库尔巴格村委会 |
| گاچائايماق | 尕恰阿依玛克 |
| كالۇ كۆلبېشى | 喀鲁库勒贝希 |
| ئاياغمەھەللە | 阿亚格买里 |
| قوتاز لەڭگەر كەنت كومىتېتى | 阔塔孜兰干村委会 |
| جاي | 加依 |
| ھالۋىچىمەھەللە | 阿鲁吾其买里 |
| جىگدىلىك | 吉格代勒克 |
| ئىلدام كەنت كومىتېتى | 依勒达木村委会 |
| ئىلدام | 依勒达木 |
| دولبويى | 多鲁博依 |
| قىيقو كەنت كومىتېتى | 克依阔村委会 |
| پومەھەللە | 泡买里 |
| پادىچىمەھەللە | 帕迪其买里 |

| | |
|---|---|
| 库木巴格 | قۇمباغ |
| 墩买里 | دۆڭمەھەللە |
| 阔库拉村委会 | كۆكۆلا كەنت كومىتېتى |
| 阔库拉 | كۆكۆلا |
| 麻糖买里 | ماتاڭمەھەللە |
| 山普鲁色日克村委会 | سامپۇلسېرىق كەنت كومىتېتى |
| 恰帕克买里 | چاپاقمەھەللە |
| 克来买里 | كىلەمەھەللە |
| 夏哈买里 | شاخامەھەللە |
| 喀拉央塔克村委会 | قارايانتاق كەنت كومىتېتى |
| 喀拉央塔克 | قارايانتاق |
| 乌堂 | ئۆتەڭ |
| 喀孜米勒克 | قازمىلىق |
| 比孜里村委会 | بىزلىي كەنت كومىتېتى |
| 比孜里 | بىزلىي |
| 阿亚克比孜里村委会 | ئاياغبىزلىي كەنت كومىتېتى |
| 夏玛勒巴格 | شامالباغ |
| 叶斯塔木 | يېستام |
| 库如克买里村委会 | قۇرۇقمەھەللە كەنت كومىتېتى |
| 库如克买里 | قۇرۇقمەھەللە |
| 阿其克村委会 | ئاچچىق كەنت كومىتېتى |
| 阿其克 | ئاچچىق |
| 比来勒克 | بىلەيلىك |
| 赛吉托格拉克 | سەجەتوغراق |
| 欧吐拉克尔 | ئوتتۇراقىر |
| 玉吉买麻扎 | ئۈجمەمازار |
| 吾鲁格拜勒 | ئۇلۇغبەل |
| 喀勒台拜勒 | كالتە بەل |
| 央塔克勒克 | يانتاقلىق |
| 乔喀勒克 | چوقالىق |

www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| ئاچچىقلەڭگىرى | 阿其克兰干 |
| يېڭىلەڭگەر كەنت كومىتېتى | 英兰干村委会 |
| يېڭىلەڭگەر | 英兰干 |
| بوستانكۆل كەنت كومىتېتى | 博斯坦库勒村委会 |
| بوستانكۆل | 博斯坦库勒 |
| نۇرباغ | 努尔巴格 |
| سايباغ | 萨依巴格 |

## چاھارباغ يېزىسى 恰尔巴格乡

چاھارباغ يېزىسى، لوپ ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىدىكى 9 كىلومېتىر جايدا. غەربى بويىيا يېزىسى بىلەن قاراسۇ (ھاڭگىيا) ئۆستىڭى ئارقىلىق چېگرىلىنىدۇ. شەرقىي راخمانپور ئۆستىڭى بىلەن چېگرىلىنىپ، لوپ بازىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. جەنۇب تەرىپى ناۋا يېزىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. شەرقىي شىمال تەرەپتىن ھاڭگىيا يېزىسى بىلەن قوشنا، شىمال تەرىپى تەكلىماكان چۆلىگە تۇتىشىدۇ. جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 36 كىلومېتىر. شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى تەخمىنەن 8 كىلومېتىر. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 288 كۋادرات كىلومېتىر، يېزىلىق ھۆكۈمەت كۆلئېرىق كەنتىگە جايلاشقان.

«چاھارباغ» — «تۆت باغ» دېگەن مەنىدە بولۇپ، كۆچمە مەنىسى «چوڭباغ». «بۇنىڭدىن تەخمىنەن مىڭ يىللار بۇرۇن موللا ئىسلام، موللا سەيۋار، موللا دولان، ھاۋازغوجا دېگەن تۆت كىشى بۇ يەردىكى تۆت جايدا ئايرىم ـ ئايرىم ئۆي ـ ماكان تۇتقان. كېيىن تۆت ئەتراپنى تۇتاشتۇرۇپ، چوڭ باغ ھاسىل قىلغان ۋە چاھارباغ دەپ ئاتالغان» دېگەن رىۋايەت بار. «چاھار» پارسچە «تۆت» دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئۇزۇن مۇددەتلىك تىل ئىستېمالى جەريانىدا «چاۋاغ» قا ئۆزگىرىپ كەتكەن. لېكىن چاھارباغنىڭ تەزكىرىسى توغرىسىدا ھېچقانداق يازما خاتىرىلەر تېپىلمىدى.

«چاھارباغ» نىڭ «چارۋاغ دۆشەنبىسى» دېگەن نامىمۇ بار. بۇرۇن

ھەر ھەپتىنىڭ دۈشەنبە كۈنى بازار قىزىغانلىقتىن، شۇنداق ئاتالغان ۋە بۇنداق ئاتاش ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن.

ناھىيە قۇرۇلغىچە چاھارباغ كېرىيە ناھىيىسىگە قاراشلىق ئىدى. ناھىيە قۇرۇلغان چاغدا 23 كەنت بىلەن بىرگە لوپ ناھىيىسىگە ئايرىلدى ۋە سامپۇل مىڭلىكىنىڭ تەۋەلىكىدە بولدى. 1934 - يىلى چاھارباغ پۈتۈن ناھىيىدىكى ئالتە رايوننىڭ بىرى بولغان شىشياڭ (غەربىي يېزا)، يەنى 4 - رايون بولدى ۋە ئۇنىڭغا ئالتە كەنت تەۋە قىلىندى. 1938 - يىلى شىشياڭ (غەربىي يېزا) 3 - رايونغا ئۆزگەرتىلدى. 1942 - يىلى پۈتۈن ناھىيە سەككىز رايونغا ئايرىلغاندا چاھارباغ 5 - رايونغا ئۆزگەرتىلدى. ئۇنىڭغا 19 كەنت تەۋە بولدى. 1944 - يىلى پۈتۈن ناھىيىدە يۈز بېشلىق تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندا، چاھارباغ — شىشېڭ (غەربىي ئاۋات)، رىن يى (ئىشىنىش)، مىنفېڭ (خەلقنى بېيىتىش) دېگەن ئۈچ يېزىغا ئايرىلدى. 1947 - يىلى گىجا، چالمىي، بامىي، جىمىي قاتارلىق يېزىلارغا ئايرىلدى. 1948 - يىلى 12 - ئايدا، پۈتۈن ناھىيە تۆت بازار، بەش چوڭ يېزىغا ئايرىلغاندا، چاھارباغ ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر يېزا ئىدى.

1950 - يىل 4 - ئايدا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، چاھارباغ 4 - رايونغا ئايرىلىپ، ئۇنىڭغا ئالتە يېزا 53 كەنت تەۋە بولۇپ يېزىلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلدى. 1958 - يىل 11 - ئايدا چاھارباغدا «نۇرلۇق»، «قەھرىمان» دېگەن ئىككى كوممۇنا قۇرۇلدى. 1959 - يىل 2 - ئايدا ئىككى كوممۇنا بىرلەشتۈرۈلۈپ «ئۈچقۇن خەلق كوممۇنىسى» قۇرۇلدى ۋە كوممۇنا باشقۇرۇش كومىتېتى تەسىس قىلىندى، تۆۋەندە بەش باشقۇرۇش رايون، بىر دېھقانچىلىق مەيدان، 39 چوڭ ئەترەت قۇرۇلدى. 1968 - يىلى «ئۈچقۇن كوممۇنا» ئىنقىلابىي كومىتېتقا ئۆزگەرتىلدى. 1979 - يىلى چاھارباغ كوممۇناغا ئۆزگەرتىلدى. 1984 - يىل 12 - ئايدا ھاكىمىيەت بىلەن كوممۇنا ئايرىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە تەستىقلىتىش ئارقىلىق، «چاۋاغ» دېگەن نام «چاھارباغ»قا ئۆزگەرتىلدى ۋە چاھارباغ يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى.

چاھارباغ يېزا تاغ ئالدىدىكى كەلكۈن لاتقا تۈزلەڭلىككە كىرىدۇ.

www.uyghurkitap.com

زېمىنى تەكشى. جەنۇبتىن شىمالغا قىيپاشىراق. دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇ-رىچە ئېگىزلىكى 1370 مېتىر. شەرقىي شىمال ۋە شىمال تەرىپىدىكى قىسمەن قۇملۇق بەلۋاغلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئومۇمەن بوستانلىق — تېرىلغۇ يەر ھېسابلىنىدۇ. تېرىلغۇ كۆلىمى 64 مىڭ 552 مو كېلىدۇ. ھاۋا كىلىماتى قۇرغاق، شامال كۆپ چىقىدۇ. تىپىك چوڭ قۇرۇقلۇق خاراكتېرىدىكى ھاۋا كىلىماتىغا ياتىدۇ. ئەتىيازدا بوران كۆپ چىقىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 11.5℃، 7 - ئايدىكى ئەڭ يۇقىرى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 24.5℃، 1 - ئايدىكى ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن 6℃-. يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 32 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 212 كۈن. قۇم تۇپراق. ئاساسىي مەھسۇلاتى: بۇغداي، قوناق، پاختا. قوشۇمچە مايلىق دان، پىلە - ئۈجمىچىلىك، قوغۇن - تاۋۇز كۆپ تېرىلىدۇ. ئاھالىلار يەنە قول ھۈنەرۋەنچىلىك، باغۋەنچىلىك، ھەر خىل تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

چاھارباغ يېزىسى لوپ ناھىيىسىدىكى يەل - يېمىش ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرىنىڭ بىرى، ھەر يىلى تەخمىنەن 3 مىليون 500 مىڭ جىڭدىن ئارتۇق ھەر خىل يەل - يېمىش ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. ئۇنىڭ تەۋەلىكىدىكى 39 كەنت كومىتېتى — 166 مەھەللە گۇرۇپپىسىدا 9741 ئائىلە — 36 مىڭ 477 نوپۇس بار.

## چاھارباغ يېزا تەۋەلىكىدىكى مەمۇرىي كەنت ۋە ئاساسلىق تەبىئىي كەنتلەرنىڭ نامى
## 洛浦县恰尔巴格乡行政村和自然村名称

| | |
|---|---|
| كۆلئېرىق | 库勒艾日克 |
| جايتوغراق كەنت كومىتېتى | 加依托格拉克村委会 |
| جايتوغراق | 加依托格拉克 |
| يۇقارقىمەھەللە | 尤喀尔克买里 |
| نورئېرىق | 诺艾日克 |
| جىگدەئېرىق | 吉格代艾日克 |

| | |
|---|---|
| 琼库勒贝希村委会 | چوڭ كۆلبېشى كەنت كومىتېتى |
| 帕恰克买里 | پاچاقمەھەللە |
| 戈普艾日克 | گوپئېرىق |
| 恰尔巴格阿日西 | چاھارباغ ئايرىش |
| 恰尔巴格村委会 | چاھارباغ كەنت كومىتېتى |
| 加依艾日克 | جايئېرىق |
| 恰尔巴格 | چاھارباغ |
| 阿依玛克村委会 | ئايماق كەنت كومىتېتى |
| 墩艾日克 | دۆڭئېرىق |
| 奥依拉村委会 | ئويلاكەنت كومىتېتى |
| 奥依拉 | ئويلا |
| 巴什苏尕克库木村委会 | باش سوغاققۇم كەنت كومىتېتى |
| 阿尔喀依来克 | ئارقائىلەك |
| 兰干 | لەڭگەر |
| 海力派艾日克村委会 | خەلپەئېرىق كەنت كومىتېتى |
| 海力派艾日克 | خەلپەئېرىق |
| 阿尔喀艾日克 | ئارقائېرىق |
| 阔恰克艾日克村委会 | قوچاقئېرىق كەنت كومىتېتى |
| 尕让买里 | گاراڭمەھەللە |
| 喀拉喀什买里 | قاراقاش مەھەللە |
| 巴米村委会 | بامىي كەنت كومىتېتى |
| 巴米 | بامىي |
| 奥克其村委会 | ئوقچى كەنت كومىتېتى |
| 海力派买里 | خەلپە مەھەللە |
| 亚勒克 | يارلىق |
| 吾乔克艾日克 | ئوچۇقئېرىق |
| 亚坎提村委会 | ياركەنت كەنت كومىتېتى |
| 亚坎提 | ياركەنت |
| 麻糖买里 | ماتاڭمەھەللە |
| 塔什艾日克 | تاشئېرىق |

| | |
|---|---|
| 铁提尔巴格村委会 | تېتىرباغ كەنت كومىتېتى |
| 塔玛克 | تاماق |
| 塔依拉克买里村委会 | تايلاق كەنت كومىتېتى |
| 墩艾日克 | دۆڭئېرىق |
| 格加喀拉克尔村委会 | گىجا قاراقىركەنت كومىتېتى |
| 桑阿买里 | ساڭا مەھەللە |
| 库切提买里 | كۆچەتمەھەللە |
| 墩买里村委会 | دۆڭمەھەللە كەنت كومىتېتى |
| 库休克买里 | كۆشۈكمەھەللە |
| 桑阿 | ساڭا |
| 库木兰干村委会 | قۇملەڭگەر كەنت كومىتېتى |
| 阿尔喀诺尔 | ئارقانور |
| 库木兰干 | قۇملەڭگەر |
| 贝斯勒尕克 | بېسىلغاق |
| 奥依兰干 | ئويلەڭگەر |
| 阿日买里村委会 | ئارامەھەللە كەنت كومىتېتى |
| 阿鲁艾日克 | ھالۇئېرىق |
| 玉吉买加依 | ئۈجمەجاي |
| 艾让巴格村委会 | ھەيرانباغ كەنت كومىتېتى |
| 昆塔依 | كوڭتاي |
| 巴什吐格曼 | باشتۇگمەن |
| 铁热克艾日克村委会 | تېرەكئېرىق كەنت كومىتېتى |
| 铁热克艾日克 | تېرەكئېرىق |
| 喀鲁艾日克村委会 | كالۇئېرىق كەنت كومىتېتى |
| 喀勒迪买里 | كالدىمەھەللە |
| 忙坎买里 | ماڭقانمەھەللە |
| 格加村委会 | گىجا كەنت كومىتېتى |
| 萨喀勒买里 | ساقالمەھەللە |
| 其盖买里 | چىگەمەھەللە |
| 墩阿孜玛 | دۆڭئازما |

www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| 库休克买里 | كۈشۈكمەھەللە |
| 阿亚克格加村委会 | ئاياغگنجا كەنت كومىتېتى |
| 苏盖提艾日克 | سۆگەتئېرىق |
| 古力斗买艾日克 | گۈلدۈرمەئېرىق |
| 乌尊买里 | ئۈزۈنمەھەللە |
| 恰库买里 | چاكۈمەھەللە |
| 恰尔巴格阿依丁库勒村委会 | چاھارباغ ئايدىڭكۆل كەنت كومىتېتى |
| 恰尔巴格阿依丁库勒 | چاھارباغ ئايدىڭكۆل |
| 坎都克买里 | كاندۈكمەھەللە |
| 乔拉克铁热克村委会 | چولاقتېرەك كەنت كومىتېتى |
| 吐送艾日克 | تۇرسۇنئېرىق |
| 阿訇艾日克 | ئاخۇنئېرىق |
| 乔拉克铁热克 | چولاقتېرەك |
| 巴什皮切克其村委会 | باشپىچەكچى كەنت كومىتېتى |
| 喀乃艾日克 | كانايئېرىق |
| 乌斯塘乌其村委会 | ئۆستەڭئۇچى كەنت كومىتېتى |
| 亚艾日克 | يارئېرىق |
| 琼库尔艾日克 | چۇڭقۇرئېرىق |
| 库库买提村委会 | كۆكۈمەت كەنت كومىتېتى |
| 托格拉艾日克 | توغرا ئېرىق |
| 墩艾日克 | دۆڭئېرىق |
| 曲结买里 | چۈجەمەھەللە |
| 阔恰艾日克村委会 | كوچائېرىق كەنت كومىتېتى |
| 阔恰艾日克 | كوچائېرىق |
| 哈盘艾日克 | خاپائېرىق |
| 阿特西墩村委会 | ئاتەشدۆڭ كەنت كومىتېتى |
| 阿特西墩 | ئاتەشدۆڭ |
| 英阿瓦提村委会 | يېڭىئاۋات كەنت كومىتېتى |
| 赛古勒克村委会 | سەگۈلۈك كەنت كومىتېتى |
| 斯克来克麻扎 | سىكىلەكمازار |

www.uyghurkitap.com



گۈلباغ كەنت كومىتېتى 古勒巴格村委会
جىمىي (يەر بۆلىكى) 吉米(地片)

# هاڭگىيا يېزىسى 杭桂乡

هاڭگىيا يېزىسى لوپ ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىدىكى يەتتە كىلو- مېتىر جايغا جايلاشقان. شەرقتە دول يېزىسى بىلەن قوشنا، جەنۇبى راخــمانپور ئۆستەڭگى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. غەربى چاھارباغ يېزىسى بىلەن، شىمالى تەكلىماكان چۆلى بىلەن تۇتىشىدۇ. جەنۇبتىن شىمال- غا ئۇزۇنلۇقى 16 كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى تەخمىنەن يەتتە كىلومېتىر، ئومۇمىي كۆلىمى 112 كۋادرات كىلومېتىر، يېزى- لىق ھۆكۈمەتتىن ناھىيىگىچە بولغان تاشيولغا ئاسفالت ياتقۇزۇلغان. يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى قۇمباغ كەنتىدە.

«هاڭگىيا» دېگەن نام «هاڭگى» دىن ئۆزگەرگەن. ئۇ —— ھاڭ ئىچىدە گىياھ ئۆسكەن يارلىق دېگەن مەنىدە، موڭغۇل تارىخچىسى سەيشىيالىنىڭ ئېيتىشىچە: «هاڭگىيا دېگەن موڭغۇلچە ‹هاڭگەي› دىن ئۆزگەرگەن بولۇپ، «ئوت - گىياھلار قويۇق ئۆسكەن تاغ - داۋان، قۇم دۆڭلىرى» دېگەن مەنىسى بار. يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلى- دۇ: «قەدىمكى زاماندا يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ تارماق ئېقىنى مۇشۇ جايدىن كېسىپ ئۆتەتتى. دەريا غەربكە كۆچكەندىن كېيىن، كەلكۈن سۇ يار پىچىپ شەكىللەندۇرگەن ‹هاڭ› دا ياپيېشىل ئوت - گىياھلار ئۈنۈپ، بۇ يەر گۈزەل مەنزىرىلىك جاي بولۇپ قالغان. شۇنىڭدىن ‹هاڭ - گىيا› (يەنى چوڭقۇر يارلىقتا گىياھ ئۈنگەن جاي) بولۇپ قالغان. كېيىنكى كۈنلەردە كىشىلەر بۇ جايغا كۆچۈپ كېلىپ، ماكان تۇتقاندىن كېيىن ئاشۇ نامنى قوللانغان» ئىكەن.

«خوتەننىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتابتا (5 - بەت) كۆر- ستىلىشىچە: «خوتەن دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى بىپايان جايلار بۇرۇن ياپيېشىل ئوتلاق ئىكەن. دول، هاڭگىيا قاتارلىق جايلار ناھايىتى بەلەن يايلاق ئىكەن. دول، هاڭگىيا دېگەنلەر ناھايىتى قەدىمىي يۇرتلار

بولۇپ، بۇ ئىسىملار تۈركچىمۇ، زاڭزۇچىمۇ، موڭغۇلچىمۇ ئەمەس، بەلكى قەدىمكى خوتەن تىلىدىكى يەر ناملىرىدۇر».

ھاڭگىيا قەدىمكى ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ غەربىي شەھەرلىرىنىڭ بىرىسى بولۇپ، تۇپرىقى ياخشى، ئوت - گىياھلىرى قويۇق ئۆسكەن، دەل - دەرەخلىك ئاۋات ماكان ئىكەن. داڭلىق ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ قەدىمكى شەھىرى بولغان «ئاقسىپىل»، ھازىرقى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي شىمالىدىكى قۇملۇقتا. پروفېسسور خۇاڭ ۋېنبى ۋە باشقا ئارخېئولوگلار بۇ يەرنى قەدىمكى يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ ئورنى دەپ قارىماقتا. ئۇدۇن دۆلىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن بولۇپمۇ چىن، خەن، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە بۇ يەر قەدىمكى ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت مەركىزى بولغان. دەريا غەربكە كۆچكەندىن كېيىن، كىشىلەر ئېقىن بويلاپ كۆچۈپ كېتىپ، شەھەر قۇم تېگىدە كۆمۈلۈپ قالغان.

گۇاڭشۈينىڭ 8 - يىلى (مىلادىيە 1882 - يىلى) كېرىيە ناھىيىسى قۇرۇلغاندا ھاڭگىيا ئۇنىڭغا تەۋە بولغان. گۇاڭشۈينىڭ 28 - يىلى (مىلادىيە 1902 - يىلى) لوپتا ناھىيە قۇرۇلۇپ، كېرىيە ناھىيىسىدىن 23 كەنتنى لوپقا ئاجرىتىپ بەرگەندە، ھاڭگىيا شۇنىڭ بىرسى بولۇپ، سامپۇل مىڭلىكىنىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە ئىدى.

1934 - يىلى ھاڭگىيا پۈتۈن ناھىيىدىكى ئالتە رايون ئىچىدە 5 - رايون دەپ ئاتىلىپ، ئۇنىڭغا بەش كەنت قاراشلىق بولغان. 1942 - يىلى پۈتۈن ناھىيە سەككىز رايونغا ئايرىلغاندا، ھاڭگىيا 4 - رايون بولغان. ئۇنىڭغا 16 كەنت تەۋە قىلىنغان. 1944 - يىلى يۈز بېشىلىق تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندا ھاڭگىيادا بىر بازار، ئىككى يېزا، يەنى — فۇشىن جېن (قايتا گۈللىنىش بازىرى)، بېيپىڭشياڭ (شىمالىي تىنچلىق يېزىسى)، نوڭفېڭشياڭ (دېھقانلارنى بېيىتىش يېزىسى) قۇرۇلغان.

1947 - يىلىنىڭ بېشىدا ھاڭگىيا ۋە كونا ھاڭگىيا دەپ ئىككى يېزىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1947 - يىل 12 - ئايدا پۈتۈن ناھىيە تۆت بازار، بەش چوڭ يېزىغا ئۆزگەرتىلگەندە، بۇ يەر ھاڭگىيا بازار بولغان.

1950 - يىل 4 - ئايدا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uygurkitap.com

كېيىن، پۈتۈن ناھىيە يەتتە رايونغا ئايرىلغاندا ھاڭگىيا 5 - رايون بولغان. 1958 - يىل 11 - ئايدا ھاڭگىيادا «ئالتۇنيۇلتۇز» ۋە «بەشيۇلتۇز كوممۇنا» دېگەن ئىككى كوممۇنا قۇرۇلغان. 1959 - يىلى 2 - ئايدا يۇقىرقى ئىككى كوممۇنا بىرلەشتۈرۈلۈپ، شۇنداقلا دولدىكى «راكېتا كوممۇنا» نى قوشۇپ، «يالقۇن خەلق كوممۇنىسى» قۇرۇلغان ھەم كوممۇنا باشقۇرۇش كومىتېتى تەسىس قىلىنغان، 1979 - يىلى ھاڭگىيا كوممۇنا دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1982 - يىلى ھاڭگىيا دېگەن نامنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشىدىكى 苍沟牙 دېگەن ئۈچ خەت، ئىككى خەتكە قىسقارتىلىپ 杭桂 غا ئۆزگەرتىلگەن. 1984 - يىل 12 - ئايدا ھاكىمىيەت بىلەن كوممۇنا ئايرىلغاندا، ھاڭگىيا يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغان.

ھاڭگىيا يېزا تاغ ئالدىدىكى كەلكۈن، لاي - لاتقا تۇزلەڭلىكىگە كىرىدۇ. جەنۇبتىن شىمالغا كەلكۈن سۇ يالاپ قىيپاش قىلىپ قويىغان. دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1300 مېتىر، يېزىنىڭ غەربىي شىمالى ۋە شىمال قىسمىدا بىپايان قۇم دۆۋىلىرى بار. شەرقىدە بىر قىسىم زەيلىك، سازلىق يەرلەر بار. تەۋەلىكىدە پارچە - پۇرات قۇم دۆۋىلىرى ۋە شىمالىي تەرىپىدە پارچە - پۇرات تەبىئىي كۆلچەكلەر بار. قالغان يەرلىرى يېشىللىق — تېرىلغۇ يەرلەردىن ئىبارەت. ئۇنىڭ 72 مىڭ 879 مو تېرىم يېرى بار. ھاۋاسى قۇرغاق، شامال كۆپ چىقىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.5℃، 7 - ئايدىكى ئەڭ يۇقىرى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 24.5℃، 1 - ئايدىكى ئەڭ تۆۋەن ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن 6℃-، تارىختىي يىللاردىن بۇيانقى ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 32 مىللىمېتىر، يىللىق قىروسىز مەزگىلى 212 كۈن. قۇم تۇپراق. ئاساسىي مەھسۇلاتى: بۇغداي، قوناق، پاختا. قوشۇمچە مايلىق دان، پىلە - ئۈجمىچىلىك، يەل - يېمىش كۆپ ئۆستۈرۈلىدۇ. چارۋا بېقىلىدۇ.

ھاڭگىيا يېزىسى لوپ ناھىيىسىدىكى ئاساسلىق سۇغىرىش رايونلىرىنىڭ بىرى، ھاڭگىيا ئۆستىڭى ناھىيىنىڭ ئېلىشبېشىدىن باشلىنىپ، ھاڭگىيا چېگرىسىغىچە قويۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت ھاڭگىيا ئۆستىڭىگە قويۇلىدىغان خېلى كۆپ بۇلاق سۈيى بار، بۇنىڭ بىلەن

قۇرغاقچىلىق مەزگىلىدىكى ئېھتىياجنى تولۇقلىغىلى بولىدۇ.

ھاڭگىيا يېزا لوپ ناھىيىسىدىكى مۇھىم پىلىچىلىك بازىلىرىنىڭ بىرى، شۇنداقلا مېۋە تۈرى ناھىيە بويىچە كۆپ، مەھسۇلاتى يۇقىرى بولۇش بىلەن ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. ھاڭگىيا تەۋەسىدە ئاقسېپىل خارابىلىقى بار.

تەۋەلىكىدىكى 37 كەنت كومىتېتى — 182 مەھەللە گۇرۇپپىسىدا 9278 ئائىلە — 36 مىڭ 244 كىشى ياشايدۇ.

## ھاڭگىيا يېزا تەۋەلىكىدىكى مەمۇرىي كەنت ۋە ئاساسلىق تەبىئىي كەنتلەرنىڭ نامى
## 洛浦县杭桂乡行政村和自然村名称

| | |
|---|---|
| قۇمباغ | 库木巴格 |
| قۇمباغ كەنت كومىتېتى | 库木巴格村委会 |
| باغچە كەنت كومىتېتى | 巴格其村委会(园艺场) |
| يېڭىئاچما | 英阿其玛 |
| ئارقائىلەك كەنت كومىتېتى | 阿尔喀依来克村委会 |
| تايلاق تۈگمەنبېشى | 塔依拉克吐曼格贝希 |
| مانتاتوغراق | 曼吐托格拉克 |
| پاڭمەھەللە كەنت كومىتېتى | 庞买里村委会 |
| پاڭمەھەللە | 庞买里 |
| دوكمەھەللە | 多克买里 |
| كوسايباغ | 阔赛依巴格 |
| كەڭتوقاي كەنت كومىتېتى | 康托喀依村委会 |
| مايماق | 玛依玛克 |
| كەڭتوقاي | 康托喀依 |
| چېكە | 其开 |
| ساقال كەنت كومىتېتى | 萨喀勒村委会 |
| پىچەكچى | 皮切克其 |
| تۆۋەنپىچەكچى كەنت كومىتېتى | 托万皮切克其村委会 |

www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| تۆۋەنپىچەكچى | 托万皮切克其 |
| ساقال | 萨喀勒 |
| دەرغىلاق | 代日哈拉克 |
| چىلگىجاي كەنت كومىتېتى | 其力盖加依村委会 |
| قارامەھەللە | 喀拉买里 |
| پىلەڭئېرىق كەنت كومىتېتى | 皮凉艾日克村委会 |
| پىلەڭئېرىق | 皮凉艾日克 |
| ياغچىمەھەللە | 亚格其买里 |
| چوڭقۇرئېرىق كەنت كومىتېتى | 琼库尔艾日克村委会 |
| ياڭاقمەھەللە | 央阿克买里 |
| ساقالمەھەللە | 萨喀勒买里 |
| دوقائايىمىقى | 都喀阿依玛克 |
| سولۋائېرىق | 苏勒瓦艾日克 |
| راخمانپور كەنت كومىتېتى | 热合满普尔村委会 |
| پارامەھەللە | 帕热买里 |
| چىرائايىمىقى | 其拉阿依玛克 |
| دۆڭتاختا | 墩塔合塔 |
| توزغاقمەھەللە | 托孜尕克买里 |
| ئىلەك | 依来克 |
| ئاياغ سوغاققۇم كەنت كومىتېتى | 阿亚克苏尕克库木村委会 |
| ئاياغ سوغاققۇم | 阿亚克苏尕克库木 |
| بەگئېرىق كەنت كومىتېتى | 伯克艾日克村委会 |
| گورمەھەللە | 尕尔买里 |
| تۆۋرامەھەللە | 托吾拉买里 |
| توڭكايئېرىق كەنت كومىتېتى | 通喀依艾日克村委会 |
| قورساقمەھەللە | 阔萨克买里 |
| زاغراق مەھەللە | 扎尕热克买里 |
| توڭكايمەھەللە | 通喀依买里 |
| خۇمدانبېشى | 胡木旦贝希 |
| لەڭگەر ئېرىق كەنت كومىتېتى | 兰干艾日克村委会 |

| | |
|---|---|
| سېغىز گەمە | 色格孜盖买 |
| كۆرۈكمەھەللە | 库如克买里 |
| قۇيقامەھەللە | 库尤喀买里 |
| كۆرۈكئاچما | 库如克阿其玛 |
| ئۈجمىلىك كەنت كومىتېتى | 玉吉买勒克村委会 |
| ئۈجمىلىك | 玉吉买勒克 |
| مۇشۇكمەھەللە | 木休克买里 |
| ئوتتۇرائېرىق كەنت كومىتېتى | 欧吐拉艾日克村委会 |
| ئوتتۇرائېرىق | 欧吐拉艾日克 |
| دۆڭئۆستەڭ | 墩吾斯塘 |
| شېھىتلىقمازار | 协依提勒克麻扎 |
| يېڭىباغ كەنت كومىتېتى | 英巴格村委会 |
| بەزمەھەللە | 拜孜买里 |
| ئاۋامسىلىم كەنت كومىتېتى | 阿瓦米斯力木村委会 |
| خوراز مەھەللە | 霍热孜买里 |
| ياغمەھەللە | 亚格买里 |
| چىچىقمەھەللە | 其齐克买里 |
| دوقامەھەللە | 都喀买里 |
| دۆڭئېرىق كەنت كومىتېتى | 墩艾日克村委会 |
| پاكارمەھەللە | 帕喀买里 |
| تورغايمەھەللە | 托尕依买里 |
| قالىغاچئېرىق | 喀勒尕其艾日克 |
| ئاچمائېرىق كەنت كومىتېتى | 阿其玛艾日克村委会 |
| ئاچمائېرىق | 阿其玛艾日克 |
| ئاقئېرىق كەنت كومىتېتى | 阿克艾日克村委会 |
| ئاقمەھەللە | 阿克买里 |
| ئارىچمەھەللە | 阿日其买里 |
| جاۋاكمەھەللە | 加瓦克买里 |
| قەغەزئېرىق كەنت كومىتېتى | 喀格孜艾日克村委会 |
| قەغەزئېرىق | 喀格孜艾日克 |

www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| زەمچىئېرىق كەنت كومىتېتى | 赞木其艾日克村委会 |
| زەمچىئېرىق | 赞木其艾日克 |
| ئايرىش كەنت كومىتېتى | 阿日西村委会 |
| ئايرىش | 阿日西 |
| لەڭگەر | 兰干 |
| قۇيرۇق | 奎依如克 |
| پەيزاۋات | 排扎瓦提 |
| زاغۇنئېرىق كەنت كومىتېتى | 扎滚艾日克村委会 |
| كۆتەمە | 科台买 |
| جاۋاكتاختا | 加瓦克塔合塔 |
| قوغاچبېشى كەنت كومىتېتى | 阔尕其贝希村委会 |
| چاقانمەھەللە | 恰康买里 |
| شورلۇقئېرىق | 硝尔鲁克艾日克 |
| تۇلكەمەھەللە | 吐勒开买里 |
| يار تۈگمەنبېشى | 亚吐格曼贝希 |
| كاۋرۇكمەھەللە | 喀吾如克买里 |
| توققۇزكاللا كەنت كومىتېتى | 托库孜喀勒拉村委会 |
| توققۇز كاللا | 托库孜喀勒拉 |
| ئاياغ توققۇزكاللا | 阿亚克托库孜喀勒拉 |
| داڭلىقمونجاق كەنت كومىتېتى | 当勒克孟加克村委会 |
| تاغدۆڭ | 塔格墩 |
| كاشانباغ | 喀相巴格 |
| باش خانقائېرىق كەنت كومىتېتى | 巴什哈尼喀艾日克村委会 |
| باش خانقائېرىق | 巴什哈尼喀艾日克 |
| ئېقىن | 艾肯 |
| ئاياغ خانقائېرىق كەنت كومىتېتى | 阿亚克哈尼喀艾日克村委会 |
| كۈرەكمەھەللە | 库热克买里 |
| جانمەھەللە | 江买里 |
| باغچە | 巴格其 |
| كونا ھاڭگىيا كەنت كومىتېتى | 阔纳杭桂村委会 |

| | |
|---|---|
| كالتەكمەھەللە | 喀勒台克买里 |
| يېڭىئۆستەڭ كەنت كومىتېتى | 英吾斯塘村委会 |
| دەررەمەھەللە | 代热买里 |
| چىپەرچىئېرىق كەنت كومىتېتى | 其伯尔其艾日克村委会 |
| ئېغىلدۆڭ | 艾格勒墩 |
| پەيزىتوغراق | 派孜托格拉克 |
| ھاردۇققۇم كەنت كومىتېتى | 阿尔都克库木村委会 |
| ئۇتۇنچىئېرىق | 欧吞其艾日克 |
| خوراز توغراق كەنت كومىتېتى | 霍热孜托格拉克村委会(农场) |
| خوراز توغراق | 霍热孜托格拉克 |
| يانتاقبېقىش (چارۋىچىلىق نۇقتا) | 央塔克贝克西(牧点) |
| قاراقىر (چارۋىچىلىق نۇقتا) | 喀拉克尔(牧点) |

## دول يېزىسى 多鲁乡

دول يېزىسى ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى 6.5 كىلومېتىر جايغا جايلاشقان. شەرقى لوپ ـ چىرا چۆلىگە تۇتىشىدۇ. غەربى ھاڭگىيا يېزىسى، جەنۇبى لوپ بازىرى بىلەن قوشنا، شىمالى تەكلىماكان چۆلىگە تۇتىشىدۇ. جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 28 كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 7.5 كىلومېتىر، ئومۇمىي كۆلىمى 210 كۋادرات كىلومېتىر، تەۋەلىكىدىكى 29 كەنت كومىتېتى — 109 مەھەللە گۇرۇپپىسىدا 6984 ئائىلە — 26 مىڭ 692 نوپۇس بار. يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئورنى يولچىكۆل كەنتىدە، ئاسفالت يولى ناھىيە بازىرىغا تۇتىشىدۇ.

«دول» نامىنىڭ مەنىسى ۋە كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا يەرلىك خەلقلەر: «دول» ئۇيغۇرچە «دۆڭ» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزگىرىشىدىن كېلىپ چىققان. يەنى «دۆڭ ئۆستەڭ» دېگەن مەنىدە، ئۆستەڭنىڭ ئورنى دۆڭدە بولغاچقا شۇنداق نام ئالغان، ئاھاڭى ئۆزگىرىپ «دول ئۆستەڭ» بولۇپ قالغان، دەپ چۈشەندۈرىدۇ. لۇغەت مەنىسىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قارىغاندا، «دول» دېگەن سۆز دۆڭ جايغا ياسالغان كۆزىتىش ئورنى — ئۇرۇش ۋاقىتلىرىدا ئەھۋالنى كۆزىتىپ قوماندانلىق شتابقا خەۋەر بېرىدىغان كۆزىتىش پەشتىقى ياكى «تىم» ( 烽火台 ) دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. ئەمما، نامنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى ئېنىق ئەمەس. دول يېزىسىنىڭ باشقىچە ئاتىلىشى «يولچىكۆل». بۇرۇن مۇشۇ يەردە بىر چوڭ كۆل بولۇپ، چۆلدىن ئۆتۈن توشۇيدىغانلار ۋە باشقا يولۇچىلارنىڭ دەم ئېلىش ئورنى ئىدى. شۇڭا «يولۇچىكۆل» دەپ نام ئالغان. بۇ جاي تارىختىن بۇيان دول يېزىسىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت مەركىزى بولغاچقا، «يولچىكۆل» دول يېزىسىنىڭ ۋاكالەت نامى بولۇپ قالغان. لېكىن، تارىختا ئۆتكەن ھۆكۈمەتلەر يولچىكۆل دېگەن نامنى ئىشلەتمىگەن.

ناھىيە قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن، دول كېرىيە ناھىيىسىگە قاراشلىق 23 كەنتنىڭ بىرى ئىدى. ناھىيە قۇرۇلغاندا لوپقا ئايرىلىپ، سامپۇل مىڭلىكىگە تەۋە قىلىنغان. 1934 - يىلى پۈتۈن ناھىيىگە قاراشلىق ئالتە رايوننىڭ شەھەر ئىچى 1 - رايونىغا تەۋە بولدى. 1942 - يىلى پۈتۈن ناھىيە سەككىز رايونغا ئايرىلغاندا دول 2 - رايون بولۇپ ئۇنىڭغا 13 كەنت قاراشلىق بولدى. 1944 - يىلى يۈز بېشىلىق تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندا دول 2 - رايون دۆڭخېيشياڭ (شەرق سەنئىتى يېزىسى)، جىڭگۇڭخېيشياڭ (ئومۇمىي قۇتقۇزۇش يېزىسى) دېگەن ئىككى يېزىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1947 - يىلى پۈتۈن ناھىيە ئىككى بازار، 15 يېزىغا ئۆزگەرتىلگەندە يۇقىرىقى ئىككى يېزا بىرلەشتۈرۈلۈپ، دول يېزا قۇرۇلدى. 1947 - يىل 12 - ئايدا پۈتۈن ناھىيە قايتا تۆت بازار، بەش چوڭ يېزىغا ئايرىلغاندا يەنىلا دول يېزا بولۇپ تۇرۇۋەردى. 1950 - يىل 4 - ئايدا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇپ پۈتۈن ناھىيە يەتتە رايونغا ئايرىلغاندا دول 6 - رايون بولدى. ئۇنىڭغا بەش يېزا 43 كەنت تەۋە قىلىندى.

1958 - يىلى دولدا «غالىبىيەت»، «دۆلەت قۇرۇلۇشى» دېگەن ئىككى كوممۇنا قۇرۇلۇپ، 5 - يېزا (ھاڭگىيا) «راكېتا كوممۇنا» غا تەۋە قىلىندى. 1959 - يىلى «غالىبىيەت»، «دۆلەت قۇرۇلۇشى» كوممۇنالىرى بىرلەشتۈرۈلۈپ ۋە 5 - يېزىنى قوشۇپ، «شەرق شامە-

لى» كوممۇنىسى قۇرۇلدى ۋە كوممۇنا باشقۇرۇش كومىتېتى تەسىس قىلىندى. 1968 - يىلى دول كوممۇنا ئىنقىلابىي كومىتېتقا ئۆزگەرتىلدى. 1979 - يىلى دول كوممۇنا دەپ ئاتالدى. 1984 - يىلى كوممۇنا بىلەن ھاكىمىيەتنى ئايرىپ، دول يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى.

دول يېزىسى، لوپ ناھىيىسىنىڭ ئاساسلىق دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، تاغ ئالدىدىكى كەلكۈن لاتقا تۈزلەڭلىككە كىردۇ. يەر تۈزۈلۈشى تەكشى، پارچە - پۇرات قۇم دۆۋىلىرى بار. تېرىلغۇ كۆلىمى 52 مىڭ 78 مو كېلىدۇ. زېمىنى جەنۇبتىن شىمالغا قىيپاش، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1300 مېتىر، ھاۋا كىلىماتى قۇرغاق، شامال كۆپ چىقىدۇ. تىپىك قۇرۇقلۇق خاراكتېرىدىكى ھاۋا كىلىماتىغا كىرىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.5℃، 7 - ئايدىكى ئەڭ يۇقىرى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 24.5℃، 1 - ئايدىكى ئەڭ تۆۋەن ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 6.5℃ -، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 32 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 212 كۈن. قۇم تۇپراق. ئاساسىي مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، پاختا، مايلىق دان، قوشۇمچە پۇرچاق، پىلە، ئۈجمىچىلىك، يەل - يېمىش ئۆستۈرۈلىدۇ. چارۋا بېقىلىدۇ.

دول يېزىسى لوپ ناھىيىسىدىكى مۇھىم سۇغىرىش رايونى بولۇپ، ئاساسلىقى يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ سۈيىگە تايىنىدۇ. دول ئۆستىڭى — ناھىيىلىك شەرقىي غول ئۆستەڭنىڭ 3 - ئېلىشىپىشىدىن باشلىنىدۇ. ناھىيىگە قاراشلىق قاراكۆل سۇ ئامبىرى ئەتىياز ۋاقتىدا بۇ يېزىنى بىر قىسىم سۇ بىلەن تەمىنلەپ، قۇرغاقچىلىق مەزگىلدىكى سۇ تەلىپىنى قاندۇرىدۇ.

## دول يېزا تەۋەلىكىدىكى مەمۇرىي كەنت ۋە ئاساسلىق تەبىئىي كەنتلەرنىڭ نامى
## 洛浦县多鲁乡行政村和自然村名称

يولچىكۆل 尧勒其库勒

www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| 多鲁海力派艾日克村委会 | دول خەلپەئېرىق كەنت كومىتېتى |
| 多鲁海力派艾日克 | دول خەلپەئېرىق |
| 台吐尔艾日克 | تەتۈرئېرىق |
| 塔合塔科瑞克 | تاختا كۆۋرۈك |
| 阿訇鲁克艾日克 | ئاخۇنلۇقئېرىق |
| 库勒艾日克 | كۆلئېرىق |
| 阔尕其艾日克村委会 | قوغاچئېرىق كەنت كومىتېتى |
| 阔尕其艾日克 | قوغاچئېرىق |
| 库木艾日克 | قۇمئېرىق |
| 琼库尔阔恰艾日克 | چوڭقۇر كوچا ئېرىق |
| 墩色日克 | دۆڭسېرىق |
| 多鲁色日克村委会 | دولسېرىق كەنت كومىتېتى |
| 喀哈那艾日克 | كاخانا ئېرىق |
| 阔台买村委会 | كۆتەمە كەنت كومىتېتى |
| 康克其克艾日克 | كەڭ كېچىككئېرىق |
| 库瓦买里 | كۆۋامەھەللە |
| 喀勒台阔台买村委会 | كالتەكۆتەمە كەنت كومىتېتى |
| 喀勒台阔台买 | كالتە كۆتەمە |
| 苏盖提艾日克 | سۆگەتئېرىق |
| 玉吉买勒克艾日克 | ئۈجمىلىكئېرىق |
| 赛提都维里克艾日克 | سەت دۆۋىلىكئېرىق |
| 墩库孜来克村委会 | دۆڭكۆزلەك كەنت كومىتېتى |
| 墩库孜来克 | دۆڭكۆزلەك |
| 库萨克阔恰 | قورساقكوچا |
| 孜热甫艾日克 | زىرىپئېرىق |
| 库都克艾日克 | قۇدۇقئېرىق |
| 亚喀依来克 | ياقائىلەك |
| 库依如克艾日克村委会 | قۇيرۇقئېرىق كەنت كومىتېتى |
| 库依如克艾日克 | قۇيرۇقئېرىق |
| 恰克玛 | چاقما |

| | |
|---|---|
| 奥依曼央塔克村委会 | ئويمانيانتاق كەنت كومىتېتى |
| 墩阿恰 | دۆڭئاچا |
| 托格拉克艾日克 | توغراقئېرىق |
| 墩艾日克 | دۆڭئېرىق |
| 博斯坦村委会 | بوستان كەنت كومىتېتى |
| 博斯坦 | بوستان |
| 纳肉孜兰干 | نارۇزلەڭگىرى |
| 喀让古托格拉克村委会 | قاراڭغۇتوغراق كەنت كومىتېتى |
| 库勒艾日克村委会 | كۆلئېرىق كەنت كومىتېتى |
| 苏盖提麻扎 | سۆگەتمازار |
| 恰库买里 | چاكۇ مەھەللە |
| 库木休墩 | قۇمۇشدۆڭ |
| 墩阿孜玛 | دۆڭئازما |
| 巴什央都玛村委会 | باشياندۇرما كەنت كومىتېتى |
| 阿亚克央都玛村委会 | ئاياغياندۇرما كەنت كومىتېتى |
| 塔吾尕孜 | تاۋنغاز |
| 合尼艾日克 | خېنىيئېرىق |
| 喀合勒克 | قاقلىق |
| 巴什艾肯 | باشئېقىن |
| 硝尔阔台克村委会 | شوركۆتەك كەنت كومىتېتى |
| 硝尔阔台克 | شوركۆتەك |
| 唐玛合尼村委会 | تاڭماخېنىي كەنت كومىتېتى |
| 唐玛合尼 | تاڭما خېنىي |
| 麻扎吾斯塘村委会 | مازارئۆستەڭ كەنت كومىتېتى |
| 麻札吾斯塘 | مازار ئۆستەڭ |
| 瓦合甫艾日克 | ۋەخپەئېرىق |
| 喀尕艾日克 | قاغائېرىق |
| 琼库尔吾斯塘村委会 | چوڭقۇرئۆستەڭ كەنت كومىتېتى |
| 墩艾日克 | دۆڭئېرىق |
| 喀勒台克艾日克 | كالتەكئېرىق |

www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| چاپانئايمىقى | 裕祥阿依玛克 |
| توغرائېرىق | 托格拉艾日克 |
| توكامەھەللە | 吐喀买里 |
| پاڭمەھەللە | 庞买里 |
| كاۋا تۈگمەنبېشى كەنت كومىتېتى | 喀瓦吐格曼贝希村委会 |
| كاۋا تۈگمەنبېشى | 喀瓦吐格曼贝希 |
| قوشدۆڭ | 阔什墩 |
| تولغاش كەنت كومىتېتى | 托勒尕什村委会 |
| كىرىيە مەھەللىسى | 克里雅买里 |
| جالانمەھەللە | 加朗买里 |
| يوبدانمەھەللە | 尤布当买里 |

## بەشتوغراق يېزىسى 拜什托格拉克乡

بەشتوغراق يېزىسى — لوپ ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى 33 كىلومېتىر جايغا جايلاشقان. شەرقتىن چۆل ئارقىلىق چىرا ناھىيىسىگە، غەرب تەرىپى دول يېزىسىدىكى ئويمانىيانتاققا، جەنۇبى ئاچچىق تاغ ئالدىدىكى سايغا، شىمالى تەكلىماكان قۇملۇقىغا تۇتىشىدۇ. بوستان قىسمىنىڭ جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 7 كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى تەخمىنەن 5 كىلومېتىر، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 35 كۋادرات كىلومېتىر. تەۋەلىكىدىكى 11 كەنت كومىتېتى — 30 تەبىئىي كەنتتە 1277 ئائىلە — 5367 نوپۇس بار. يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى چوڭيول كەنتىدە.

«بەشتوغراق» ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، بۇرۇندىن تارتىپلا بۇ يەردە بەش تۈپ چوڭ توغراق بولغانلىقتىن، «بەشتوغراق» دەپ ئاتالغان.

تارىخىي خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا بۇ يەر قورىغاردىكى ئەللىك نەچچە بەگلىك ئىچىدىكى رۇڭ لوگو (戎卢国) نىڭ چېگرىسى ئىكەنلىكى ئېھتىمالغا بەك يېقىن. چىڭ

سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە بۇ يەر چىرا، كېرىيىگە بارىدىغان يول
ئىدى. شۇ چاغدا «بەش لەڭگەر» دەپ ئاتالغان. دەۋرنىڭ ئۆتۈشى
بىلەن بۇ يەر — چۆلگە ئايلىنىپ كەتكەن.

گۇاڭشۇينىڭ 8 - يىلى (مىلادىيە 1882 - يىلى) كېرىيە ناھىيە-
سى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ يەر كېرىيىگە قاراشلىق بولغان. لوپ
ناھىيىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، لوپقا ئايرىپ بېرىلگەن.

1959 - يىلى «قىزىلبايراق كوممۇنا» نىڭ ھەر قايسى ئەترەتلىرى-
دىن ئادەم يۆتكەپ، بۇ يەرلەردە بوز ئېچىپ كەنت قىلىنغان.
1960 - يىلىدىن باشلاپ ناھىيىدىكى ھەر قايسى كوممۇنالارمۇ ئادەم
يۆتكەپ كېلىپ يەر ئاچقان ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنى قۇرغان.
1960 - يىلىدىن 1962 - يىلىغىچە لوپ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمى-
تى، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن شىنجاڭغا چىققان خەنزۇ ئاممىنى ئىككى
تۈركۈمگە بۆلۈپ بۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرغان. ئۇ چاغدا بۇ يەر «قىزىلباي-
راق كوممۇنا» نىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىدا بولغانلىقتىن، «قى-
زىلبايراق كوممۇنا بوز يەر دېھقانچىلىق مەيدانى» دەپ ئاتال-
غان. 1965 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمى-
تىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، جياڭسۇدىن كەلگەن
چېگرا رايونغا ياردەم بەرگۈچى زىيالىي ياشلاردىن مىڭدىن ئارتۇق كىشى-
نى بۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرغان ۋە يەرلىك دېھقانلار بىلەن قوشۇپ دۆلەت
ئىگىلىكىدىكى «قىزىلبايراق دېھقانچىلىق مەيدانى» قۇرۇپ (ناھىيە-
نىڭ قوشۇمچە باشقۇرۇشىدا بولغان)، 10 لىيەن، بىر ئورمانچىلىق
مەيدانىغا ئايرىغان ھەمدە بۇ يەردە ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا
مەكتەپ قۇرغان. 1973 - يىل 11 - ئايدا ئاپتونوم رايوننىڭ
تەستىقى ئارقىلىق دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدان ئەمەلدىن
قالدۇرۇلۇپ، «شەرق قىزاردى» كوممۇنىسى قۇرۇلۇپ، 11 ئىشلەپ-
چىقىرىش چوڭ ئەترىتى تەۋە قىلىنغان. 1979 - يىلى «بەشتوغراق
كوممۇنا» دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984 - يىل 12 - ئايدا ھاكىمىيەت
بىلەن كوممۇنا ئايرىلغاندا، بەشتوغراق يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى قۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uygurkitap.com

رۇلغان.

بۇ يېزا تاغ ئالدىدىكى كەلكۈن لاتقا تۈزلەڭلىككە كىرىدۇ. زېمىنى چۆل ئوتتۇرىسىدا بولغانلىقتىن، تۆت ئەتراپى قۇم دۆۋىلىرى بىلەن ئورالغان. ھاۋاسى قۇرغاق. بوران كۆپ چىقىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 30 مىللىمېتىر، پارغا ئايلىنىش مىقدارى زور. كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 11℃، 7 - ئايدىكى ئەڭ يۇقىرى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 26℃، 1 - ئايدىكى ئەڭ تۆۋەن ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن 7℃ -، قۇم تۇپراق.

بۇ يېزىنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى 15 مىڭ 895 مو كېلىدۇ. ئاساسىي مەھسۇلاتى بۇغداي، قوناق، مايلىق دان، قوشۇمچە پاختا، قوغۇن - تاۋۇز تېرىلىدۇ ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇ يېزىنىڭ ھاۋا، يەر، تۇپراق ئالاھىدىلىكى تۈپەيلىدىن قوغۇن - تاۋۇز- لىرى تاتلىق بولۇپ، ناھىيە بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ.

## بەشتوغراق يېزا تەۋەلىكىدىكى مەمۇرىي كەنتلەرنىڭ نامى
## 洛浦县拜什托格拉克乡行政村名称

| | |
|---|---|
| چوكيول | 琼尧勒 |
| ئىسلىقدۆڭ كەنت كومىتېتى | 伊斯勒克墩村委会 |
| سىياۋېشى كەنت كومىتېتى | 斯亚维西村委会 |
| ئىلىقۇدۇق كەنت كومىتېتى | 伊力库都克村委会 |
| بوستانباغ كەنت كومىتېتى | 博斯坦巴格村委会 |
| چوكيول كەنت كومىتېتى | 琼尧勒村委会 |
| كادىردۆڭ كەنت كومىتېتى | 喀地尔墩村委会 |
| بەشتوغراق كەنت كومىتېتى | 拜什托格拉克村委会 |
| باغئېرىق كەنت كومىتېتى | 巴格艾日克村委会 |

| | |
|---|---|
| 亚阔恰村委会 | ياركوچا كەنت كومىتېتى |
| 托格拉克墩村委会 | توغراقدۆڭ كەنت كومىتېتى |

## لوپ ناھىيىسىدىكى بىر قىسىم قۇرۇلۇشلارنىڭ نامى
## 洛浦县部分人工建筑物名称

| | |
|---|---|
| 洛浦县总干渠 | لوپ ناھىيىلىك باش ئۆستەڭ |
| 洛浦县总闸口 | لوپ ناھىيىلىك باش ئېلىشبېشى |
| 洛浦县喀拉库勒水库 | لوپ ناھىيە قاراكۆل سۇ ئامبىرى |
| 吉亚干渠 | جىيا ئۆستىڭى |
| 纳瓦干渠 | ناۋا ئۆستىڭى |
| 山普鲁干渠 | سامپۇل ئۆستىڭى |
| 博西坎干渠 | بوشقان ئۆستىڭى |
| 恰帕勒干渠 | چاپال ئۆستىڭى |
| 恰尔巴格干渠 | چاھارباغ ئۆستىڭى |
| 多鲁干渠 | دول ئۆستىڭى |
| 央杜玛干渠 | ياندۇرما ئۆستىڭى |
| 抗桂干渠 | ھاڭگىيا ئۆستىڭى |
| 阿勒提来干渠 | ئالتىلە ئۆستىڭى |
| 布亚干渠 | بۇيا ئۆستىڭى |
| 塔木艾格勒干渠 | تامئېغىل ئۆستىڭى |
| 昆孜干渠 | كونزىي ئۆستىڭى |
| 吉亚路 | جىيا يولى |
| 纳瓦路 | ناۋا يولى |
| 博西坎路 | بوشقان يولى |
| 恰帕勒路 | چاپال يولى |
| 巴米路 | بامىي يولى |

| | |
|---|---|
| گىجا يولى | 格加路 |
| دول يولى | 多鲁路 |
| ھاڭگىيا يولى | 杭桂路 |
| قۇتچى يولى | 库提其路 |
| ئالتىلە يولى | 阿勒提来路 |
| بۇيا يولى | 布亚路 |
| كونزىي يولى | 昆孜路 |
| سامپۇل يولى | 山普鲁路 |
| خوتەن - لوپ يولى | 和一洛路 |

## لوپ ناھىيىسىدىكى بىر قىسىم تەبىئىي جۇغراپىيىلىك گەۋدىلەرنىڭ نامى
## 洛浦县部分自然地理实体名称

| | |
|---|---|
| تېكىلىك تاغ | 铁克勒克山 |
| ئاچچىق تاغ | 阿其克山 |
| تۈگمەنتاشلىق (تاغ چوققىسى) | 吐格曼塔什勒克 |
| پەشتاق (تاغ ئېغىزى) | 排什塔克(山口) |
| سالمىلىق (جىلغا) | 萨勒玛勒克山沟 |
| خالىق جىلغىسى | 哈勒克吉勒尕山沟 |
| سېسقىيار (جىلغا) | 色斯克亚沟 |
| يۇرۇڭقاش دەرياسى | 玉龙喀什河 |
| ئاچچىق دەرياسى | 阿其克河 |
| ساقى دەرياسى | 沙克河 |
| پاختىلىق دەرياسى | 帕合塔勒克河 |
| ئۇتتۇرا قىر دەرياسى | 欧吐拉克河 |
| قۇراملىق دەرياسى | 库兰木勒克河 |
| ئىلەككۆلمىكى | 依来克(水塘) |

| | |
|---|---|
| 铁克勒克草场 | تېكىلىك (يايلاق) |
| 阿其克亚依拉克草场 | ئاچچىق يايلىقى |
| 西热木勒克草场 | شىرەملىك (چارۋىچىلىق نۇقتىسى) |
| 夏玛勒巴格 | شامالباغ (چارۋىچىلىق نۇقتىسى) |
| 马木提库勒买克草场 | مامۇتكۆلمەك (چارۋىچىلىق نۇقتىسى) |
| 其来克库木草场 | چېلەكقۇم (چارۋىچىلىق نۇقتىسى) |
| 阔什库都克草场 | قوشقۇدۇق (چارۋىچىلىق نۇقتىسى) |
| 硝尔勒克奥依曼草场 | شورلۇقئويمان (چارۋىچىلىق نۇقتىسى) |
| 祖拉维托格拉克草场 | زۇلاۋىتوغراق (چارۋىچىلىق نۇقتىسى) |
| 古润吉勒克(戈壁) | گۇرۇنجىلىق (ساي) |
| 吐孜勒克萨依(戈壁) | تۇزلۇقساي |
| 纳其(荒地) | ناچى (چۆل) |
| 色格孜墩(沙漠) | سېغىزدۆڭ (چۆل) |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# چىرا ناھىيىسى 策勒县

چىرا ناھىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ جەنۇبىي، كۇئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكى، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە جايلاشقان. ئورنى شىمالىي پاراللېل '18°35 — '30°39، شەرقىي مېرىدىئان '03°80 — '10°82 ئارىلىقىدا. جەنۇبتىن شىمالغىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 468 كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكىچە بولغان كەڭلىكى تەخمىنەن 35 — 121 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئومۇمىي يەر مەيدانى 31 مىڭ 342.58 كۋادرات كىلومېتىر. ئۈرۈمچى بىلەن بولغان تۈز لىنىيە ئارىلىقى 960 كىلومېتىر. جەنۇبىي تەرىپى شىزاڭ بىلەن چېگرىلىنىدۇ. غەربىي جەنۇب تەرىپى خوتەن ناھىيىسى بىلەن، غەرب تەرىپى لوپ بىلەن، شەرقى تەرىپى كېرىيە بىلەن، شىمال تەرىپى ئاقسۇ ناھىيىسى ۋە شايار ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ.

چىرا ناھىيىسىدە ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، 37 مىڭ 467 ئائىلە — 135 مىڭ 353 نوپۇس بار. پۈتۈن ناھىيە تەۋەلىكىدە بىر بازار، يەتتە يېزا، 125 كەنت كومىتېتى، 384 تەبىئىي كەنت ـ مەھەللە گۇرۇپپىسى، ھەمدە ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى يېزا ئىگىلىك 14 ـ دىۋىزىيىسىنىڭ 1 ـ چارۋىچىلىق فېرمىسى بار. ناھىيىنىڭ ئومۇمىي تېرىلغۇ كۆلىمى 240 مىڭ 18 مو.

چىرا ناھىيىسى قەدىمدە چىرا بەگلىكى دەپ ئاتىلىپ، قەدىمكى غەربىي رايونلار تەۋەسىدىكى بەگلىكلەرنىڭ بىرى ئىدى. «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» 332 ـ جىلد 220 ـ تەزكىرىدە (8614 ـ بەت):

«ئۇدۇن قەدىمدىن تارتىپ چوڭ دۆلەت بولۇپ، سۇي سۇلالىسى ۋە تاڭ سۇلالىسى يىللىرىدا رۇشلۇ، ئۇزۇنتات (ئۇزۇن — بويىغا ـ

ئالدىغا قاراپ سوزۇلغان، تات ــ پۇقرا، ئەل دېگەن مەنىگە ئىگە بولۇپ، ئۆزۈنتات ــ ئۆزۈن يولدىكى ئەل دېگەن مەنىگە ئىگە)، چېدىر (ھازىرقى چىرا)، گويا قاتارلىق دۆلەتلەرنى يۇتۇپ كەتكەن» دەپ يېزىلغان، بۇنىڭدىن تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە چىرا ئۇدۇن (ھازىر- قى خوتەن) نىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. «چىڭ سۇلالىسى تارىخى كۇپىيىسى» 76 - جىلد 51 تەزكىرە، جۇغرا- پىيە قىسمىنىڭ 23 - سىدە: «خوتەن بىۋاستە ئايماق بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىككى ناھىيە قارايتتى. بۇنىڭ بىرسى ئۇدۇن ئىدى. ئۇ، بىۋاستە ئايماقنىڭ شەرقىدە بولۇپ، 460 چاقىرىم كېلەتتى، مىلادى- يە 1883 - يىلى ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغان. ئورنى قاراقاشتا بولغان. ئۆزۈن ئۆتمەي كېرىيىگە يۆتكەلگەن. كېرىيە بازىرىدىن غەربكە قاراپ ماڭغاندا ئىككى ئۆتەڭ بار ئىدى. ئۇنىڭ بىرسى خەنلەن (بۇگۇنكى قاراقىر)، بىرسى چېدىر (بۇگۇنكى چىرا) ئىدى» دەپ يېزىلغان.

ھازىرقى چىرا ناھىيىسى مىنگونىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە چىرا كەنتى دەپ ئاتىلىپ، كېرىيە ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا تەۋە بولغان. مىن- گونىڭ 8 - يىلى (1919 - يىلى) مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى تەسىس قىلىنغان. مىنگونىڭ 17 - يىلى (1928 - يىلى) 3 - دەرىجىلىك ناھىيىگە ئۆزگەرتىلىپ، چىرا ناھىيىسى دەپ ئاتالغان.

«چىرا» دېگەن نامنىڭ پەيدا بولۇشى، مەنىسى توغرىسىدىكى چۈشەنچە بىردەك ئەمەس. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا بۇ ھەقتە بىر قانچە خىل قاراشلار بار:

بىرىنچى، چىرا دېگەن سۆز ‹چىلان› دېگەن مەنىدە، چىرىدا چىلان دەرىخى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، چىلان كۆپ چىقىپلا قالماستىن بەلكى، چىلان ياغىچىدا ياسالغان قوشۇق شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدە سېتىلىدۇ. بۇ، چىرا ناھىيىسىنىڭ داڭلىق يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇ- لاتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، چىرا بىلەن چىلاننىڭ تەلەپپۇ- زى ئوخشاش بولۇپ، «چىرا» دېگەن سۆز «چىلان» دېگەن سۆزدىن ئۆزگەرگەن، دېيىلىدۇ.

www.uygurkitap.com

ئىككىنچى، «چىرا» دېگەن «چىرايلىق» دېگەن مەنىدە. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇرۇن بۇ يەردە موڭغۇللار ئولتۇراقلاشقان ئىكەن. موڭغۇللار ئىشلىتىدىغان چىنىنىڭ چۆرىسىگە ھەر خىل گۈل چېكىلگەن بولۇپ، ئىنتايىن چىرايلىق ئىدى. ئۇ «چارا» دەپ ئاتىلاتتى. چىرا تەۋەلىكىدە تاغ ئۈستى ۋە تاغ ئاستىدا پارچە - پارچە بوستانلىقلار بولۇپ، شاھمات ئۇرۇقىدەك يېيىلغان، ئۇ، گويا موڭغۇللارنىڭ چەنىسىدەك گۈزەل، چىرايلىق ئىدى. «چىرا» دېگەن نام شۇنىڭدىن ئۆزگەرگەن، دەيدۇ.

ئۈچىنچى، يۇەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتتا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئالتە مۇھىم شەھەر بولۇپ، ئۇنىڭ بىرسى چىرا ئىدى. ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە مەنىسى: «سۇنى چېگرىغا باشلاپ كېلىش» دەيدۇ.

تۆتىنچى، چىرا ھەققىدە ئەڭ بۇرۇنقى تارىخىي يازما مەنبەلەردە ئۇچرايدىغىنى «خەننامە» دىكى 渠勒 بولۇپ، بۇ ئاتىلىش «چىرا» دېگەن سۆزنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى (تەلەپپۇزى) ئىكەنلىكىنى ھېلىھەم بىر قاراپلا بىلىۋالغىلى بولىدۇ. شۇنداقلا ئۇ قەدىمكى ئۇيغۇرچە يېزىقتىكى «چىرا» نىڭ ئۆزى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىدا ئۇنىڭغا پەقەت بىر ھەرپ (دىش) قوشۇلغان. «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن قىسقىچە سۆزلۈك» دېگەن كىتابتا، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىدا «چەرا» دېگەن سۆزنىڭ كونىچە يېزىلىشى «چىرا» ئىكەنلىكى، بۇ ئەسلىي پارسچە سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى مەنىسى «ئوتلىماق» ، «ئوتلاق» دېگەنلىك بولىدىغانلىقى چۈشەندۈرۈلگەن. قەدىمكى «چىرا دۆلىتى» نىڭ ئەسلىي خارابىلىقى (ئورنى) ھازىرقى چىرا ناھىيىسىنىڭ نۇرى دېگەن يېرىدە بولۇپ، چىرنىڭ بۇ تاغلىق رايوندىكى ئاھالىلەر ھېلىھەم يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇ تاغلىق رايوندا ھېلىھەم يەتتە مىليون 334 مىڭ مو ئەتراپىدا ئوتلاق بولۇپ، بۇ ئوتلاقتا يىلىغا ئۈچ، تۆت يۈز مىڭ تۇياق چارۋا بېقىلىدۇ. بۇ تاغلىق رايوننىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ۋە تەبىئىي شارائىتى، يېزا

ئىگىلىك كەسپىي قۇرۇلمىسى «چىرا» دېگەن نامغا ماس كېلىدۇ. ھازىر بۇ تاغلىق رايوننىڭ قارلىق تاغقا يېقىن بولغان تاغ قاپتىلىدا «بۇكتە يول» دەيدىغان بىر يول بار. تاغ باغرىلاپ ئۇزۇنغا سوزۇلغان بۇ ئەگرى - بۈگرى يول يۇرتتىن - يۇرتقا ئۆلىشىپ كېتىدۇ. مەھمۇد قەشقىرى ئۆزىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «بوكتەر» دېگەننى «تاغنىڭ ئېگىز - پەس يېرى»، «تاغنىڭ ئېگىز - پەس يولى» دەپ شەرھلىگەن. مۇشۇ يولنى غەربىي يۇرتتىكى جەنۇبىي يىپەك يولى دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. شاھمۇھەممەد جۇراس ئۆزىنىڭ «سەئىدىيە خانىدانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» دېگەن كىتابىدا، ئابدۇكېرىمخان دەۋرى (1570 — 1602) دە «چىرا» دەپ ئاتىلىدىغان بىر يۇرتنىڭ بارلىقىنى قەيت قىلىپ: «ھەزرىتى ئەزىزلەر خوتەن مەملىكىتىگە يېتىپ كەلگەندە، قۇرەيش سۇلتان ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا قارشى ئېلىشقا چىقتى ھەممە ھاجەتمەنلىكنى بىلدۈردى. ھەزرىتى ئەزىزلەر ئىمام زەبىھۇللانىڭ مازارىغا بېرىپ قايتىپ كېلىپ، ئۈچ يىل ‹چىرا› دېگەن يەردە تەرىقەتتە يول تاپالمىغان كىشىلەرنى تەرىقەتكە باشلاش بىلەن شۇغۇللاندى»، دەپ يازغان. بۇ ئەسەرنىڭ يېزىلغىنىغىمۇ 390 يىلدىن ئاشتى.

بەشىنچى، «چىرە» دېگەن ناممۇ تارىخىي ئەھۋال ۋە چىرا شارائىتىغا ئۇيغۇن. بۇ سۆزنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى مەنىسى «چاققان، جاسارەتلىك، غالىب» دېگەنلىك بولىدۇ. بۇنىڭدىكى «غالىب» دېگەن مەنىنى «خەننامە» دىكى: «چىرا دۆلىتىنىڭ 300 غالىب ئەسكىرى بار» دېگەن سۆز بىلەن خېلى يېقىن مۇناسىۋىتى بار. چۈنكى تارىختىكى بىرەر مۇھىم ۋەقەنىڭ يىغىنچاق مەزمۇنىنى بىرەر يەرگە نام قىلىپ قوللىنىش دائىم بولۇپ تۇرىدىغان ئىش.

ئالتىنچى، چىرىنىڭ جۇغراپىيىلىك يەر تۈزۈلۈشىدىن قارىغاندا، قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى «جىرا» دېگەن سۆز كېيىنكى دەۋرلەردە «ج» ھەرپىنىڭ «چ» ھەرپىگە ئالمىشىشى نەتىجىسىدە ھازىرقى «چىرا» غا ئۆزگەرگەن دېيىشىنىڭمۇ ئاساسى بار. چۈنكى «جىرا» دېگەن سۆزنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى مەنىسى «سۇنىڭ يەرلەرنى ئويۇپ كېتىشىدىن پەيدا قىلغان ئېرىق، ئېقىن»، «تاغ جىلغىلىرىدىكى يامغۇر سۇلىرىنىڭ ئېقىشىدىن ھاسىل بولغان تەبىئىي ئېرىق» دېگەندەلەردىن ئىبارەت. چىرىنىڭ جايلاشقان يېرى قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە سۇ ئاققان جىلغىغا — جىراغا — توققۇز ئېقىن بويىغا جايلاشقانلىقى ئېنىق. قەدىمدە مۇشۇ «جىرا» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپ («جارىيا» دەپمۇ ئاتالغان)، كېيىن تىل تەرەققىياتى جەريانىدا «ج» تاۋۇشىنىڭ «چ» تا تاۋۇشقا ئالماشقانلىقىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى «ج» ھەرپىنىڭ تولىسى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «چ» تاۋۇشى بىلەن ئالماشقانلىقىنى كۆرىمىز. بۇنداق ئۆدۈل چىقىشىنىمۇ تەسادىپيلىق دەپ قاراشقا بولمايدۇ.

يەتتىنچى، چىرىنىڭ شىمالىدا قارا چىلان قۇملۇقى، جەنۇبىدا قاراقاش تېغى بار. تېكىلىك — ھاشى دەرياسى (ھازىرقى چىرا دەرياسى) قارا چىلان (قىرى چىلان) قۇملۇقىغا سىڭىپ كېتىدۇ. بۇ دەريانىڭ شەرقىدە ھازىرقى ئۆزۈنتاتتا «گۇلھەمى» (گۇمى، جيۇمى) قەدىمكى شەھەر دۆلىتى بار ئىدى. «چىرا» نىڭ قەدىمكى تىلدىكى بىر مەنىسى «ئوتلاق»، «چىمەن»، «گۈزەل يەر»، يەنە بىر مەنىسى «بېزەك»، «ئۈنچە قۇملۇق» دېگەن بولىدۇ.

يۇقىرىقى يەتتە خىل قاراش ئىچىدە، تۆتىنچى، ئالتىنچى ۋە يەتتىنچى خىل قاراشنىڭ بىرقەدەر ئىلمىي ئاساسقا، جۇغراپىيىلىك شارائىتقا ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرەلەيمىز.

چىرا ناھىيىسى قاراقۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىي قىسمى، تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىدىكى تاغ تىزملىرى بىلەن، شىمالىي تەرىپى چەكسىز قۇملۇق ۋە قۇم بارخانلىرى بىلەن تۇتۇشىدۇ. تاغدىكى نۇرى يېزىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئەڭ يۇقىرى ئېگىزلىكى 6903 مېتىر، ئەڭ تۆۋەن ئېگىزلىكى 1055 مېتىر، ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1365 مېتىر كېلىدۇ. ناھىيە تەۋەسىدىكى يەتتە يېزىنى قۇرۇق جىلغىلار ۋە چۆللۈكلەر تۆت پارچە بوستانلىققا بۆلۈۋەتكەن. تاغدىكى چاقا، ئۇلۇغ-

ساي، بوستان يېزىسى بىر بوستانلىق بولۇپ شەكىللەنگەن. تاغ ئاستىدىكى چىرا، گۇلاخما، دامىكۇ يېزىلىرىنىڭ يوللىرى، ئورمان بەلۋاغلىرى، ئېكىنزارلىقلىرى بىر - بىرىگە تۇتاشقان ھالدا ناھىيە بويىچە ئەڭ چوڭ بوستانلىق بولۇپ شەكىللەنگەن. چۆل - جەزىرىلەرنىڭ ئايرىپ تۇرۇشى ۋە بۆلۈۋېتىشى تۈپەيلىدىن ناھىيە ئىچىدىكى بوستانلىقلارنىڭ يېقىنلىرىنىڭ ئارىلىقى 20~10 كىلومېتىر، يىراقلىرىنىڭ 100 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. تاغدىكى تۆت يېزا تاغ جىلغىلىرىنىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان، تاغقا يېقىن، سۈيى مول.

ناھىيە تەۋەسىدە چىرا، نۇرى، چاقا، ئۇلۇغساي، ساياباغ، بوزاڭ، قاراسۇ، ئاقساي، يۇلۇڭ قاتارلىق توققۇز پەسىللىك دەريا بولۇپ، ئاساسلىقى كەلكۈن مەزگىلىدە كۆپ قىسمىدا سۇ ئاقىدۇ. كەلكۈن يوق مەزگىللەردە ماھىيەتتە قۇرۇق جىلغىدىن ئىبارەت. بۇ دەريالار چاقا، ئۇلۇغساي، نۇرى، بوستاندىن ئىبارەت تاغلىق تۆت يېزىنىڭ ئۈستىدىكى قىيا - جىلغىلاردا قار سۈيىنىڭ ئېرىشى - توپلىنىشى بىلەن ئايرىم - ئايرىم چىرا، گۇلاخما، دامىكۇ سۇغىرىش رايونلىرىغا قۇيۇلىدۇ.

ناھىيە بويىچە جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان ئېقىم مىقدارى زور، سۇغىرىلىدىغان كۆلىمى كۆپ بولغان ئىككى ئوق ئۆستەڭ بار. ئۇنىڭ بىرسى چىرا يېزا ئوق ئۆستىڭى — سۇ مەنبەسى چىرا دەرياسىدىن كېلىدۇ. يەنە بىرسى «جەڭگىۋار ئۆستەڭ» — نۇرى يېزىسىدىكى بۇرانتايدىن تۆۋەنگە قاراپ ئېقىپ، 83 كىلومېتىر چۆلنى بېسىپ ئۆتىدۇ. بۇ گۇلاخما، دامىكۇ يېزىسىنىڭ كەلكۈن باشلاپ كېلىنىدىغان سۇغىرىش ئۆستىڭى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئۆستەڭنىڭ قۇرۇلۇشى 1960 - يىلى باشلانغان بولۇپ، 1990 - يىل 1 - مايدا تولۇق پۈتكەن.

چىرا ناھىيىسىنىڭ ھاۋا كىلىماتى قۇرغاق، كېچە بىلەن كۈندۈزدىكى تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ، كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى ئۇزۇن، ھۆل - يېغىن مىقدارى ئاز، پارغا ئايلىنىش مىقدارى يۇقىرى. يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 34 مىللىمېتىر، پارغا ئايلىنىش مىقدارى

www.uyghurkitap.com

2595 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە شامال تېزلىكى 1.9 م / س. غەرب شامىلى كۆپ چىقىدۇ، قۇم بوران كۆپ، نۇربايلىقى مول. ئەتىياز پەسلىدە تېمپېراتۇرىنىڭ ئۆرلىشى تېز، ئەمما تۇراقلىق ئەمەس. ئەتىياز پەسلىدە تۈزلەڭلىكتىكى رايونلارنىڭ ئايلىق تېمپېراتۇرىسى 9 — 21 °C ئارىلىقىدا بولىدۇ، سوغۇق ھاۋانىڭ كۆرۈلۈشى بىر قەدەر كۆپ، ھاۋاسى ئۆزگىرىشچان.

ياز پەسلىدە تۈزلەڭلىك رايونلارنىڭ تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى ھەم ئىسسىق. تاغلىق رايونلاردا ھۆل - يېغىن بىر قەدەر كۆپ ياغىدۇ. تۈزلەڭلىكتىكى رايونلارنىڭ ياز پەسلىدىكى ئايلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 23 — 25 °C ئارىلىقىدا بولىدۇ. ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 41.9 °C قا يېتىدۇ.

كۈز پەسلىدە تۈزلەڭلىكتىكى رايونلارنىڭ ئايلىق تېمپېراتۇرىسى 3 — 19 °C ئارىلىقىدا بولۇپ، كۈندۈزى ئىسسىق، كېچىسى سالقىن، تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ.

قىش پەسلىدە تۈزلەڭلىكتىكى رايونلاردا قاتتىق سوغۇق بولىدۇ. قار ئاز ياغىدۇ. ئەمما، تاغلىق رايونلاردا قار بىر قەدەر كۆپ ياغىدۇ. تۈزلەڭلىكتىكى رايونلارنىڭ ئايلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 0 — 6 °C ئارىلىقىدا، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن 23.8 °C قا يېتىدۇ. ئادەتتىكى يىللاردا ئۆكتەبىرنىڭ باشلىرىدا دەسلەپكى قىرو چۈشىدۇ. قىروسىز مەزگىلى 209 كۈنگە يېتىدۇ (1977 - يىلى قىروسىز مەزگىلى 223 كۈنگە يەتكەن).

بوز يەر بايلىقى مول. چىرا، گۇلاخما، دامكۇ ئۈچ يېزىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە 3 مىليون 700 مىڭ مو، قاراسۇ دەرياسى بىلەن ئاقساي سۇغىرىش رايونىنىڭ ئارىلىقىدا 50 مىڭ مو، سايباغ دەرياسى بىلەن نۇرى دەرياسىنىڭ ئارىلىقىدا 50 مىڭ مو، نۇرى دەرياسى بىلەن ئۇلۇغساي دەرياسىنىڭ ئارىلىقىدا 200 مىڭ مو بوز يەر بار. چىرا ناھىيىسىدە دەل - دەرەخلەردىن: تېرەك، سۆگەت، جىگدە، توغراق ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. مېۋىلىك دەرەخلەردىن: ياڭاق، ئانار، شاپتۇل، نەشپۈت، ئۆرۈك، ئالما قاتارلىقلار بار.

دورا ئۈسۈملۈكلىرى قار لەيلىسى، چاكاندا، قىرىقىز، چۈچۈك-بۇيا، يەرگۈلى، زاراڭزا چىچىكى، ئالقات، بۆرە سامسىقى قاتارلىق 100 خىلدىن ئاشىدۇ. بولۇپمۇ، چۈچۈكبۇيا بىلەن يەر گۈلىنىڭ مىقدارى ئەڭ كۆپ. ياۋايى ھايۋانلاردىن: جەگىرەن، تۈلكە، داۋغان، بۆرە، ياۋاتوڭگۇز، ياۋا توشقان، ئۇلار، كەكلىك، قارچىغا، ياۋا ئۆردەك قاتارلىقلار بار.

كان بايلىقلىرىدىن: تۆمۈر رودىسى، قاشتېشى، ئاھاك تېشى، چىرىمتال، تاشپاختا، گەج، گۈڭگۈرت، تۇز، ئالتۇن قاتارلىقلار بار.

چىرىنىڭ چىلان، ئۈرۈك ياغاچلىرىدىن قىرىپ ياسىلىدىغان قوشۇق، ئاياقلىرى؛ قارا كۆرپىسى؛ ئانىرى؛ سورتلۇق ئۈرۈكلىرى؛ يەرلىك چىلان مېۋىسى داڭلىق يەرلىك مەھسۇلاتلار ھېسابلىنىدۇ.

چىرا ناھىيىسىدە ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەت دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرى ۋە ساياھەت نۇقتىلىرى بار.

چىرا ناھىيىسىنىڭ قاتنىشى قولاي بولۇپ، 315 - دۆلەت تاشيولى ناھىيە چېگرىسىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، غەربتە خوتەن بىلەن تۇتىشىدۇ. شەرقتە نىيا ناھىيىسىگە يېتىپ بارىدۇ. چىرا ناھىيىسىدە تەبىئىي مەنزىرە بىلەن گۈمانتار مەنزىرىلەر بىر گەۋدە ھاسىل قىلغان بولۇپ، ھەيۋەتلىك ھاشى - ھاسا ئاكا - ئۇكىلار قەدىمكى شەھەر قورغىنى، سىرلىق دەندان ئۆيلۈك قەدىمىي شەھەر خارابىسى، دامكۇ بۇددا ئىبادەتخانا خارابىسى، توپ - توپ قوي - كالا پادىلىرى ئوتلاپ يۈرگەن بەلەنگە، بادىغان تەبىئىي يايلاقلىرى ۋە گىرىمسەن قۇم بارخانلىرى باغچىسى قاتارلىقلار بار.

تۆۋەندە چىرا ناھىيىسى تەۋەلىكىدىكى يېزا - بازارلارنىڭ مەمۇرىي، جۇغراپىيىلىك ئەھۋاللىرى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلىدۇ.

## 策勒镇 چىرا بازىرى

چىرا بازىرى چىرا ناھىيىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان. تەۋەلىكىدە 10 كەنت (ئاھالە) كومىتېتى، 38 تەبىئىي كەنت (ئاھا-

لە) مەھەللە گۇرۇپپىسى، 7583 ئائىلە — 23 مىڭ 318 نوپۇس بار. بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى دوستلۇق كوچىسىدا.

چىرا بازىرى چىرا ناھىيىسىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، سودا، مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ، بۇ بازاردا: ج ك پ چىرا ناھىيىلىك كومىتېتى، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى، سىياسىي كېڭەش چىرا ناھىيىلىك كومىتېتى، چىرا ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى ۋە ناھىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلار، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار، مەكتەپلەر بار.

بازارنىڭ نامى ناھىيىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. «تاڭنامە، جۇغراپىيە تەزكىرىسى» دە: «ئۇدۇن (ھازىرقى خوتەن) نىڭ شەرقىي تەرىپىدە ئۈچ شەھەر بولۇپ، لەنچىڭ شەھىرى، كەنچىڭ شەھىرى، سى چىڭ شەھىرى دەپ ئاتىلاتتى. كەنچىڭ چىرا شەھىرىگە قارايتتى ...» دەپ خاتىرىلەنگەن①. مىنگونىڭ 33 - يىلىدىن 1949 - يىلىغا قەدەر چىرا يېزا ئوق ئۆستىڭىنىڭ شەرقىي تەرىپى «ئۈچۈۋەن بازىرى»، غەربىي تەرىپى «سەنمەن بازىرى» دەپ ئاتالغان. 1949 - يىلىدىن كېيىن چىرا يېزا ئوق ئۆستىڭىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى ناھىيە بازىرى ۋە يېزىلار 1 - رايونغا ئايرىلغان. غەربىي تەرىپىدىكى ناھىيە بازىرى ۋە يېزىلار 2 - رايونغا ئايرىلغان. 1957 - يىلى چىرا بازىرى قۇرۇلغان. 1984 - يىلىدىن بۇيان يەنىلا چىرا بازىرى دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

چىرا بازىرى قاراقۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكى، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىدىكى چۆكۈندى تۇزلەڭلىككە جايلاشقان. بازار ئەتىراپىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى جەنۇبى ئېگىز، شىمالى پەس. يانتۇلۇقى تەخمىنەن 1/40 كېلىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1370 مېتىر. بازارنىڭ شەرقىي تەرىپىدە بىر قەدەر مول بولغان يەر ئاستى سۈيى بار. چىرا يېزا ئوق ئۆستىڭى جەنۇبتىن شىمالغا چىرا بازىرىنى

① «چىن دىڭ خۇۋاڭيى غەربىي رايونلار خەرىتىلىك تەزكىرىسى» 19 - جىلد، 12 -، 20 - ، 21 - بەتلەر.

كېيىن ئۆتىدۇ. بازارنىڭ كىلىماتى چوڭ قۇرۇقلۇق ئىقلىمىغا مەن-
سۇپ بولۇپ، قۇرغاق، سۇ قىس. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى
11.9℃، يانۋاردىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 6℃-، ئەڭ تۆۋەن
تېمپېراتۇرىسى 23.9℃-. ئەڭ ئىسسىق بولىدىغان ئىيۇلدىكى ئوتتۇ-
رىچە تېمپېراتۇرىسى 25℃، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 41.9℃.
يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 33.2 م م. قىروسىز مەزگىلى 209
كۈن. يىل بويى غەربىي شىمال شامىلى كۆپ چىقىدۇ، ئوتتۇرىچە
شامال تېزلىكى 1.9 م/س دىن ئېشىپ كېتىدۇ، پەسىللەر ئوتتۇرد-
سىدىكى شامال تېزلىكى پەرقى بىر قەدەر چوڭ. بۇنىڭ ئىچىدە ئەتىياز
ۋە ياز پەسلىدىكى شامالنىڭ تېزلىكى ئەڭ چوڭ بولۇپ، ئوتتۇرىچە
تېزلىكى 2.3 م/س، ئەڭ يۇقىرى بولغان ئوتتۇرىچە شامال تېزلىكى
17 م/س، ئەتىياز ۋە ياز پەسلىدە قاتتىق بوران كۆپ چىق-
دۇ. 1979 - يىل 5 - ئاينىڭ 26 - كۈنى بىر قېتىم قاتتىق
بوران چىقىپ، بوران كۈچى 10 بالغا يەتكەن، ھەش - پەش دېگۈچە
ئەڭ زور شامال تېزلىكى 28 م/س غا يېتىپ ۋە 15 سائەتتىن ئارتۇق
داۋام قىلىپ، بازار ئەتراپىدىكى قوناق ۋە كېۋەزلەرنى تالاپەتكە ئۇچرد-
تىپ چارۋىلارنى يىتىرتىۋەتكەن. ئاساسلىق ھاۋارايى ئاپەتلىرىدىن قۇر-
غاقچىلىق، قىرۇ ئۇششۇكى، قۇرغاق ئىسسىق شامال، بوران قاتارلىق
ئاپەتلەر بار.

## چىرا بازىرى تەۋەلىكىدىكى يول، مەمۇرىي كەنت ۋە تەبىئىي كەنتلەرنىڭ نامى
## 策勒县策勒镇行政村和自然村名称

| | |
|---|---|
| 托帕街 | توپا كوچىسى |
| 拜合特街 | بەخت كوچىسى |
| 吉日克街 | جىرىق كوچىسى |
| 加麦街 | جەمە كوچىسى |
| 买迪尼页提街 | مەدەنىيەت كوچىسى |

| | |
|---|---|
| سېرىق كوچىسى | 色日克街 |
| يېڭى بازار كوچىسى | 英巴扎街 |
| ماخمال كوچىسى | 玛合玛勒街 |
| دوستلۇق كوچىسى | 多斯鲁克街 |
| بوستان كوچىسى | 博斯坦街 |
| تۇزاقچى كەنت كومىتېتى | 吐扎克其村委会 |
| توغراقئېغىل | 托格拉克艾格勒 |
| تۇزاقچى | 吐扎克其 |
| سايئۆستەڭ كەنت كومىتېتى | 萨依吾斯塘村委会 |
| سۇندۇكئېرىق | 松都克艾日克 |
| چاقما كەنت كومىتېتى | 恰合马村委会 |
| چاقما | 恰合马 |
| كۆنچى كوچىسى | 昆其阔恰斯 |
| غاز كوچىسى | 尕孜阔恰斯 |
| سۇندۇكتېرەك | 松都克铁热克 |
| هۇجدا كۆل كەنت كومىتېتى | 吾吉达库勒村委会 |
| هۇجدا كۆل | 吾吉达库勒 |
| جىرىق | 吉日克 |
| كۆكمەت كەنت كومىتېتى | 科克买提村委会 |
| كۆكمەت | 科克买提 |
| يار بويى كەنت كومىتېتى | 亚博依村委会 |
| يار بويى | 亚博依 |
| قايغاچ | 喀依尕其 |
| باش كۆكمەت كەنت كومىتېتى | 巴什科克买提村委会 |
| باش كۆكمەت | 巴什科克买提 |
| دۆڭئېرىق كەنت كومىتېتى | 墩艾日克村委会 |
| دۆڭئېرىق | 墩艾日克 |
| ئاۋاپ لەڭگەر | 阿瓦甫兰干 |
| توغرى كالى كەنت كومىتېتى | 托格拉喀里村委会 |
| توغرىكالى | 托格拉喀里 |

www.uyghurkitap.com

ئەنئېرىق كەنت كومىتېتى 安艾日克村委会

# چىرا يېزىسى 策勒乡

چىرا يېزىسى چىرا ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، 315 - دۆلەت تاشيولى يېزىنىڭ شەرقىدىن كېسىپ ئۆتىدۇ. جەنۇبى چىرا بازىرى ۋە چاقا يېزىسى بىلەن، شىمالى ئاقسۇ ۋىلايىتى بىلەن، غەربى لوپ ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. شەرقى گۇلاخما يېزىسى بىلەن قوشنا. جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 321.7 — 335.3 كىلومېتىر. شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 27 — 38.7 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئومۇمىي يەر مەيدانى 9535 كۋادرات كىلومېتىر، تېرىلغۇ كۆلىمى 41 مىڭ 622 مو. تەۋەلىكىدە 19 كەنت كومىتېتى، 98 تەبىئىي كەنت - مەھەللە گۇرۇپپىسى، 7276 ئائىلە — 29 مىڭ 171 نوپۇس بار. يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى چىرا بازىرىدا. چىرا يېزىسىنىڭ نامى، ناھىيىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، مىنگونىڭ 33 - يىلى بۇ يەردە «سەنمەن بازىرى»، «ئۆچۈۋەن بازىرى» ۋە بەش يېزا تەسىس قىلىنىپ يۈز بېشىلىق تۈزۈمى يولغا قويۇلغان. 1949 - يىلىدىن كېيىن 1-، 2 - رايونغا ئۆزگەرتىلگەن. 1959 - يىلى كوممۇنالىشىش مەزگىلىدە ئىككى رايون بىرلەشتۈرۈلۈپ، «شەرق قىزاردى» كوممۇنىسى قۇرۇلغان. 1978 - يىلى چىرا خەلق كوممۇنىسىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1984 - يىلى يېزا قۇرۇلغاندا بۇنىڭدىن ئالتە چوڭ ئەترەتنى ئايرىپ چىرا بازىرىغا تەۋە قىلغان.

چىرا يېزىسى قاراقۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكى، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي چېتىدىكى چۆكۈندى تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. يەر تۈزۈلۈشى جەنۇبى ئېگىز، شىمالى پەس، يانتۇلۇقى 1/40. جەنۇبىي قىسمىنىڭ ئەڭ ئېگىز جايلىرى دېڭىز يۈزىدىن 1720 مېتىر، شىمالىي قىسمىنىڭ ئەڭ پەس جايلىرى 1072 مېتىر كېلىدۇ. يېزى-

لىق ھۆكۈمەتنىڭ تۇرۇشلۇق يېرىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1370 مېتىر. دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1396 مېتىر كېلىدۇ. كىلىماتى قۇرغاق. قۇم - بوران كۆپ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.9 ℃، ئەڭ سوغۇق بولىدىغان (1 - ئايدىكى) ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 6 ℃، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرى- سى 23.9- ℃، ئەڭ ئىسسىق بولىدىغان (7 - ئايدىكى) ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 25 ℃، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 41.9 ℃. يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 33.2 مم. يىللىق قىروسىز مەزگى- لى 209 كۈن. يورۇقلۇق يېتەرلىك، كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى ئۇزۇن، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ، دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ ئۆسۈشىگە تازا باب كېلىدۇ. نۇر ۋە ئىسسىقلىق بايلى- قىدىن پايدىلىنىشتا قولايلىق شارائىتقا ئىگە.

چىرا يېزىسى تېرىلغۇ كۆلىمى ئومۇمىي يەر مەيدانىنىڭ 0.59% نى، 0.025% نى ئورمان كۆلىمى، 3.1 % نى يايلاق كۆلىمى، 96.28 % نى چۆل - جەزىرە كۆلىمى تەشكىل قىلىدۇ (چىرا بازىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). سۇ بايلىقىنىڭ بىر يىل ئىچىدىكى تەقسىملىنىشى تەكشى ئەمەس. ئەتىيازدا قۇرغاقچىلىق ئې- غىر، كۈزدە سۇ قىس بولىدۇ. يەر ئۈستى سۈيىدىن چىرا دەرياسىنىڭ يىللىق نورمال ئېقىم مىقدارى 121 مىليون 400 مىڭ كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. تەكشۈرۈپ بېكىتىلىشىچە، يەر ئاستى سۈيى زاپىسى 3 مىل- يارد 100 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. بوستانلىقنىڭ يۇقىرى قىسمىدىكى يەر ئاستى سۈيىنىڭ مىنېراللىشىش دەرىجىسى بىر قەدەر يۇقىرى بولۇپ، ئادەتتە 1 — 2 گىرام / لىتىرغا، ئەڭ يۇقىرى- لىرىنىڭ 2.23 گىرام / لىتىرغا يېتىدۇ. سۇنىڭ سۈپىتى بىر قەدەر ناچار. بوستانلىقنىڭ ئىچىدىكى، بولۇپمۇ سۇغىرىش رايونىنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاياغ قىسمىنىڭ مىنېراللىشىش دەرىجىسى بىر قەدەر تۆ- ۋەن. ئادەتتە بىر لىتىرنىڭ بىر گىرامغا يەتمەيدۇ، ئەڭ تۆۋەنلىرىنىڭ 0.51 گىرام / لىتىر كېلىدۇ، PH قىممىتى 7.5 — 8 گە قەدەر بولىدۇ. تۇز مىقدارى كۆپ قىسمىنىڭ 15 تىن تۆۋەن، شور تەركىبى يۆتۈنلەي مەنپىي بولۇپ، سۇغىرىشقا ۋە ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ.

كان بايلىقلىرىدىن شور، تۇز؛ ئاساسلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن تۈلكە، قاۋان، توشقان؛ ياۋايى ئۆسۈملۈكلەردىن يەر گۈلى، چۆچۈكبۇيا، يۇلغۇن، قومۇچ، يانتاق، ئادىراسمان قاتارلىقلار بار.

يېزا تەۋەسىدە ئاساسلىقى چىرا دەرياسى بولۇپ، يېزىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. بۇ يېزا چىرا ناھىيىسىدىكى مۇھىم ئاشلىق رايونى. دېھقانچىلىق ئاساس، ئورمانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق قوشۇمچە قىلىنىدۇ. قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە تىجارەت ئىشلىرى بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان.

چىرا يېزىسىنىڭ مازار كۆل كەنتىدە «ئىمامى جەئفەرى تەيران مازىرى» بار. ئۇزۇنلۇقى 550 مېتىر، كەڭلىكى 460 مېتىر كېلىدىغان بۇ مازار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى تۇغقىنى دېيىلگەن ئىمامى جەئفەرى تەيراننىڭ نامىغا تۇرغۇزۇلغان بولۇپ، بۇ كىشى ھىجرىيىنىڭ 8 - يىلى شام (ھازىرقى سۇرىيە) دە ۋاپات بولغان بولىسىمۇ، جەسىتى ئۇچۇپ كېلىپ مۇشۇ يەرگە چۈشكەنمىش. بۇ مازارنىڭ بىنا قىلىنغىنىغا 1418 يىل بولدى. مەشھۇر تاۋابگاھلارنىڭ بىرى بولغان بۇ مازارغا روزى، قۇربان ھېيت كۈنلىرىدىن باشقا كۈز ئايلىرىدا سىرتقى ئورۇنلاردىنمۇ تاۋاپچىلار كېلىدۇ. ھازىر ناھىيە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ئاسارئەتىقە ئورنى ھېسابلىنىدۇ.

## چىرا يېزىسى تەۋەلىكىدىكى مەمۇرىي كەنت ۋە ئاساسلىق تەبىئىي كەنتلەرنىڭ نامى
## 策勒县策勒乡行政村和自然村名称

| | |
|---|---|
| چىغلىقئېرىق كەنت كومىتېتى | 其格勒克艾日克村委会 |
| جايجىگدە | 加依吉格代 |
| چىغلىقئېرىق | 其格勒克艾日克 |
| سۇلايمانتېرەك | 苏来曼铁热克 |
| تېرەكئېرىق كەنت كومىتېتى | 铁热克艾日克村委会 |
| تېرەكئېرىق | 铁热克艾日克 |
| ئاۋاپكۆل بېشى | 阿瓦甫库勒贝希 |
| پوستەكباغ | 普斯台克巴格 |

| | |
|---|---|
| 库干能阿依格 | قوغاننىڭ ئايىغى |
| 玛合玛勒阿日希兰干 | ماخمال ئارىش لەڭگەر |
| 克里麻洪克皮西能艾格勒 | كىرەم ئاخۇن كېپىشنىڭ ئېغىلى |
| 色日克琼库勒村委会 | سېرىق چوڭكۆل كەنت كومىتېتى |
| 克其克库勒贝希 | كىچىك كۆلبېشى |
| 居维其阔恰斯 | جۇۋچى كوچىسى |
| 恰尔巴格阔恰斯 | چارباغ كوچىسى |
| 阿克库勒村委会 | ئاقكۆل كەنت كومىتېتى |
| 阿克库勒 | ئاقكۆل |
| 塔热夏阔恰 | تارشا كوچا |
| 托格拉克艾格勒村委会 | توغراقئېغىل كەنت كومىتېتى |
| 巴克苏甫木能库勒 | باقى سۇپۇمنىڭ كۆلى |
| 木克库勒 | مۇكا كۆل |
| 安吾斯塘 | ئەنئۆستەڭ |
| 乌喀迪村委会 | ئۇقادىي كەنت كومىتېتى |
| 巴什乌喀迪 | باش ئۇقادىي |
| 托万乌喀迪 | تۆۋەنئۇقادىي |
| 硝尔鲁克其格尔 | شورلۇق چىغىر |
| 玛合玛勒村委会 | ماخمال كەنت كومىتېتى |
| 玛合玛勒 | ماخمال |
| 尤喀克加依村委会 | يۇقارقىجاي كەنت كومىتېتى |
| 诺尔艾日克 | نو ئېرىق |
| 安喀里 | ئەنكالى |
| 科台克艾日克 | كۆتەك ئېرىق |
| 乌尊艾日克 | ئۇزۇنئېرىق |
| 阿勒吞巴格 | ئالتۇنباغ |
| 托格热吾斯塘 | توغرا ئۆستەڭ |
| 加依村委会 | جاي كەنت كومىتېتى |
| 吉格代吾斯塘 | جىگدە ئۆستەڭ |
| 铁热克吾斯塘 | تېرەكئۆستەڭ |

| | |
|---|---|
| 乌其坤赛盖村委会 | ئۇچقۇنسەگى كەنت كومىتېتى |
| 乌其坤赛盖 | ئۇچقۇنسەگى |
| 阿日希村委会 | ئارىش كەنت كومىتېتى |
| 加依托格拉克 | جايتوغراق |
| 科台买 | كۆتەمە |
| 台吐尔艾日克 | تەتۇر ئېرىق |
| 托万加依村委会 | تۆۋەنجاي كەنت كومىتېتى |
| 托万加依 | تۆۋەنجاي |
| 加依美其特 | جايمىچىت |
| 麻扎库勒村委会 | مازار كۆل كەنت كومىتېتى |
| 喀萨普阿热希 | قاسساپ ئارىش |
| 麻扎阿勒迪 | مازار ئالدى |
| 协依合阿热希 | شېيخ ئارىش |
| 哈勒塔克协海尔 | قالتاق شەھەر |
| 托万吾古日克村委会 | تۆۋەنئۇغرىق كەنت كومىتېتى |
| 托万吾古日克 | تۆۋەنئۇغرىق |
| 库如克玉吉买 | قۇرۇق ئۇجمە |
| 亚甫拉克吾斯塘 | ياپىلاقئۆستەڭ |
| 阿纳尔力克村委会 | ئانارلىق كەنت كومىتېتى |
| 阿纳尔力克 | ئانارلىق |
| 托帕艾日克村委会 | توپا ئېرىق كەنت كومىتېتى |
| 托帕艾日克 | توپا ئېرىق |
| 托万兰干 | تۆۋەنلەڭگەر |
| 艾什买兰干 | ئەشمەلەڭگەر |
| 康喀勒村委会 | كاڭكال كەنت كومىتېتى |
| 康喀勒 | كاڭكال |
| 巴什玉吉买村委会 | باش ئۇجمە كەنت كومىتېتى |
| 巴什玉吉买 | باش ئۇجمە |
| 托万托格拉克村委会 | تۆۋەنتوغراق كەنت كومىتېتى |
| 托万托格拉克 | تۆۋەن توغراق |

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

يالىق كەنت كومىتېتى 亚勒克村委会
يالىق 亚勒克

# گۇلاخما يېزىسى 固拉合玛乡

گۇلاخما يېزىسى چىرا ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان، تۇز لىنىيە ئارىلىقى ناھىيە بازىرىغا 18.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. شەرقى دامىكۇ يېزىسى بىلەن قوشنا. شىمالى ئاقسۇ ۋىلايىتى بىلەن، غەربى چىرا يېزىسى بىلەن، جەنۇبى نۇرى يېزىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 3.6 ـــ 32.14 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 51.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئومۇمي يەر مەيدانى 1081 كۋادرات كىلومېتىر. تەۋەلىكىدە 20 كەنت كومىتېتى، 65 تەبىئىي كەنت ـ مەھەللە، 6651 ئائىلە ـــ 26 مىڭ 437 نوپۇس بار. يېزىنىڭ ئەسلىي تۇرۇشلۇق ئورنى گىدىش ئېرىق كەنتىدە بولۇپ، 1981 ـ يىلى ئاقئېلەك كەنتىگە كۆچۈرۈلگەن.

شۇەنزاڭنىڭ «غەربىي يۇرت ساياھەت خاتىرىلىرى» دا يېزىلىشىچە: ئۇ «گەن ما شەھىرى»، يەنى «بى ما» دىن ئۆتكەن بولۇپ، بۇ يەر ھازىرقى گۇلاخما يېزىسىنىڭ شىمالىغا ـــ ئۇزۇنتاتقا توغرا كېلىدۇ. بۇ قەدىمكى شەھەر قەدىمدە (خەنزۇچە مەنبەلەردە «گۇلە ـ ما»، «گۇلھەمى»، «گولەھمى» (نوكچىدان، نوكچىخانا) بولۇپ، بۇ جاي قەدىمدە بۇددا ئىبادەت مەركەزلىرىدىن بىرى ئىدى.

يەرلىكلەرنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە: بۇنىڭدىن 400 يىللار بۇرۇن گۇلخان ئاپام دېگەن چەت يۇرتتىن كەلگەن بىر ئايال مۇشۇ يەردىن ئۆتكەندە، ئېقىۋاتقان بۇلاق سۈيىنى كۆرۈپ، مۇشۇ جايدا ئولتۇراقلىشىپ بۇ جاينى ئاۋات بىر كەنتكە ئايلاندۇرۇش نىيىتىگە كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن بوز يەر ئېچىپ دەرەخ سالغان، گۈل تېرىغان، زىرائەتلەر ئوبدان ئوخشاپ، ئېگىلىكى تېز تەرەققىي قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ جاينىڭ نامى «گۇلخومار» دەپ ئاتالغان. كېيىن يىللارنىڭ ئۆتۈشى

بىلەن «گۇلاخما» غا ئۆزگەرگەنىكەن.
قىياس قىلىشىمىزچە، ھازىرقى بۇ نام ئەنە شۇ «گۇلھەمى»، «گولەھمى» سۆزىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، قەدىمكى ھىندى - پراكرىت تىلىدىن كەلگەن.
گۇلاخما مىنگو دەۋرىدە «سى ۋې بازىرى»، «شىيى يېزىسى»، «ئەنىنىڭ يېزىسى» — چىرا ناھىيە 3 - رايون بولغان. 1916 - يىلى گۇلاخمادا 200 نەچچە ئۆيلۈك ئاھالە بار بولۇپ، زاكات قۇرۇلمۇ بار ئىدى. يېقىن ئەتراپتىكى كەنت - مەھەللىلەردە 300 نەچچە ئۆيلۈك ئاھالە ياشايتتى. 1949 - يىلىدىن كېيىن يەنىلا 3 - رايون بولغان. 1959 - يىلى خەلق كوممۇنالىشىش ۋاقتىدا گۇلاخما كوممۇنىسى دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984 - يىلى گۇلاخما يېزىسى دەپ ئاتالغان.
گۇلاخما قاراقۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي چېتىدىكى چۆكۈندى تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. گۇلاخما يېزىسى 51 مىڭ 805 مو تېرىلغۇ كۆلەمگە ئىگە. جەنۇبى ئېگىز، شىمالى پەس. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1085.5 مېتىر، ئەڭ يۇقىرى ئېگىزلىكى 1600 مېتىر، ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1343 مېتىر، يېزا تۇرۇشلۇق جاينىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1372 مېتىر. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ %4.024 نى، ئورمان يېرى % 0.21 نى، يايلاق كۆلىمى %14.12 نى، قۇملۇق، چۆل - جەزىرە %81.64 نى تەشكىل قىلىدۇ.
بۇ يېزىنىڭ كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغ چۆل ئىقلىمىغا مەنسۇپ بولۇپ، تۆت پەسلى ئېنىق. ئەتىياز پەسلىدە تېمپېراتۇرىنىڭ ئۆرلىشى بالدۇر، كۈز پەسلىدە تېمپېراتۇرىنىڭ تۆۋەنلىشى تېز. ياز ئۇزۇن، كۈز قىسقا، قىشتا بىر قەدەر سوغۇق بولىدۇ. يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 33.2 مم. يېزا تۇرۇشلۇق جاينىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.9℃. يىللىق ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 41.9℃، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى 23.9℃-، 7 - ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 25.1℃، بىرىنچى ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 5.8℃. يىللىق قىروسىز مەزگىلى 209 كۈن. ئاساسلىق ياۋايى ھايۋانلاردىن ياۋا توڭگۇز، ياۋا توشقان، ياۋا ئۆردەك

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قاتارلىقلار؛ ياۋايى ئۆسۈملۈكلەردىن چۇچۇكبۇيا، يەر گۆلى، يۇلغۇن، قومۇش، توغراق، يانتاق قاتارلىقلار بار.

يېزا تەۋەسىدىكى ئۈچ بۇلاق سۈيى ئاقىدىغان ئېقىنىنىڭ يىللىق نورمال ئېقىم مىقدارى 49 مىليون 900 مىڭ كۇب مېترغا يېتىدۇ. يەنە «جەڭگىۋار ئۆستەڭ» دىن كېلىدىغان كەلكۈن سۈيى بىلەن قوشۇلۇپ سۇغىرىلىدىغان يەر كۆلىمى 70 مىڭ مودىن ئاشىدۇ. ئاھالىسى دېھقانچىلىقنى ئاساسىي ئىگىلىك قىلىدۇ.

## گۇلاخما يېزا تەۋەلىكىدىكى مەمۇرىي كەنت ۋە ئاساسلىق تەبىئىي كەنتلەرنىڭ نامى
## 策勒县固拉合玛乡行政村和自然村名称

| | |
|---|---|
| 阿克依来克 | ئاقئىلەك |
| 吉格代勒克乌塔克村委会 | جىگدىلىك ئۇتاغ كەنت كومىتېتى |
| 吉格代勒克乌塔克 | جىگدىلىك ئۇتاغ |
| 给地什艾日克村委会 | گىدىشئېرىق كەنت كومىتېتى |
| 给地什艾日克 | گىدىشئېرىق |
| 巴扎托浦 | بازار توپ |
| 通古孜鲁克 | توڭگۇزلۇق |
| 通古孜鲁克库木奇勒克 | توڭگۇزلۇق قۇمۇچلۇق |
| 地力木铁热克村委会 | دىلىمتېرەك كەنت كومىتېتى |
| 琼库尔艾日克 | چوڭقۇر ئېرىق |
| 地力木铁热克 | دىلىمتېرەك |
| 萨特马扎热特 | ساتما زارات |
| 托格拉吾斯塘村委会 | توغرا ئۆستەڭ كەنت كومىتېتى |
| 合也什艾日克 | خىيىشئېرىق |
| 米合迪克艾日克 | مىغدىقئېرىق |
| 库休克艾日克 | كۆشۈكئېرىق |
| 塔勒里克艾日克 | تاللىقئېرىق |
| 阔什喀瓦提亚依拉克 | قوش قەۋەت يايلاق |

| | |
|---|---|
| 阿热吾斯塘村委会 | ئارا ئۆستەڭ كەنت كومىتېتى |
| 阿热吾斯塘 | ئارا ئۆستەڭ |
| 阿亚克盘掺 | ئاياغ پەنسەن |
| 色日克吾斯塘 | سېرىقئۆستەڭ |
| 阔什艾格勒村委会 | قوشئېغىل كەنت كومىتېتى |
| 阿其玛吾斯塘 | ئاچما ئۆستەڭ |
| 克热格 | قىرىغ |
| 克斯玛克艾日克 | قىسماقئېرىق |
| 英阿瓦提村委会 | يېڭىئاۋات كەنت كومىتېتى |
| 英阿瓦提 | يېڭىئاۋات |
| 阔纳艾肯 | كونا ئېقىن |
| 盘掺村委会 | پەنسەن كەنت كومىتېتى |
| 盘掺 | پەنسەن |
| 麻扎贝希艾日克 | مازار بېشى ئېرىق |
| 阿热勒村委会 | ئارال كەنت كومىتېتى |
| 喀勒塔阿热勒 | كالتا ئارال |
| 托库孜喀里 | توققۇز كالى |
| 巴格艾日克村委会 | باغئېرىق كەنت كومىتېتى |
| 巴格艾日克 | باغئېرىق |
| 买地尔艾肯村委会 | مەدىر ئېقىن كەنت كومىتېتى |
| 阿亚克买地尔艾肯 | ئاياغمەدىر ئېقىن |
| 巴什买地尔艾肯 | باشمەدىر ئېقىن |
| 亚甫拉克村委会 | ياپىلاق كەنت كومىتېتى |
| 亚甫拉克 | ياپىلاق |
| 亚喀吾斯塘村委会 | ياقا ئۆستەڭ كەنت كومىتېتى |
| 亚喀吾斯塘 | ياقا ئۆستەڭ |
| 夏普吐鲁克村委会 | شاپتۇللۇق كەنت كومىتېتى |
| 夏普吐鲁克 | شاپتۇللۇق |
| 布谷尔吾斯塘 | بۈگۈر ئۆستەڭ |
| 拉依喀吾斯塘村委会 | لايقا ئۆستەڭ كەنت كومىتېتى |

| | |
|---|---|
| لايقا ئۆستەڭ | 拉依喀吾斯塘 |
| ئاقئېلەك كەنت كومىتېتى | 阿克依来克村委会 |
| چاتاق | 恰塔克 |
| ئۇشۇ ئۆستەڭ كەنت كومىتېتى | 乌守吾斯塘村委会 |
| پۇناق ئېرىق | 普那克艾日克 |
| ئۆستەڭ ئۇچى | 吾斯塘吾其 |
| ھاڭگىرتلىق ئۆستەڭ | 杭格特勒克吾斯塘 |
| سالجىلىق كەنت كومىتېتى | 沙勒吉力克村委会 |
| سالجىلىق | 沙勒吉力克 |
| تاغلۇقا ئورمانچىلىق مەيدانى | 塔古勒瓦林场 |
| قارا سۇ سۇ ئامبىرى باشقۇرۇش پونكىتى | 喀拉苏水库水管站 |
| سالجىلىق تارماق ئورمانچىلىق مەيدانى | 沙勒吉力克林场分部 |

## دامىكۇ يېزىسى 达玛沟乡

دامىكۇ يېزىسى چىرا ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىگە، چىرا - كېرىيە تاشيولىنىڭ ئىككى تەرىپىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرى بىلەن تۈز لىنىيە ئارىلىقى 24 كىلومېتىر كېلىدۇ. جەنۇبى نۇرى يېزىسى، شىمالى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ شايار ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. غەربى گۇلاخما يېزىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. شەرقى كېرىيە ناھىيىسىنىڭ قاراقىر يېزىسى بىلەن قوشنا. جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 268.6 — 321.3 كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى تەخمىنەن 3.2 — 31.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئومۇمىي يەر مەيدانى 6206 كۋادرات كىلومېتىر، تەۋەلىكىدە 17 كەنت كومىتېتى، 59 تەبىئىي كەنت - مەھەللە گۇرۇپپىسى، 5178 ئائىلە — 19مىڭ 535 نوپۇس بار. يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى چۇقاباش كەنتىدە.

«دامىكۇ» نامىنىڭ پەيدا بولۇش تارىخى ۋە ئۇنىڭ مەنىسى توغرىسىدا خىلمۇ خىل قاراشلار بار. بەزىلەر: دامىكۇ دېگەن بۇ جاي

خوتەندىن تەخمىنەن 40 يىل كېيىن ئىسلام دىنىغا كىرگەچكە «دىنى قارىغۇ» ، «دىنىكو» دەپ ئاتىلىۋېرىپ بۇ سۆز «دامىكۇ» غا ئۆزگەرگەن، دېيىشىسە؛ يەنە بەزىلەر: دامىكۇ دېگەن سۆزنىڭ يەنە بىر تەلەپپۇزى «دۇمۇكۇ» بولۇپ «ئىككى مۇكا» دېگەن مەنىدە دەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا: «دۇمۇكۇ» دېگەن سۆز يەر شەكلى ئەگرى - توقاي دېگەن مەنىدە دېگۇچىلەرمۇ بار. يەنە ئېيتىلىشىچە: بۇنىڭدىن تەخمىنەن 200 يىل بۇرۇن كونا دامىكۇنىڭ ئورنى ھازىرقى دامىكۇنىڭ شىمالىي تەرىپىدە بولۇپ، 40 كېچە - كۈندۈز دەھشەتلىك بوران چىقىپ ئېتىزلار ۋە ھويلا - ئارامىلار قۇمنىڭ ئاستىدا قېلىپ، ئاھالىلەرنىڭ ھايات كۆچۈرۈشىگە ئامال بولماي، ھازىرقى ئورنىغا كۆچۈپ كېلىپ، بوز يەر ئېچىپ يۇرتنى يېڭىباشتىن گۈللەندۈرگەن. ئۇ ۋاقىتتا دامىكۇ قەدىمكى كېرىيە دۆلىتىگە قارايدىكەن، كېرىيە خانى يۈتكىلىش خەرىتىسىنى كۆرۈپ: «ساپ دامكا (شاھمات) تاختىسىغا ئوخشايدىكەن» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن «دامىكۇ» دەپ ئاتىلىپ قالغانىكەن، دېگەن سۆزلەر بار.

يۇقىرىقى قاراشلارنى رەت قىلىپ شۇنى ئېيتىمىزكى «دامىكۇ» دېگەن بۇ نام «دراماگۇپتا» ناملىق بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ نامىدىن كەلگەن. بۇ قاراشنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە چەت ئەل ئارخېئولوگلىرىنىڭ «دەندانئۆيلۈك» ، «تېتىگرام» ۋە «ئۇزۇنتات» قاتارلىق قەدىمكى شەھەر خارابىلىرىدىن قېزىۋالغان بۇددىزم مەدەنىيىتىگە ئائىت تېپىلمىلار ۋە يېقىندا «كونا دامىكۇ» دىن بايقالغان بۇتخانا خارابىسى قاتارلىق ئىسپاتلارنى كەلتۈرۈشكە بولىدۇ.

1916 - يىلى دامىكۇ بازىرىدا 100 نەچچە ئۆيلۈك، يېقىن ئەتراپىكى كەنت - مەھەللىلەردە 200 ئۆيلۈكتەك دېھقان بار ئىدى. مىنگونىڭ 33 - يىلى يۈز بېشىلىق تۈزۈم ئورنىتىلىپ، يۈز بېشى تۇرۇشلۇق ئورۇن «بادى بازىرى» ، يېزىلىرى «خۇمىن يېزىسى» دەپ ئاتالغان. 1949 - يىلى بۇ يەرلەر 4 - رايون بولۇپ ئايرىلغان. 1959 - يىلى دامىكۇ كوممۇنىسى دېيىلگەن، 1984 - يىلى دامىكۇ يېزىسى دەپ ئۆزگەرتىلگەن.

بۇ يېزا قاراقۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىي گىرۋىكى، تەكلىماكان

قۇملۇقنىڭ جەنۇبىي ياقىسىدىكى چۆكۈندى تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. تېررىلغۇ كۆلىمى 43 مىڭ 591 مو. يەر تۈزۈلۈشى شەرقىي جەنۇبتىن غەربىي شىمالغا يانتۇ. ئوكلۇنى % 1.300، يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق ئورۇننىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1386 مېتىر، شىمالىي قىسمىنىڭ 1101 مېتىر، جەنۇبىي قىسمىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1600 مېتىر، ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1370 مېتىر كېلىدۇ. ھاۋا كىلىماتى مۆتىدىل، قۇرغاق. ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.7 ℃، ئەڭ سوغۇق بولغاندا ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى ℃ 6-، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى ℃ 23.9-، ئەڭ ئىسسىق بولغان 7 - ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى ℃ 25، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى ℃ 41.9، ئوتتۇرىچە يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 33.2 مىللىمېتىر، يىللىق قىروسىز مەزگىلى 209 كۈن، قۇياش نۇرى يېتەرلىك، كۈننىڭ يورۇتۇش ۋاقتى ئۇزۇن. كېچە بىلەن كۈندۈز ئوتتۇرىسىدىكى تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ بولۇپ، دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ ئۆسۈشىگە تازا باب كېلىدۇ.

دامكۇ يېزىسى تەۋەلىكىدە ياۋايى ھايۋانلاردىن تۈلكە، ياۋاتوڭگۇز، ياۋا توشقان؛ ياۋايى ئۆسۈملۈكلەردىن قومۇش، يۇلغۇن، توشقانزەدىكى، چۇچۇكبۇيا بار. يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتى پىلە، ئالما، نەشپۈت، قوغۇن - تاۋۇز.

يېزا تەۋەسىدە ئۈچ تەبىئىي بۇلاق جىلغىسى بولۇپ، يىل بويى سۈيى توختىمايدۇ، پەسىللىك ئىككى كەلكۈن جىلغىسى بار. ئىگىلىكى دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. شىمالىدا ئۈزۈنتات قەدىمكى شەھىرى (ئۈزۈن تات ـ يەرلىك كىشىلەر «ئۈزۈن تېتى» دەپ ئاتايدۇ. «‹تات› ئۇيغۇر دېمەكتۇر» [«تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 - توم 592 - بەت]، «‹تات› پۈتۈن تۈركلەرنىڭ نەزىرىدە پارسچە سۆزلىشىدىغان كىشى. ‹تات› توخسى، ياغمىلارنىڭ نەزەرىدە مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلار. مەن بۇنى ئۇلارنىڭ ئۆز يۇرتلىرىدا ئاڭلىدىم، ‹تات تاۋغاچ› tat tawogaq دېيدىكەن، بۇ ئۇيغۇر ۋە چىنلىق دېگەن بولىدۇ» [«تۈركىي تىللار دىۋانى» 2 - توم، 409 - بەت]) خارابىسى، كونا دامكۇ [كونا دەمكۇ، دەمدىل] خارابىسى ۋە تېتىگرام، دەندەن-

ئۆيلۈك (بۈگەي ئۆيلۈك، يوتقان [يۇرتخان] ئۆيلۈك، ياغاچ ئۆيلۈك دەپمۇ ئاتىلىدۇ. دەندەن ‹دەندان› — پارسچىدىكى «چىش» سۆزى تىلىمىزدا «چىشتەك قاتارى»، «مۇستەھكەم»، «ئوڭغۇل - دوڭغۇل» دېگەندەك مەنىدە قوللانغىنىغا ئوخشاش «دەندان» سۆزىمۇ «ئۆيلۈك» سۆزى بىلەن بىرىكىپ «قاتار ئۆيلەر»، «چىشتەك مۇستەھكەم شەھەر» دېگەندەك مەنىلەرگە ئىگە بولغان. ئەلۋەتتە بۇ شۇ شەھەرنىڭ ئەسلىي نامى ئەمەس، بەلكى يەرلىك كىشىلەر بۇ شەھەر خارابىسىنىڭ ئەسلىي قۇرۇلۇشىغا ياكى ئورۇن ئالاھىدىلىكىگە قاراپ قويغان نامىدۇر)، لىچىنئاتام مازىرى خارابىسى بار.

## دامىكۇ يېزىسى تەۋەلىكىدىكى مەمۇرىي كەنت ۋە ئاساسلىق تەبىئىي كەنتلەرنىڭ نامى
## 策勒县达玛沟乡行政村和自然村名称

| | |
|---|---|
| چۇقا باش | 乔喀巴什 |
| داشكۆل كەنت كومىتېتى | 达什库勒村委会 |
| ئارىلىق | 阿热勒克 |
| قارا كۆتەك | 喀拉科台克 |
| ئوتتۇردىكى داشكۆل | 欧吐拉迪克达西库勒 |
| كۆكئېقىن بېشى | 科克艾肯贝希 |
| يۇلغۇنلۇق | 尤勒滚勒克 |
| قارا كېچىك | 喀拉克其格 |
| چۇقا باش كەنت كومىتېتى | 乔喀巴什村委会 |
| قاشتوغراق كەنت كومىتېتى | 喀什托格拉克村委会 |
| قاشتوغراق | 喀什托格拉克 |
| ئېلەكئۆستەڭ كەنت كومىتېتى | 依来克吾期塘村委会 |
| ئېلەكئۆستەڭ | 依来克吾斯塘 |
| گۈلتېرىغان كەنت كومىتېتى | 古勒铁日干村委会 |
| گۈلتېرىغان | 古勒铁日干 |
| تاللىق | 塔力勒克 |

www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| 兰干色日克 | لەڭگەر سېرىق |
| 琼库勒村委会 | چوڭكۆل كەنت كومىتېتى |
| 琼库勒 | چوڭكۆل |
| 硝尔库勒 | شور كۆل |
| 强格艾日克 | چاڭگىئېرىق |
| 喀拉墩 | قارا دۆڭ |
| 托格拉克麻扎 | توغراقمازار |
| 硝尔哈纳村委会 | شورخانا كەنت كومىتېتى |
| 硝尔哈纳 | شورخانا |
| 休木托喀依 | شۇمتوقاي |
| 帕其坎特村委会 | پارچە كەنت كەنت كومىتېتى |
| 哈帕克托格拉克 | قاپاق توغراق |
| 帕其坎特 | پارچە كەنت |
| 克力坎麻扎 | قىلقانمازار |
| 其希里克村委会 | چەشلىك كەنت كومىتېتى |
| 吉格代力克 | جىگدىلىك |
| 迈代克力克 | مەدەكلىك |
| 巴什普那克 | باشپۇناق |
| 普那克村委会 | پۇناق كەنت كومىتېتى |
| 塔尔墩 | تار دۆڭ |
| 科克吉格代 | كۆكجىگدە |
| 喀里博依 | كاللىبويى |
| 喀尔曼 | قارىمان |
| 玛力喀勒干村委会 | مالقالغان كەنت كومىتېتى |
| 沙拉依墩 | سارايدۆڭ |
| 铁热克阿勒迪 | تېرەكئالدى |
| 墩尕克买里斯 | دوڭغاق مەھەللىسى |
| 阔纳达玛沟 | كونا دامكو |
| 英吾斯塘村委会 | يېڭىئۆستەڭ كەنت كومىتېتى |
| 英吾斯塘 | يېڭىئۆستەڭ |

| | |
|---|---|
| ئاچما باغ | 阿其玛巴格 |
| شىۋاقئۆستەڭ | 希瓦克吾斯塘 |
| سەگىتېرەك | 赛盖铁热克 |
| زىندانكۆل كەنت كومىتېتى | 曾旦库勒村委会 |
| زىندانكۆل | 曾旦库勒 |
| قىغلىقئېرىق | 克格勒克艾日克 |
| ئاياغپۇناق | 阿亚克普那克 |
| يانئېقىن | 叶音艾肯 |
| ئۇقالقاش كەنت كومىتېتى | 乌喀里喀什村委会 |
| ئۇقالقاش | 乌喀里喀什 |
| مول ھوسۇل سۇ ئامبىرى كەنت كومىتېتى | 莫勒吾苏勒苏阿木巴尔村委会 |

## چاقا يېزىسى 恰哈乡

چاقا يېزىسى چىرا ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان، ناھىيە بازىرى بىلەن بولغان تۈز لىنىيە ئارىلىقى 56 كىلومېتىر، جەنۇبى شىزاڭ بىلەن چېگرىلىنىدۇ، شىمالى چىرا بازىرى چىرا يېزىسى بىلەن، غەربىي جەنۇبى خوتەن ناھىيىسى بىلەن، غەربى لوپ ناھىيىسى بىلەن، شەرقى نۇرى يېزىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. پۈتۈن يېزىنىڭ ئومۇمىي يەر مەيدانى 8750 كۋادرات كىلومېتىر. جەنۇبتىن شىمالغا 142.7 — 153 كىلومېتىر. شەرقتىن غەربكە بولغان ئارىلىقى 39.6 — 69.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. تەۋەلىكىدە 20 كەنت كومىتېتى، 47 مەھەللە گۇرۇپپىسى، 3912 ئائىلە — 13مىڭ 923 نوپۇس بار. يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى چارباغ كەنتتە.

شىنجاڭ رايونىدا ئوخشاشلا «چاقا» نامى بىلەن ئاتىلىدىغان 14 جاي بولۇپ، «چاقا»، «چاقال»، «چاقان»، «چوقى»، «چاقىرچا» قاتارلىقناملار بىلەن ئاتالغانلار قەدىمكى ھونغۇر (ھون — ئاق ھۇن) ئۇرۇغ - ئايماقلىرىدىندۇر.

www.uyghurkitap.com

يەرلىكلەرنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە: چاقا ناھايىتىمۇ قەدىمىي تارىخ-
قا ئىگە يۇرت بولۇپ، قەدىمكى زاماندا موڭغۇللار ۋە ئۇيغۇرلار ئۇزۇن-
غىچە ئەپ بولالماي ئۆز ئارا بىر - بىرىنى چاققانلىقتىن، بۇ يەرنىڭ
نامى ‹چاقا› دەپ ئاتالغانمىش.

بۇ يەر مىنگو دەۋرىدە چىرا ناھىيىسىنىڭ «يۇڭكاڭ بازىرى»
«يۇيمىن يېزىسى» بولغان. ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە چىرا
ناھىيە 5 - رايون بولۇپ ئايرىلغان. 1959 - يىلى چاقا خەلق كوممۇنى-
سى دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984 - يىلى چاقا يېزىسى دەپ ئۆزگەرتىل-
گەن. 1984 - يىلى ئۇنىڭ بەش چوڭ ئەترىتى، توققۇز تەبىئىي كەنتى
ئايرىلىپ ئۇلۇغساي يېزىسى قۇرۇلغان.

چاقا يېزىسى قاراقۇرۇم تاغلىق رايونىغا جايلاشقان. دېڭىز يۈزىدىن
ئەڭ يۇقىرى ئېگىزلىكى 6785 مېتىر، ئەڭ تۆۋەن ئېگىزلىكى 1720
مېتىر، يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلى-
كى 2060 مېتىر. يەر تۈزۈلۈشى مۇرەككەپ، يېزىنىڭ جەنۇبىغا
جايلاشقان مۇز تاغنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئەڭ يۇقىرى ئېگىزلىكى 6638
مېتىر بولۇپ، يىل بويى مۇز ۋە قار بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدۇ، يۇرۇڭ-
قاش دەرياسى مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن 5000 مېتىر-
دىن يۇقىرى بولغان باشقا تاغ چوققىلىرى قار مەڭگۈ ئېرىمەيدىغان
بەلۋاغلار بولۇپ، يېزا تەۋەسىدىكى دەريالارنىڭ ئاساسلىق سۇ مەنبەسى
ھېسابلىنىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن 4000 ~ 5000 مېتىرغىچە
بولغان جايلارنىڭ قىيالىق چوققىلار بولۇپ، جىلغا ئىچىدە بىر -
بىرىگە تۇتاشمايدىغان ئېگىز ۋە سوغۇق ئوتلاقلار بار. دېڭىز يۈزىدىن
3400 ~ 4000 مېتىرغىچە بولغان جايلارنىڭ توپا قەۋىتى بىر قەدەر
قېلىن، بۇ جايلاردا ئاساسلىقى ئۇقۇلۇق دۆڭ تېغى، ئۇلاچى تېغى
بار. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3500 مېتىر چامىسىدىكى جايلار
قاراقۇرۇم تېغىدىكى ئوتلاق ئۆسۈملۈك يېپىنچىلىرى يېتىلىدىغان ئا-
ساسلىق بەلۋاغ بولۇپ، كۆمۈش باشاقلىق ئوتلار، سېرىقچان، قوي
ياۋسى، قويكۆزى ئوت قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەر بار.

چاقا يېزىسى تۇرۇشلۇق جاينىڭ ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇ-
رىسى 9.7 ℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 150
مىللىمېتىرغا يېتىدۇ. قىروسىز مەزگىلى 185 كۈن. ئەڭ سوغۇق

بولىدىغان 1 - ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 5 ℃ — 11 ℃-، ئەڭ ئىسسىق بولىدىغان ئايدىكى (8 - ئاي) ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 16 ℃ — 24 ℃، يىللىق ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 30 ℃ — 36 ℃. بۇ يېزىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى مۇرەككەپ، ھاۋا كىلىماتى جەھەتتىكى پەرق ناھايىتى چوڭ بولغانلىقتىن، تېمپېراتۇرا پەرقىمۇ ھەر قايسى جايلارنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئەگىشىپ ئىنتايىن روشەن. ئوتتۇرا ۋە پەس تاغلىق بەلۋاغلاردا قىشتا قاتتىق سوغۇق، يازدا قاتتىق تومۇز بولمايدۇ. تۆت پەسىلدىكى تېمپېراتۇرا پەرقى بەك چوڭ ئەمەس. دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى ۋە ئوت - چۆپلەرنىڭ ئۆسۈشىگە باب كېلىدۇ. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 28 مىڭ 276 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر مەيدانىنىڭ % 0.39 نى، ئورمان يېرى % 0.053 نى، يايلاق كۆلىمى ئومۇمىي يەر مەيدانىنىڭ % 18.15 نى، تاغلىق كۆلىمى % 80.44 نى ئىگىلەيدۇ.

چاقا يېزىسىنىڭ ئىگىلىكى يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىقمۇ بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان. چوڭ - كىچىك 25 دەريا - ئېقىنى بار. ئۇلۇغساي دەرياسى بىلەن چاقا دەرياسىنىڭ يىللىق نورمال ئېقىم مىقدارى 155 مىليون 200 مىڭ كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. بۇلاق سۈيىنىڭ يىللىق نورمال ئېقىم مىقدارى 14 مىليون 600 مىڭ كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 1949 - يىلىدىن كېيىن سۇ بايلىقىدىن تولۇق پايدىلىنىش ئۈچۈن ئىككى ئوق ئۆستەڭ، ئۈچ سۇ ئامبىرى ياسالغان.

چاقا يېزىسىنىڭ كان بايلىقلىرىدىن: ئالتۇن، كۆمۈر، قاشتېشى، ئاھاك تېشى قاتارلىقلار؛ ياۋايى ھايۋانلاردىن: جەگرەن، تۈلكە، داۋغان، توشقان، قۇش، ئۈلار، كەكلىك قاتارلىقلار؛ دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن: بىنەپشە، قار لەيلىسى قاتارلىقلار؛ ئالاھىدە داڭلىق يەرلىك مەھسۇلاتلاردىن: تۆگە، قوي يۇڭى، ھەر خىل ھايۋانلارنىڭ تېرىسى، ئۈلار قاتارلىقلار بار.

بۇ يېزىنىڭ غەربىگە 11 كىلومېتىر كېلىدىغان ھاسا كەنتىدە «جوۋقتەرەشىد - نوكتەرەشىد قورغىنى» خارابىسى، يېزا ئورگىنى بىلەن تۈز لىنىيە ئارىلىقى 19.7 كىلومېتىر كېلىدىغان قىزىلىيول كەنتىنىڭ شىمالىدىكى تاغ باغرىدا «ئىمامى مەھدى ئاخىرزامان مازى-

www.uyghurkitap.com

رى» ۋە «يۇلچۇن مازار» قاتارلىق ئاسار ـ ئەتىقە ئورۇنلىرى بار.

## چاقا يېزا تەۋەلىكىدىكى مەمۇرىي كەنت ۋە ئاساسلىق تەبىئىي كەنتلەرنىڭ نامى
## 策勒县恰哈乡行政村和自然村名称

| | |
|---|---|
| چارباغ | 恰尔巴格 |
| ئويباغ كەنت كومىتېتى | 奥依巴格村委会 |
| ئويباغ | 奥依巴格 |
| چاقا | 恰哈 |
| يانبۇلاق كەنت كومىتېتى | 央布拉克村委会 |
| قۇملۇق | 库木鲁克 |
| يانبۇلاق | 央布拉克 |
| تەتۈر | 台吐尔 |
| لەڭگۈي كەنت كومىتېتى | 兰贵村委会 |
| لەڭگۈي | 兰贵 |
| ئاچما | 阿其玛 |
| چۆرۈش كەنت كومىتېتى | 却如什村委会 |
| چۆرۈش | 却如什 |
| تېرەكلىك | 铁热克勒克 |
| ئەندىر كەنت كومىتېتى | 安迪尔村委会 |
| ئەندىر | 安迪尔 |
| ئامبار كەنت كومىتېتى | 安巴村委会 |
| ئالا ئاتلىق | 阿拉阿特力克 |
| ئامبار | 安巴 |
| ساسكام كەنت كومىتېتى | 萨孜喀木村委会 |
| ساسكام | 萨孜喀木 |
| قىزىلكۆتكى كەنت كومىتېتى | 克孜里亏地改村委会 |
| قىزىلكۆتكى | 克孜里亏地改 |
| سېرىققومۇش | 色日克库木奇 |
| دۆۋلۈك | 都维力克 |

| | |
|---|---|
| 克希村委会 | كىشى كەنت كومىتېتى |
| 克希 | كىشى |
| 干吉萨依村委会 | گەنجىساي كەنت كومىتېتى |
| 干吉萨依 | گەنجىساي |
| 库其坎力克 | كۆچكەنلىك |
| 其曼喀拉吾如克 | چىمەنقارا ئۆرۈك |
| 库如克依来克 | قۇرۇغئېلەك |
| 阔如克也尔 | كۇرۇكيەر |
| 喀拉阔勒 | قارا قول |
| 阿西村委会 | ھاشى كەنت كومىتېتى |
| 阿西 | ھاشى |
| 喀拉克尔 | قارا قىر |
| 兰干塔木 | لەڭگەر تام |
| 亚格拜地亚依拉克 | ياغ بەردى يايلاق |
| 玉如克塔什村委会 | يۇرۇقتاش كەنت كومىتېتى |
| 玉如克塔什 | يۇرۇقتاش |
| 阿萨村委会 | ھاسا كەنت كومىتېتى |
| 阿萨 | ھاسا |
| 恩尼里克村委会 | ئېنىلىك كەنت كومىتېتى |
| 恩尼里克 | ئېنىلىك |
| 乔喀 | چۇكا |
| 比吉西 | بىجەش |
| 塔依浪艾格孜 | تايلاق ئېغىزى |
| 阿提拉什 | ئاتلاش |
| 克孜勒尧勒村委会 | قىزىليول كەنت كومىتېتى |
| 阔什喀尔贝希 | قوچقار بېشى |
| 克孜勒尧勒 | قىزىليول |
| 哈勒龙 | ھالىلۇك |
| 介格塔勒村委会 | جەگىتال كەنت كومىتېتى |
| 苏尔鲁库 | سۇرلۇك |
| 介格塔勒 | جەگىتال |

| | |
|---|---|
| تاللىق | 塔勒力克 |
| ئازنەمچىت | 阿孜纳美其特 |
| ئالما | 阿勒玛 |
| ئوقۇ كەنت كومىتېتى | 乌库村委会 |
| ئوقۇ | 乌库 |
| تەسكەنلىك | 台斯坎力克 |
| ئاتچاپقۇر | 阿特恰甫库尔 |
| لايقا | 拉依喀 |
| ئەسكىتۇگمەن | 艾斯克吐格曼 |
| ئاياغئازگال | 阿亚克阿孜尕勒 |
| باشئازگال | 巴什阿孜尕勒 |
| بارئىبغىل | 巴热艾格勒 |
| تۈز ئىبغىل | 推孜艾格勒 |
| ئۇلۇغئىبغىل | 乌鲁克艾格勒 |
| چىغلىقئىبغىل | 其格勒克艾格勒 |
| يار ئىبغىل | 亚艾格勒 |
| كونا ئىبغىل | 阔纳艾格勒 |
| مازار تاش | 麻扎塔什 |
| ئىيىقلىق يايلىقى | 艾依克勒克亚依拉克 |
| قىياقلىق | 克亚克力克 |
| تاشلىق ئىبغىل | 塔什勒克艾格勒 |
| ئىشەككىر دۆڭيايلاق | 依协克克尔墩亚依拉克 |
| بۇيانئىبغىل | 布央艾格勒 |
| يېرلىغنىڭ ئىبغىلى | 依热格能艾格勒 |
| قارا تاش كەنت كومىتېتى | 喀拉塔什村委会 |
| ئاقتاش | 阿克塔什 |
| ئاتى | 阿特 |
| دۆڭلۈك | 墩吕克 |
| ئوتتۇرا قىرنىڭ ئىبغىلى | 欧吐拉克尔能艾格勒 |
| تاز ئىبغىل | 塔孜艾格勒 |
| سالمان يايلىقى | 萨里曼亚依拉克 |

| | |
|---|---|
| 阿纳斯巴依亚依拉克 | ئاناسباي يايلىقى |
| 依协克克尔能墩 | ئېشەكقىرنىڭ دۆڭى |
| 阿热推孜 | ئارتۇز |
| 色日克萨依 | سېرىقساي |
| 康托喀依村委会 | كەڭتوقاي كەنت كومىتېتى |
| 康托喀依 | كەڭتوقاي |
| 喀合夏力克 | قاقشاللىق |
| 色日克羌村委会 | سېرىقچان كەنت كومىتېتى |
| 色日克羌 | سېرىقچان |

## ئۇلۇغساي يېزىسى 乌鲁克萨依乡

ئۇلۇغساي يېزىسىنىڭ سەككىز مەمۇرىي كەنتى، 18 تەبىئىي كەنتى، 14 مەھەللە گۇرۇپپىسىدا 1152 ئائىلە — 4084 نوپۇس بار. 11084 مو تېرىلغۇ كۆلىمىگە ئىگە بولغان بۇ يېزىدىكى ئاھالىلەر چارۋىچىلىقنى ئاساس، دېھقانچىلىقنى قوشۇمچە ئىگىلىك قىلغان. ئۇلۇغساي يېزىسى تەۋەلىكىدىكى كەنت كومىتېتلىرى 1984 - يىلى چاقا يېزىسىنىڭ بەش چوڭ ئەترىتى ۋە توققۇز تەبىئىي كەنتى ئايرىلىپ قۇرۇلغان بولۇپ، چاقا ۋە نۇرى يېزىلىرى بىلەن چېگرىداش. «ئۇلۇغ-ساي» ئۇيغۇرچە سۆز. (بۇ يېزىنىڭ تەبىئىي شارائىتى، جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى قاتارلىقلار چاقا يېزىسى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش بولغاچقا، ئايرىم بايان قىلىنمىدى).

### ئۇلۇغساي يېزا تەۋەلىكىدىكى مەمۇرىي كەنت ۋە ئاساسلىق تەبىئىي كەنتلەرنىڭ نامى
### 策勒县乌鲁克萨依乡行政村和自然村名称

| | |
|---|---|
| 巴大干 | بادىغان |
| 巴大干村委会 | بادىغان كەنت كومىتېتى |
| 郭吉勒尕墩 | گوجىلغا دۆڭ |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| كۆكقىر كەنت كومىتېتى | 科克克尔村委会 |
| كۆكقىر | 科克克尔 |
| ئاغچەك لەڭگەر | 阿尕其克兰干 |
| يۇلچۇن | 尧勒琼 |
| ئاقچىغ كەنت كومىتېتى | 阿克其格村委会 |
| ئاقچىغ | 阿克其格 |
| كېچىكساي | 克其克萨依 |
| قومۇشيول | 库木奇尧勒 |
| ئاقتاش بۇياندۆك | 阿克塔什布扬墩 |
| چۆرۈل | 却如勒 |
| بوقا دۆك | 布喀墩 |
| چوڭساي كەنت كومىتېتى | 琼萨依村委会 |
| چوڭساي | 琼萨依 |
| يۇرۇڭقىر كەنت كومىتېتى | 玉龙克尔村委会 |
| يۇرۇڭقىر | 玉龙克尔 |
| ئۇتانلىق كەنت كومىتېتى | 乌坦勒克村委会 |
| ئوتانلىق | 乌坦勒克 |
| سېغىزلىق كەنت كومىتېتى | 色格孜勒克村委会 |
| سېغىزلىق | 色格孜勒克 |
| ئاقئىلەك | 阿克依来克 |
| يۇلۇڭ كەنت كومىتېتى | 玉龙村委会 |
| يۇلۇڭ | 玉龙 |
| تۇزلۇق يايلاق | 吐孜鲁克亚依拉克 |

## نۇرى يېزىسى 奴尔乡

نۇرى يېزىسى چىرا ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبى تەرىپىگە جايلاشقان. ناھىيە بازىرى بىلەن بولغان تۈز لىنىيە ئارىلىقى 80.4 كىلومېتىر كېلىدۇ. شەرقى بوستان يېزىسى بىلەن قوشنا، غەربى ئۇلۇغساي يېزىسى بىلەن چېگرىداش، جەنۇبى شىزاڭ بىلەن، شىمالى

دامىكۇ يېزىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. شەرقتىن غەربكە كەڭ-لىكى 8.19 — 1.44 كىلومېتىر. جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلـ-ۇقى 1.143 — 8.159 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئومۇمىي يەر مەيدانى 4933 كۋادرات كىلومېتىر. تەۋەلىكىدە 18 كەنت كومىتېتى، 44 مەھەللە گۇرۇپپىسى، 3210 ئائىلە — 10 مىڭ 571 نوپۇس بار. يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى قۇمباغ كەنتتە.

رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە: قەدىمكى زاماندا بىر قېتىم ھاۋا زور دەرىجىدە ئۆزگىرىپ، دەھشەتلىك بوران چىقىپ، ئاسماننى چاڭ-توزان قاپلاپتۇ، 40 كېچە - كۈندۈز كۈن چىقماپتۇ، ئىنسانلار ئۆز ھاياتىدىن ئەندىشە قىلىپ، ھەر كۈنى تاغقا چىقىپ، كۈن چىقىشنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپتۇ. بوران ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، كۈن چىقىپتۇ. ئاۋام بۇنىڭدىن خۇشاللىنىپ، «نۇر چىقتى» دەپ ۋارقىرى-شىپتۇ، بۇ سۆز شۇنىڭدىن كېيىن ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ بۇ زېمىننىڭ نامى «نۇرى» دەپ ئاتىلىپ قاپتۇ.

«نۇر» موڭغۇل تىلىدا «كۆل» دېگەن مەننى بىلدۈرىدىغان سۆز بولۇپ، تىل شېۋە ئادىتى بويىچە قوشۇلغان «ى» تاۋۇشى ئارقىلىق ئۇنىڭ مەنىسىنى «كۆللۈك» دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ.

مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 60 - يىلى غەربىي يۇرت تەۋەسىدىكى 36 بەگلىك ئىچىدە «چىرا بەگلىكى» ( 渠勒国 ) مۇ بار ئىدى. شۇ چاغدا چىرا بەگلىكىدە 310 تۈتۈن، 2170 نوپۇس، 300 ئەسكىرى بولۇپ، بەگ ئوردىسى (شەھىرى) كۈتەل 鞬都城 دە ئىدى. بۇ چىرا بەگلىكى ھازىرقى چىرا ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىكى تاغلىق رايونلارغا جاي-لاشقان[①]. نۇرى يېزىسىدا ئوردا ۋە ھاكىمىيەتكە مۇناسىۋەتلىك بولغان «خىنباغ»، «يامۇن»، «خانيۇت»، «زىندان» قاتارلىق يەر ناملىرىنىڭ ھازىرغىچە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەنلىكى بۇ يەرنىڭ قەدىمكى چىرا بەگلىكىنىڭ بەگلىك ئوردىسى جايلاشقان ئورۇن ئىكەنلىكىنى مەلۇم جەھەتتىن دەلىللەپ بېرىدۇ.

نۇرى چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلىپىدە «نۇرى تاغ» دەپ ئاتالغان ھەمدە پۈتكۈل خوتەن تەۋەلىكى «ئالتە بازار» (ئىلچى، يۇرۇڭقاش،

① «خوتەننىڭ قىسقىچە تارىخى» (خەنزۇچە 4-بەت).

www.uyghurkitap.com

قاراقاش، چىرا، نۇرى تاغ، كېرىيە) دېيىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ بىرسى «نۇرى» ئىدى. «شىنجاڭنىڭ مەمۇرىي رايونلىرىنىڭ تەسىس قىلىنىش تەزكىرىسى» دە «نۇرى كەنتى» دەپ ئاتالغان. مىنگو دەۋرىدە چىرا ناھىيىسىنىڭ 6 ـ رايونى بولغان، مىنگونىڭ 33 ـ يىلى «شىنشېڭجېن» (يېڭى ھايات بازىرى) دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1949 ـ يىلىدىن كېيىن چىرا ناھىيىسىنىڭ 6 ـ رايونى بولۇپ، نۇرى رايونى دەپمۇ ئاتالغان. 1959 ـ يىلى نۇرى خەلق كوممۇنىسى قۇرۇلغان. 1984 ـ يىلى نۇرى يېزىسىغا ئۆزگەرتىلگەن. بۇ زېمىن ئەسلىدە نۇرى، سايباغ، ئىمامىلىدىن ئىبارەت ئۈچ تەبىئىي باشقۇرۇش رايونىغا بۆلۈنەتتى. ئىمام باشقۇرۇش رايونى 1977 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئايرىلىپ، بوستان كوممۇنىسىغا ئۆزگەرتىلگەن.

نۇرى يېزىسى قاراقۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىي باغرىغا جايلاشقان بولۇپ، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 30 مىڭ 411 مو. ئومۇمىي كۆلەم ئىچىدە تېرىلغۇ يەر 0.56 % نى، ئورمان يېرى 0.056 % نى، يايلاق 15.5 % نى، چۆل، تاغلىق ۋە قۇملۇق 83.89% نى ئىگىلەيدۇ. يەر تۈزۈلۈشى مۇرەككەپ. تەۋەلىكىدە ئېگىز ـ پەس تاغلار، جىلغىلار بار. جەنۇب تەرىپى ئېگىز، شىمال تەرىپى پەس. بوزلۇق، سارلۇق، ياچى قاتارلىق چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىدىغان كەنت كومىتېتلىرى ئېگىز تاغلار ئارىسىدىكى چوڭقۇر جىلغىلار ئىچىگە جايلاشقان. پۈتۈن يېزىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئەڭ تۆۋەن ئېگىزلىكى 1600 مېتىر، ئەڭ يۇقىرى ئېگىزلىكى 6903 مېتىر، ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 4251 مېتىر كېلىدۇ. يېزا تۇرۇشلۇق جاينىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2227 مېتىر.

دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ھاۋا كىلىماتى شارائىتى مۇرەككەپ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2800 مېتىردىن يۇقىرى بولغان ئېگىز ۋە ئوتتۇرا تاغلىق جايلارنىڭ ھاۋا كىلىماتى سوغۇق يېرىم نەمخۇش كىلىماتقا مەنسۇپ بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 4.7 ℃، جۇغلانما تېمپېراتۇرىسى 2453 ℃ قا، يىللىق ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 200 مىللىمېتىرغا يېتىدۇ. ئاز ساندىكى چارۋىچىلىق كەنتلىرى ۋە كۆپ سانلىق يايلاقلار مۇشۇ خىلدىكى كىلىماتقا مەنسۇپ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2300 مېتىردىن

2800 مېتىر ئارىلىقىدىكى جايلارنىڭ كىلىماتى سوغۇق - سالقىن بولۇپ، جۇغلانما تېمپېراتۇرىسى 2300℃ — 2500℃ قا يېتىدۇ. ھۆل - يېغىن مىقدارى 200 مىللىمېتىرغا يېتىدۇ. چىمەنباغ كەنت كومىتېتى مۇشۇ كىلىمات رايونىغا مەنسۇپ بولۇپ، يازغى بۇغدايىنىڭ ئۆسۈشىگە باب كېلىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1500 — 2300 مېتىرغىچە بولغان جايلارنىڭ يىللىق جۇغلانما تېمپېراتۇرىسى 3000℃ — 4300℃ ئارىلىقىدا بولىدۇ. نۇرى يېزىسىدىكى دېھقانچى-لىقنى ئاساس قىلىدىغان كۆپ سانلىق كەنت كومىتېتلىرى مۇشۇ رايون تەۋەسىگە جايلاشقان بولۇپ، كۈزگى ۋە يازغى بۇغداي ئۆستۈ-رۈشكە باب كېلىدۇ ھەمدە ئۆسۈش ۋاقتى بىر قەدەر قىسقىراق بولغان ئوتتۇرا ۋە بالدۇر پىشىدىغان قوناقلارنى تېرىشقا بولىدۇ.

نۇرى يېزىسى سۇ بايلىقى چىرا ناھىيىسى بويىچە مول بولغان رايونلارنىڭ بىرى بولۇپ، تەۋەسىدە بىر قەدەر چوڭراق بولغان توققۇز دەريا بار. بۇنىڭدىن نۇرى دەرياسى قاراقۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىي ئېتە-كىدىن باشلىنىپ، يۇقىرى قىسمى ئۈچ كىچىك دەريانىڭ قوشۇلۇشى-دىن شەكىللەنگەن. يۇقىرى ئېقىمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 37 كىلومېتىر كېلىدۇ. يىللىق نورمال ئېقىم مىقدارى 107 مىليون 230 مىڭ كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. تۆۋەنكى ئېقىمىدا «جەڭگىۋار ئۆستەڭ» ۋە كەلكۈن توساش ئېگىزلىرى ياسىلىپ، دەريانىڭ سۈيى گۈلاخما، دامكۇ يېزى-لىرىغا باشلاپ كېلىنگەن. سايباغ دەرياسى يامۇن تېغىدىن باشلىنىدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 22 كىلومېتىر، پەسىللىك دەريا، يىللىق نورمال ئېقىم مىقدارى 41 مىليون 600 مىڭ كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. تەۋەسى-دە ئاساسلىق تاغ چوققىلىرىدىن يامۇن تېغى ۋە پاكار تاغ بولۇپ، يامۇن تېغى نۇرى يېزىسى تۇرۇشلۇق جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىي تەرىپىگە جايلاشقان، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3670 مېتىر. تاغدا جەگرەن، داۋغان، ئۈلار، كەكلىك، بۆرە، تۈلكە قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلار بار. ئۆسۈملۈك يىپىنچىلىرىدىن، چىغ قاتارلىق توققۇز خىل ئوت بار. دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن: ئېيىق پۇرچىقى، توشقانزەدىكى، قار لەيلىسى قاتارلىقلار بار. تاغدا ئىككى تۆمۈر رودا كېنى بولۇپ، 1958 - يىلدىن باشلاپ ئېچىلغان.

www.uygurkitap.com

## نۇرى يېزا تەۋەلىكىدىكى مەمۇرىي كەنت ۋە ئاساسلىق مەھەللىلەرنىڭ نامى
## 策勒县奴尔乡行政村和自然村名称

| | |
|---|---|
| 库木巴格 | قۇمباغ |
| 其曼巴格村委会 | چىمەنباغ كەنت كومىتېتى |
| 其曼巴格 | چىمەنباغ |
| 墩南木古勒 | دۆڭنەمگۈل |
| 库木巴格村委会 | قۇمباغ كەنت كومىتېتى |
| 塔木也尔 | تامىيەر |
| 科尼巴格 | خىنىباغ |
| 亚巴格村委会 | يارباغ كەنت كومىتېتى |
| 亚巴格 | يارباغ |
| 托盖巴斯提 | تۆگە باستى |
| 阿克塔什村委会 | ئاقتاش كەنت كومىتېتى |
| 阿克塔什 | ئاقتاش |
| 兰干 | لەڭگەر |
| 托万阿其玛村委会 | تۆۋەنئاچما كەنت كومىتېتى |
| 英巴格 | يېڭىباغ |
| 托格拉吾斯塘 | توغرا ئۆستەڭ |
| 托万阿其玛 | تۆۋەنئاچما |
| 麻木西特日木 | ماموش تېرىم |
| 尤勒滚艾格勒 | يۇلغۇنئېغىل |
| 亚勒古孜巴格村委会 | يالغۇز باغ كەنت كومىتېتى |
| 亚勒古孜巴格 | يالغۇزباغ |
| 尤喀克阿其玛村委会 | يۇقاقىئاچما كەنت كومىتېتى |
| 尤喀克阿其玛 | يۇقاقىئاچما |
| 奥依恰浦 | ئويچاپ |
| 巴什阿热库木 | باش ئارا قۇم |
| 阿热库木村委会 | ئاراقۇم كەنت كومىتېتى |
| 阿热库木 | ئارا قۇم |

| | |
|---|---|
| 都木村村委会 | دومسۇن كەنت كومىتېتى |
| 都木村 | دومسۇن |
| 萨依巴格 | سايباغ |
| 提坎里克 | تىكەنلىك |
| 萨塔皮 | ساتاپىي |
| 尤勒群艾格孜 | يۇلچۇنئېغىزى |
| 乌尊克尔 | ئۈزۈنقىر |
| 其维克勒克 | چىۋىقلىق |
| 喀提克推孜 | قاتتىقتۇز |
| 亚瓦力克 | ياۋىلىق |
| 汗尼尤提 | خانيۇت |
| 热再克村委会 | رىزەك كەنت كومىتېتى |
| 热再克 | رىزەك |
| 恰塔什村委会 | چاتاش كەنت كومىتېتى |
| 恰塔什 | چاتاش |
| 托格拉吾斯塘 | توغرا ئۆستەڭ |
| 萨依巴格贝希村委会 | سايباغبېشى كەنت كومىتېتى |
| 萨依巴格贝希 | سايباغبېشى |
| 喀提 | قات |
| 琼库勒贝希村委会 | چوڭكۆلبېشى كەنت كومىتېتى |
| 琼库勒贝希 | چوڭكۆلبېشى |
| 萨依喀提 | سايقات |
| 喀什也尔村委会 | قاشيەر كەنت كومىتېتى |
| 喀什也尔 | قاشيەر |
| 欧格热尧勒 | ئوغرىيول |
| 亚喀虽力 | ياقا سۆيلى |
| 虽力兰干村委会 | سۆيلىلەنگەر كەنت كومىتېتى |
| 虽力兰干 | سۆيلىلەنگەر |
| 萨尔龙村委会 | سارلۇڭ كەنت كومىتېتى |
| 萨尔龙 | سارلۇڭ |
| 代热合勒克 | دەرەخلىك |

www.uygurkitap.com

| | |
|---|---|
| بەلتىيى | 拜勒提 |
| قوچقار باش تاغ | 阔什喀尔贝希塔格 |
| كەڭقويناق | 坎库依那克 |
| كۆتەل | 科台勒 |
| ياچى كەنت كومىتېتى | 亚其村委会 |
| ياچى | 亚其 |
| پىرما | 皮尔玛 |
| كۆكئارال | 科克阿热勒 |
| تۆگە تۈز | 托盖推孜 |
| زىندان | 曾旦 |
| ئاراچىۋەي | 阿尔其维 |
| بۇزاڭ كەنت كومىتېتى | 布藏村委会 |
| بۇزاڭ | 布藏 |
| تاماقئاغزى | 塔马克艾格孜 |
| رامۇدان | 热木丹 |
| تىكەنلىك | 提坎力克 |
| قۇميول | 库木尧勒 |
| بۇزاڭقىر | 布藏克尔 |
| قۇميول بېشى | 库木尧勒贝希 |
| پادىچىئېغىل | 帕地其艾格勒 |
| مۇڭگۈز قادىغان | 蒙古孜喀提干 |
| پۇچاقچى | 普恰克其 |
| قىياقلىق | 克亚克力克 |

## بوستان يېزىسى 博斯坦乡

بوستان يېزىسى قاراقورۇم تېغىنىڭ شىمالىي گىرۋىكىدە بولۇپ، چىرا ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان. ناھىيە بازىرىغىچە بولغان تۈز لىنىيە ئارىلىقى 87.2 كىلومېتىر كېلىدۇ. يېزا ئىچىنى قاتمۇ قات تاغلار قاپلاپ تۇرىدۇ. ئۆزۈنىسىغا ۋە توغرىسىغا سوزۇلغان

دەريالار بار. يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى باغبېشى كەنتى تاغ جىلغىسىنىڭ ئېغىزىدىكى يەلپۈگۈچسىمان چۆكۈندى بەلۋاغقا جايلاشقان. بۇ يېزا شەرقتە كېرىيە ناھىيىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. غەربى نۇرى يېزىسى بىلەن قوشنا. جەنۇبى قاراقۇرۇم تېغى ئارقىلىق شىزاڭ بىلەن چېگرىلىنىدۇ. شىمالى دامىكۇ يېزىسى بىلەن تۇتۇشىدۇ. جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 144 — 121.1 كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 33.8 — 1.8 كىلومېتىر كېلىدۇ. يەر مەيدانى 2694 كۋادرات كىلومېتىر. تەۋەلىكىدە 13 كەنت كومىتېتى، 28 مەھەللە گۇرۇپپىسى، 1767 ئائىلە — 6158 نوپۇس بار.

بۇ يەر يەرلىك خەلق ئارىسىدا ئۇزۇن زامانلاردىن بىرى «تۆت ئىماملىرىم» ياكى كۆپىنچە «ئىماملا» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. ھۆكۈمەت مەمۇرىي ئورگىنى 1949 - يىلىدىن ئىلگىرى «خېپىڭ شياڭ» (تىنچلىق يېزىسى) دەپ ئاتالغان. 1949 - يىلىدىن كېيىن 6 - رايون يەنى «ئىماملا يېزا» دەپ ئاتالغان. 1959 - يىلى نۇرى كوممۇنىسى ئىماملا باشقۇرۇش رايونىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1977 - يىل 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق نۇرى كوممۇنىسىدىن ئايرىپ خەلق كوممۇنىسى قۇرۇلۇپ، نامى ‹بوستان كوممۇنىسى› دەپ ئاتالغان. 1984 - يىلى بوستان يېزىسى دەپ ئۆزگەرتىلگەن. ‹بوستان› ئۇيغۇرچە سۆز.

بوستان يېزىسى تۇرۇشلۇق جاينىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2260 مېتىر، پۈتۈن يېزىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئەڭ تۆۋەن ئېگىزلىكى 1600 مېتىر. ئەڭ يۇقىرى ئېگىزلىكى 6280 مېتىر. ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ ئېگىزلىكىدىن بىر ئاز يۇقىرى بولۇپ، 3940 مېتىر كېلىدۇ. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 16 مىڭ 588 مو، تېرىلغۇ يەر ئومۇمىي يەر مەيدانىنىڭ % 0.73 نى، ئورمان يېرى % 0.128 نى، يايلاق % 22.2 نى، قۇملۇق، تاغلىق % 77.08 نى تەشكىل قىلىدۇ. يەر تۈزلۈشى جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان تار ئۇزۇنچاق بولۇپ، جەنۇبىي قىسمىدىكى باشقاراسۇدىن شىمالىي قىسمىدىكى ئاياغقاراسۇغا قەدەر بولغان تۈز لىنىيە ئارىلىقى 31.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. ھاۋا كىلىماتى جەھەتتىكى پەرق بىر قەدەر چوڭ، ئوتتۇرا قىسمىدىكى دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ ھاۋا كىلىماتى

كىتاب تۇر بېكىتى www.uygurkitap.com

قۇرغاق، يامغۇر بىر قەدەر ئاز ياغىدۇ. ئۇنۇملۇك جۇغلانما تېمپېرـ
راتۇرىسى °C 4000 دىن تۆۋەن، بوغداينىڭ ئۆسۈشكە باب كېلىدـ
ـدۇ ھەمدە ئۆسۈش ۋاقتى 100 كۈن چامىسىدىكى ئوتتۇرا پىشار
قوناقلارنى تېرىغىلى بولىدۇ. باشقاراسۇدا يامغۇر بىر قەدەر كۆپ ياغىـ
دۇ. يايلاق كۆلىمى چوڭ بولۇپ، كالا، قوي بېقىشقا باب كېلىدىغان
چارۋىچىلىق كەنتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، بۇ كەنتتىمۇ ئارپا، پۇرچاق
ۋە يازغى بوغداي تېرىلىدۇ. بىراق يامغۇر كۆپ ياققان، تېمپېراتۇرا
تۆۋەن بولغان يىللىرى يازغى بوغدايمۇ پىشمايدۇ. ئاياغقاراسۇنىڭ تېمـ
پېراتۇرىسى يېزا تۇرۇشلۇق جايغا قارىغاندا مۆتىدىل بولۇپ، دېھقانچىـ
لىق ۋە ئورمانچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشقا باب كېلىدۇ.

بوستان يېزىسىنىڭ سۇ بايلىقى بىر قەدەر مول، يېزا تەۋەسىدىكى
چوڭ ـ كىچىك 11 دەريانىڭ يىللىق نورمال ئېقىن مىقدارى 890 مىڭ
كۇب مېتىر. كان بايلىقلىرىدىن: قاشتېشى، ئالتۇن، خرۇستال
قاتارلىقلار؛ ياۋايى ھايۋانلاردىن: داۋغان، جەگرەن، تۈلكە، چومـ
چوق، ئۆلار، كەكلىك قاتارلىقلار؛ ئۆسۈملۈكلەردىن سىرىقئوت قاتارـ
لىقلار بار. يېزا تەۋەسىدىكى قۇرۇم تاغ تىزمىلىرىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن
ئېگىزلىكى 5000 مېتىردىن يۇقىرى بولغان ياقاباغ تېغىدا يىل بويى
قار ئېرىمەيدۇ. يېزىنىڭ ئاساسلىق سۇ مەنبەسى قار سۇلىرىنىڭ ئېرىدـ
ـشىدىن شەكىللەنگەن دەريا سۈيىدۇر. يېزا تەۋەسىدە لەيلىكۆلى دەپ
ئاتىلىدىغان سۈيى ئاقمايدىغان، بىر تەبىئىي كۆل بولۇپ، كۆلىمى
0.55 كۋادرات كىلومېتىر، سۇ يۈزى ئېگىزلىكى 4980 مېتىر كېلىدـ
ـدۇ.

بوستان يېزىسىنىڭ ئىگىلىكى چارۋىچىلىقنى ئاساس، دېھقانچىـ
لىقنى قوشۇمچە قىلىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بىرى، چارۋىچىلىق ئىشـ
لەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دېھقانچىلىق ئىشـ
لەپچىقىرىشىمۇ تەرەققىي قىلدى. ئىشلەپچىقارغان ئاشلىقى ئۆز ـ ئۆزىدـ
ـنى تەمىنلەپ ئېشىنىدىغان بولدى. 1958 ـ يىلىدىن كېيىن دەريا
سۈيى بايلىقىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، پەسىللەر ئارا سۇنىڭ ئارتۇق ـ
كېمىنى تەڭشەپ ئىشلىتىش ئۈچۈن ئۇزۇنلۇقى ئالتە كىلومېتىر كېـ
لىدىغان بىر ئۇق ئۆستەڭ ياسالدى. يەنە 2 مىليون كۇب مېتىر سۇ
سىغىدىغان بىر سۇ ئامبىرى ياسالدى. بۇ ئارقىلىق دېھقانچىلىق،

چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشقا قۇلايلىق شارائىت يارىتىلدى. يېزىدا 16 مىڭ 588 مو تېرىلىدىغان يەر بار. بۇ جايدا يەرلىك كىشىلەر «نىياز ھېكىمبەگ كارىزى» دەپ ئاتايدىغان قەدىمىي كارىز بار بولۇپ، 1860 - يىللاردا نىياز ھېكىمبەگ دەۋرىدە قېزىلىپ، قارا ساي دەرياسىنىڭ سۈيىنى ئىماملىغا باشلاپ كېلىپ، تېرىقچىلىققا كاپالەتلىك قىلغان. بىراق ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشىغا ئەگىشىپ، كارىز لايلاپ سۈيى بەك ئازىيىپ كەتكەچكە، 1980 - يىللىرىنىڭ ئاخىرىدا يېڭىدىن «تەشمە كارىزى» قېزىلدى. بۇنىڭ بىلەن بوستان يېزىسىنىڭ سۇغىرىش شارائىتى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى. ئاسار ئەتىقىلەردىن ئاساسلىقى «تۆت ئىمام مازىرى» (يەنى تۆت ئىمامنىڭ قەبرىسى) بار.

## بوستان يېزا تەۋەلىكىدىكى مەمۇرىي كەنت ۋە تەبىئىي كەنتلەرنىڭ نامى
## 策勒县博斯坦乡行政村和自然村名称

| | |
|---|---|
| باغبېشى | 巴格贝希 |
| جايتۇز كەنت كومىتېتى | 加依推孜村委会 |
| جايتۇز | 加依推孜 |
| قولتۇق | 库勒吐克 |
| ئاقتۇز | 阿克推孜 |
| تامىيەر | 塔木也尔 |
| باش مەھەللە | 巴什买里 |
| باغبېشى كەنت كومىتېتى | 巴格贝希村委会 |
| ئاراقىرتۇۋى | 阿热克尔吐维 |
| دۆڭباغ كەنت كومىتېتى | 墩巴格村委会 |
| كۆلىيەر | 库勒也尔 |
| تاشلىق يەر | 塔什勒克也尔 |
| مۇرلۇم قاش | 木热鲁木喀什 |
| ياقاقاش كەنت كومىتېتى | 亚喀喀什村委会 |
| ياقا قاش | 亚喀喀什 |
| غەزمەتتۇۋى | 艾孜买提吐维 |

www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| تېرەكتۈۋى | 铁热克吐维 |
| پاتما چىۋىن | 帕提玛其文 |
| سېرىققاش | 色日克喀什 |
| شىكچاتا | 依西克恰塔 |
| ئاچما كەنت كومىتېتى | 阿其玛村委会 |
| ئاچما | 阿其玛 |
| جىگدە بوستان كەنت كومىتېتى | 吉格代博斯坦村委会 |
| جىگدە بوستان | 吉格代博斯坦 |
| دۆڭيەر | 墩也尔 |
| ئاراساي كەنت كومىتېتى | 阿热萨依村委会 |
| ئاراساي | 阿热萨依 |
| چۆلئېغىل | 却勒艾格勒 |
| قولدۇسۇن | 库勒都送 |
| ئاياغقاراسۇ كەنت كومىتېتى | 阿亚克喀拉苏村委会 |
| ئاياغقاراسۇ | 阿亚克喀拉苏 |
| قىشلاقيەر | 克什拉克也尔 |
| باشئاچما | 巴什阿其玛 |
| باشقاراسۇ كەنت كومىتېتى | 巴什喀拉苏村委会 |
| باشقاراسۇ | 巴什喀拉苏 |
| ئاراللىق كەنت كومىتېتى | 阿热勒力克村委会 |
| ئاراللىق | 阿热勒力克 |
| كۆپە قىر | 科拜克尔 |
| پۇماسقىر | 普麻斯克尔 |
| كۆكباشدۆڭ | 科克巴什墩 |
| كۆكبۇلاق | 科克布拉克 |
| ئاقتوقاي | 阿克吐喀依 |
| تېرىكەل يايلاق | 提热开勒亚依拉克 |
| پاكار | 帕喀尔 |
| كۆتەل | 科台勒 |
| مۇنار | 木纳尔 |
| يوغان چاپ | 尧干恰普 |

| | |
|---|---|
| ئات يايلاق | 阿特亚依拉克 |
| مەيدانتۈز كەنت كومىتېتى | 迈丹推孜村委会 |
| مەيدانتۈز | 迈丹推孜 |
| بۇزاڭقىر تۈۋى كەنت كومىتېتى | 布藏克尔吐维村委会 |
| بۇزاڭقىر تۈۋى | 布藏克尔吐维 |

## چىرا ناھىيىسى تەۋەلىكىدىكى بىر قىسىم قۇرۇلۇشلارنىڭ نامى
## 策勒县部分人工建筑物名称

| | |
|---|---|
| ئاۋانگارت سۇ ئامبىرى | 先锋水库 |
| سەكرەپ ئىلگىرىلەش سۇ ئامبىرى | 跃进水库 |
| قىزىل بايراق 2 - سۇ ئامبىرى | 红旗水库 |
| قارا سۇ ئامبىرى | 喀位苏水库 |
| مول ھوسۇل سۇ ئامبىرى | 丰收水库 |
| پۇناق سۇ ئامبىرى | 普那克水库 |
| قارىمان سۇ ئامبىرى | 喀尔曼水库 |
| چىگىلىكيا سۇ ئامبىرى | 其格勒克亚水库 |
| لاڭسا سۇ ئامبىرى | 浪沙水库 |
| قاتتىقتۈز سۇ ئامبىرى | 喀提克吐孜水库 |
| سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى سۇ ئامبىرى | 水电站水库 |
| بوستان سۇ ئامبىرى | 博斯坦水库 |
| چىرا يېزا ئوق ئۆستىڭى | 策勒乡干渠 |
| چىرا يېزا شەرق ئوق ئۆستىڭى | 策勒乡东干渠 |
| چىرا يېزا غەرب ئوق ئۆستىڭى | 策勒乡西干渠 |
| چىرا يېزا سەكرەپ ئىلگىرىلەش ئۆستىڭى | 策勒乡跃进渠 |
| چىرا يېزا سۇسىڭمەس ئۆستىڭى | 策勒乡防渗渠 |
| جەڭگىۋار ئۆستەڭ | 战斗渠 |
| گۇلاخما 1 - ئوق ئۆستەڭ | 固拉合玛一干渠 |
| گۇلاخما 2 - ئوق ئۆستەڭ | 固拉合玛二干渠 |
| گۇلاخما 3 - ئوق ئۆستەڭ | 固拉合玛三干渠 |

www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| دامىكۇ غول ئۆق ئۆستەڭ | 达玛沟总干渠 |
| دامىكۇ تارماق ئۆق ئۆستەڭ | 达玛沟支干渠 |
| دامىكۇ 1 - ئۆق ئۆستەڭ | 达玛沟一干渠 |
| دامىكۇ 2 - ئۆق ئۆستەڭ | 达玛沟二干渠 |
| دامىكۇ 3 - ئۆق ئۆستەڭ | 达玛沟三干渠 |
| بادىغان ئۆق ئۆستىڭى | 巴大干干渠 |
| نۇرى ئۆق ئۆستىڭى | 奴尔干渠 |
| سايباغ ئۆق ئۆستىڭى | 萨依巴格干渠 |
| بوستان ئۆق ئۆستەڭ | 博斯坦干渠 |
| تۆمۈر ئاسما كۆۋرۈك | 铁索桥 |
| جەڭگىۋار ئۆستەڭ ئېلىشبېشى | 战斗渠首 |
| تۇتماق سۇ باشلاش ئۆستىڭى | 托提玛克引洪渠 |
| خەلق ئاۋىئاتسىيە ئۆستىڭى | 民航渠 |
| چىرا - بويا بېشى تاشيولى | 策布公路 |
| چىرا - كېرىيە تاشيولى | 策于公路 |
| چىرا - چاقا تاشيولى | 策恰公路 |
| چىرا - نۇرى تاشيولى | 策奴公路 |
| چىرا - بوستان تاشيولى | 策博公路 |
| قاقشاللىق قۇدۇق | 喀哈夏力克库都克 |
| تەتۈر كۆل قۇدۇق | 台吐尔库勒都克 |
| تامۇق قۇدۇق | 塔木克库都克 |
| چاكاندىلىق قۇدۇق | 恰坎地勒克库都克 |
| قىشلاق قۇدۇق | 克什拉克库都克 |

## چىرا ناھىيىسىدىكى بىر قىسىم تەبىئىي جۇغراپىيىلىك گەۋدىلەرنىڭ نامى
## 策勒县部分自然地理实体名称

| | |
|---|---|
| ئۇقۇلۇقدۆڭ تېغى | 乌库鲁克墩山 |
| يوغاندۆڭ تېغى | 尧干墩塔格山 |
| قاۋانتۇمشۇق تېغى | 喀完土木休克山 |

| | |
|---|---|
| 乌拉其塔格山 | ئۇلاچى تېغى |
| 喀依那能科尼山 | قايىنانىڭ قېڭى تېغى |
| 木孜塔格山 | مۇز تاغ |
| 铁克里克山 | تېكىلىك تېغى |
| 亚门塔格山 | يامۇن تېغى |
| 帕喀塔格山 | پاكار تاغ |
| 亚喀巴格塔格山 | ياقا باغ تېغى |
| 布拉克铁克库勒山 | بۇلاق تېكە كۆل تېغى |
| 尖刀峰 | جيەنداۋفېڭ چوققىسى |
| 塔什乔什开克峰 | تاشچۇشكەك چوققا |
| 阔什喀尔博依纳克达坂 | قوچقاربويناق داۋان |
| 艾格尼博依纳克达坂 | ئىگىنبويناق داۋان |
| 双羊达坂 | جۇپ ئارقار داۋىنى |
| 喀拉库木达坂 | قارا قۇم داۋان |
| 却如勒翁库尔山洞 | چۆرۈل ئۆڭكۈر |
| 依来克博依沟 | ئېلەكبويى |
| 固拉合玛亚沟 | گۇلاخما يا |
| 斯孜互艾肯沟 | سىزما ئېقىن |
| 喀拉苏艾肯沟 | قاراسۇ ئېقىن |
| 达玛沟亚沟 | دامىكۇ يا |
| 普那克亚沟 | پۇناق يا |
| 达玛沟艾肯沟 | دامىكۇ ئېقىن |
| 依力瓦艾肯沟 | يىلۋە ئېقىن |
| 吐孜艾肯沟 | تۇز ئېقىن |
| 阿那斯巴依吉勒尕沟 | ئاناسباي جىلغىسى |
| 库完吉勒尕沟 | قوۋان جىلغا |
| 萨孜喀木艾格孜沟 | ساسكام ئېغىزى |
| 莫尼加克力克沟 | مونجاقلىق |
| 布喀吉勒尕沟 | بۇقا جىلغىسى |
| 乌尊库孜吉勒尕沟 | ئۇزۇنقوزا جىلغىسى |
| 其曼阔勒吉勒尕沟 | چىمەنقول جىلغىسى |

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| 乔姆求库艾格孜沟 | چومچوق ئاغزى |
| 克艾孜吉勒尕沟 | كېڭەز جىلغىسى |
| 托乎提乔克吉勒尕沟 | توختىچوق جىلغىسى |
| 萨里曼吉勒尕沟 | سالمان جىلغىسى |
| 巴尔艾格勒能依来克沟 | بارى ئېغىلنىڭ ئېلكى |
| 喀依那能托热沟 | قايناناڭ تۆرى |
| 阿其克苏吉勒尕沟 | ئاچچىقسۇ جىلغىسى |
| 赛勒吉勒尕沟 | سەل جىلغىسى |
| 阿克也尔吉勒尕沟 | ئاقيەر جىلغىسى |
| 科克尤提吉勒尕沟 | كۆكيۇت جىلغىسى |
| 库都克推孜沟 | قۇدۇقتۇز جىلغىسى |
| 托盖塔什吉勒尕沟 | تۆگەتاش جىلغىسى |
| 库如克吉勒尕沟 | قۇرۇق جىلغا |
| 人字沟 | ئاچال جىلغا |
| 喀其昆其萨依沟 | قاچقۇنچى ساي |
| 乌尊阔勒沟 | ئۈزۈنقول جىلغىسى |
| 策勒河 | چىرا دەرياسى |
| 乌鲁克萨依河 | ئۇلۇغساي دەرياسى |
| 恰哈河 | چاقا دەرياسى |
| 欧吐拉克尔河 | ئوتتۇرا قىر دەرياسى |
| 玉龙河 | يۇلۇڭ دەرياسى |
| 乌坦勒克河 | ئوتانلىق دەرياسى |
| 玉龙克尔河 | يۇرۇڭقىر دەرياسى |
| 亚格拜地河 | ياغ بەردى دەرياسى |
| 哈勒龙河 | ھالىلۇڭ دەرياسى |
| 拉瓦斯河 | لاۋاس دەرياسى |
| 干吉萨依河 | گەنجىساي دەرياسى |
| 乔热河 | چۆرە دەرياسى |
| 乔喀河 | چۆكا دەرياسى |
| 色日克布隆河 | سىرىقبۇلۇڭ دەرياسى |
| 喀拉塔什河 | قاراتاش دەرياسى |

| | |
|---|---|
| قاراقوزا دەرياسى | 喀拉库扎河 |
| ئاقسۇ دەرياسى | 阿克苏河 |
| ئاچچىقسۇ دەرياسى | 阿其克苏河 |
| ئۇلۇغئاچچىق دەرياسى | 乌鲁克阿其克河 |
| كىچىكئاچچىق دەرياسى | 克其克阿其克河 |
| چىچەكلىك دەرياسى | 其切克勒克河 |
| تامچى دەرياسى | 塔米其河 |
| ئېيىغلىق دەرياسى | 艾依格力克河 |
| ئاچچىق بۇلاق دەرياسى | 阿其克布拉克河 |
| لالۇڭ دەرياسى | 拉龙河 |
| بۇزاڭ دەرياسى | 布藏河 |
| نۇرى دەرياسى | 奴尔河 |
| سايباغ دەرياسى | 萨依巴格河 |
| خانيۇت دەرياسى | 汗尼尤提河 |
| ئۆچكۆلۈك دەرياسى | 玉其库鲁克河 |
| قىزىلسۇ دەرياسى | 克孜勒苏河 |
| دالۇڭ دەرياسى | 大龙河 |
| كۆتەل دەرياسى | 科台勒河 |
| سېرىقسۇ دەرياسى | 色日克苏河 |
| كۇراپ دەرياسى | 库拉普河 |
| قارا سۇ دەرياسى | 喀拉苏河 |
| ئاقساي دەرياسى | 阿克萨依河 |
| قاچقۇنچى دەرياسى | 喀其昆其河 |
| چوڭساي دەرياسى | 琼萨依河 |
| ئاراماڭلەي دەرياسى | 阿热忙来河 |
| گۈللۈك دەرياسى | 古鲁克河 |
| ئاتتۇگە دەرياسى | 阿特吐开河 |
| ئارلىقساي دەرياسى | 阿热力克萨依河 |
| قىزىلساي دەرياسى | 克孜勒萨依河 |
| زەيلىك دەرياسى | 再力克河 |
| چوڭكۆل | 琼库勒湖 |

www.uygurkitap.com

| | |
|---|---|
| كىچىككۆل | 克其克库勒湖 |
| توغىتاشتى كۆل | 吐格塔什提库勒湖 |
| مۇزلۇق كۆل | 冰湖 |
| لەيلىكۆلى | 来勒湖 |
| بارئىيغىل بۇلاق | 巴热艾格勒布拉克 |
| ئاچچىقسۇ بۇلاق | 阿其克苏布拉克 |
| قاينا بۇلاق | 喀依那尔布拉克 |
| جەگە دۆڭ بۇلاق | 加格墩布拉克 |
| قۇملۇق | 库木勒克 |
| ئارا قۇم | 阿热库木 |
| قالماقدۆڭ | 喀勒玛克墩 |
| ئۇزۇنياتاق جاڭگال | 乌尊央塔克江尕勒 |
| تۇزلۇقساي | 吐孜鲁克萨依 |
| قۇمسېرىلغان | 库木斯热勒干 |
| تىكە ساقاللىق | 铁克萨喀勒克 |
| داما قىر | 达麻克尔 |
| ئامبال چىققان دۆڭ | 阿木巴里齐坎墩 |
| بۇلاقبېشى | 布拉克贝希 |
| كۆركولمان | 库尔库勒曼 |
| توغرا يول | 托格拉尧勒 |
| جايماخمال | 加依玛合玛勒 |
| توخۇلۇق ئۆۋلىدى | 吐乎鲁克乌鲁迪 |
| قاپاقتېرەك | 喀帕克铁热克 |
| خۇمدانبېشى | 胡木丹贝希 |
| توققۇز خامان | 托库孜哈满 |
| ساتما لەڭگەر | 萨特马兰干 |
| قۇمچاقتى مازار | 库木恰克提麻扎 |
| قۇدۇشقان مازار | 库都西坎麻扎 |
| چوڭكۆلبېشى | 琼库勒贝希 |
| سۇپا لەڭگەر | 苏帕兰干 |
| تۆلۈق | 吐洛克 |

| | |
|---|---|
| 青格里克阿勒迪 | چىڭگىلىك ئالدى |
| 阿热 | ئارا |
| 喀勒铁什麻扎 | قالتىش مازار |
| 也台坎兰代 | يەتتە قەلەندەر |
| 英其开阿尔帕 | ئىنچىكە ئارپا |
| 伯如文 | بېرۇۋۇن |
| 乌台尧勒 | ئۆتە يول |

## چىرا ناھىيىسىدىكى بىرقىسىم ئاسار ئەتىقىلەرنىڭ نامى
## 策勒县部分名胜古迹名称

| | |
|---|---|
| 阿萨乔克吐如希库尔干 | ھاسا جوقتەرەشىد قورغىنى |
| 阿西乔克吐如希库尔干 | ھاشى نوكتەرەشىد قورغىنى |
| 伊麻木加帕尔特兰麻扎 | ئىمامى جەئفىرى تەيران مازىرى |
| 托格拉克麻扎 | توغراق مازار |
| 尧勒琼麻扎 | يۇلچۇن مازار |
| 伊麻木买合德阿合日扎曼麻扎 | ئىمامى مەھدىي ئاخىر زامان مازىرى |
| 托特伊麻木麻扎 | تۆت ئىمام مازىرى |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# كېرىيە ناھىيىسى 于田县

كېرىيە ناھىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەڭ جەنۇبىغا، قاراقۇرۇم تېغى ئوتتۇرا بۆلىكىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. شەرقىي ئۇزۇنلۇق 81°09′~82°51′ ۋە شىمالىي كەڭلىك 35°14′~39°29′ ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ. كېرىيە دەرياسى قاراقۇرۇم تېغىدىن باشلىنىپ، جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ پۈتۈن كېرىيىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. ناھىيە بازىرىنىڭ خوتەن شەھىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 180 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 39 مىڭ 126.14 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، تېرىلغۇ كۆلىمى 397 مىڭ 257 مو، تۈزلەڭلىك 6%، قۇملۇق، چۆل - جەزىرە 62.7%، تاغلىق 31.3%نى تەشكىل قىلىدۇ. ھاۋا كىلىماتى مۆتىدىل قۇرغاق بولغان چوڭ قۇرۇقلۇق خاراكتېرىدىكى قۇملۇق كىلىماتىغا كىرىدۇ، كۈننىڭ يورۇتۇشى يېتەرلىك، يىللىق يېغىندى تېمپېراتۇرا يۇقىرى. ئۇ، تاغدىن ئېرىپ كەلگەن قار سۈيىگە ۋە يەر ئاستىدىن سۇ چىقىرىپ سۇغىرىشقا تايىنىدىغان بوستانلىق يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىي رايونى ھېسابلىنىدۇ. تۇپرىقى مۇنبەت، سۇ بايلىقى مول، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، پىلە - ئۈجمىچىلىك ۋە باغۋەنچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا باب كېلىدۇ.

كېرىيە ناھىيە قارىمىقىدا 13 يېزا، ئىككى بازار، بىر ئىش بېجىرىش باشقارمىسى، 175 كەنت كومىتېتى، 744 كەنت - مەھەللە بار (ئىككى بازار قارىمىقىدا ئالتە ئاھالە كومىتېتى، 29 ئاھالە گۇرۇپپىسى بار). ئاپتونوم رايونلۇق ئەدلىيە نازارىتىنىڭ كېرىيە تۈرمىسى — «قاراخان ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانى» بۇ ناھىيىگە جايلاشقان.

«كېرىيە» — «قېيا»، «قىريا»، «كېيا» سۆزىنىڭ تەلەپپۇز ئۆزگىرىشى بولۇپ، بۇ يەردىكى «ق» تاۋۇشى ئەزەلدىن تۇراقلىق

تاۋۇش. «قىر» نىڭ ‹ئېگىزلىك› ، ‹يېشىللىق، كۆكلەمدانلىق› ؛ «يا» سۆزىنىڭ ‹دەريا، ئېقىن› دېگەندەك مەنىسى بار. ئوخشاشلا «قېرىيە» سۆزىمۇ ئەرەبچە ‹يېزا - ئايماق، مەھەللە - كەنت› دېگەن مەنىگە ئىگە. («كېرىيە» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە مەنىسى توغرىسىدا يەنە مۇشۇ يۈرۈشلۈك كىتابلارنىڭ «ئەپسانە - رىۋايەت، چۆچەكلەر (تاللانما)» تومىغا قاراڭ).

كېرىيە ئەڭ قەدىمكى يۇرتلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى ئۇزۇنتات بەگلىكىنىڭ پايتەختى ئىدى. كېيىن قۇرۇلغان ئۇدۇن بەگلىكىگە قوشۇلۇپ كەتكەن. ئۇدۇن بەگلىكى ئۇ چاغلاردا كېرىيە، لوپ، ئىلچى، چىرا، قاراقاشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. كېرىيە مۇھىم قاتناش تۈگۈنى بولۇپ، بۇ جايدىن شەرققە ماڭسا چەرچەنگە، شىمالغا ماڭسا كېرىيە دەرياسىنى بويلاپ كۇچاغا، جەنۇبقا ماڭسا كېرىيە دەرياسىنى بويلاپ كېرىيە تاغ ئېغىزى ئارقىلىق تىبەت ۋە ھىندىستانلارغا، غەربكە ماڭسا قەشقەرگە بارغىلى بولاتتى.

مىلادىيە 1859 - يىلى چىڭ سۇلالىسى كېرىيىگە تۇنجى ھاكىمبەگ تەسىس قىلغان. 1882 - يىلى كېرىيە ناھىيىسى تەسىس قىلىنغان. ئامبال مەھكىمىسى دەسلەپتە قاراقاشتا بولۇپ، كېيىن كېرىيىگە كۆچۈرۈلگەن. ئەينى چاغدا بۇ ناھىيە چىرا، كېرىيە، نىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئۇ چاغدا 17 مىڭ 979 ئائىلە — 97 مىڭ 806 نوپۇس بار ئىدى. 1986 - يىلىدىكى مەلۇماتتا بۇ ناھىيىدىكى 12 يېزا، ئىككى بازاردا 161 مىڭ 800 كىشى ياشايتتى.

ھازىر كېرىيە ناھىيىسىدە ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، 52 مىڭ 841 ئائىلە — 221 مىڭ 483 نوپۇس بار.

كېرىيە ناھىيىسىنىڭ يەر شەكلى جەنۇب تەرىپى ئېگىز، شىمال تەرىپى پەس، جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 471.7 كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى تەخمىنەن 124.6 ~ 122 كىلومېتىر، جەنۇب بىلەن شىمالنىڭ ئېگىزلىك پەرقى 3500 مېتىر كېلىدۇ، پۈتكۈل يەر شەكلى يانتۇ. گېئولوگىيىلىك قۇرۇلمىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغانلىقتىن، جەنۇبتىن شىمالغىچە بولغان ئارىلىقتا-

ئۇيغۇر كىتاب تورىستى www.uyghurkitap.com

ـا ئېگىز تاغ، تاغ ئالدى تەرىپىدە چۆل - جەزىرە، يانتۇ تۈزلەڭلىك، قۇملۇق ھەمدە تېپىك مۇزلۇق، تولۇق يەر، يانار تاغ، قۇملۇق قاتارلىقلار شەكىللەنگەن. تىنىما لاتقىلاردىن شەكىللەنگەن دېلتا بەلۋېغىدا قومۇش، يۇلغۇن، توغراق قاتارلىق ئۆسۈملۈك يېپىنچىسى بار، باشقا يەرلەرنىڭ ھەممىسى قۇملۇق.

قاراقۇرۇم تاغ تىزمىسى كېرىيە ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىنى كېسىپ ئۆتۈپ، غەربىي جەنۇبتىن شەرقىي شىمالغا سوزۇلىدۇ. ناھىيە تەۋەلىكىدىكى شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 90 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 85 كىلومېتىر كېلىدۇ، بۇ جايلار قاراقۇرۇم تېغىنىڭ ئوتتۇرا كەسمىسىگە توغرا كېلىدۇ، ئۇ، ئۆستەڭ تاغ تىزمىسى ۋە قاشتاش تاغ تىزمىسىدىن شەكىللەنگەن.

ناھىيە تەۋەسىدە چوڭ - كىچىك 11 دەريا بولۇپ، ھەممىسى ئىچكى قۇرۇقلۇق دەرياسى، كۆپ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى 996 مىليون 800 مىڭ كۇب مېتىر، پايدىلانغىلى بولىدىغان بەش دەريانىڭ يىللىق ئېقىن مىقدارى 961 مىليون كۇب مېتىر.

كېرىيە دەرياسى قاراقۇرۇم تېغىنىڭ كېرىيە تاغ ئېغىزىدىن باشلىنىدۇ. ئۇ ئاتامسۇ دەرياسى، ئاقسۇ دەرياسى، ئاقتىساي دەرياسى، كۇراپ دەرياسى، قاشتاش دەرياسى قاتارلىق 12 ئارماق ئېقىننىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان. ئۇ يېپار، لوش، پولو، باشلاپقا، ئارال، يېڭىئېرىق، كۆكيار، كېرىيە، بەگ مەھەللە، ھەسىنتىم، مىرسالى، توغراق ئېغىللاردىن ئۆتۈپ تەكلىماكان قۇملۇقىغا سىڭىپ كېتىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 438 كىلومېتىر. ۋادا كۆلىمى 7358 كۋادرات كىلومېتىر، دەريا قىنىنىڭ كەڭلىكى 20 مېتىردىن 150 مېتىرغىچە، ئومۇمىي ۋادىسىنىڭ ئوتتۇرىچە تۆۋەنلەپ بېرىشى 1/291 گە توغرا كېلىدۇ. سۇ مىقدارى جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ پەيدىنپەي ئازلاپ بارىدۇ. كۆپ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى سېكۇنتىغا 22.15 كۇب مېتىر، كۆپ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى 699 مىليون 20 مىڭ كۇب مېتىر بولۇپ، بۇ پايدىلىنىشقا بولىدىغان بارلىق سۇ مىقدارىنىڭ 76.08% نى تەشكىل قىلىدۇ. دەرياغا يىللىق، پەسىللىك سۇ كېلىش مىقدارىدىكى پەرق چوڭ. يىللىق ئېقىن

مىقدارى ئەڭ كۆپ بولغاندا بىر مىليارت 76 مىليون كۇب مېتىر، ئەڭ ئاز بولغاندا 525 مىليون كۇب مېتىر، ئەڭ چوڭ كەلكۈن سېكۇنتىغا 780 كۇب مېتىر، ئەڭ ئاز كەلكۈن سېكۇنتىغا 2.25 كۇب مېتىر بولىدۇ، سۇنىڭ تۆت پەسىلدە كېلىشى ئوخشاش ئەمەس، ئەتىياز پەسىلدە 11.7% نى، ياز پەسىلدە 66.5% نى، كۈز پەسىلدە 14.7% نى، قىش پەسىلدە 7.1% نى تەشكىل قىلىدۇ. سۇ مەنبەسى جەھەتتە قار سۈيى 67% نى، يەر ئاستى سۈيى 19% نى، يامغۇر سۈيى 14% نى تەشكىل قىلىدۇ. ھەر كۇب مېتىر سۇدىكى قۇم مىقدارى 4.7 كىلوگرام.

تومىيا دەرياسى دېڭىز يۈزىدىن 4000 مېتىر ئېگىز بولغان ئوتتۇرا تاغ بەلۋېغىدىن باشلىنىپ، 12 كىلومېتىر ئېقىپ، ئىككى تارماققا ئايرىلىدۇ، غەربىي تارماق ئويتوغراق يېزىسىغا تۆت پەسىل ئۈزۈلمەي ئاقىدۇ. يېسىيۇلغۇن كەنتىگە قاراپ ئاققان شەرقىي تارماقنىڭ كەلكۈن مەزگىلىدە سۇ مىقدارى بىر قەدەر كۆپ بولىدۇ، قىش پەسىلدە سۇ ئۈزۈلۈپ قالىدۇ.

پىشكە دەرياسى تومىيا دەرياسىنىڭ غەربىدىن 24 كىلومېتىر يىراقلىقتا بولۇپ، قاراتاش تېغىنىڭ شەرقىي قىسمىدىن باشلىنىدۇ. سۇ مىقدارى تۇراقلىق ئەمەس، ياز، كۈز پەسىلدىكى كەلكۈن سۇ مىقدارى بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، ئاساسلىقى ئاتچان يېزىسىنىڭ پىشكە كەنتى سۇغىرىلىدۇ.

ئاتچان دەرياسى ئاتچان تېغىدىن باشلىنىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى سېكۇنتىغا 1.54 كۇب مېتىر، يىللىق ئېقىن مىقدارى 48 مىليون 500 مىڭ كۇب مېتىر بولۇپ، ئەتىياز پەسىلدە 9.46% نى، ياز پەسىلدە 82.62% نى، كۈز پەسىلدە 7.48% نى، قىش پەسىلدە 0.43% نى تەشكىل قىلىدۇ، ئاساسلىقى ئاتچان، قارافۇرۇم، تەسكەنلىك كەنتىگە ئېقىپ بارىدۇ.

كۆللەردىن: (1) ئۇرايىمكۆل. ئويمانلىقنىڭ غەربىگە جايلاشقان، ئارقىسىدا مۇزتاغ بار. كۆلنىڭ ئۇزۇنلۇقى 10 كىلومېتىردىن كۆپرەك، كۆلىمى 11.2 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، تاسما شەكىلدە، چوڭقۇرلۇقى 0.9 مېتىر، ئەڭ چوڭقۇر يېرى تەخمىنەن ئۈچ

مېتىر كېلىدۇ. ھەر يىلى 10 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مۇز توڭلايدۇ. مۇز قېلىنلىقى 0.6 مېتىردىن ئىككى مېتىرغىچە كېلىدۇ، سۈيىنىڭ سۈپىتى ياخشى، ئىچىشكە بولىدۇ. كۆل يۈزى جەنۇبتىن شىمالغا يانتۇ شەكىلدە، كۆلگە 10 يەردىن قار سۈيى كىرىدۇ، تاغ ئالدىدىن كۆل ياقىسىغىچە بولغان ئۈچ كىلومېتىردىن تۆت كىلومېتىرغىچە بولغان ئارىلىقتا تەكشى تاشلىق، چۆل - جەزىرە، چاتقاللار بار. كۆل ئەتراپىدا لاتقا يەرلەر ۋە شىزاڭغا بارىدىغان قەدىمكى يول بار. ھاۋاسى شالاڭ، كىلىماتى كۆپ ئۆزگىرىدۇ. ئېگىز تاغ ئېكسپېدىتسىيە مەنزىرە ساياھەت رايونى قۇرۇشقا بولىدۇ.

(2) ئۇلۇغكۆل. ئۇزۇنلۇقى سەككىز كىلومېتىر، ئەڭ كەڭ يېرى ئۈچ كىلومېتىر، كۆلىمى 14.84 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. جەنۇب تەرىپى ئېگىز تاغقا يېقىن، شىمال تەرىپى ئېدىرلىق، كۆل بىر قەدەر چوڭقۇر بولۇپ، چوڭقۇرلۇقى 20 مېتىر كېلىدۇ، ئەڭ چوڭقۇر يېرى 38 مېتىر كېلىدۇ، كۆلگە غەربىي جەنۇب ۋە شەرقىي شىمال تەرەپتىكى بۇلاقتىن سۇ كىرىدۇ، سۈيى تاتلىق، ئىچىشكە بولىدۇ. كۆلگە ئۇلاغ بىلەن كەلگىلى بولىدۇ.

(3) كىچىك كۆل. ئۇلۇغ كۆلگە يېقىن، يولو دەرياسىنىڭ مەنبەسى بولۇپ، كۆلىمى 11.5 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. شەرقتىن غەربكە تاسما ھالەتتە سوزۇلغان، ئوتتۇرىچە چوڭقۇرلۇقى 1.88 مېتىر، ئەڭ چوڭقۇر يېرى 12 مېتىر كېلىدۇ، سۈيى تۇزلۇق، غەرب تەرىپىدە تۆت كىچىك كۆل بولۇپ، سۈيى تاتلىق، شىمالىي تەرىپى يىل بويى قار قاپلىنىپ تۇرىدىغان ئېگىز تاغ. جەنۇب تەرىپىدە يانار تاغ ئېدىرلىقلىرى ۋە يەنە شەكلى ئىنتايىن چىرايلىق يانار تاغلار بار. كۆل ئەتراپى خىلمۇخىل ياۋايى ئوت - چۆپلەر بىلەن قاپلانغان. بۆرە كۆپ. ئېگىز تاغ مەنزىرىسى ساياھەت رايونى قۇرغىلى بولىدۇ.

كېرىيە ناھىيىسىدە يەنە تۈزلەڭلىك سۇ ئامبىرىدىن 13 ى، تاغلىق رايون سۇ ئامبىرىدىن بىرسى بار. قاراقىر، لايسۇ، باشكۆل، بوستان، يېڭىباغ، توقچاق، يوغانتوغراق بۇلىقىدىن ئىبارەت ئاساسىي بۇلاقلار بار.

كېرىيە ناھىيىسىنىڭ يەر شەكلى، يەر تۈزۈلۈشى، تاغ جىنسلىرد-

www.uyghurkitap.com

نىڭ قۇرۇلمىسىغا ئاساسەن، يەر ئاستى ئېقىن بەلۋېغى، سۇ سىزىپ چىقىش بەلۋېغى، يەر ئاستى سۈيىنىڭ تارقىلىپ يوقىلىش بەلۋېغىدىن ئىبارەت ئۈچ يەر ئاستى سۇ رايى بەلۋېغىغا بۆلۈنىدۇ. بۇ بەلۋاغلارنىڭ (1) جەنۇبىي قىسمىدىكى سوغۇق ئېگىز تاغ رايونىنىڭ كۆلىمى 10 مىڭ 204 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئۇنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3300 مېتىردىن ئوشۇق. ئاساسلىق چوققىسى — مۇزتاغ چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 6920 مېتىر ئېگىز؛ (2) تاغ باغرىدىكى ئېدىرلىق 2148 كۋادرات كىلومېتىر؛ (3) ساي 3382.6 كۋادرات كىلومېتىر؛ (4) ئوتتۇرا قىسمى تىنما تۈزلەڭلىك. بۇ ئاساسلىق دېھقانچىلىق رايونى بولۇپ، تەخمىنەن 25 مىڭ 267 گېك-تار كېلىدۇ، ئومۇمىي تېرىلغۇ يەرنىڭ 91.3%نى تەشكىل قىلىدۇ؛ (5) شىمالىدىكى قۇملۇق 21 مىڭ 428.4 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. قىروسىز مەزگىلى 174 كۈن.

كېرىيە دەرياسى جىلغىسىدا ئۈلار بار، ئۇ كەم ئۇچرايدىغان قوغ-دىلىدىغان قۇشلار قاتارىغا كىرىدۇ. دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن: ھىمالايا شېقىلدىقى (3400 ~ 5500 مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئېگىز تاغ جىلغى-سىدا ۋە مۇز، قار بولغان نەملىك يەرلەردە ئۆسىدۇ)، قوچاق قول (دېڭىز يۈزىدىن 3300 ~ 1500 ئېگىزلىكتىكى دەريا جىلغىسىنىڭ نەملىك ئاز بولغان جايلىرىدا ۋە تاغنىڭ تەسكەي تەرىپىدە ئۆسىدۇ)، چۈچۈكبۇيا (دەريا ساھىلى بەلۋېغىدا ئۆسىدۇ)، مامكاپ، پاقا يوپۇرمىقى (دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى ئازگال، قىر، تېرىلمىغان يەرلەردە ئۆسىدۇ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ)، توشقان زەدىكى (ئۇ ئاساسلىقى دەريا بويى يېزىسىدىكى يۇلغۇنلۇق، چاتقاللىق ئارىسى-دىن چىقىدۇ)، چاكاندا (تاغ ئالدىدىكى چۆل - جەزىرىدە ئۆسىدۇ) قاتارلىقلار بار.

كېرىيە ناھىيىسىنىڭ جەنۇب تەرىپىگە جايلاشقان قاراقۇرۇم تاغ رايونلىرىدا قاشتېشى، ئالتۇن، مىس، خرۇستال، تاشپاختا، كۆمۈر، تۆمۈر، گۈڭگۈرت، گەج، چىرىمتال قاتارلىق كۆپ خىل كان بايلىقى مول. ئالماس، سەيدىقۇرام، ئىگىلەڭگۇ، خانيايلاق، چىغانكۆل قاتار-لىق جايلاردىن قاشتېشى چىقىدۇ. ئالماس كان قاشتېشىنىڭ سۈپىتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئەڭ ياخشى، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا داڭقى بار. قاشتېشى چىقىدىغان كانلارنىڭ ھەممىسى ناھىيە بازىرىغا 150 كىلومېتىر يىراق بولغان دېڭىز يۈزىدىن 4500 مېتىر ئېگىزلىكتىكى قاراقۇرۇم تېغىدا. يوللىرى خەتەرلىك، ھاۋا كىلىماتى كۆپ ئۆزگىرىدۇ، ھەر يىلى پەقەت 6 ـ، 7 ـ، 8 ـ ئايدا ئېچىشقا بولىدۇ.

خرۇستال ئويتوغراق يېزىسىنىڭ تۇميا كەنتىدىكى تاغدىن چىقىدۇ. كېرىيە ناھىيىسىنىڭ قاشتېشى كانىدىن 1959 ـ يىلى بىرىنچى قېتىم قېزىلغان خرۇستال 300 كىلوگرامدىن كۆپرەك، ئىككىنچى قېتىم 1962 ـ يىلى قېزىلغان خرۇستال 200 كىلوگرام ئەتراپىدا بولۇپ، رەڭگى جۇلالىق، سۈپىتى ئەلا ئىدى.

ئالتۇن كېرىيە دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى چىغانكۆل ئەتراپىدىن چىقىدۇ، ئۇ يەرگە ھەر يىلى 4 ـ ئايدىن 9 ـ ئايغىچە ئالتۇن تاسقايدىغانلار دائىم بارىدۇ.

كېرىيە ناھىيىسىنىڭ قاتنىشى راۋان بولۇپ، 315 ـ دۆلەت تاشيولى ناھىيە چېگرىسىنى كېسىپ ئۆتۈپ غەربتە خوتەنگە تۇتىشىدۇ، شەرقتە نىيا ناھىيىسىگىچە يېتىپ بارىدۇ. كېرىيە ناھىيىسى ئالاھىدە تەبىئىي مەنزىرە، ئىپتىدائىي ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ۋە قويۇق تارىخىي مەدەنىيەت بىر گەۋدە قىلىنغان مول ساياھەتچىلىك بايلىقى ئەۋزەللىكىگە ئىگە. شىمال تەرىپىدىكى قۇملۇقلاردا ئېكسپېدىتسىيە قىلغىلى، جەنۇبتا قۇرۇم تاغلىرىغا ياماشقىلى بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ جايلار «جۇڭگو ئېكسپېدىتسىيە ساياھەتچىلىك يېزىسى» ۋە «توشقانزەدىكى ماكانى» دەپ نام ئالغان. «دۇنيا قۇملۇق ساياھەتچىلىكى مەنزىرىسىدە ئەڭ» دەپ نام ئالغان كېرىيە دەريا بويى يېزىسىدا «ئۆلۈم دېڭىزى» نىڭ ھەيۋەتلىك مەنزىرىلىرى ۋە قاتمۇقات قۇم بارخانلىرىنىڭ ئاجايىب كۆرۈنۈشلىرى ۋە قويۇق مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت ئالاھىدىلىكلىرى قوشۇلۇپ كەتكەن. ھەيۋەتلىك قۇرۇم تاغلىرىدا جىمىرلاپ تۇرغان كۆللەر، مۇزلۇقلار، يانار تاغلار، ئارشاڭلارنىڭ تەبىئىي مەنزىرىسى كىشىگە ھۇزۇر بېرىپلا قالماستىن، يەنە ئېگىز تاغدىكى يېزا ـ قىشلاقلارنىڭ قەدىمكى تۇرمۇش ئادەتلىرىدىن ھۇزۇرلانغىلى بولىدۇ. قەدىمىي قارا دۆڭ خارابىسى، يىراق قەدىمىي «يىپەك يولى» كىشىلەرنىڭ

قەدىمىيلىكىنى قىزىقىپ زىيارەت قىلىدىغان ياخشى جايغا ئايلانغان.
تۆۋەندە كېرىيە ناھىيىسى تەۋەلىكىدىكى يېزا - بازارلارنىڭ مەمۇرىي، جۇغراپىيىلىك ئەھۋاللىرى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلىدۇ.

## مۇغاللا بازىرى 木尕拉镇

مۇغاللا بازىرى كېرىيە ناھىيە بازىرىغا جايلاشقان بولۇپ، كېرىيە ناھىيىسىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، سودا، مەدەنىيەت مەركىزى ھېسابلىنىدۇ. ج ك پ كېرىيە ناھىيىلىك كومىتېتى، خەلق قۇرۇلتىيى كېرىيە ناھىيىلىك كومىتېتى، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى، سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى كېرىيە ناھىيىلىك كومىتېتى قاتارلىق ئورگانلار، ناھىيىگە قاراشلىق ئىدارە - بۆلۈملەر، كەسپىي ئورۇنلار، مەكتەپلەرمۇ مۇشۇ بازاردا.
مۇغاللا بازىرى شەرقى ئارال يېزىسى ۋە كېرىيە دەرياسى بىلەن، جەنۇبى ئارال، كۆكيار يېزىلىرى بىلەن، غەربى جاي يېزىسى بىلەن، شىمالى بوستان شاللىق رايونى، قاراخان دېھقانچىلىق مەيدانى ۋە يېڭىباغ يېزىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. 315 - دۆلەت تاشيولى بۇ بازارنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ. زېمىنى كەلكۈن لاتقا تۈزلەڭلىكى بولۇپ، غەربىي جەنۇبتىن شەرقىي شىمالغا يانتۇ، يانتۇلۇق دەرىجىسى 1/243، جەنۇبىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1429 مېتىر، شىمالىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1367.5 مېتىر، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1420 مېتىر. كىلىماتى تىپىك مۆتىدىل قۇرغاق رايون، تۆت پەسىل روشەن ئايرىلىدۇ. ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.7℃، ئوتتۇرىچە ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا 5.8℃-، ئوتتۇرىچە ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 25℃، ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 44.7 مىللىمېتىر، ئوتتۇرىچە شامال كۈچى 1.8 بال، پۈتۈن يىللىق قىروسىز مەزگىل 213 كۈن، قۇياش نۇرىنىڭ چۈشۈش مەزگىلى كۆپ، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ.
رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇرۇنقى زاماندا موڭغۇللار بۇ يۇرتنى ئىس-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ـتىپلا قىلىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن بولۇپ، موغۇل چېرىكلىرى كېرىيە بازىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدا ئولتۇراقلىشىپ، دېھقانچىلىق قىلغان ئىكەن. موغۇل ھاكىمىيىتى يىمىرىلگەندە، كېرىيىگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان موغۇللار ئاللىقاچان يەرلىكلىشىپ كەتكەن ئىكەن. شۇڭا بۇ كەنت «موغۇللا» دەپ ئاتىلىپ، كېيىنچە «مۇغاللا» بولۇپ قالغانىكەن.

ھازىرقى مۇغاللا بازىرى مىنگونىڭ 27 - يىلى (1938 - يىلى) كېرىيە ناھىيىسىنىڭ 3 - رايونى بولغان، مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) يۈز بېشىلىق تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندا، شەھەر ئاھالىلار رايونى مەركىزىي بازار ( 中心镇 )، تىنچلىق بازىرى ( 和平镇 )، شىگروك بازىرى ( 兴荣镇 )؛ يېزا - كەنتلەردە يوڭفېڭ يېزىسى ( 永丰乡 )، يوڭشياڭ يېزىسى ( 永享乡 ) تەسىس قىلىنغان. 1951 - يىلى شەھەر ئاھالىلار رايونى مۇغاللا بازىرى، يېزا - كەنتلەر ئۈچ يېزا قىلىپ قۇرۇلغان. 1953 - يىلى بۇ جايلاردا كېرىيە ناھىيىسىنىڭ 3 - رايونى ۋە مۇغاللا بازىرى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. 1958 - يىلى خەلق كوممۇنىسى قۇرۇلۇپ، بازار رايونى بىرلەشتۈرۈلۈپ، «يېڭى ئاۋاز كوممۇنىسى» دەپ نام بېرىلگەن. 1980 - يىلى يەر نامىلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە «قاچۇن كوممۇنىسى» دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984 - يىلى مۇغاللا بازىرى قۇرۇلۇپ، جاي يېزىسى ئايرىۋېتىلگەن. 1996 - يىلى كونا شەھەر رايونى ئىش بېجىرىش باشقارمىسى قۇرۇلۇپ، مۇغاللا بازىرىدىن ئايرىۋېتىلگەن.

ھازىر مۇغاللا بازىرىنىڭ 17 مەمۇرىي كەنتى — 77 مەھەللىسىدە (ئاھالە گۇرۇپپىسىدا) 5398 ئائىلە — 21 مىڭ 277 نوپۇس بار. ئاھالىسى دېھقانچىلىقنى ئاساس، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، باقمىچىلىق، سودا - تىجارەتنى قوشۇمچە قىلىدۇ، بوستان شاللىق رايونىدا شالچىلىق نۇقتىسى بولۇپ، «بوستانتۈز» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا كېرىيە دەرياسى بويىدىكى ھاسا، ياغىلاق، قالۇق قاتارلىق جايلاردا شالچىلىق نۇقتىلىرى بار.

بوستان شاللىق رايونىدا مۇغاللىغا تەۋە «يېشىلكۆل» قاتارلىق تەبىئىي قومۇش كۆللىرى بولۇپ، بورا قومۇشى ۋە يېكەن چىقىدۇ،

قوشۇمچە بېلىق بېقىلىدۇ. «يېشىلكۆل» بويىدا تارىخى 200 يىلدىن ئاشىدىغان «يۇلغۇن پادىشاھى» دەپ نام ئالغان بىر تۈپ يۇلغۇن دەرىخى بار.

كېرىيە تەۋەسىدىكى «قەمبىرۇللا»، «پەلۋانىم»، «مەۋلانىم»، «مۇقام ئاتا»، «كۆتىرەم» قاتارلىق داڭلىق مازارلار بۇ بازار تەۋەسىدە. مۇغاللا بازىرىغا قاراشلىق باش قاچۇن توغرىسىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «مىلادىيە 11 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كېرىيىدە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئۈچۈن كۆچۈرۈلگەن ئاھالىنىڭ بىر قىسمى ‹قارا قوۋچىن› ياكى ‹قوچىن›، ‹قوچۇن› دەپ ئاتالغان قوۋم ئىدى. بۇلار كېرىيىنىڭ شىمالىدا بوزلۇق ئاچقان، قاراخانىيلار ئاچتۇرغان بۇ بوزلۇق ‹قاراخان قېيىرى› دەپ ئاتالغان. ئەنە شۇ قوۋم — ‹قوچۇن›، ‹قوۋچىن› تەلەپپۇزدا ‹قاچۇن› بولۇپ كەتكەن. ‹ھەفتە ئىقلىم› دېگەن جۇغراپىيە كىتابىدا يېزىلىشىچە، قەشقەر ئاھالىسى ۋە قوشۇنىنىڭ ئىككىنچى تەبىقىسى ‹قوچۇن› — ‹قوچىن› دەپ ئاتىلىدىكەن، شۇنىڭدەك لوپنۇردىمۇ ‹قاراقوشۇن› دەپ ئاتىلىدىغان قوۋم ياشىغان، بۇلارمۇ ‹قاراقوچۇن› بولۇشى ئېھتىمال» («بۇلاقتىن بىر ئوتلام» ئىمىن تۇرسۇن ‹قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2000 - يىل 6 - ئاي نەشرى› دىن). ئۇنىڭدىن باشقا «قارلۇق»لار نامى بىلەن ئاتالغان جاي ئىسىملىرىمۇ، قاراخانىيلارنىڭ ئالدىن يۆتكەپ كېلىنگەن قوشۇنلىرى ئىچىدە قارلۇق قەبىلىسىدىن كەلگەن ۋە بارا - بارا يەرلىكلىشىپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ بۇ جايدا ياشاپ كۆپەيگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. «قاچۇن ئۆستەڭ» ۋە «قارلۇق ئۆستەڭ» دېگەن ئىككى سۇغىرىش مۇئەسسەسى نامىمۇ، بۇ جايلارغا ئالدىن يۆتكەپ كېلىنگەن مۇشۇ قارا قوچۇن، قارلۇق قەبىلە كىشىلىرىنىڭ ئۆستەڭ ئېلىپ، بوز ئاچقانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ئېتنىك ۋە جۇغراپىيىلىك پاكىتلارنىڭ بىرىدۇر.

ئۇنىڭدىن باشقا، مەۋلانە ئەبۇ مۇھەممەد ھەسەن شېرىنىڭ «زەبدەتول ئەخبار» (خەۋەرلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى) ناملىق تارىخىي كىتابىنىڭ 272 - بېتىدە «يەركەندە تۆت خىل خەلق ياشايتتى. بىرىنچىسى «تۇمان» بولۇپ، بۇ ئومۇمىي پۇقرادىن ئىبارەت ئىدى؛ ئىككىنچىسى

www.uyghurkitap.com

«قوچىن» ئىدى. بۇلار ھەربىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان لەشكەرلەر ئىدى؛ ئۈچىنچىسى «ئايماق» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، تىجارەت بىلەن مەشغۇل ئىدى؛ تۆتىنچىسى «ئەرباب» دەپ ئاتىلاتتى. بۇلار پەقەت خانلىقنىڭ مەمۇرىي، دىن ۋە باشقا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىناتتى» دەپ بايان قىلىنغان.

بۇلار ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك تارىخىي بايانلاردىن قارىغاندىمۇ «باشقاچۇن» دىكى قاچۇنلىقلار قۇبلاي دەۋرىدىكى قانلىق ۋەقەلەردىن كېيىن، كېرىيىگە كۆچۈپ كەلگەن قوچىنلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىدۇر.

يەرلىكلەرنىڭ قارىشىچە، باشقاچۇن كەنتىنىڭ بورىچى مەھەللىسىدە بۇنىڭدىن 340 يىللار ئىلگىرى ئىراندىكى پارسلارنىڭ ئىپتالىت قەبىلىسىدىن كۆچۈپ كەلگەن كىشىلەر مەركەزلىك ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ھازىر پۈتۈنلەي ئۇيغۇرلىشىپ كەتكەن. ئۇلار بورىچىلىقنى ئاساسىي كەسىپ قىلىدۇ.

## مۇغاللا بازىرى تەۋەلىكىدىكى مەمۇرىي كەنت ۋە ئاساسلىق تەبىئىي كەنتلەرنىڭ نامى
## 于田县木尕拉镇行政村和自然村名称

| | |
|---|---|
| باش قاچۇن كەنت كومىتېتى | 巴什喀群村委会 |
| كۆتىرەم مەھەللە | 科提热木买里 |
| نايىپ مەھەللە | 那依甫买里 |
| باي مەھەللە | 巴依买里 |
| گۇزە كەنت كومىتېتى | 古再村委会 |
| گۇزە | 古再 |
| قاراڭغۇساي | 喀让古萨依 |
| داۋانبېشى | 达坂巴什 |
| داۋزىيا | 达吾孜亚 |
| ئارامۇقام كەنت كومىتېتى | 阿热木喀木村委会 |
| مازارئېرىق | 麻扎艾日克 |

| | |
|---|---|
| يارباغ | 亚巴格 |
| چۆگەئېرىق | 曲盖艾日克 |
| مۇغا كۆلبېشى كەنت كومىتېتى | 木尕库勒巴什村委会 |
| قىرىقئېرىق | 克日格艾日克 |
| چۆگەئېرىق | 曲盖艾日克 |
| ئاراموقام | 阿热木喀木 |
| ھاجى مەھەللە كەنت كومىتېتى | 阿吉买里村委会 |
| قاغا مەھەللە | 喀尕买里 |
| جىلغا | 吉勒尕 |
| ماياقكۆلبېشى | 玛依克库勒巴什 |
| ئۆستەڭئۇچى كەنت كومىتېتى | 吾斯唐吾其村委会 |
| ئۆستەڭئۇچى | 吾斯唐斯吾其 |
| باغقۇم | 巴格库木 |
| كوڭكا كەنت كومىتېتى | 空喀库木村委会 |
| كوڭكا مازار | 空克麻扎 |
| كۆكەرىن كەنت كومىتېتى | 库开仁村委会 |
| بوستان كەنت كومىتېتى | 博斯坦村委会 |
| بوستان | 博斯坦 |
| مۇغاللا كەنت كومىتېتى | 木尕拉村委会 |
| كوشۇك مەھەللە | 库休克买里 |
| قوش مەھەللە | 库什买里 |
| تايلاق مەھەللە | 塔依拉克买里 |
| ئەندە كۆلبېشى كەنت كومىتېتى | 安得库勒巴什村委会 |
| چوڭقۇر ئېرىق | 琼库尔艾日克 |
| ھال كەنت كومىتېتى | 阿勒村委会 |
| شۈرەك مەھەللە | 休日克买里 |
| پاتائېغىل | 帕塔艾格勒 |
| قوشيۇلغۇن | 润希尤勒滚 |
| تۇگمەن كۆچا كەنت كومىتېتى | 吐格曼润恰村委会 |
| مۇتاق مەھەللە | 木塔里买里 |

| | |
|---|---|
| تۈگمەن كۆچا | 吐格曼润恰 |
| يېڭىچەكە ئېرىق كەنت كومىتېتى | 英其开艾日克村委会 |
| چۆجە مەھەللە | 曲吉买里 |
| سودىگەر مەھەللە | 索提盖买里 |
| ئاستىنئۆي كەنت كومىتېتى | 阿斯延乌依村委会 |
| ئاچايا | 阿其亚 |
| چاقار | 恰喀 |
| قارامان كەنت كومىتېتى | 喀日曼村委会 |
| مەدرىس ئالدى | 买提日斯阿勒迪 |
| سۆگەتئېرىق | 苏盖提艾日克 |
| ئاياغقاچۆن كەنت كومىتېتى | 阿亚克喀群村委会 |
| پۇچاق مەھەللە | 普恰克买里 |
| كۆگەك مەھەللە | 库盖克买里 |
| كۆكبېشى مەھەللە | 科克巴什买里 |
| سېرىق مەھەللە | 色日克买里 |

## شەنبەبازار بازىرى 先拜巴扎镇

شەنبەبازار بازىرى كېرىيە ناھىيە مەركىزىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان بولۇپ، بازارلىق ھۆكۈمەت ئارىش (بۇرۇنقى يامۇل ئېرىق) كەنتىگە جايلاشقان، ناھىيە مەركىزىگە 15 كىلومېتىر. 315 - دۆلەت تاشيولى بۇ بازارنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ. شەنبە بازاربازىرىنىڭ جەنۇبى لەنگەر يېزىسى بىلەن، شەرقىي جەنۇبى كۆكيار يېزىسى بىلەن، شەرقىي شىمالى ۋە شىمالى سىيەك يېزىسى بىلەن، غەربى توغراغاز يېزىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. زېمىنى كەلكۈن لاتقا تۈزلەڭلىك بولۇپ، غەربىي جەنۇبتىن شەرقىي شىمالغا يانتۇلۇق دەرىجىسى 1/216، جەنۇبىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1490 مېتىر، شىمالىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1416.5 مېتىر، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1453 مېتىر. كىلىماتى تىپىك مۆتىدىل قۇرغاق رايون،

تۆت پەسىل روشەن ئايرىلىدۇ. ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.7℃، ئوتتۇرىچە ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا 5.8℃-، ئوتتۇرىچە ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 25℃، ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 44.7 مىللىمېتىر، ئوتتۇرىچە شامال كۈچى 1.8 بال، پۈتۈن يىللىق قىروسىز مەزگىل 213 كۈن. قۇياش نۇرىنىڭ چۈشۈش مەزگىلى كۆپ، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى يۇقىرى.

بۇرۇنقى دەۋرلەردىن باشلاپ، ھازىرقى قاراتۇرۇن كەنتىنىڭ شەرقىي شىمالى، كۆكمەت كەنتىنىڭ جەنۇبىدىكى شورلۇقتا ھەر ھەپتىنىڭ شەنبە كۈنى بازار بولغاچقا «شەنبە بازار» دەپ ئاتالغان. شەنبە بازار بازىرىنىڭ مەكتەپ كەنتى تەۋەسىدە قەدىمىي شەھەر سېپىلىنىڭ قالدۇق قىسمى بار.

بۇ زېمىن مىنگونىڭ 27 - يىلى (1938 - يىلى) كېرىيە ناھىيىسىنىڭ 2 - رايونى قىلىنغان. مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) يۈز بېشىلىق تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندا، شەنبە بازار تەۋەسى يوڭئەن يېزىسى (永安乡)، يوڭنىڭ يېزىسى (永宁乡)، يوڭماۋ يېزىسى (永茂乡) قاتارلىق ئۈچ يېزىغا ئايرىلغان. 1951 - يىلى كېرىيە ناھىيىسىنىڭ 5 - رايونى قىلىپ تەسىس قىلىنىپ، ئۈچ يېزىغا ئايرىلغان. 1958 - يىلى خەلق كوممۇنىسى قۇرۇلۇپ، ئىككىگە ئايرىلىپ، غەربى «قىزىلبايراق كوممۇنىسى»، شەرقى «ئۇزۇن سەپەر كوممۇنىسى» دەپ ئاتالغان. كېيىن بۇ ئىككى كوممۇنا بىرلەشتۇرۇلۇپ «قىزىلبايراق كوممۇنىسى» دەپ نام بېرىلگەن. بۇ چاغدىكى كوممۇنانىڭ ئورنى ھازىرقى چوڭ سودا بازىرىنىڭ ئورنىدا بولۇپ، بۇ يەر شورلۇق بولغاچقا، كوممۇنا 1967 - يىلى ھازىرقى ئورنىغا (يامۇل ئېرىق كەنتىگە) يۆتكەلگەن. 1980 - يىلى يەر نامىلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە نامى «شەنبە بازار كوممۇنىسى» غا ئۆزگەرتىلگەن. 1984 - يىلى شەنبە بازار بازىرى سىيەك يېزىسى، توغراغاز يېزىسىغا ئايرىلىپ، ئىككى يېزا، بىر بازار قىلىپ تەشكىللەنگەن.

بۇ يېزىنىڭ 29 مىڭ 968 مو تېرىلغۇ يېرى بار. 11 مەمۇرىي كەنت (ئاھالە كومىتېتى)، 46 مەھەللىسىدە (ئاھالە گۇرۇپپىسىدا) 3921 ئائىلە — 17 مىڭ 615 نوپۇس بار. ئاھالىسى دېھقانچىلىقنى

www.uyghurkitap.com

ئاساس، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، باقمىچىلىق، سودا ـ تىجارەتنى قوشۇمچە قىلىدۇ. بوستان شاللىق رايونىدا شالچىلىق نۇقتىسى بولۇپ، «داشماندۆك» دەپ ئاتىلىدۇ. ساي كەنتىدە ئۈزۈمچىلىك تەرەققىي قىلغان.

## شەنبە بازار بازىرى تەۋەلىكىدىكى مەمۇرىي كەنتلەر ھەم ئاساسلىق تەبىئىي كەنت ـ مەھەللىلەرنىڭ نامى
## 于田县先拜巴扎镇行政村和自然村名称

| | |
|---|---|
| تاغداشمان كەنت كومىتېتى | 塔格达西曼村委会 |
| يامۇلئىبرىق | 亚门艾日克 |
| تۆۋەنداشمان كەنت كومىتېتى | 托万达西曼村委会 |
| شەشمەلەڭگەر | 协依买兰干 |
| ئېگىزئېرىق | 依格孜艾日克 |
| داشمانئېرىق | 达西曼艾日克 |
| تۆۋەنسايباغ كەنت كومىتېتى | 托万萨依巴格村委会 |
| جاڭگال | 江尕勒 |
| ئالچى مەھەللە | 阿勒其买里 |
| كاناي مەھەللە | 喀那依买里 |
| كۆتىرەم | 库提热木 |
| تۆگمەنچى مەھەللە | 吐格曼其买里 |
| قازانباغ | 喀赞巴格 |
| باش سايباغ كەنت كومىتېتى | 巴什萨依巴格村委会 |
| ئارقا | 阿尔喀 |
| سايئېرىق | 萨依艾日克 |
| ئارقاساي | 阿尔喀萨依 |
| تۆگمەن مەھەللە | 吐格曼买里 |
| توخۇمەھەللە | 吐乎买里 |
| ساي كەنت كومىتېتى | 萨依村委会 |
| داشمانئېرىق | 达西曼艾日克 |

| | |
|---|---|
| 乌宗艾日克 | ئۇزۇنئېرىق |
| 喀拉吐仑艾日克 | قاراتۇرۇنئېرىق |
| 托帕克艾日克 | توپاقئېرىق |
| 斯开达西曼村委会 | سىكەداشمان كەنت كومىتېتى |
| 库木艾日克 | قۇمئېرىق |
| 曼达艾日克 | ماندارئېرىق |
| 曲盖艾日克 | چۆگەئېرىق |
| 瓦合甫艾日克 | ۋەخپەئېرىق |
| 拍合台克艾日克 | پاختەكئېرىق |
| 喀拉吐仑村委会 | قاراتۇرۇن كەنت كومىتېتى |
| 艾日克博依 | ئېرىقبويى |
| 其那巴格 | چىنارباغ |
| 巴格艾日克 | باغئېرىق |
| 达西曼村委会 | داشمان كەنت كومىتېتى |
| 堤干 | تىگەن |
| 依来克巴什 | ئىلەكبېشى |
| 乔克拉村委会 | چوقلا كەنت كومىتېتى |
| 依玛 | يىما |
| 米斯肯麻扎 | مىسكىنمازار |
| 阿日希村委会 | ئارىش كەنت كومىتېتى |
| 先拜巴扎 | شەنبەبازار |
| 阿热艾日克 | ئارائېرىق |
| 麻扎艾日克 | مازارئېرىق |
| 乌遵艾日克 | ئۇزۇنئېرىق |
| 阿其玛 | ئاچما |

## جاي يېزىسى 加依乡

جاي يېزىسى كېرىيە ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىگە جايلاشقان بولۇپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

يېزىلىق ھۆكۈمەت يۇقىرىقى جاي كەنتىگە جايلاشقان، ناھىيە بازىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى ئۈچ كىلومېتىر. شەرقى مۇغاللا بازىرى بىلەن، جەنۇبى ۋە غەربى كۆكيار يېزىسى بىلەن، شىمالى بوستان شاللىق رايونى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. 315 - دۆلەت تاشيولى بۇ يېزىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ. زېمىنى كەلكۈن لاتقا تۈزلەڭلىكى بولۇپ، غەربىي جەنۇبتىن شەرقىي شىمالغا يانتۇ، يانتۇلۇق دەرىجىسى 1/243، جەنۇبىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1429 مېتىر، شىمالىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1367.5 مېتىر، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1420 مېتىر. كىلىماتى تىپىك مۆتىدىل قۇرغاق رايون، تۆت پەسىل روشەن ئايرىلىدۇ. ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.7℃، ئوتتۇرىچە ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا -5.8℃، ئوتتۇرىچە ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 25℃، ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 44.7 مىللىمېتىر، ئوتتۇرىچە شامال كۈچى 1.8 بال، پۈتۈن يىللىق قىرو‌سىز مەزگىل 213 كۈن. قۇياش نۇرىنىڭ چۈشۈش مەزگىلى كۆپ، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ.

«جاي» دېگەن نام ئۇيغۇر تىلىدىكى «يەر - جاي» سۆزىدىن كەلگەن بولۇپ، كېرىيە شېۋىسىدىمۇ ئوخشاشلا «يەر، زېمىن» دېگەن مەنىلەرنى بىرىدۇ. بۇ جاي بۇرۇن ناھىيە مەركىزىدىكى بايلار ئېچىپ ياكى سېتىۋېلىپ ئىگىلىگەن يەرلەر بولغاچقا، «پالانچىنىڭ جايى»، «پوكۇنچىنىڭ جايى» دەپ ئاتىلىپ، كېيىنچە «جاي» بولۇپ قالغان.

بۇ زېمىن مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) يۈز بېشىلىق تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندا، يوڭفېڭ يېزىسى (永丰乡) بولۇپ قۇرۇلغان. 1951 - يىلى مۇغاللا بازىرىنىڭ بىر يېزىسى بولۇپ تەسىس قىلىنغان. 1958 - يىلى خەلق كوممۇنىسى قۇرۇلۇپ، مۇغاللا بازىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، «يېڭى ئاۋات كوممۇنىسى»غا تەۋە بولغان. 1980 - يىلى «قاچۇن كوممۇنىسى» دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984 - يىلى مۇغاللا بازىرىدىن ئايرىلىپ، جاي يېزىسى بولۇپ قۇرۇلغان. 1989 - يىلى بۇ يېزىغا قاراشلىق دەريابويى كەنتى يېزا بولۇپ قۇرۇلۇپ ئايرىلىپ كەتكەن.

تېرىلغۇ يېرى 24 مىڭ 645 مو بولغان بۇ يېزا 13 مەمۇرىي

كەنتكە، 49 مەھەللىگە ئايرىلغان بولۇپ، 3309 ئائىلە — 14 مىڭ 473 نوپۇس بار. ئاھالىسى دېھقانچىلىقنى ئاساس، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، باقمىچىلىق، سودا ـ تىجارەتنى قوشۇمچە قىلىدۇ. بوستان شاللىق رايونىدا شالچىلىق نۇقتىسى بار. ئوتتۇرا جاي كەنتىدە بورىچىلىق ئومۇملاشقان.

## جاي يېزىسى تەۋەلىكىدىكى مەمۇرىي كەنتلەر ۋە ئاساسلىق كەنت ـ مەھەللىلەرنىڭ نامى
## 于田县加依乡行政村和自然村名称

| | |
|---|---|
| 克尕孜村委会 | قىغاز كەنت كومىتېتى |
| 其格勒克艾日克 | چىغلىقئېرىق |
| 奥尔曼 | ئورمان |
| 阿克提坎里克 | ئاق تىكەنلىك |
| 喀拉斯买里 | كاراس مەھەللە |
| 哈尼喀 | خانىقا |
| 阔尕其艾日克 | قۇغاچئېرىق |
| 克尕孜吾斯塘博依 | قىغاز ئۆستەڭبويى |
| 阿亚克英阿瓦提村委会 | ئاياغ يېڭىئاۋات كەنت كومىتېتى |
| 阔达依买里 | قوداي مەھەللە |
| 琼巴格 | چوڭباغ |
| 巴什英阿瓦提村委会 | باش يېڭىئاۋات كەنت كومىتېتى |
| 博斯坦买里 | بوستان مەھەللە |
| 布勒喀玛买里 | بۇلغىما مەھەللە |
| 托尕依买里 | توغاي مەھەللە |
| 阿待米西艾日克 | ئاتمىشئېرىق |
| 帕勒迪买里 | پالدا مەھەللە |
| 吉日木村委会 | جىرىم كەنت كومىتېتى |
| 阔里且克琼库 | كۆلچەك چوڭقۇر |
| 吞艾日克 | تۆنئېرىق |

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



| | |
|---|---|
| چارا مەھەللە | 恰热买里 |
| چىللىق ئېرىق | 其勒克艾日克 |
| جىرىم ئېرىق | 吉日木艾日克 |
| غەجەك ئېرىق | 艾吉克艾日克 |
| تۆۋەن جاي | 托万加依 |
| كۇچا | 库恰 |
| بەشقالۇق | 拜什喀鲁克 |
| دۇكان باي | 堵干巴依 |
| ئۆستەڭبېشى | 吾斯塘巴什 |
| ئوتتۇراجاي كەنت كومىتېتى | 欧吐拉加依村委会 |
| تىۋە مەھەللە | 提万买里 |
| كۇلا مەھەللە | 库拉买里 |
| جىگدەئېرىق | 吉格代艾日克 |
| مىش مەھەللە | 米西买里 |
| يۇقارقى جاي كەنت كومىتېتى | 尤喀克加依村委会 |
| چىچەك مەھەللە | 其切克买里 |
| يىپەك مەھەللە | 依拍克买里 |
| بوگە مەھەللە | 博盖买里 |
| قاتتىق كۆن كەنت كومىتېتى | 喀提昆村委会 |
| چىغلىق ئېرىق | 其格勒克艾日克 |
| قاتتىق كۆن | 喀提昆 |
| باغئېرىق | 巴格艾日克 |
| چۆپچىلە كەنت كومىتېتى | 却甫其勒村委会 |
| بوۋەك مەھەللە | 博外克买里 |
| مىسكە مەھەللە | 米斯开买里 |
| تۇپابېشى مەھەللە | 托甫巴什买里 |
| چۆپچىلە | 却甫其勒 |
| باش ساياتلا كەنت كومىتېتى | 巴什萨亚提拉村委会 |
| شالدى مەھەللە | 夏勒迪买里 |
| سارام كەنت كومىتېتى | 沙热木买里村委会 |

| | |
|---|---|
| 玛江阔恰 | ماجان كوچا |
| 喀拉喀什买里 | قاراقاش مەھەللە |
| 曲吉买里 | چۆجە مەھەللە |
| 阿亚克萨亚提拉村委会 | ئاياغ ساياتلا كەنت كومىتېتى |
| 代克切克 | دەكچەك مەھەللە |
| 曲吉棍买里 | چۆژگۆن مەھەللە |
| 再盖买里 | زەگە مەھەللە |
| 切勒格买里 | چىلگى مەھەللە |
| 喀合夏勒买里 | قاقشال مەھەللە |
| 加依村委会 | جاي كەنت كومىتېتى |
| 阿訇艾日克村委会 | ئاخۇنئېرىق كەنت كومىتېتى |
| 墩买里 | دۆڭ مەھەللە |
| 阿勒琼库勒巴什 | ھالچوڭ كۆلبېشى |
| 喀拉吐干村委会 | قاراتۇغان كەنت كومىتېتى |
| 墩买里 | دۆڭ مەھەللە |
| 奥依其格亚 | ئويچىغيار |
| 吐乎那克买里 | تۇخۇناق مەھەللە |
| 阿亚克喀拉吐干 | ئاياغ قاراتۇغان |
| 强格买里 | چاڭگى مەھەللە |
| 墩艾日克 | دۆڭئېرىق |
| 拍希塔克买里 | پەشتاق مەھەللە |
| 于曲格买里 | ئۆچكە مەھەللە |

## كۆكيار يېزىسى 科克亚乡

كۆكيار يېزىسى كېرىيە ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، يېزىلىق ھۆكۈمەت قوتاز ئېرىق كەنتىگە جايلاشقان، ناھىيە بازىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى بەش كىلومېتىر. شىمالى جاي يېزىسى ۋە بوستان شالىلىق رايونى بىلەن، غەربى شەنبە بازار بازىرى ۋە لەڭگەر

www.uyghurkitap.com

يېزىسى بىلەن، جەنۇبى ئارىش يېزىسى بىلەن، شەرقى ئارال يېزىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. تېرىلغۇ كۆلىمى 30 مىڭ 491 مو بولغان بۇ يېزىنىڭ زېمىنى شېغىللىق چۆل بەلۋېغى ۋە كەلكۈن لاتقا تۈزلەڭلىك بولۇپ، غەربىي جەنۇبتىن شەرقىي شىمالغا يانتۇ. يانتۇلۇق دەرىجىسى 1/20 ، جەنۇبىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1818 مېتىر، شىمالىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3 . 1408 مېتىر، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1613 مېتىر. كىلىماتى تىپىك مۆتىدىل قۇرغاق رايون، تۆت پەسىل روشەن ئايرىلىدۇ. ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11 . 7 ℃ ، ئوتتۇرىچە ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا 5 . 8 ℃- ، ئوتتۇرىچە ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 25 ℃ ، ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 7 . 44 مىللىمېتىر، ئوتتۇرىچە شامال كۈچى 8 . 1 بال، پۈتۈن يىللىق قىروسىز مەزگىلى 213 كۈن. قۇياش نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى كۆپ، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ.

«كۆكيار» دېگەن نام ئۇيغۇر تىلىدىكى «كۆك ‹يېشىل› » سۆزى بىلەن «يار ‹دەريا› » سۆزىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ يېزا كېرىيە دەرياسىنىڭ غەربىي بويىدىكى بوستانلىقتا جايلاشقاچقا شۇنداق ئاتالغان. كۆكيار يېزىسىنىڭ بۇنداق ئاتىلىپ قېلىشىدا يەنە مۇنداقمۇ قاراش بار: يەنى «يېشىل» مەنىسى بېرىدىغان «كۆك» سۆزى بىلەن «يەر» نىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن. ئەسلىي «كۆكلۈك يەر» ، يەنى ‹ياپيېشىل يەر› دېگەن مەنىنى بېرىدىغان بۇ ئىسىم ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «كۆكيەر» دېيىلىپ، كېيىن «كۆكيار» دەپ ئاتالغان.

بۇ زېمىن مىنگونىڭ 27 - يىلى (1938 - يىلى) كېرىيە ناھىيىسىنىڭ 3 - رايونى قىلىنغان. مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) يۈزبېشىلىق تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندا، يوڭلوڭ يېزىسى ( 永隆乡 ) ، يوڭخې يېزىسى ( 永和乡 ) ، يوڭتەي يېزىسى ( 永太乡 ) تەسىس قىلىنغان. 1951 - يىلى كېرىيە ناھىيىسىنىڭ 3 - رايونى قىلىنىپ، ئۈچ يېزىغا ئايرىلغان. 1957 - يىلى سەككىز يېزىغا ئايرىلغان. 1958 - يىلى خەلق كوممۇنىسى قۇرۇلۇپ، «ئاۋانگارت كوممۇنىسى» دەپ نام بېرىلگەن. 1980 - يىلى يەر ناملىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە «كۆكيار كوممۇنىسى» دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984 - يىلى كۆكيار يېزىسى، يېڭىئېرىق يېزىسى (ھازىرقى ئارىش يېزىسى) ۋە ئارال يېزىسىغا ئايرىل-

غان.

بۇ يېزىنىڭ 13 مەمۇرىي كەنت، 78 مەھەللىسىدە 4298 ئائىلە — 18 مىڭ 243 نوپۇس بار. ئاھالىسى دېھقانچىلىقنى ئاساس، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، باقمىچىلىق، سودا - تىجارەتنى قوشۇمچە قىلىدۇ. باغۋەنچىلىك ۋە كۆكتاتچىلىق نىسبەتەن تەرەققىي قىلغان. بوستان شاللىق رايونىدا شالچىلىق نۇقتىسى بار.

## كۆكيار يېزىسى تەۋەلىكىدىكى مەمۇرىي كەنتلەر ۋە ئاساسلىق تەبىئىي كەنت - مەھەللىلەرنىڭ نامى
## 于田县科克亚乡行政村和自然村名称

| | |
|---|---|
| قوتازئېرىق كەنت كومىتېتى | 库塔孜艾日克村委会 |
| زاغۇن مەھەللە | 扎棍买里 |
| لاتا مەھەللە | 拉塔买里 |
| دىڭ مەھەللە | 顶买里 |
| چىكى مەھەللە | 其克买里 |
| ئاقباش مەھەللە | 阿克巴什买里 |
| زاغۇن مەھەللە | 扎滚买里 |
| كۇلامەھەللە | 库拉买里 |
| شىيىخمەھەللە | 协依合买里 |
| قارادۆۋە كەنت كومىتېتى | 喀拉都维村委会 |
| ساي مەھەللە | 萨依买里 |
| چوكا مەھەللە | 曲喀买里 |
| ئۆتەك مەھەللە | 玉堂买里 |
| توغاي مەھەللە | 托尕依买里 |
| قارادۆۋە | 喀拉都维 |
| قۇدايمەھەللە | 阔达依买里 |
| قانجىقمەھەللە | 坎吉克买里 |
| كۆكيار كەنت كومىتېتى | 科克亚村委会 |

uyghurkitap.com كىتاب تورىبېتى

| | |
|---|---|
| 木其买里 | مۇچمەھەللە |
| 夏哈买里 | شاخا مەھەللە |
| 托喀买里 | توكا مەھەللە |
| 拉格曼买里 | لەغمەن مەھەللە |
| 松都克买里 | سۇندۇك مەھەللە |
| 阔纳买里 | كونامەھەللە |
| 巴什艾格来村委会 | باشئەگلە كەنت كومىتېتى |
| 达吾提阿喀木买里 | داۋۇتئاكامەھەللە |
| 买拉甫买里 | مىراپ مەھەللە |
| 英巴格 | يېڭىباغ |
| 拜克买里 | بېقى مەھەللە |
| 中艾格来村委会 | ئوتتۇرائەگلە كەنت كومىتېتى |
| 阿热拜勒 | ئارابەل |
| 喀尕买里 | قاغامەھەللە |
| 琼库尔买里 | چوڭقۇر مەھەللە |
| 托万艾格勒村委会 | تۆۋەن ئەگلە كەنت كومىتېتى |
| 希哈买里 | شىغا مەھەللە |
| 青古勒买里 | چۈڭگۈل مەھەللە |
| 喀帕克买里 | قاپاق مەھەللە |
| 曲吉根买里 | چۈژگۈن مەھەللە |
| 库勒吐克村委会 | قولتۇق كەنت كومىتېتى |
| 阿热瓦买里 | هارۋا مەھەللە |
| 铁木尔其买里 | تۆمۈرچى مەھەللىسى |
| 色日克奥依村委会 | سېرىقئۆي كەنت كومىتېتى |
| 旦木旦买里 | دەمدەمەھەللە |
| 协依坦买里 | شەيتان مەھەللە |
| 再盖买里 | زەگەمەھەللە |
| 萨喀勒买里 | ساقال مەھەللە |
| 英吾斯塘村委会 | يېڭىئۆستەڭ كەنت كومىتېتى |

| | |
|---|---|
| كامامەھەللە | 喀玛买里 |
| جازامەھەللە | 加扎买里 |
| يېڭىئۆستەڭ | 英吾斯坦 |
| گاپى مەھەللە | 尕皮买里 |
| چارامەھەللە | 恰热买里 |
| ئوتتۇراتېرەك كەنت كومىتېتى | 欧吐拉铁热克村委会 |
| گوندەك مەھەللە | 滚代克买里 |
| دوغا مەھەللە | 道哈买里 |
| قوشئېرىق كەنت كومىتېتى | 阔什艾日克村委会 |
| مايسا مەھەللە | 玛依萨买里 |
| ئاچا ئېرىق | 阿恰艾日克 |
| تاۋاغاز | 塔瓦尕孜 |
| بوستانتېرەك كەنت كومىتېتى | 博斯坦铁热克村委会 |
| سۇپائېرىق | 苏帕艾日克 |
| بوستانتېرەك | 博斯坦铁热克 |
| كاجى مەھەللە | 喀几买里 |
| تۆۋەنئېرىق كەنت كومىتېتى | 托万艾日克村委会 |
| كۆلئېرىق | 库勒艾日克 |
| كاتاب مەھەللە | 克塔甫买里 |
| تۆش مەھەللە | 托希买里 |
| تۇزىيكەن | 吐孜依坎 |

## ئارىش يېزىسى 阿日希乡

ئارىش يېزىسى كېرىيە ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، يېزىلىق ھۆكۈمەت ئارىش كەنتىگە جايلاشقان، ناھىيە بازىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 10 كىلومېتىر. جەنۇبى ئاتچان يېزىسى بىلەن، شەرقى ئارال يېزىسى بىلەن، شىمالى كۆكيار يېزىسى بىلەن، غەربى لەڭگەر يېزىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. زېمىنى شېغىللىق چۆل بەلۋېغى ۋە

www.uyghurkitap.com

كەلكۈن لاتقا تۈزلەڭلىكى بولۇپ، شىمالىدىن باشقا ئۈچ تەرىپىنى تاشلىق چۆل ئوراپ تۇرىدۇ. تېرىلغۇ كۆلىمى 14 مىڭ 458 مو بولغان بۇ يېزىنىڭ زېمىنى غەربىي جەنۇبتىن شەرقىي شىمالغا يانتۇ. يانتۇلۇق دەرىجىسى 1/20، جەنۇبىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2229 مېتىر، شىمالىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 5 .1818 مېتىر، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 5 .2023 مېتىر. كىلىماتى تىپىك مۆتىدىل قۇرغاق رايون، تۆت پەسىل روشەن ئايرىلىدۇ. ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى ℃ 7 .11، ئوتتۇرىچە ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا ℃ 8 .5-، ئوتتۇرىچە ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا ℃ 25، ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 7 .44 مىللىمېتىر، ئوتتۇرىچە شامال كۈچى 3 .2 بال، شامال نىسبەتەن كۆپ چىقىدۇ. پۈتۈن يىللىق قىروسىز مەزگىلى 213 كۈن. قۇياش نۇرىنىڭ چۈشۈش مەزگىلى كۆپ، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ.

«ئارىش» دېگەن يەر نامى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئايرىلىش» سۆزىدىن كەلگەن بولۇپ، كېرىيە دەرياسىدىن ئېلىنغان كەلكۈن ئۆستىڭى مۇشۇ يېزا تەۋەسىدە «شەرقىي ئۆستەڭ»، «غەربىي ئۆستەڭ» ۋە «غول ئۆستەڭ» دەپ ئۈچكە ئايرىلغاچقا «ئارىش» دەپ ئاتالغان.

بۇ يېزا ئەسلىدە، كۆكيار يېزىسىغا تەۋە بولۇپ كەلگەن. مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) يۈز بېشىلىق تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندا، يوڭتەي يېزىسى (永太乡) قىلىنغان. 1951 - يىلى كېرىيە ناھىيىسىنىڭ 3 - رايونىنىڭ بىر يېزىسى بولغان. 1957 - يىلى 3 - رايوندا تەسىس قىلىنغان سەككىز يېزىنىڭ بىرى بولغان. 1958 - يىلى خەلق كوممۇنىسى قۇرۇلغاندا «ئاۋانگارت كوممۇنىسى» غا تەۋە بولغان. 1980 - يىلى «كۆكيار كوممۇنىسى» دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984 - يىلى كۆكيار يېزىسىدىن ئايرىلىپ، «يېڭىئېرىق يېزىسى» بولۇپ قۇرۇلغان. 1988 - يىلى نامى «ئارىش يېزىسى» غا ئۆزگەرتىلگەن. ھازىر توققۇز مەمۇرىي كەنت، 38 مەھەللىدە 1521 ئائىلە ــــ 6977 نوپۇس بار. ئاھالىسى دېھقانچىلىقنى ئاساس، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، باقمىچىلىق، سودا - تىجارەتنى قوشۇمچە قىلىدۇ.

بوستان شاللىق رايونىدا شالچىلىق نۇقتىسى بار.

## ئارىش يېزىسى تەۋەلىكىدىكى مەمۇرىي كەنتلەر ۋە ئاساسلىق تەبىئىي كەنت - مەھەللىلەرنىڭ نامى
## 于田县阿日希乡行政村和自然村各称

| | |
|---|---|
| جىگدەكىچىك كەنت كومىتېتى | 吉格代克其格村委会 |
| جىگدەكىچىك | 吉格代克其格 |
| ئاقچاپ | 阿克恰甫 |
| قارابويناق | 喀拉包依那克 |
| سالۋا | 萨勒瓦 |
| تولاقمەھەللە | 吐拉格买提 |
| سېغىزئۆڭكۈر | 色格孜温库尔 |
| يەتتەدۆڭ كەنت كومىتېتى | 也台墩村委会 |
| كاللەكمەھەللە | 喀来克买里 |
| شىرازمەھەللە | 希热孜买里 |
| كىتەيمەھەللە | 克特依买里 |
| ئاۋاپ كەنت كومىتېتى | 阿瓦普村委会 |
| ئاۋاپ | 阿瓦普 |
| كەتمە | 克提买 |
| چۇشكۇن | 曲什棍 |
| ئاقتېرەك | 阿克铁热克 |
| شىركە كەنت كومىتېتى | 希日克村委会 |
| جىنمەھەللە | 金买里 |
| پارچەكەنت | 帕其坎特 |
| ئارىش كەنت كومىتېتى | 阿日希村委会 |
| ئارىش | 阿日希 |
| توغرىلىق | 托乎日勒克 |
| كۆكچى | 科克其 |
| يايلىغان كەنت كومىتېتى | 亚依勒干村委会 |

كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| يايلىغان | 亚依勒干 |
| توشقان يايلاق | 托什坎亚依拉克 |
| يېڭىئېرىق كەنت كومىتېتى | 英艾日克村委会 |
| كوچا | 阔恰 |
| دۆڭمەھەللە | 墩买里 |
| لايقا | 拉依喀 |
| بەشتاش كەنت كومىتېتى | 拜什塔什村委会 |
| بەشتاش | 拜什塔什 |
| گوندەك مەھەللە | 滚代克买里 |
| كۆلاپ مەھەللە | 库拉甫买里 |

## ئارال يېزىسى 阿热勒乡

ئارال يېزىسى كېرىيە ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى ئارال كەنتىگە جايلاشقان، ناھىيە بازىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى تۆت كىلومېتىر. غەربىي شىمالى مۆغاللا بازىرى بىلەن، شىمالى يېڭىباغ يېزىسى بىلەن، شەرقى ئويتوغراق يېزىسى بىلەن، جەنۇبى ئاتچان يېزىسى بىلەن، غەربىي جەنۇبىي كۆكيار يېزىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. كېرىيە دەرياسى بۇ يېزىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ. 24 مىڭ 777 مو تېرىلغۇ يەر كۆلىمىگە ئىگە بولغان بۇ يېزىنىڭ زېمىنى شېغىللىق چۆل بەلۋېغى ۋە كەلكۈن لاتقا تۈزلەڭلىك بولۇپ، غەربىي جەنۇبتىن شەرقىي شىمالغا يانتۇ، يانتۇلۇق دەرىجىسى 1/20، جەنۇبىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2229 مېتىر، شىمالىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1401 مېتىر، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1815 مېتىر. كىلىماتى تېپىك مۆتىدىل قۇرغاق رايون، تۆت پەسىل روشەن ئايرىلىدۇ. ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.7℃، ئوتتۇرىچە ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا -5.8℃، ئوتتۇرىچە ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 25℃، ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 44.7 مىللىمېتىر، ئوتتۇرىچە شامال كۈچى 2.3 بال،

شامال نىسبەتەن كۆپ چىقىدۇ. پۈتۈن يىللىق قىروسىز مەزگىلى 213 كۈن. قۇياش نۇرىنىڭ چۈشۈش مەزگىلى كۆپ، كېچە بىلەن كۈندۈز-نىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ.

«ئارال» دېگەن يەر نامى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئارال» سۆزىدىن كەلگەن بولۇپ، كېرىيە دەرياسى باش يەتتە باش كەنتىنىڭ يۇقىرى قىسمىدا «چوڭ دەريا» ۋە «كىچىك دەريا» دەپ ئىككىگە ئايرىلىپ، بەشتوغراق كەنتىنىڭ شەرقىگە كەلگەندە يەنە بىرلىشىپ ئېقىپ، ئارال ھاسىل قىلغاچقا، «ئارال» دەپ ئاتالغان.

بۇ زېمىن مىنگونىڭ 27 - يىلى (1938 - يىلى) كېرىيە ناھىيە-سىنىڭ 3 - رايونىغا قاراشلىق بولغان. مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) يۈز بېشلىق تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندا، يوڭخې يېزىسى ( 永和乡 ) قىلىپ تەسىس قىلىنغان. 1951 - يىلى كېرىيە ناھىيىسىنىڭ 3 - رايونىدا قۇرۇلغان ئۈچ يېزىنىڭ بىرى بولغان. 1957 - يىلى 3 - رايوندا سەككىز يېزا تەسىس قىلىنغاندا، بۇ يېزىنىڭ ئارال ۋە بەشتوغراق تەۋەلىكى ئايرىم - ئايرىم يېزا بولغان. 1958 - يىلى خەلق كوممۇنىسى قۇرۇلغاندا «ئاۋانگارت كوممۇنىسى» غا قوشۇۋېتىلگەن. 1980 - يىلى يەر ناملىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە «كۆكيار كوممۇنىسى» دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984 - يىلى كۆكيار يېزىسىدىن ئايرىلىپ، ئارال يېزىسى بولۇپ قۇرۇلغان.

10 مەمۇرىي كەنت 57 مەھەللىگە ئايرىلغان بۇ يېزىدا 3383 ئائىلە — 14 مىڭ 949 نوپۇس بار. ئاھالىسى دېھقانچىلىقنى ئاساس، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، باقمىچىلىق، سودا - تىجارەتنى قوشۇمچە قىلى-دۇ، تىجارەتكە ماھىر. بەشتوغراق كەنتىدە چۆگۈل (چۆغلۇق، قى-زىلگۈل) تىكىپ ئۆستۈرۈش ئومۇملاشقان بولۇپ، مەخسۇس قىزىل-گۈل بازىسى تەسىس قىلىنغان. بوستان شاللىق رايونىدا شالچىلىق نۇقتىسى بار. بەشتوغراق تەۋەسىدىكى كېرىيە دەرياسى بويىدىمۇ، كىچىك كۆلەمدە شاللىق رايونى بار.

بەشتوغراق قەدىمىي شەھەر خارابىسى ۋە «يەتتە قىزلىرىم مازىرى» بۇ يېزا تەۋەسىدە.

www.uyghurkitap.com



## ئارال يېزىسى تەۋەلىكىدىكى مەمۇرىي كەنتلەر ۋە ئاساسلىق تەبىئىي كەنت ـ مەھەللىلەرنىڭ نامى
## 于田县阿热勒乡行政村和自然村名称

| | |
|---|---|
| ئوتتۇرالايقا كەنت كومىتېتى | 欧吐拉拉依喀村委会 |
| شېرىپباي لەڭگەر | 希日甫巴依兰干 |
| يەتتە قىزلىرىم كەنت كومىتېتى | 也台克孜拉村委会 |
| يوغا مەھەللە | 尧哈买里 |
| غادىراڭ كەنت كومىتېتى | 阿得让村委会 |
| غادىراڭ | 阿得让 |
| بەشتوغراق كەنت كومىتېتى | 拜什托格拉克村委会 |
| لەڭگەر مەھەللە | 兰干买里 |
| قۇمچاق مەھەللە | 库木恰克买里 |
| كاللەك مەھەللە | 喀来克买里 |
| چىكچىك مەھەللە | 其克其克买里 |
| توزغاق مەھەللە | 托孜尕克买里 |
| شامالباغ كەنت كومىتېتى | 夏玛勒巴格村委会 |
| قوشماق مەھەللە | 阔什玛克买里 |
| كۆلاپ مەھەللە | 库拉甫买里 |
| شامالباغ | 夏玛勒巴格 |
| لاتامەھەللە | 拉塔买里 |
| قالغاچ كەنت كومىتېتى | 喀拉尕其村委会 |
| تۇخا مەھەللە | 吐乎买里 |
| قازان مەھەللە | 喀赞买里 |
| نۇگاي مەھەللە | 努尕依买里 |
| قالىغاچ مەھەللە | 喀拉尕其 |
| ئارال كەنت كومىتېتى | 阿热勒村委会 |
| سېرىق مەھەللە | 色日克买里 |
| ئىشان مەھەللە | 依善买里 |
| كۆدەك | 阔代克 |

| | |
|---|---|
| ئۈتۈكچىمەھەللە | 乌土克其买里 |
| كوتىيامەھەللە | 库提亚买里 |
| يەتتەباش كەنت كومىتېتى | 也提巴什村委会 |
| ياغچى مەھەللە | 亚格其买里 |
| ئاراساي | 阿热萨依 |
| كېتەيمەھەللە | 克特依买里 |
| پىرىشتەمەھەللە | 皮日希特买里 |
| چىمەنمەھەللە | 其曼买里 |
| كاشان مەھەللە | 喀鲜买里 |
| كاللەك مەھەللە | 喀来克买里 |

## سىيەك يېزىسى 斯也克乡

سىيەك يېزىسى كېرىيە ناھىيىسىنىڭ غەربىگە جايلاشقان بولۇپ، يېزىلىق ھۆكۈمەت قىتىچى كەنتىگە جايلاشقان. ناھىيە مەركىزى بىلەن بولغان ئارىلىقى 18 كىلومېتىر. جەنۇبى شەنبە بازار بازىرى بىلەن، شەرقى كۆكيار يېزىسى بىلەن، شىمالى بوستان شاللىق رايونى بىلەن، غەربى شىۋول يېزىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. شەنبە بازار بازىرى بىلەن 315 - دۆلەت تاشيولى ئارقىلىق ئايرىلىدۇ. 39 مىڭ 38 مو كۆلەمدىكى تېرىلغۇ يېرى بار بۇ يېزا زېمىنى كەلكۈن لاتقا تۈزلەڭلىكى بولۇپ، غەربىي جەنۇبتىن شەرقىي شىمالغا يانتۇ، يانتۇلۇق دەرىجىسى 1/216، جەنۇبىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1453 مې- تىر، شىمالىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1416.5 مېتىر، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1434.3 مېتىر. كىلىماتى تېپىك مۆتىدىل قۇرغاق رايون، تۆت پەسىل روشەن ئايرىلىدۇ. ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.7℃، ئوتتۇرىچە ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا -5.8℃، ئوتتۇرىچە ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 25℃، ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 44.7 مىللىمېتىر، ئوتتۇرىچە شامال كۈچى 1.8 بال، پۈتۈن يىللىق قىروسىز مەزگىل 213 كۈن. قۇياش نۇرىنىڭ چۈشۈش

www.uyghurkitap.com

مەزگىلى كۆپ، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ.

«سىيەك» دېگەن يەر نامى قەدىمكى خوتەن ساك (ساق) تىلىدىن كەلگەن بولۇپ، «تۆتىنىڭ بىرى» مەنىسىدە دېگەن قاراش بار. لېكىن بۇ مەنىدىن قارىغاندا، «سى» سۆزى خەنزۇ تىلىدىكى «تۆت» كە، «يەك» سۆزى ئەرەب تىلىدىكى «بىر» گە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بۇنداق يات ئىككى تىلدىن سۆز ياساش تىلشۇناسلىق ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن ئەمەس.

«سىيەك» بىر خىل چۆشەنچىدە «سېھىيەك» (ئۇچتىن بىر) سۆزىدىن ئۆزگەرگەن، قوم كۆچۈپ يەرنى قوم بېسىپ كېتىپ، ھوسۇل كەملەپ كەتكەچكە، «ئۇچتىن بىرى» ئىجارىگە بېرىلىدىغان يەر دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. يەنە بىر خىل چۈشەنچىدە، «سەدرەك» دېگەن قەدىمكى ئۇيغۇرچە سۆزنىڭ ھازىرقى تەلەپپۇزى «سىيرەك» (شالاڭ) سۆزىدىن ئۆزگەرگەن، بۇ جايدا يەر تولا، ئاھالە سىيرەك بولغاچقا، «سىيرەك» ئاتالغان دەپمۇ قارىلىدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا، «سەدرەك بۆز» (شالاڭ بۆز) سۆزىدىن باشقا، «سەدرەك قابۇغ» (چاخسا قوۋۇق - ئىشىك) دېگەن سۆزمۇ مىسال كەلتۈرۈلگەن. بۇ چۈشەنچىلەرنىڭ ھەر ئىككىسى بىر - بىرىگە يېقىن كېلىدۇ.

بۇ زېمىن مىنگونىڭ 27 - يىلى (1938 - يىلى) شەنبە بازار بازىرى بىلەن بىرگە كېرىيە ناھىيىسىنىڭ 2 - رايونى قىلىنغان. مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) يۈز بېشىلىق تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندا، يوڭنىڭ يېزىسى (永宁乡) بولۇپ قۇرۇلغان. 1951 - يىلى كېرىيە ناھىيىسىنىڭ 5 - رايونىغا تەۋە بولۇپ، بۇ رايوندا قۇرۇلغان ئۈچ يېزىنىڭ بىرى بولغان. 1958 - يىلى «ئۇزۇن سەپەر كوممۇنىسى» دەپ ئاتالغان. كېيىن «قىزىلبايراق كوممۇنىسى» بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ «قىزىلبايراق كوممۇنىسى» دەپ نام بېرىلگەن. 1980 - يىلى يەر ناملىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە نامى «شەنبە بازار كوممۇنىسى» غا ئۆزگەرتىلگەن. 1984 - يىلى شەنبە بازار بازىرىدىن ئايرىلىپ، سىيەك يېزىسى بولۇپ قۇرۇلغان.

ھازىر بۇ يېزىدىكى 14 مەمۇرىي كەنت 56 مەھەللىدە، 3900 ئائىلە — 19 مىڭ 319 نوپۇس بار. ئاھالىسى دېھقانچىلىقنى ئاساس،

قول ھۈنەرۋەنچىلىك، باقمىچىلىق، سودا - تىجارەتنى قوشۇمچە قىلى-
دۇ. بوستان شاللىق رايونىدا شالچىلىق نۇقتىسى بار. قىغاز كەنتىدە
بورىچىلىق، مەكتەپ كەنتىدە كىگىزچىلىك ئومۇملاشقان.

## سىيەك يېزىسى تەۋەلىكىدىكى مەمۇرىي كەنتلەر ۋە ئاساسلىق تەبىئىي كەنت مەھەللىلەرنىڭ نامى
## 于田县斯也克乡行政村和自然村名称

| | |
|---|---|
| قاتىياق كەنت كومىتېتى | 喀提亚克村委会 |
| مەكەمئېرىق | 买坎木艾日克 |
| ئارىش | 阿日希 |
| دەستامەھەللە | 代斯塔木买里 |
| زەگە مەھەللە | 再盖买里 |
| ساتىراچ مەھەللە | 萨提热其买里 |
| كۆكمەت كەنت كومىتېتى | 科克买提村委会 |
| قىشلىقئېرىق | 克希里克艾日克 |
| كوچائېرىق | 阔恰艾日克 |
| پوك | 泡克 |
| ھالئېرىق | 阿勒艾日克 |
| چۇگىئېرىق | 曲盖艾日克 |
| بەگامەھەللە | 白尕买里 |
| ھالداشمان كەنت كومىتېتى | 阿勒达西曼村委会 |
| ھالئېرىق | 阿勒艾日克 |
| يېزاباغ | 也扎巴格 |
| قاپئېرىق | 喀甫艾日克 |
| بۇۋۇلاتۇز | 布吾拉推孜 |
| جەپپەرئېرىق | 加帕尔艾日克 |
| قوشلا | 库什拉 |
| قىتچى كەنت كومىتېتى | 克提其村委会 |
| قىتچى | 克提其 |

| | |
|---|---|
| ماندارئېرىق | 曼达艾日克 |
| تىگەنئېرىق | 堤干艾日克 |
| ئاراسىيەك | 阿热斯也克 |
| يارەك مەھەللە | 亚热克买里 |
| سىيەك كەنت كومىتېتى | 斯也克村委会 |
| توغرۇغ | 托胡如克 |
| چوڭ ئۆستەڭ | 琼吾斯塘 |
| قىزئۆلدىتېرەك | 克孜乌力地铁热克 |
| ئەسكىئېرىق | 艾斯克艾日克 |
| ياچىئېرىق | 亚其艾日克 |
| سۇلايمانئېرىق | 苏拉依曼艾日克 |
| تامئېغىل | 塔木艾格勒 |
| ئاستىن سىيەك كەنت كومىتېتى | 阿斯延斯也克村委会 |
| يارەك كۆلبېشى | 亚日克库勒巴什 |
| زاكى چوڭقۇر | 扎克琼库尔 |
| ھوبباي مەھەللە | 欧巴依买里 |
| چوڭ چۈگە كەنت كومىتېتى | 琼曲盖村委会 |
| يان ئېغىل | 央艾格勒 |
| جىنئېرىق كەنت كومىتېتى | 吉日克村委会 |
| جاغال مەھەللە | 加尕勒买里 |
| ئورمان كەنت كومىتېتى | 奥尔曼村委会 |
| قاتاردۆڭ | 喀塔墩 |
| شىرەمباغ | 希热木巴格 |
| كىچىك كۆلبېشى | 克其克库勒巴什 |
| بەشتوغراق كەنت كومىتېتى | 拜什托格拉克村委会 |
| تىمئېرىق | 提木艾日克 |
| قۇمكۆل | 库木库勒 |
| بەشتوغراق مازار | 拜什托格拉克麻扎 |
| توغراقئۈچى كەنت كومىتېتى | 托格拉克乌其村委会 |
| توغراقئۈچى | 托格拉克乌其 |

www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| مەكىت كەنت كومىتېتى | 麦盖提村委会 |
| شا مەھەللە | 夏买里 |
| ماندائېرىق | 曼达艾日克 |
| ياربېشى | 亚巴什 |
| كۇچائېرىق | 库恰艾日克 |
| دۆڭئېرىق | 墩艾日克 |

# توغراغاز يېزىسى 托格日尕孜乡

توغراغاز يېزىسى كېرىيە ناھىيىسىنىڭ غەربىگە جايلاشقان بولۇپ، يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى توغراغاز كەنتىگە جايلاشقان، ناھىيە مەركىزى بىلەن بولغان ئارىلىقى 18 كىلومېتىر. شەرقى شەنبە بازار بازىرى ۋە سىيەك يېزىسى بىلەن، شىمالى شىۋول يېزىسى بىلەن، غەربى قازناق دېھقانچىلىق مەيدانى بىلەن، جەنۇبى لەڭگەر يېزىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. 315 - دۆلەت تاشيولى بۇ يېزىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ. زېمىنى كەلكۈن لاتقا تۈزلەڭلىكى بولۇپ، غەربىي جەنۇبتىن شەرقىي شىمالغا يانتۇ، يانتۇلۇق دەرىجىسى 1/216، جەنۇبىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1490 مېتىر، شىمالىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1416.5 مېتىر، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1453 مېتىر. كىلىماتى تىپىك مۆتىدىل قۇرغاق رايون، تۆت پەسىل روشەن ئايرىلىدۇ. 22 مىڭ 836 مو تېرىلغۇ يەر كۆلىمى بار بۇ زېمىننىڭ ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.7℃، ئوتتۇرىچە ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا 8.5-℃، ئوتتۇرىچە ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 25℃، ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 44.7 مىللىمېتىر، ئوتتۇرىچە شامال كۈچى 1.8 بال، پۈتۈن يىللىق قىروسىز مەزگىلى 213 كۈن. قۇياش نۇرىنىڭ چۈشۈش مەزگىلى كۆپ، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى يۇقىرى.

«توغراغاز» سۆزىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا ئۈچ خىل رىۋايەت بار: بۇرۇنقى زاماندا بۇ يەر كەڭ كەتكەن جاڭگال ئىكەن. جاڭگالدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سۈيى تاتلىق چوڭ بىر قومۇشلۇق كۆل بار ئىكەن. بۇ كۆلنى ئۆرغۈن ياۋا غازلار ماكان تۇتقان ئىكەن. بۇ يەردە كىشىلەر چارۋا باقىدىكەن. كۆلنىڭ بىرىدە بۇ يەردە «توغرول» دەپ ئاتىلىدىغان بىر توپ قۇش پەيدا بولۇپ، غازلار بىلەن بىرگە ياشاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەر «توغرول غاز» دەپ ئاتىلىپ، كېيىنچە «توغراغاز» بولۇپ قالغان ئىكەن (قالغان ئىككى رىۋايەت مۇشۇ يۈرۈشلۈك كىتابلارنىڭ «خوتەن خەلق ئەپسانە - رىۋايەت، چۆچەكلىرى» تومىدا بايان قىلىنغان).

بۇ زېمىن مىنگونىڭ 27 - يىلى (1938 - يىلى) شەنبە بازار بازىرى بىلەن بىرگە كېرىيە ناھىيىسىنىڭ 2 - رايونى قىلىنغان. مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) يۈز بېشىلىق تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندا، يوقماق يېزىسى ( 永茂乡 ) بولۇپ قۇرۇلغان. 1951 - يىلى كېرىيە ناھىيىسىنىڭ 5 - رايونىغا تەۋە بولۇپ، بۇ رايوندا قۇرۇلغان ئۈچ يېزىنىڭ بىرى بولغان. 1958 - يىلى خەلق كوممۇنىسى قۇرۇلغاندا، «قىزىلبايراق كوممۇنىسى»غا تەۋە بولغان. 1980 - يىلى «شەنبە بازار كوممۇنىسى»غا ئۆزگەرتىلگەن. 1984 - يىلى شەنبە بازار بازىرىدىن ئايرىلىپ، توغراغاز يېزىسى بولۇپ قۇرۇلغان.

ھازىر بۇ يېزىدىكى 11 مەمۇرىي كەنت 40 كەنت - مەھەللىدە 3156 ئائىلە — 12 مىڭ 226 نوپۇس بار. ئاھالىسى دېھقانچىلىقنى ئاساس، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، باقمىچىلىق، سودا - تىجارەتنى قوشۇمچە قىلىدۇ. بوستان شاللىق رايونىدا شالچىلىق ئۇقتىسى بار. چارۋىچىلىق بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان. «مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى» قۇربان تۇلۇم مۇشۇ يېزىنىڭ توغراغاز كەنتىدىن.

## توغراغاز يېزىسى تەۋەلىكىدىكى مەمۇرىي كەنتلەر ۋە ئاساسلىق تەبىئىي كەنت - مەھەللىلەرنىڭ نامى
## 于田县托格日尕孜乡行政村和自然村名称

| | |
|---|---|
| چاقار كەنت كومىتېتى | 恰喀村委会 |
| چۆگەئېرىق | 曲盖艾日克 |

| | |
|---|---|
| 吉提艾日克 | جىتئېرىق |
| 托格拉克艾日克 | توغراقئېرىق |
| 喀拉阿提拉 | قارائاتلا |
| 托格日尕孜村委会 | توغراغاز كەنت كومىتېتى |
| 扎提艾日克 | زاتىئېرىق |
| 乌鲁克艾日克 | ئۇلۇغئېرىق |
| 喀拉巴格村委会 | قاراباغ كەنت كومىتېتى |
| 库都克亚 | قۇدۇقيار |
| 亚喀兰干村委会 | ياقالەڭگەر كەنت كومىتېتى |
| 亚喀兰干 | ياقالەڭگەر |
| 兰干艾日克 | لەڭگەرئېرىق |
| 英阿瓦提 | يېڭىئاۋات |
| 墩艾日克 | دۆڭئېرىق |
| 亚喀萨热依村委会 | ياقاساراي كەنت كومىتېتى |
| 亚喀萨热依 | ياقاساراي |
| 吉格代勒克巴克村委会 | جىگدىلىك باغ كەنت كومىتېتى |
| 吉格代勒克巴克 | جىگدىلىك باغ |
| 乌尊播孜村委会 | ئۇزۇنبوز كەنت كومىتېتى |
| 乌尊播孜 | ئۇزۇنبوز |
| 央塔克库勒村委会 | يانتاقكۆل كەنت كومىتېتى |
| 央塔克库勒 | يانتاقكۆل |
| 博热克其村委会 | بۇرەكچى كەنت كومىتېتى |
| 依格孜艾日克 | ئېگىزئېرىق |
| 哈尼喀 | خانىقا |
| 库木巴格村委会 | قۇمباغ كەنت كومىتېتى |
| 欧吐拉 | ئوتتۇرا |
| 塔勒克 | تاللىق |
| 博斯坦艾日克 | بوستانئېرىق |
| 艾木都买里 | ھەمدۇ مەھەللە |
| 达西曼墩 | داشماندۆڭ |

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# لەڭگەر يېزىسى 兰干乡

لەڭگەر يېزىسى كېرىيە ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى ئاقا (بۇرۇنقى مازا ئاقا) كەنتىگە جايلاشقان، ناھىيە مەركىزى بىلەن بولغان تۈز سىزىق ئارىلىقى 21.9 كىلومېتىر. جەنۇبى ئاتچان يېزىسى بىلەن، شەرقى ئارىش، كۆكيار يېزىلىرى بىلەن، شىمالى شەنبە بازار بازىرى، توغراغاز يېزىسى بىلەن، غەربى لەڭگەر بوز يەر دېھقانچىلىق مەيدانى ۋە قازناق دېھقانچىلىق مەيدانلىرى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. زېمىنى شېغىللىق چۆل بەلۋېغى ۋە كەلكۈن لاتقا تۈزلەڭلىكى بولۇپ، غەربىي جەنۇبتىن شەرقىي شىمالغا يانتۇ، يانتۇلۇق دەرىجىسى 1/76، جەنۇبىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2178 مېتىر، شىمالىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1443 مېتىر، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1509.5 مېتىر. 21 مىڭ 140 مو تېرىلغۇ كۆلىمىگە ئىگە بۇ يېزىنىڭ كىلىماتى تىپىك مۆتىدىل قۇرغاق، تۆت پەسىل روشەن ئايرىلىدۇ. ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 8.7℃، ئوتتۇرىچە ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا 8.8℃-، ئوتتۇرىچە ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 22℃، ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 44.7 مىللىمېتىر، ئوتتۇرىچە شامال كۈچى 1.8 بال، شامال نىسبەتەن كۆپ چىقىدۇ. پۈتۈن يىللىق قىروسىز مەزگىل 213 كۈن. قۇياش نۇرىنىڭ چۈشۈش مەزگىلى كۆپ، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ.

لەڭگەر يېزىسىنىڭ بۇرۇنقى نامى «بوغاز لەڭگەر» بولۇپ، بۇ نامنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا مۇنداق ئىككى خىل رىۋايەت بار:

1. لەڭگەر يېزىسى بۇرۇنقى زاماندا پولو تاغلىق رايونى بىلەن شەھەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتەڭ ئىكەن. ئېشەكچىلەر ۋە رەۋەندىلەر ھەممىشە مۇشۇ ئۆتەڭدە ئۇلاغلىرىغا يەم - بوغۇز بېرىپ ماڭىدىكەن. شۇڭا بۇ يەر «ئۇلاغلارغا بوغۇز بېرىلىدىغان ئۆتەڭ» دېگەن مەنىدە «بوغاز لەڭگەر» دەپ ئاتالغان ئىكەن.

2. بۇرۇنقى زاماندا ئىسلام دىنى ئىماملىرى بۇددىستلار بىلەن ئۇرۇشۇپ كېرىيىگە كەلگەندە، «لەڭگەر ساي» دا بۇددىستلار بىلەن 40 كېچە - كۈندۈز جەڭ قىلغان ئىكەن. سايدىكى ھەرە كۆنىكىدەك تۆشۈك قارا تاشلار شۇ جەڭدە ئۆلگەن بۇددىستلارنىڭ كاللىسى ئىكەن. بۇ جەڭدە ھايات قالغانلار «غازى» ئاتىلىپ، «لەڭگەر ساي» ئەتراپىدىكى بىنام يەردە ماكانلىشىپ قاپتۇ. كېيىنچە بۇ يۇرت ئۆتەڭ بولۇپ شەكىللىنىپتۇ. جەڭگە قاتناشقان سەرۋازلار بۇغراخاننىڭ لەشكەرلىرى بولغاچقا، بۇ ئۆتەڭ «بۇغراخان غازىلىرى ئاپىرىدە قىلغان لەڭگەر» دېگەن مەنىدە «بۇغرا غازى لەڭگەر» دەپ ئاتىلىپ، كېيىنچە «بۇغاز لەڭگەر» بولۇپ قالغان ئىكەن.

بۇ زېمىن مىنگونىڭ 27 - يىلى (1938 - يىلى) كېرىيە ناھىيىسىنىڭ 4 - رايونى قىلىنغان. مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) يۈز بېشىلىق تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندا، يوڭشۇن يېزىسى ( 永顺乡 ) دېيىلگەن. 1951 - يىلى كېرىيە ناھىيىسىنىڭ 4 - رايونى قىلىنىپ، ئىككى يېزىغا ئايرىلغان. 1958 - يىلى خەلق كوممۇنىسى قۇرۇلۇپ، «ۋەتەنپەرۋەر كوممۇنىسى» دەپ نام بېرىلگەن. 1980 - يىلى «بوغاز لەڭگەر كوممۇنىسى» دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984 - يىلى نامى «لەڭگەر يېزىسى» دەپ ئۆزگەرتىلگەن.

لەڭگەر يېزىسىدىكى 13 مەمۇرىي كەنت — 48 تەبىئىي كەنت - مەھەللىسىدە 3590 ئائىلە — 16 مىڭ 890 نوپۇس بار. ئاھالىسى ئۈزۈمچىلىكنى ئاساس، دېھقانچىلىقنى قوشۇمچە قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، باقمىچىلىق، سودا - تىجارەت بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدۇ. «توغراق قەدىمىي خارابە ئىزى»، «كۆكچى خانيار قەدىمىي خارابىسى» قاتارلىقلار بۇ يېزا تەۋەسىدە.

## لەڭگەر يېزىسى تەۋەلىكىدىكى مەمۇرىي كەنتلەر ۋە ئاساسلىق تەبىئىي كەنت - مەھەللىلەرنىڭ نامى
## 于田县兰干乡行政村和自然村名称

بازار كەنت كومىتېتى 巴扎村委会

www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| باش ئارقا | 巴什阿尔喀 |
| دۆڭباغ | 墩巴格 |
| مەچىتئالدى | 美其特阿勒迪 |
| لايقا كەنت كومىتېتى | 拉依喀村委会 |
| يۇقارقى لايقا | 尤喀克拉依喀 |
| نۇرمۇھەممەت لەڭگەر | 努日买买提兰干 |
| تۆۋەن لايقا | 托万拉依喀 |
| كۆۋرۈك | 科瑞克 |
| توغراق كەنت كومىتېتى | 托格拉克村委会 |
| ھاشاسۇك | 阿夏苏克 |
| سۇك كەنت كومىتېتى | 苏克村委会 |
| ئاياغسۇك | 阿亚克苏克 |
| يالغۇزتوغراق | 亚勒古孜托格拉克 |
| كوناباغ | 阔纳巴格 |
| ئۇلۇغئېرىق كەنت كومىتېتى | 乌鲁克艾日克村委会 |
| يولئارىش كەنت كومىتېتى | 尧勒阿日希村委会 |
| يولئارىش | 尧勒阿日希 |
| ئەزانخانا كەنت كومىتېتى | 艾赞哈纳村委会 |
| ئەزانخانا | 艾赞哈纳 |
| يېڭى كۆلبېشى كەنت كومىتېتى | 英库勒巴什村委会 |
| ئارقا كەنت كومىتېتى | 阿尔喀村委会 |
| ئۈجمىلىك ئارقا | 阿尔喀 |
| تۆۋەن ئارقا | 托万阿尔喀 |
| ئارا كەنت كومىتېتى | 阿热村委会 |
| قايتىش | 喀依提希 |
| ئارا | 阿热 |
| جەگدۆك | 介格墩 |
| يەتتەتۇنۇك كەنت كومىتېتى | 也台吐努克村委会 |
| يەتتەتۇنۇك | 也台吐努克 |
| كەتمە كەنت كومىتېتى | 坎提买村委会 |

| | |
|---|---|
| باشتېرىم | 巴什铁日木 |
| ئاقتازدۆڭ | 阿克塔孜墩 |
| ئىسلىقدۆڭ | 伊斯勒克墩 |
| توشقاندۆڭ كەنت كومىتېتى | 托什坎墩村委会 |
| توشقاندۆڭ | 托什坎墩 |

# قاراقىر يېزىسى 喀拉克尔乡

قاراقىر يېزىسى كېرىيە ناھىيىسىنىڭ غەربىگە جايلاشقان بولۇپ، يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى شور كۆل كەنتىگە جايلاشقان، ناھىيە مەركىزى بىلەن بولغان تۈز سىزىق ئارىلىقى 42.8 كىلومېتىر. غەربى چىرا ناھىيىسىنىڭ دامكۇ يېزىسى بىلەن، جەنۇبى لەڭگەر بوزيەر دېھقانچىلىق مەيدانى بىلەن، شەرقى شىۋول يېزىسى، لايسۇ ئۇرۇقچىلىق مەيدانى، كېرىيە قوي خوجىلىق فېرمىسى قاتارلىق جايلار بىلەن چېگرىلىنىدۇ. شىمالى تەكلىماكان قۇملۇقىغا تۇتىشىپ كېتىدۇ. 315 - دۆلەت تاشيولى بۇ يېزىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ. قاراقىر يېزىسى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىگە جايلاشقان بولۇپ، بۇلاق سۇلىرى يىغىلىپ ئاقىدىغان قاراقىر يادىن شەكىللەنگەن كىچىك تەبىئىي بوستانلىق. 31 مىڭ 978 مو تېرىلغۇ يەر بار. زېمىنى شورلۇق قۇم تۇپراق، جەنۇبتىن شىمالغا يانتۇ بولۇپ، يانتۇلۇق دەرىجىسى 1/895، جەنۇبىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1460 مېتىر، شىمالىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1329 مېتىر، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1394.5 مېتىر. كىلىماتى تىپىك مۆتىدىل قۇرغاق رايون، تۆت پەسىل روشەن ئايرىلىدۇ. ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.8℃، ئوتتۇرىچە ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا 5.7℃-، ئوتتۇرىچە ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 24.9℃، ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 39.7 مىللىمېتىر، ئوتتۇرىچە شامال كۈچى 1.85 بال، شامال نىسبەتەن كۆپ چىقىدۇ. پۈتۈن يىللىق قىروسىز مەزگىلى 221 كۈن. قۇياش نۇرىنىڭ چۈشۈش مەزگىلى كۆپ، كېچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ.

«قاراقىر» نامى ئۇيغۇر تىلىدىن كەلگەن ئاتالغۇ بولۇپ، «قارا» — چوڭ، زور دېگەن مەنىلەرگە ئىگە. بۇ جايلار شورلۇق بولغاچقا، شور تۇپراق قارامتۇل كېلىدۇ. بەزىلەر: «كىشىلەر بۇ جايدىن يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلغاندا، تۇپراق قارا بولغاچقا سىپىلىنىغان قىرلارمۇ قارا، ئېتىزنىڭ تۇپرىقىمۇ قارا ئىكەن. يەرلىك تىلدا ئېتىزنى ‹قىر› دەپمۇ ئاتىغاچقا، ‹قارا ئېتىز› دېگەن مەنىدە ‹قاراقىر› دەپ ئاتىلىپ، كېيىنچە ‹قارقى› بولۇپ قالغان ئىكەن» دەيدۇ. بۇ قاراش بىر قەدەر ئىلمىيلىككە ئىگە.

1910 - يىللىرى بۇ جايدا ھۆكۈمەتكە تەۋە بىر قونالغۇ ۋە 12 ئۆيلۈك ئاھالە بار ئىدى. قونالغۇ (ئۆتەڭ) گە 20 يول كېلىدىغان شىمال تەرەپتە بىر كەنت بولۇپ، 400 نەچچە ئۆيلۈك دېھقان ياشايتتى. كەنت بازىرىنىڭ 40 ~ 50 ئۆيلۈك ئاھالىسى بار ئىدى.

بۇ زېمىن مىنگونىڭ 27 - يىلى (1938 - يىلى) كېرىيە ناھىيەسىنىڭ 5 - رايونى قىلىنغان. مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) يۇز بېشىلىق تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندا، كېرىيە ناھىيىسىنىڭ 6 - رايونى قىلىنىپ، داتوڭ بازىرى ( 大通镇 ) ۋە يوڭچاڭ يېزىسى ( 永昌乡 ) تەسىس قىلىنغان. 1951 - يىلى كېرىيە ناھىيىسىنىڭ 6 - رايونى قىلىنىپ، ئۈچ يېزىغا ئايرىلغان. 1958 - يىل 10 - ئايدا خەلق كوممۇنىسى قۇرۇلۇپ، «ئۆكتەبىر كوممۇنىسى» دەپ نام بېرىلگەن. 1980 - يىلى «قارقى كوممۇنىسى» دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984 - يىلى ئىككى يېزىغا ئايرىلىپ، «شىۋۇل يېزىسى» ۋە «قاراقىر يېزىسى» قۇرۇلغان.

بۇ يېزا 13 مەمۇرىي كەنت 55 مەھەللىگە ئايرىلغان بولۇپ، 3169 ئائىلە — 13 مىڭ 283 نوپۇس بار. ئاھالىسى دېھقانچىلىقنى ئاساس، قول ھۈنەۋەنچىلىك، چارۋىچىلىق، سودا - تىجارەتنى قوشۇمچە قىلىدۇ. چارۋىچىلىق تەرەققىي قىلغان. بۇ يېزا تەۋەسىدە «شاھى ئابباس مازىرى» ۋە «شىكەر گەنجىۋۇللا پىرىم مازىرى» بار.

## قاراقىر يېزىسى تەۋەلىكىدىكى مەمۇرىي كەنتلەر ۋە ئاساسلىق تەبىئىي كەنت - مەھەللىلەرنىڭ نامى
## 于田县喀拉克尔乡行政村和自然村名称

| | |
|---|---|
| 硝尔库勒村委会 | شوركۆل كەنت كومىتېتى |
| 乌堂村委会 | ئۆتەڭ كەنت كومىتېتى |
| 乌堂 | ئۆتەڭ |
| 宗塔勒村委会 | زۇڭتال كەنت كومىتېتى |
| 宗塔勒 | زۇڭتال |
| 阿尔喀吾斯塘村委会 | ئاق ئۆستەڭ كەنت كومىتېتى |
| 阿尔喀吾斯塘 | ئاق ئۆستەڭ |
| 夏纳巴格 | شاناباغ |
| 吐格曼巴什 | تۇگمەنبېشى |
| 央塔克喀什村委会 | يانتاققاش كەنت كومىتېتى |
| 央塔克喀什 | يانتاققاش |
| 协依提拉村委会 | شىيىتلا كەنت كومىتېتى |
| 协依提拉 | شىيىتلا |
| 其那巴格 | چىناباغ |
| 布勒布勒吾斯塘 | بۇلبۇل ئۆستەڭ |
| 波斯塘托格拉克 | بوستانتوغراق |
| 铁热克吾力干 | تېرەك ئۇلغان |
| 喀格勒克阿依热希 | قاغىلىق ئارىش |
| 喀格勒克阿依热希村委会 | قاغىلىق ئارىش كەنت كومىتېتى |
| 巴扎托普村委会 | بازارتوپ كەنت كومىتېتى |
| 巴扎托普 | بازارتوپ |
| 扎滚勒克 | زاغۇنلۇق |
| 阔纳巴扎 | كونابازار |
| 拜什托格拉克村委会 | بەشتوغراق كەنت كومىتېتى |
| 拜什托格拉克 | بەشتوغراق |
| 麦盖提村委会 | مەكىت كەنت كومىتېتى |

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورېكتى

| | |
|---|---|
| كەندىرچەلگۈ | 坎迪尔切勒格 |
| مازارئۆستەڭ كەنت كومىتېتى | 麻扎吾斯塘村委会 |
| مازارئۆستەڭ | 麻扎吾斯塘 |
| تۇگمەنكۆل | 吐格曼库勒 |
| بوغۇناكۆل | 布胡那库勒 |
| ئوتتۇرائۆستەڭ | 欧吐拉吾斯塘 |
| بولجالىق | 布里加勒克 |
| تۇزكۈزلەك كەنت كومىتېتى | 吐孜库孜勒克村委会 |
| تۇزكۈزلەك | 吐孜库孜勒克 |
| ئۇيىيار | 奥依亚 |
| ئاياغئورمان | 阿亚克奥尔曼 |

## شىۋول يېزىسى 希吾勒乡

شىۋول يېزىسى كېرىيە ناھىيىسىنىڭ غەربىگە جايلاشقان بولۇپ، يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى قۇشقاچباغ كەنتىگە جايلاشقان، ناھىيە مەركىزى بىلەن بولغان ئارىلىقى 40 كىلومېتىر. شەرقى توغراغاز يېزىسى بىلەن، غەربى ۋە شىمالى قاراقىر يېزىسى بىلەن، جەنۇبى لايسۇ ئۇرۇقچىلىق مەيدانى، قازناق دېھقانچىلىق تەرەققىيات رايونى بىلەن 315 - دۆلەت تاشيولى ئارقىلىق چېگرىلىنىدۇ. شىۋول يېزىسى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىگە جايلاشقان بولۇپ، بۇلاق سۇلىرى يىغىلىپ ئاقىدىغان «داۋزا يا» دىن شەكىللەنگەن كىچىك تەبىئىي بوستانلىق، 6066 مو تېرىلغۇ كۆلىمىگە ئىگە. زېمىنى شورلۇق قۇم تۇپراق، جەنۇبتىن شىمالغا يانتۇ بولۇپ، يانتۇلۇق دەرىجىسى 1/898، جەنۇبىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1460 مېتىر، شىمالىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1329 مېتىر، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1394.5 مېتىر. كىلىماتى تىپىك مۆتىدىل قۇرغاق رايون، تۆت پەسىل روشەن ئايرىلىدۇ. ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.8℃، ئوتتۇرىچە ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا 5.7℃-،

ئوتتۇرىچە ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 24.9℃، ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 39.7 مىللىمېتىر، ئوتتۇرىچە شامال كۈچى 1.85 بال، شامال نىسبەتەن كۆپ چىقىدۇ. پۈتۈن يىللىق قىروسىز مەزگىلى 211 كۈن. قۇياش نۇرىنىڭ چۈشۈش مەزگىلى كۆپ، كېچە بىلەن كۈندۈز-نىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ.

«شۋول» ئاتالغۇسىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا مۇنداق بىر رىۋايەت بار: شۋول بۇرۇنقى زاماندا پۈتۈنلەي جاڭگال بولۇپ، چارۋى-چىلار ئولتۇراقلاشقان ئىكەن. ئۇلار چارۋىچىلىقتىن سىرت يەنە ئوۋ-چىلىقمۇ قىلىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ يەردە بىر نەچچە شىر پەيدا بولۇپ، مال پادىلىرىغا تەھدىت سالىتۇ. چارۋىچىلار مەسلىھەتلىشىپ، بۇ شىرلارنى ئوۋلاپ، يىلتىزىدىن تۈگەتمەكچى بولۇپتۇ. لېكىن شىرلار ئادەملەرنى ئوۋلاپ كەتسە كېتىپتۇكى، ھېچكىم بىرەر شىر ئوۋلىيال-ماپتۇ. شىرنىڭ بۇنداق يامانلىقى ۋە ئوۋغا ماھىرلىقىغا قاراپ، كىشى-لەر ئىچىدە «بۇ يۇرتتا ياشار بولساڭ شىر بول» دېگەن ماقال پەيدا بوپتۇ. بۇ سۆز بىلەن بۇ يۇرت «شىر بول» دەپ ئاتىلىپ، كېيىنچە «شۋول» بولۇپ قالغان ئىكەن.

بۇ يەرلەر مىنگونىڭ 27 - يىلى (1938 - يىلى) قارقى يېزىسى بىلەن كېرىيە ناھىيىسىنىڭ 5 - رايونى قىلىنغان. مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) يۈز بېشلىق تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندا، كېرىيە ناھىيىسىنىڭ 6 - رايونى قىلىنىپ يوڭچاڭ يېزىسى (永昌乡) تەسىس قىلىنغان. 1951 - يىلى كېرىيە ناھىيىسىنىڭ 6 - رايونى قىلىنىپ قۇرۇلغان ئۈچ يېزىنىڭ بىرى بولغان. 1958 - يىلى 10 - ئايدا خەلق كوممۇنىسى قۇرۇلۇپ، «ئۆكتەبىر كوممۇنىسى» غا قوشۇۋېتىلگەن. 1959 - يىلى قوي خوجىلىق فېرمى-سى بۇ يېزىغا يۆتكەپ كېلىنگەندىن كېيىن، قوي خوجىلىق فېرمىسى ۋاكالىتەن باشقۇرۇپ كەلگەن. 1984 - يىلى قوي خوجىلىق فېرمىسى-دىن ئايرىلىپ، «شۋول يېزىسى» قىلىپ، قوي خوجىلىق فېرمىسى پارتكومىغا قاراشلىق يېزا بولغان. 1995 - يىلى ئايرىم پارتكوم قۇرۇل-غان.

بۇ يېزا ھازىر تۆت مەمۇرىي كەنتكە ئايرىلغان بولۇپ، 1097

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئائىلە — 3989 نوپۇس بار. ئاھالىسى يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، چارۋىچىلىقتا قوي بىلەن ئۆچكە ئاساس قىلىنىدۇ. داڭلىق سەيلىگاھ «ئەجدەر كۆل» (يەرلىك نامى «كۆتەك كۆل»)، «شىۋول سۇ ئامبار» (بۇرۇن تەبىئىي كۆل بو- لۇپ، كېيىن سۇ ئامبىرى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن)، «جىن توغراق» قەدىمىي توغراقلىقى ۋە داڭلىق تاۋاپگاھ «ئارىش مازار» قاتارلىقلار مۇشۇ يېزا تەۋەسىدە بولۇپ، ساياھەتچىلىك بىر قەدەر تەرەققىي قىل- غان. بۇ يېزىدىكى ئاھالىلار ئىچىدە «ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش چولپانلى- رى» بىر قەدەر كۆپ.

## شىۋول يېزىسى تەۋەلىكىدىكى مەمۇرىي كەنتلەر ۋە ئاساسلىق تەبىئىي كەنت ـ مەھەللىلەرنىڭ نامى
## 于田县希吾勒乡行政村和自然村名称

| | |
|---|---|
| باغتوغراق | 巴格托格拉克 |
| خوجادۆڭ | 乎加墩 |
| پۇچۇقدۆڭ | 甫求克墩 |
| پارچەكەنت | 帕其坎特 |
| كۇچا | 阔恰 |
| ئاستىنئۆستەڭ | 阿斯延吾斯塘 |
| داشكۆل كەنت كومىتېتى | 达希库勒村委会 |
| داشكۆل | 达希库勒 |
| چوڭباغ | 琼巴格 |
| جاڭگالئېغىز | 江尕勒艾孜 |
| گوبباغ | 古甫巴格 |
| قاراڭغۇكۆل | 喀让古库勒 |
| ئوجۇنلۇق كەنت كومىتېتى | 吾居鲁克村委会 |
| يېڭىئاۋات كەنت كومىتېتى | 英阿瓦提村委会 |
| ئارىش مازار | 阿日希麻扎 |

# ئويتوغراق يېزىسى 奥依托格拉克乡

ئويتوغراق يېزىسى كېرىيە ناھىيىسىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان بولۇپ، يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى ئېگىز دۆۋە كەنتىگە جايلاشقان، ناھىيە مەركىزى بىلەن بولغان تۈز سىزىق ئارىلىقى 22.4 كىلومېتىر. شەرقى نىيا ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبى ئاتچان يېزىسى بىلەن، غەربى مۇغاللا، يېڭىباغ، ئارال يېزىلىرى بىلەن، شىمالى دەريا بويى يېزىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. 315 - دۆلەت تاشيولى بۇ يېزىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ. خەرىتىدىكى ئورنى شىمالىي كەڭلىك 36°46′ — 37°13′، شەرقىي مېرىدىئان 81°46′ — 82°36′ ئارىلىقىدا. شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 76 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 136 كىلومېتىر، ئومۇمىي يەر مەيدانى 4311.75 كۋادرات كىلومېتىر. زېمىنى شېغىللىق چۆل بەلۋېغى ۋە كەلكۈن لاتقا تۈزلەڭلىكى بولۇپ، جەنۇبتىن شىمالغا يانتۇ، يانتۇلۇق دەرىجىسى 1/36، جەنۇبىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 5220 مېتىر، شىمالىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1427 مېتىر، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1440 مېتىر. كىلىماتى تىپىك مۆتىدىل قۇرغاق رايون، تۆت پەسىل روشەن ئايرىلىدۇ. ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.7℃، ئوتتۇرىچە ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا -6.3℃، ئوتتۇرىچە ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 24.9℃، ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 44.7 مىللىمېتىر، ئوتتۇرىچە شامال كۈچى 1.8 بال، شامال نىسبەتەن كۆپ چىقىدۇ. پۈتۈن يىللىق قىروسىز مەزگىلى 213 كۈن. قۇياش نۇرىنىڭ چۈشۈش مەزگىلى كۆپ، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ.

«ئويتوغراق» نامى ئۇيغۇر تىلىدىن كەلگەن سۆز بولۇپ، بۇ نامنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا مۇنداق بىر رىۋايەت بار: بۇرۇنقى زاماندا بۇ يەردە مال - چارۋا باققان كىشىلەر قېرى توغراقنىڭ كوڭتېيىنى ئۆي قىلىپ ئىشلەتكەن ئىكەن، شۇڭا «ئۆي توغراق» دەپ ئاتىلىپ كېيىنچە «ئويتوغراق» بولۇپ قالغان. بۇ رىۋايەتتىن باشقا

www.uyghurkitap.com

يەنە مۇنداق ئۈچ خىل قاراش بار: (1) بۇ «چوڭقۇر» مەنىسىدىكى «ئوي» بىلەن «توغراق» سۆزىدىن بىرىكىپ ياسالغان ئىسىم؛ (2) بۇ «ئون» دېگەن سانىنى بىلدۈرىدىغان سۆز بىلەن «توغراق» سۆزىدىن بىرىكىپ «ئون توغراق» دەپ ئاتىلىپ، كېيىنچە «ئويتوغراق» بولۇپ قالغان. چۈنكى توغراق سانى بىلەن ئاتالغان يەر ناملىرىدىن يەنە «بەشتوغراق» دېگەن نامىلارمۇ بار. (3) «ئويتوغراق» ئەسلىي يېپەك يولىدىكى راباتلاردىن بىرى بولۇپ، ھازىر «بەش توغراق» نامى بىلەن ئاتىلىپ كېلىنۋاتقان ئارال يېزىسىنىڭ «ئويتوغراق» تەرەپتىكى كەنتى ئەسلىي «باش توغراق» يەنى باشتىكى توغراق مەنىسىدە، «ئويتوغ-راق» بولسا تەكلىماكاننىڭ سەل ئىچكىرىسىدەك، بۇ «باش توغراق»نىڭ ئايىغىدىراق بولغاچقا، ئاياغدىكى توغراق دېگەن مەنىدە «ئويتوغ-راق» دەپ ئاتالغان.

بۇ زېمىن مىنگونىڭ 27 - يىلى (1938 - يىلى) كېرىيە ناھىيە-سىنىڭ 6 - رايونى قىلىنغان. مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) يۈز بېشىلىق تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندا، بۇ يەردە كېرىيە ناھىيىسىنىڭ يوقلى يېزىسى (永利乡) تەسىس قىلىنغان. 1951 - يىلى كېرىيە ناھىيىسىنىڭ 7 - رايونى قىلىنىپ، ئۈچ يېزىغا ئايرىلغ-ان. 1954 - يىلى بۇ يېزىنىڭ پىشكە كەنتى بىلەن تومىيا كەنتى كېرىيە ناھىيىسىنىڭ 8 - رايونى (ھازىرقى ئاتچان يېزىسى) غا ئايرىپ بېرىلگەن. 1958 - يىلى خەلق كوممۇنىسى قۇرۇلۇپ، «كۆرەش كوممۇنىسى» دەپ نام بېرىلگەن. 1959 - يىلى تومىيا كەنتى قايتىدىن بۇ يېزىغا ئايرىپ بېرىلگەن. 1980 - يىلى «ئويتوغراق كوممۇنىسى» دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984 - يىلى «ئويتوغراق يېزىسى» بولۇپ قۇ-رۇلغان.

بۇ يېزا ھازىر 12 مەمۇرىي كەنت 72 مەھەللىگە ئايرىلغان بولۇپ، 3970 ئائىلە — 17 مىڭ 100 نوپۇس بار. 34 مىڭ 291 مو تېرىلغۇ كۆلىمىگە ئىگە بۇ يېزىنىڭ ئاھالىسى دېھقانچىلىقنى ئاساس، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، باقمىچىلىق، سودا - تىجارەتنى قوشۇمچە قىلىدۇ. باغۋەنچىلىك تەرەققىي قىلغان بولۇپ، شاپتۇل بىلەن قەغەز پوستلۇق ياڭاق ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇ يېزىدىكى شاپتۇل سورتلىرى-

نىڭ تۈرى كۆپ بولۇپ، كۆك شاپتۇلى ئەڭ داڭلىق. مەشھۇر «بۇغرا-قۇم» قۇم تېغى بۇ يېزىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان. يېسىيۇلغۇن كەنتىدە 19 ـ ئەسىردە نىياز ھېكىم بەگ تەرىپىدىن كولىتىلغان چوڭ كۆل ۋە كۆل ئەتراپىدا شۇ دەۋردە تىكىلگەن قېرى دەرەخلەر ھازىرمۇ ساقلىنىپ كېلىۋاتىدۇ.

## ئويتوغراق يېزىسى تەۋەلىكىدىكى مەمۇرىي كەنتلەر ۋە ئاساسلىق تەبىئىي كەنت ـ مەھەللىلەرنىڭ نامى
## 于田县奥依托格拉克乡行政村和自然村名称

| | |
|---|---|
| 依格孜都维村委会 | ئېگىزدۆۋە كەنت كومىتېتى |
| 依格孜都维 | ئېگىزدۆۋە |
| 瓦拉克买里 | ۋالاق مەھەللە |
| 拍什塔克买里 | پەشتاق مەھەللە |
| 兰干吾斯塘村委会 | لەڭگەر ئۆستەڭ كەنت كومىتېتى |
| 协依合买里 | شېيىخ مەھەللە |
| 托盖巴格 | تۆگەباغ |
| 兰干巴格 | لەڭگەرباغ |
| 喀拉库木奇村委会 | قاراقۇمۇش كەنت كومىتېتى |
| 喀拉库木奇 | قاراقۇمۇش |
| 塔吾尕孜村委会 | تاۋغاز كەنت كومىتېتى |
| 加扎尼买里 | جازانى مەھەللىسى |
| 依克其买里 | يېكچى مەھەللە |
| 阿珠克 | ئاجۇك |
| 阿尔喀 | ئارقا |
| 阿尔喀吾斯塘 | ئارقائۆستەڭ |
| 库木艾日克 | قۇمئېرىق |
| 英阿其玛 | يېڭىئاچما |
| 汗托格拉克艾日克 | خانتوغراقئېرىق |
| 塔勒克艾日克村委会 | تاللىقئېرىق كەنت كومىتېتى |

www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| لەڭگەرئۆستەڭ | 兰干吾斯塘 |
| يار كەنت كومىتېتى | 亚村委会 |
| تۆمۈرچى مەھەللە | 铁木尔其买里 |
| ئاپتاپلىقكۆل مەيدان | 阿甫塔甫勒克库勒迈丹 |
| ئاپتاپلىقكۆل كەنت كومىتېتى | 阿甫塔甫勒克库勒村委会 |
| ئارقا مەيدان | 阿尔喀迈丹 |
| ئارقا | 阿尔喀 |
| توغرا ئۆستەڭ كەنت كومىتېتى | 托格拉吾斯塘村委会 |
| توغرا ئۆستەڭ | 托格拉吾斯塘 |
| چەلگۈئۆستەڭ | 切勒格吾斯塘 |
| ئارائۆستەڭ كەنت كومىتېتى | 阿热吾斯塘村委会 |
| جىگدىلىك ئۆستەڭ | 吉格代勒克吾斯塘 |
| كۆلئېرىق | 库勒艾日克 |
| يۇقارقى چەلگۈ ئۆستەڭ | 尤喀克切勒格吾斯塘 |
| قاش تۈۋى | 喀什吐维 |
| يېسىيۇلغۇن كەنت كومىتېتى | 也斯尤勒滚村委会 |
| يېسىيۇلغۇن | 也斯尤勒滚 |
| قاقشاللىق | 喀克夏勒克 |
| تومىيا كەنت كومىتېتى | 吐木亚村委会 |
| تومىيا | 吐木亚 |
| قارابۇلاق | 喀拉布拉克 |
| قۇمسۇلاق | 库木苏拉格 |
| مالغۇن | 马勒滚 |
| سەنجە | 散介 |
| مات | 玛特 |
| قوۋۇرغا | 库乌尕 |
| سولدى | 苏勒迪 |

## ئاتچان يېزىسى 阿羌乡

ئاتچان يېزىسى كېرىيە ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان تاغلىق

رايون بولۇپ، يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى ئاتچان كەنتىگە جايلاشقان،
ناھىيە مەركىزى بىلەن بولغان تۈز سىزىق ئارىلىقى 50 كىلومېتىر.
شەرقى نىيا ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبى شىزاڭ ئاپتونوم رايونى بىلەن،
غەربى چىرا ناھىيىسىنىڭ بوستان يېزىسى بىلەن، شىمالى ئويتوغراق،
ئارىش، لەڭگەر، قاراقىر يېزىلىرى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. خەرىتىدىكى
ئورنى شىمالىي كەڭلىك 36°50′ — 35°14′، شەرقىي مېرىدىـ
ئان 82°51′ — 81°25′ ئارىلىقىدا. ئومۇمىي يەر مەيدانى 12339.9
كۋادرات كىلومېتىر. زېمىنى تاغ - ئېدىرلىق ۋە تاغ ئېتىكىدىكى
تاشلىق چۆل بەلۋېغى، دېڭىز يۈزىدىن 2500 — 1431.9 مېتىر
ئېگىز. قىشتا قەھرىتان سوغۇق، يازدا تومۇز ئىسسىق بولمايدۇ. كۈن
نۇرىنىڭ تولۇق چۈشۈش ۋاقتى نىسبەتەن قىسقا، ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇـ
ـرىسى 6.6℃، ئوتتۇرىچە ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا -11.3℃، ئوتتۇـ
رىچە ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 17.9℃، پۈتۈن يىللىق قىروسىز
مەزگىلى 169 كۈن. چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. تېرىلغۇ كۆلىمى
24 مىڭ 412 مو كېلىدۇ.

«ئاتچان» ئاتالغۇسى ئۇيغۇر تىلىدىن كەلگەن سۆز بولۇپ، «ئاتقا
ئامراق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ دېيىلىدۇ. بىراق يەنە بىر خىل
قاراشتىكىلەر بۇ سۆزنىڭ تەكتى «ئاتلىق چانلار» دېگەنلىك بولۇپ،
قەدىمكى چانلارنىڭ چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان، ئات بېقىش ۋە ئات
مىنىش ماھارەتلىرىگە ماھىر بولغان بىر تارمىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار
كېرىيە ناھىيىسىدىكى تاغلىق رايونلارغا كېلىپ ماكانلاشقان. دەسلەپـ
ـكى چاغلاردا يەرلىك خەلق تەرىپىدىن «ئاتلىق چانلار» دەپ ئاتالغان.
كېيىنچە فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش بولۇپ «ئاتچان» شەكلىگە كېلىپ
قالغان. ئۇلار ئولتۇراقلاشقان يۇرتمۇ مۇشۇ قوۋم نامى بىلەن ئاتالغان.
نۇرغۇن ئەسىرلەر داۋامىدا ئاتلىق چانلار يەرلىق خەلققە سىڭىشىپ
كەتكەن. نەتىجىدە، ئەسلىدە مىللىي ئېتنىك نام بولغان «ئاتچان»
دېگەن سۆز نوقۇل جۇغراپىيىۋى ئورۇننى كۆرسىتىدىغان ئاتالغۇغا
ئايلىنىپ كەتكەن دەپ ھېسابلايدۇ. بىزنىڭچە كېيىنكى قاراش ئىلمىيـ
ـلىككە ئىگە، شۇنداقلا بۇ ئىككى قاراش بىر - بىرىگە تولىمۇ يېقىن.

بۇ زېمىن مىنگونىڭ 27 - يىلى (1938 - يىلى) كېرىيە ناھىيىـ

كىتاب تورىكتىپ www.uygurkitap.com

سىنىڭ 7 - رايونى قىلىنغان. مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) يۈز بېشىلىق تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندا، بۇ يەرلەردە كېرىيە ناھىيىسىنىڭ يوڭيۇ يېزىسى ( 永裕乡 ) تەسىس قىلىنغان. 1953 - يىلى كېرىيە ناھىيىسىنىڭ 8 - رايونى قىلىنىپ، ئىككى يېزىغا ئايرىلغان. 1954 - يىلى كېرىيە ناھىيىسى 7 - رايونىنىڭ پىشكە كەنتى بىلەن تومىيا كەنتى قوشۇپ بېرىلگەن. 1958 - يىلى خەلق كوممۇنىسى قۇرۇلۇپ، «قاراقۇرۇم كوممۇنىسى» دەپ نام بېرىلگەن. 1959 - يىلى تومىيا كەنتى قايتىدىن 7 - رايونغا ئايرىپ بېرىلگەن. 1980 - يىلى يەر نامىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە «ئاتچان كوممۇنىسى» دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984 - يىلى «ئاتچان يېزىسى» قۇرۇلغان.

بۇ يېزا ھازىر 11 مەمۇرىي كەنت 34 مەھەللىگە ئايرىلغان بولۇپ، 1675 ئائىلە — 7531 نوپۇس بار. دۇنياغا داڭلىق خوتەن قاشتېشىنىڭ «ئالماس كان» رايونى ۋە «پىشكە كان» رايونى بۇ يېزا تەۋەسىگە جايلاشقان. «ئالماس كان» رايونىدا «ئالماس كان»، «سېرىققۇرام كان»، «چىغانقۇل» ۋە بۇ كانلارغا يېقىن بىر قانچە كىچىك كانلار بار. «يىغلاڭغۇ كان» رايونىدا ئىككى چوڭ كان ۋە بۇ كانلارغا يېقىن بىر قانچە كىچىك كانلار بار.

## ئاتچان يېزىسى تەۋەلىكىدىكى مەمۇرىي كەنتلەر ۋە ئاساسلىق تەبىئىي كەنت - مەھەللىلەرنىڭ نامى
## 于田县阿羌乡行政村和自然村名称

| | |
|---|---|
| ئاتچان كەنت كومىتېتى | 阿羌村委会 |
| ئاتچان | 阿羌 |
| ئاراساي | 阿热萨依 |
| پامكا | 帕姆喀 |
| تۇگۇچى | 托格其 |
| يۇچىلىك | 尤其勒克 |
| قۇمبۇيان | 库木布央 |
| گۇڭشې بوزيەر | 公社博孜也尔 |

| | |
|---|---|
| 皮什盖博孜也尔 | پىشكەبوزيەر |
| 库孜勒克博孜也尔 | كۆزلىق بوزيەر |
| 皮什盖村委会 | پىشكە كەنت كومىتېتى |
| 皮什盖 | پىشكە |
| 克孜勒喀依 | قىزىلقاي |
| 塔木其 | تامچى |
| 库如提喀 | قۇرۇتقا |
| 昆仑 | قاراقۇرۇم |
| 托格曼巴什村委会 | تۇگمەنبېشى كەنت كومىتېتى |
| 其格勒克萨依 | چىغانلىق ساي |
| 阿热力科切提 | ئارال كۆچەت |
| 奥依且克 | ئويچىك |
| 阿尔帕勒克 | ئارپىلىق |
| 喀赞啊斯玛 | قازانئاسما |
| 太斯坎里克村委会 | تەسكەنلىك كەنت كومىتېتى |
| 太斯坎里克 | تەسكەنلىك |
| 喀相兰干 | كاشان لەڭگەر |
| 塔依拉克英阿瓦提 | يايلاق يېڭىئاۋات |
| 塔帕英阿瓦提 | كاپا يېڭىئاۋات |
| 喀帕 | كاپا |
| 霍热克兰干 | خوررەك لەڭگەر |
| 恰其坎兰干 | چاچقان لەڭگەر |
| 苏克塔亚克 | سوقتاياق |
| 库乃斯村委会 | كۆنەس كەنت كومىتېتى |
| 阿热勒克 | ئاراللىق |
| 库热木勒克 | قۇراملىق |
| 雄古拉村委会 | شۇڭگۇل كەنت كومىتېتى |
| 秋尕勒 | چۇغال |
| 库兰其 | قۇلانچى |
| 阿克巴什 | ئاقباش |

www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| ياگالىق | 亚尔勒克 |
| گەمە | 盖买 |
| تۆۋەن كۆنەس | 托万库乃斯 |
| قارائارپائېغىز | 喀拉阿尔帕艾孜 |
| چالدۆۋە | 恰勒都维 |
| چۆرۈمە | 确尔买 |
| شۆتۆ | 休提 |
| بۇلاقبېشى | 布拉克巴什 |
| چوڭساي | 琼萨依 |
| كەڭرتۆز | 康尔吐孜 |
| قاشتاش كەنت كومىتېتى | 喀什塔什村委会 |
| قاشتېشى | 喀什塔什 |
| گۇتالغۇ | 古塔勒古 |
| ئۆگۈيەك | 吾格也克 |
| ئۆچكەبۇلۇڭ كەنت كومىتېتى | 乌什开布隆村委会 |
| ئۆچكەبۇلۇڭ | 乌什开布隆 |
| بوشقات | 博希喀提 |
| قىشلاق | 克希拉克 |
| جىيىن | 吉音 |
| پولو كەنت كومىتېتى | 普鲁村委会 |
| پولو | 普鲁 |
| تىرەكلىك ساي | 铁热克勒克萨依 |
| كىچىك پولو | 克其克普鲁 |
| ئالاچۇي | 阿拉其依 |

## يېڭىباغ يېزىسى 英巴格乡

يېڭىباغ يېزىسى كېرىيە ناھىيىسىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى توشقانتاختا كەنتىگە جايلاشقان،

ناھىيە مەركىزى بىلەن بولغان تۈز سىزىق ئارىلىقى 16 كىلومېتىر.
شەرقى ئويتوغراق يېزىسى بىلەن، شىمالى دەريا بويى يېزىسى بىلەن،
غەربى «قاراخان دېھقانچىلىق مەيدانى» بىلەن، جەنۇبى مۇغاللا بازىرى
بىلەن چېگرىلىنىدۇ. ئۇ كېرىيە دەرياسىنىڭ شەرقىي لېۋىدىكى جەنۇب-
تىن شىمالغا سوزۇلغان بوستانلىق بولۇپ، خەرىتىدىكى ئورنى
شىمالىي كەڭلىك 36°50′ — 35°14′، شەرقىي مېرىدىيان
82°51′ — 81°25′ ئارىلىقىدا. شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 32 كىلو-
مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 38 كىلومېتىر، ئومۇمىي يەر
مەيدانى 671.64 كۋادرات كىلومېتىر، تېرىلغۇ كۆلىمى 24 مىڭ
150 مو كېلىدۇ. زېمىنى شورلۇق قۇم تۇپراق بولۇپ، جەنۇبتىن
شىمالغا يانتۇ، يانتۇلۇق دەرىجىسى 1/792، جەنۇبىنىڭ دېڭىز يۈزى-
دىن ئېگىزلىكى 1385.9 مېتىر، شىمالىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن
ئېگىزلىكى 1338 مېتىر، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزل-
كى 1361.5 مېتىر. كىلىماتى تىپىك مۆتىدىل قۇرغاق رايون،
تۆت پەسىل روشەن ئايرىلىدۇ. ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.7℃،
ئوتتۇرىچە ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا 5.8℃-، ئوتتۇرىچە ئەڭ يۇقىرى
تېمپېراتۇرا 25℃، ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 44.7
مىللىمېتىر، ئوتتۇرىچە شامال كۈچى 1.8 بال. پۈتۈن يىللىق قىرو-
سىز مەزگىلى 213 كۈن. قۇياش نۇرىنىڭ چۈشۈش مەزگىلى ئۇزاق،
كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ.

بۇ يېزىنىڭ ئەسلىدىكى نامى «توقىچاقلىق» بولۇپ، ئىلگىرى
بۇ يەر توغراقلار بۈك - باراقسان ئۆسكەن تەبىئىي ئورمانلىق ئىكەن.
توغراقلىقتا توقىچاق (تۆمۈر تۇمشۇق) ئىنتايىن كۆپ بولغاچقا، «تۆ-
مۈر تۇمشۇق كۆپ جاي» دېگەن مەنىدە «توقىچاقلىق» دەپ ئاتالغان-
كەن. 1965 - يىلى بۇ يەردە كەڭ كۆلەمدە بوز يەر ئېچىلىپ،
«يېڭىباغ» دەپ نام بېرىلگەن.

بۇ زېمىن مىنگونىڭ 27 - يىلى (1938 - يىلى) كېرىيە ناھىيە-
سىنىڭ 1 - رايونىغا قاراشلىق بولغان. مىنگونىڭ 32 - يىلى
(1943 - يىلى) يۈزبېشىلىق تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندا، كېرىيە ناھى-
يىسىنىڭ يوڭفېڭ يېزىسى (永丰乡) غا قاراشلىق بولغان.

www.uyghurkitap.com ئويغۇر كىتاب تورىبېتى

1951 - يىلى كېرىيە ناھىيىسىنىڭ 2 - رايونىغا تەۋە بولغان. 1958 - يىلى خەلق كوممۇنىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، «يېڭى ئاۋاز كوممۇنىسى» نىڭ بوزيەر ئۆزلەشتۇرۇش رايونى قىلىنغان. 1965 - يىل 8 - ئايدا جياڭسۇ ئۆلكىسىدىن كەلگەن چېگرا رايونغا ياردەم بەرگۈچى ياشلار بۇ يەرگە ماكانلىشىپ، يەرلىك ئاھالە بىلەن بىرلىكتە «يېڭىباغ دېھقانچىلىق مەيدانى» قۇرغان بولۇپ، ۋىلايەتكە قاراشلىق بولغان. 1970 - يىلى يېڭىباغ كوممۇنىسى قۇرۇلغان. 1980 - يىلى «يېڭىباغ كوممۇنىسى» دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1984 - يىلى «يېڭىباغ يېزىسى» قۇرۇلغان. ئۇ چاغدىكى يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئورنى ئاياغ لەمپە كەنتىدە بولۇپ، چېگرا رايونغا ياردەم بەرگۈچى ياشلار يۇرتىغا قايتىپ كېتىپ، ئۇلار قۇرغان شتاب بىكار قالغانلىقى ھەم يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى بۇ يېزىنىڭ باش قىسمىغا ئورۇنلىشىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، 1985 - يىلى ھازىرقى ئورۇنغا — توشقان تاختا كەنت كومىتېتى تەۋەسىگە يۆتكەلگەن.

بۇ يېزىدىكى 12 مەمۇرىي كەنت 47 مەھەللىدە 1799 ئائىلە — 9184 نوپۇس بار. ئاھالىسى دېھقانچىلىقنى ئاساس، چارۋىچىلىقنى قوشۇمچە قىلىدۇ. بوستان شاللىق رايونى ۋە بۇ يېزىنىڭ باش تەرىپى كېرىيە دەرياسى بويىدىكى شالچىلىق ئوقتىسى بولۇپ، تەۋەسىدىكى شالچىلىق رايونى «يۇمىلاق» دەپ ئاتىلىدۇ.

## يېڭىباغ يېزىسى تەۋەلىكىدىكى مەمۇرىي كەنتلەر ۋە ئاساسلىق تەبىئىي كەنت - مەھەللىلەرنىڭ نامى
## 于田县英巴格乡行政村和自然村名称

| | |
|---|---|
| باش لەمپە كەنت كومىتېتى | 巴什兰帕村委会 |
| لەمپە ئۆستەڭ | 兰帕吾斯塘 |
| ئاياغلەمپە كەنت كومىتېتى | 阿亚格兰帕村委会 |
| ئاياغلەمپە | 阿亚格兰帕 |
| قۇرۇق ئىلەك كەنت كومىتېتى | 库如克依来克村委会 |
| قۇرۇق ئىلەك | 库如克依来克 |

| | |
|---|---|
| توقسەندۆڭ كەنت كومىتېتى | 托合散墩村委会 |
| توقسەندۆڭ | 托合散墩 |
| ھەسەنھۈسەن كەنت كومىتېتى | 艾山玉山村委会 |
| ھەسەنھۈسەن | 艾山玉山 |
| كاۋائېرىق كەنت كومىتېتى | 喀瓦艾日克村委会 |
| كاۋائېرىق | 喀瓦艾日克 |
| ئارا يول | 阿热尧勒 |
| بەگ مەھەللە | 伯克买里 |
| ئاتكويدى كەنت كومىتېتى | 阿特阔依提村委会 |
| ئاتكويدى | 阿特阔依提 |
| ھەسىنتىم كەنت كومىتېتى | 艾斯尼提木村委会 |
| كەڭتوقاي كەنت كومىتېتى | 康托喀依村委会 |
| جىنتوغراق كەنت كومىتېتى | 金托格拉克村委会 |
| جىنتوغراق | 金托格拉克 |
| باغچا كەنت كومىتېتى | 巴格恰村委会 |
| باغچا | 巴格恰 |
| توشقانتاختا كەنت كومىتېتى | 托什坎塔合塔村委会 |

## دەريابويى يېزىسى 达里雅博依乡

دەريا بويى يېزىسى كېرىيە ناھىيىسىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ناھىيە مەركىزى بىلەن بولغان ئارىلىقى 234 كىلومېتىر. جەنۇبى ئويتوغراق، يېڭىباغ، شىۋول، قاراقىر يېزىلىرى ۋە «قاراخان دېھقانچىلىق مەيدانى» بىلەن چېگرىلىنىدۇ. غەربى چىرا ناھىيىسى بىلەن، شەرقى نىيا ناھىيىسى بىلەن، شىمالى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ شايار ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. خەرىتىدىكى ئورنى شىمالىي كەڭلىك 39°29′ — 36°13′، شەرقىي مېرىدىئان 82°26′ — 81°19′، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 96 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 252 كىلومېتىر. زېمىنى شورلۇق ۋە

تۈركىتاپ كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قۇم تۇپراق بولۇپ، جەنۇبتىن شىمالغا يانتۇ، يانتۇلۇق دەرىجىسى 1/792، كىلىماتى تىپىك مۆتىدىل قۇرغاق رايونغا تەۋە، ئىنتايىن قۇرغاق ھەم قۇم - بوران كۆپ. تۆت پەسىل روشەن ئايرىلىدۇ. قۇياش نۇرىنىڭ چۈشۈش مەزگىلى ئۇزاق، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى ناھايىتى چوڭ.

تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقان بۇ يېزا 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدا بەزى كىشىلەر تەرىپىدىن «ياۋايى ئادەملەر ياشايدىغان يەر» دەپ ئاتىلىپ، بۇ خەۋەر جامائەتچىلىكنىڭ دىققىتىنى تارتقان. شۇنى ئالاھىدە ئېيتىش لازىمكى، بۇ يەردە قەدىمدە «تەكلە» ، «باراق» دەپ ئاتىلىدىغان ئىككى ئۇرۇق كېرىيە دەرياسى-نىڭ ئىككى قىرغىقىدا ياشىغان بولۇپ، «باراق» لار ئۇزلىرىنىڭ ئەجدادىنى بۆرە ئىكەن، دېيىشىدۇ. «تەكلە» دېگەن سۆز شاپتۇلنىڭ باش باھاردا پىشىدىغان بىر خىلىنىڭ نامى يەنى — «تەكە» دىن كەلگەن. ئۇلارنىڭ قارىشىچە ھازىرقى «تەكلىماكان» ئاتالغۇسى «تەرك ماكان» ، «ئەسلى ماكان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرمەستىن، ئاشۇ «تە-كلە» ئۇرۇقىنىڭ نامى بىلەن «تەكلەنىڭ ماكانى» ، «تەكلە ما-كان» سۆزىنىڭ تەلەپپۇز ئۆزگىرىشىدۇر. بۇ يىپ ئۇچىغا ئاساسەن «تەكلىماكان» دېگەن نامنى يەنىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىش لازىم.

«دەريابويى» ئۇيغۇرچە ئىسىم بولۇپ، كېرىيە دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىغا جايلاشقاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

بۇ زېمىن 1949 - يىلدىن بۇرۇن جاي يېزىسىنىڭ جاي كەنتى ۋە مۇغاللا بازىرىنىڭ قارلۇق كەنتىدىكى چارۋىدارلارنىڭ يايلىقى بو-لۇپ، مۇقىم بىر يېزىغا تەۋە قىلىنمىغان. 1952 - يىلى دەريابويى ئالىي كوپىراتسىيىسى قۇرۇلۇپ، بەش مەھەللە گۇرۇپپىغا ئايرىلغان ۋە ناھىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق بولغان. 1958 - يىلى خەلق كوممۇ-نىسى قۇرۇلغاندا چوڭ ئەترەت (دادۈي) بولۇپ قۇرۇلۇپ، «يېڭى ئاۋاز كوممۇنىسى» غا قاراشلىق بولغان. 1984 - يىلى قاچۇن كوممۇنىسى مۇغاللا بازىرى بىلەن جاي يېزىسىغا ئايرىلغاندا، جاي يېزىسىغا قاراش-لىق كەنت بولغان. 1989 - يىلى يېزا بولۇپ قۇرۇلۇپ، «دەريابويى يېزىسى» دەپ نام بېرىلگەن. بۇ يېزا ھازىر بىر مەمۇرىي كەنتكە، يەتتە

مەھەللە گۇرۇپپىغا ئايرىلغان. 306 ئائىلە — 1330 نوپۇس بار. ئاھالىسى نوقۇل چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇ يېزا تەۋەسىدە «تەتۈركۆل»، «باشكۆل» قاتارلىق تەبىئىي مەنزىرە رايونلىرى، «يۇ-مىلاقۇم»، «قارادۆڭ» قەدىمىي شەھەر خارابىلىرى ۋە «ماجان-لىق»، «مىرسالى» قەدىمىي ئىزلىرى بار. بۇ يېزا 1984 - يىلى «تەبىئىيلىكى قوغدىلىدىغان رايون» قىلىپ بېكىتىلگەن.

## دەريا بويى يېزىسى تەۋەلىكىدىكى تەبىئىي كەنت-مەھەللىلەرنىڭ نامى
## 于田县达里雅博依乡自然村名称

| | |
|---|---|
| 色日克苏 | سېرىقسۇ |
| 吐格提坎 | توغتىكەن |
| 巴格吉格代 | باغجىگدە |
| 喀拉墩 | قارادۆڭ |
| 库马奇 | قۇماچ |
| 博斯坦吐孜 | بوستان تۈز |
| 达里雅博依 | دەريابويى |
| 铁日木 | تېرىم |
| 尧干托格拉克 | يوغانتوغراق |
| 买德克阿斯提 | مەدەكئاستى |
| 布拉克 | بۇلاق |
| 康克亚克 | كەڭقىياق |
| 帕合塔巴什 | پاختابېشى |
| 协依提拉帕希依木 | شىيىتلى پاششىيىم |
| 乌尊托喀依 | ئۈزۈنتوقاي |
| 硝尔库勒 | شوركۆل |
| 格维尔库勒 | گەۋرىكۆل |
| 吐孜布隆艾格勒 | تۈز بۇلۇڭ ئېغىل |
| 阿特亚依拉克 | ئاتىيلايلاق |

www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| 兰帕 | لەمپە |
| 塔吉克 | تاجىك |
| 麻扎托喀依 | مازارتوقاي |
| 琼麻扎 | چوڭمازار |
| 阔纳托喀依 | كونا توقاي |
| 其格勒克艾格勒 | چىگلىكئېغىل |
| 科克吉格代 | كۆكجىگدە |
| 阔什喀尔苏拉格 | قوچقار سۇلاق |
| 克亚克恰克玛 | قىياقچاقما |
| 尤勒滚恰克玛 | يۇلغۇنچاقما |
| 帕坦勒 | پەتەل |
| 伊斯克乌塔格 | ئىسسىق ئوتاغ |
| 托格拉克艾格勒 | توغراقئېغىل |
| 恰特克勒 | چاتقال |
| 其格提阔依干 | چىگىتقويغان |
| 兰帕吐孜 | لەمپە تۈز |
| 阿提拉什 | ئاتلاش |
| 科代克艾格勒 | كۆتەكئېغىل |
| 叶音 | يېيىن |
| 色格孜萨特玛 | سېغىز ساتما |
| 库木阿格孜 | قۇم ئاغىز |
| 塔喀克 | تاقاق |
| 阔什喀尔艾格勒 | قوچقار ئېغىل |
| 巴斯热克艾格勒 | باسرىقئېغىل |
| 喀斯坎艾格勒 | قاسقانئېغىل |
| 阿德让库勒 | غادىراڭكۆل |
| 台吐尔库勒 | تەتۈركۆل |
| 却格奥塔木 | چوغۇتام |
| 墩拜勒 | دۆمبەل |
| 托格拉苏 | توغراسۇ |

| | |
|---|---|
| 吐鲁木阿斯坎 | تۇلۇمئاسقان |
| 央塔克艾格勒 | يانتاقئېغىل |
| 介子科依干 | جەزىقويغان |
| 托万吐鲁木阿斯干 | تۆۋەنتۇلۇم ئاسقان |
| 恰拉艾格勒 | چالا ئېغىل |
| 其坦拉格 | چىتلاق |
| 夏勒迪勒克 | شالدىلىق |
| 斯孜玛 | سىزما |
| 伊勒墩 | ئىلىدۆك |
| 米萨来 | مىسالەي |
| 博孜尤勒滚 | بوز يۇلغۇن |
| 克格勒克 | قىغلىق |
| 其坦 | چىتەن |
| 康托喀依 | كەڭتوقاي |
| 色日克吐孜 | سېرىقتۇز |
| 库木布尔瓦提 | قۇم بىرۋات |
| 恰克麻 | چاقما |
| 比兰干 | بىلەنگەن |
| 介孜阔依干库勒 | جەزىقويغان كۆل |
| 色日克布依仑塔 | سېرىق بوينىڭتا |
| 墩阿热勒其 | دۆڭ ئارالچە |
| 托盖塔依迪 | تۆگە تايدى |
| 依格孜拜勒迪 | ئېگىزبەلدە |
| 托盖曲希干 | تۆگەچۈشكەن |
| 央塔克苏拉克 | يانتاقسۇلاق |
| 苏克玛 | سوقما |
| 协西肯阿尔喀尼 | شەشكىن ئارقان |
| 恰瓦勒 | چاۋال |
| 阿尔喀恰瓦勒 | ئارقا چاۋال |
| 依来克 | ئىلەك |

| | |
|---|---|
| 乌斯玛塔勒克 | ئۇسما تاللىق |
| 阿尔托喀依 | ئارتۇقاي |
| 巴格托喀依 | باغ توقاي |
| 尤喀克尤勒滚萨特玛 | يۇقاقىر يۇلغان ساتما |
| 拉依旦 | لايداڭ |
| 央塔克布央 | يانتاقبۇيان |
| 托万托里达玛 | تۆۋەنتولداما |
| 再勒克 | زەيلىك |
| 琼库勒 | چوڭكۆل |
| 克其克库勒 | كىچىككۆل |
| 协格勒 | شىغىل |
| 夏合萨特玛 | شاخساتما |
| 桥合坦勒克 | چوغتاللىق |
| 康吐孜 | كەڭتۇز |
| 库勒 | كۆل |
| 康吐孜恰瓦勒 | كەڭتۇزچاۋال |
| 阿德让帕尔切 | غادىراڭپارچە |
| 都尤勒尕 | دويۇلغا |
| 库木扎 | كۇمىزا |
| 喀拉阿斯特 | كالائاستى |
| 喀拉央塔克 | قارايانتاق |
| 喀拉阿斯特库木 | كالائاستىقۇم |
| 喀拉阿斯特阿亚尕 | كالا ئاستىئاياغ |
| 吐提玛克 | تۇتماق |
| 亚曼江尕勒 | يامانجاڭگال |
| 却勒艾格勒 | چۆلئېغىل |
| 库孜勒克吾塔尕 | كۇزلۇكئوتاغ |
| 阿尔喀吐孜 | ئارقاتۇز |
| 拜德克宁库勒 | بېدەكنىڭ كۆلى |
| 喀克夏勒克 | قاقشاللىق |

www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| غاز ئاتقان | 尕孜阿特坎 |
| تاللىقچات | 塔勒克恰特 |
| تۆۋەنئۆتەك | 托万乌堂 |
| ئىلەك | 依来克 |
| دومچەك | 墩木切克 |
| باسقانقاش | 巴斯喀克喀什 |
| سىزما كۆلمەن | 斯孜玛库勒曼 |
| تەتۈر ئىلەك | 台吐尔依来克 |
| چۆگلۈتمەك | 却格勒提买克 |
| شالدىراڭ | 夏勒德让 |
| يوغانجىگدە | 尧干吉格代 |
| ئاتتۇتقان | 阿提吐提干 |
| بالائۆلگەن | 巴郎乌力干 |
| تۆۋەن يۇلغۇن ساتما | 托万尤勒滚萨特玛 |
| سېرىق كەشمە | 色日克坎西曼 |
| سېرىقلىق | 色日克勒克 |
| قوچقارباستى | 阔什喀尔巴斯提 |
| كاتاك | 喀塔克 |
| توپاقئۆلگەن | 托巴克乌力干 |
| داتاڭساتما | 达塘萨提玛 |
| غەلۋىقالدى | 艾勒维喀勒德 |
| ئۆچكەئۆلگەن | 乌什开乌力干 |
| شاپلىق | 夏普勒克 |
| كاپاقومۇشلۇق | 喀帕库木其勒克 |
| شىرپاڭ | 西日旁 |
| قوشلاش | 阔什拉西 |
| پىچانلىق | 皮羌勒克 |
| كېيىكياتاق | 克依克央塔克 |
| ئۆيناڭ ئالدى | 乌依宁阿勒德 |
| قوچقارسولغان | 阔什喀尔苏力干 |
| قالماقچە | 喀勒玛克切 |

| | |
|---|---|
| كۇكۇنلۇق | 库昆勒克 |
| قازانسىنغان | 喀赞森干 |
| سېرىقجاڭگال | 色日克江尕勒 |
| دىمىن ئاچقان | 迪明阿其坎 |
| قارچۇغا ئۇچقان | 喀尔曲尕吾其干 |
| شامالئالغان | 夏玛勒阿勒干 |
| تايلاقئۆلگەن | 塔依拉克乌力干 |
| ئابلاۋاي | 阿不拉巴依 |
| تۇزئالغاق | 吐孜阿勒尕克 |
| ئوتىنىڭبېشى | 欧特宁巴什 |
| مەدەكئاسقان | 买代克阿斯坎 |
| جىگدە كۆتىكى | 吉格代库提克 |
| سۇڭەكلىك | 宋艾克勒克 |

## كېرىيە قوي خوجىلىق فېرمىسى 于田县羊场

قوي خوجىلىق فېرمىسى كېرىيە ناھىيىسىنىڭ غەربىگە جايلاشقان بولۇپ، فېرما شتابى باغتوغراق كەنتىگە جايلاشقان، ناھىيە مەركىزى بىلەن بولغان تۈز سىزىق ئارىلىقى 32 كىلومېتىر. شەرقى توغراغاز يېزىسى بىلەن، شىمالى شىۋول يېزىسى بىلەن، غەربى قاراقىر يېزىسى ۋە لايسۇ ئۇرۇقچىلىق مەيدانى بىلەن، جەنۇبى قازناق بوزيەر تەرەققىيات رايونى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. 315 - دۆلەت تاشيولى بۇ فېرمىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ. خەرىتىدىكى ئورنى شىمالىي كەڭلىك 37°11′ — 36°51′، شەرقىي مېرىدىئان 81°37′ — 81°20′ ئارىلىقىدا. شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 20 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 38 كىلومېتىر، ئومۇمىي يەر مەيدانى 530 . 68 كۋادرات كىلومېتىر، 5092 مو تېرىلغۇ كۆلەمگە ئىگە. ئاتچان يېزىسىنىڭ پولو كەنتى تەۋەسىدە مەخسۇس يايلىقى بار بولۇپ، شتابىنىڭ خەرىتىدىكى ئورنى شىمالىي كەڭلىك 36°13′، شەرقىي مېرىدىئان 81°30′. كۆلىمى 10 كۋادرات كىلومېتىر. بۇلاق سۇلىرى يىغىلىپ ئاقىدىغان «داۋزا يا» دىن شەكىللەنگەن كىچىك تەبىئىي بوستانلىق. زېمىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

شورلۇق قوم تۇپراق، جەنۇبتىن شىمالغا يانتۇ بولۇپ، يانتۇلۇق دەرىجىسى 1/898، جەنۇبىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1429 مېتىر، شىمالىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1332 مېتىر، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1389 مېتىر. كىلىماتى تىپىك مۆتىدىل قۇرغاق رايون، تۆت پەسىل روشەن ئايرىلىدۇ. ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.8℃، ئوتتۇرىچە ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا 5.7℃-، ئوتتۇرىچە ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 24.9℃، ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 39.7 مىللىمېتىر، ئوتتۇرىچە شامال كۈچى 1.85 بال. پۈتۈن يىللىق قىروسىز مەزگىلى 211 كۈن. قۇياش نۇرىنىڭ چۈشۈش مەزگىلى ئۇزاق، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ.

بۇ فېرما 1952 - يىل 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قۇرۇلغان، شتاب ناھىيە مەركىزىدە بولغان، «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى 2 - چارۋا مەيدان» دەپ ئاتالغان. 1955 - يىلى «كېرىيە ناھىيىسىنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يەرلىك قوي خوجىلىق فېرمىسى» قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن، كېيىن يەنە «كېرىيە ناھىيىلىك قوي خوجىلىق فېرمىسى» دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1959 - يىلى شۇۋول يېزىسىغا يۆتكىلىپ، داشكۆل كەنتىدە تۇرۇشلۇق بولغان ۋە شۇۋول تەۋەسىدىكى ئۈچ كەنتنى ۋاكالىتەن باشقۇرغان. قاتناش قولايسىز بولغاچقا، شتابى 1970 - يىلى باغتوغراق كەنتىگە يۆتكەلگەن. 1984 - يىلى شۇۋول يېزىسى قوي خوجىلىق فېرمىسىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، قوي خوجىلىق فېرمىسى پارتكومىغا قاراشلىق يېزا بولغان. 1995 - يىلى مۇستەقىل يېزا بولۇپ، قوي خوجىلىق فېرمىسى ئايرىم قىلىپ تەشكىللەنگەن. بۇ فېرما ئىككى كەنت كومىتېتى 10 كەنت - مەھەللىگە ئايرىلغان بولۇپ 302 ئائىلە — 1682 كىشى بار.

## لايسۇ ئۇرۇقچىلىق مەيدانى
## 拉依苏良种场

لايسۇ ئۇرۇقچىلىق مەيدانى كېرىيە ناھىيىسىنىڭ غەربىگە جايلاشقان بولۇپ، مەيدان شتابى خەدەك كەنتىگە جايلاشقان، ناھىيە مەركى-

-زى بىلەن بولغان تۈز سىزىق ئارىلىقى 36.5 كىلومېتىر. جەنۇبى ۋە غەربى قاراقىر يېزىسى بىلەن، شىمالى ۋە شەرقى شىۋول يېزىسى ۋە قــوي خوجىلىق فېرمىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. 315 - دۆلەت تاشيولى بۇ مەيداننىڭ شىمالىدىن توغرىســغا كېســىپ ئۆتــىدۇ. خەرىتىدىكى ئــورنى شــىمالــي كەڭلىك '36°58 — '36°53، شەرقىي مېرىدىئان '81°19 — '81°17 ئارىلىقىدا. شەرقتىن غەربكە كــەڭلىكى 40 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى سەككىز كىلومېتىر، ئومۇمىي يەر مەيدانى 33.17 كۋادرات كىلومېتىر. بۇلاق سۇلىرى يىغىلىپ ئاقىدىغان تارقاق ئېقىنلاردىن شەكىللەنگەن كىچىك تەبىئىي بوستانلىق. زېمىنى شورلۇق تۇپراق، جەنۇبتىن شىمالغا يانتۇ بولۇپ، يانتۇلۇق دەرىجىسى 1/235، جەنۇبىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1411 مېتىر، شىمالىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1377 مېتىر، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1394 مېتىر. كىلىماتى تىپىك مۆتىدىل قۇرغاق رايون، تۆت پەسىل روشەن ئايرىلىدۇ. ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.8℃، ئــوتــتۇرىچە ئەڭ تــۆۋەن تېمــپېــراتــۇرا 5.7℃-، ئوتتۇرىچە ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتــۇرا 24.9℃، ئــوتــتۇرىــچــە ھۆل - يېغىن مىقدارى 39.7 مىللىمېتىر، ئوتتۇرىچە شــامال كۈچى 1.85 بال. پۈتۈن يىللىق قىروسىز مەزگىلى 211 كۈن. قۇياش نۇرىنىڭ چۈشۈش مەزگىلى ئۇزاق، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ.

«لايسۇ» ئۇيغۇرچە ئىسىم بولۇپ، بۇ نامنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا مۇنداق ئىككى خىل رىۋايەت بار: (1) بۇرۇنقى زاماندا، بۇ يەر ئوتلىرى مول ياخشى يايلاق بولۇپ، كىشىلەر مال - چارۋىلىرىنى باقىدىكەن. رۇستەم ئىسىملىك چوڭ چارۋىدارنىڭ بەرزو ئىسىملىك ئوغلى بۇ يەرگە بىر چوڭ كۆل كولىتىپ، بۇ يايلاقتا بېقىلىدىغان مال - چارۋىلارنىڭ ئىچىملىك سۈيىنى ھەل قىلغان ئىكەن (بۇ كۆل 90 - يىللارنىڭ بېشىغىچە ساقلانغان). شۇڭا بۇ كۆل «باينىڭ سۈيى» دېگەن مەنىدە «بايسۇ» دەپ ئاتىلىپ، كېيىنچە «لايسۇ» بولۇپ قالغا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نىكەن.

(2) بۇرۇنقى زاماندا، بۇ يەرگە ھەمىشە كەلكۈن سۈيى كېلىپ تۇرىدىكەن. كەلكۈن سۈيى ھاسىل قىلغان ئېقىنلاردا كەلكۈن ئېقىدىتىپ كەلگەن لاي ـ لاتقىلار ئاقىدىكەن. شۇڭا بۇ كەنت «لايسۇ» دەپ ئاتالغانىكەن.

بۇ يەرلەر مىنگونىڭ 27 ـ يىلى (1938 ـ يىلى) قاراقىر يېزىسى بىلەن كېرىيە ناھىيىسىنىڭ 5 ـ رايونى قىلىنغان. مىنگونىڭ 32 ـ يىلى (1943 ـ يىلى) يۈز بېشىلىق تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندا، كېرىيە ناھىيىسىنىڭ 6 ـ رايونى قىلىنىپ، يوڭچاڭ يېزىسى (永昌乡) غا قاراشلىق بولغان. 1951 ـ يىلى كېرىيە ناھىيىسىنىڭ 6 ـ رايونى قىلىنىپ قۇرۇلغان ئۈچ يېزىنىڭ بىرى بولغان. 1958-يىلى 10 ـ ئايدا خەلق كوممۇنىسى قۇرۇلۇپ، «ئۆكتەبىر كوممۇنىسى» غا قوشۇۋېتىلىپ، 12 ـ چوڭ ئەترەت بولغان. 1969 ـ يىلى ناھىيىلىك ئۇرۇقچىلىق مەيدانى بۇ كەنتكە يۆتكىلىپ، لايسۇ چوڭ ئەترىتى (دادۋي) قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ، ناھىيىگە بىۋاستە قاراشلىق بولغان ۋە ئەلا سورتلۇق ئۇرۇقچىلىق مەيدانىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1980 ـ يىلى «لايسۇ ئۇرۇقچىلىق مەيدانى» دەپ ئۆزگەرتىلگەن.

بۇ مەيدان بىر مەمۇرىي كەنتكە، سەككىز مەھەللە گۇرۇپپىغا ئايرىلغان بولۇپ، 583 ئائىلە — 6434 نوپۇس بار. ئاھالىسى 4631 مو يەرگە ئاشلىق زىرائىتى تېرىپ ئەلا سورتلۇق ئۇرۇق يېتىشتۈرۈشنى ئاساس، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىقنى قوشۇمچە قىلىدۇ. باغۋەنچىلىك ياخشى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئالمىسى داڭلىق. «لايسۇ سۇ ئامبىرى» ساياھەت رايونى بار. بۇ كەنت «ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش يۇرتى» بولۇپ، بىر قىسىم ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش چولپانلىرى بۇ كەنتتىن چىقىدۇ. ھازىرقى زامان تارىخىدا بۇ كەنتتە ئەڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگۈچى ئىمىن ھاجى بولۇپ، 1982 ـ يىلى 140 يېشىدا ۋاپات بولغان. ھازىر ھايات كىشىلەردىن 100 ياشتىن ئاشقانلاردىن تۆت

كىشى بار.

## لايسۇ ئۇرۇقچىلىق مەيدانى تەۋەلىكىدىكى بىر قىسىم تەبىئىي مەھەللىلەرنىڭ نامى
## 于田县拉依苏良种场部分自然村名称

| | |
|---|---|
| يانتاقتۇغ | 央塔克吐格 |
| خەندەك | 罕代克 |
| ئاراباغ | 阿热巴格 |
| سۆكەتېرىم | 苏克铁日木 |
| قازناق | 喀孜纳克 |

# كونا شەھەر ئىش بېجىرىش باشقارمىسى
# 于田县老城区办事处

كونا شەھەر ئىش بېجىرىش باشقارمىسى كېرىيە ناھىيە مەركىزىگە جايلاشقان بولۇپ، ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىدە. غەربى ۋە شىمالى مۇغاللا بازىرى بىلەن، شەرقى ۋە جەنۇبى ئارال يېزىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. ناھىيە مەركىزى بىلەن قارلۇق ئۆستەڭ ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدىغان ناھىيە بازىرى ئاھالىلار ئولتۇراق رايونى بولۇپ، تېرىلغۇ يېرى ئىنتايىن ئاز.

بۇ جايلار مىنگونىڭ 27 - يىلى (1938 - يىلى) كېرىيە ناھىيىسىنىڭ 2 - رايونى بولغان، مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) يۈز بېشىلىق تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندا، مەركىزي بازار ( 中心镇 ) قىلىپ قۇرۇلغان. 1951 - يىلى مۇغاللا بازىرى قىلىپ قۇرۇلغان. 1953 - يىلى كېرىيە ناھىيىسىنىڭ 3 - رايونى ۋە مۇغاللا بازىرى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. 1958 - يىلى خەلق كوممۇنىسى قۇرۇلۇپ، بازار رايونى بىرلەشتۈرۈلۈپ، «يېڭى ئاۋاز كوممۇنىسى» دەپ نام

www.uygurkitap.com

بېرىلگەن. 1980 - يىلى «قاچۇن كوممۇنىسى» دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1992 - يىلى 7 - ئايدا كونا شەھەر رايونى ئىش بېجىرىش باشقارمىسى قۇرۇلۇپ، مۇغاللا بازىرىدىن ئايرىۋېتىلگەن.

كونا شەھەر ئىش بېجىرىش باشقارمىسى ئاھالىلىرى سودا - تىجارەت ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىكنى ئاساس قىلىدۇ. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ئاسار ئەتىقە ئورنى — 800 يىللىق تارىخقا ئىگە كېرىيە ھېيتگاھ جامەسى ۋە داڭلىق «شىلان» ، «ئاھادا» مازارلىرى بۇ رايون تەۋەسىدە. بۇ رايون 2003 - يىلى قوغدىلىدىغان ئۆرپ - ئادەت رايونى بولۇپ تەستىقلانغان. قارىمقىدىكى دۆڭباغ كەنت كومىتېتى، ئۆستەڭبېشى، ھېيتگاھ، تانايبېشى قاتارلىق تۆت ئاھالە كومىتېتىدا 934 ئائىلە — 2816 كىشى بار. 1339 مو يەرگە ئاشلىق زىرائەتلىرى تېرىلىدۇ.

# لەڭگەر بوزيەر دېھقانچىلىق مەيدانى
# 兰干农场

لەڭگەر بوزيەر دېھقانچىلىق مەيدانى كېرىيە ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان. ناھىيە مەركىزى بىلەن بولغان مۇساپىسى 44 كىلومېتىر. شەرقى لەڭگەر، توغراغاز يېزىلىرى بىلەن، شىمالى قازناق بوزيەر تەرەققىيات رايونى بىلەن، غەربى قاراقىر يېزىسى بىلەن، جەنۇبى لەڭگەر يېزىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. بۇ مەيدان ئىلگىرى چارۋىچىلىق نۇقتىسى بولۇپ، بىر نەچچە ئائىلىلىك چارۋىچى يەر ئېچىپ دېھقانچىلىق قىلغان. 1951 - يىلى «لەڭگەر بوزيەر» دەپ ئاتالغان. 1958 - يىلى كەنت تەسىس قىلىنىپ، لەڭگەر يېزىسىنىڭ كەنتى بولغان ۋە «سەكرەپ ئىلگىرىلەش كەنتى» دەپ نام بېرىلگەن. 1980 - يىلى «لەڭگەر بوزيەر كەنتى» دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1996 - يىلى دېھقانچىلىق مەيدانى قىلىپ قۇرۇلغان. ھازىر بۇ مەيداندا يۆجەن بوزيەر، ئىسلىغ بوزيەر، ئوتتۇرا بوزيەر،

توشقان دۆڭ قاتارلىق تۆت مەمۇرىي كەنت ـ 12 كەنت ـ مەھەللە بولۇپ، 602 ئائىلىدە 2421 كىشى ياشايدۇ.

## قازناق ئاۋئاتسىيە كەنتى تەرەققىيات رايونى
## 喀孜那克阿航开发区

قازناق تەرەققىيات رايونى كېرىيە ناھىيىسىنىڭ غەربىگە جايلاشقان بولۇپ، غەربى قاراقىر يېزىسى بىلەن، جەنۇبى لەڭگەر بوزيەر دېھقانچىلىق مەيدانى بىلەن، شەرقى توغراغاز يېزىسى بىلەن، شىمالى شىۋۇل يېزىسى ۋە لايسۇ ئۇرۇقچىلىق مەيدانى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. 315 ـ دۆلەت تاشيولى بۇ رايوننىڭ شىمالىدىن توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ. 1965 ـ يىلىدىن باشلاپ بۇ رايوندا كەڭ كۆلەمدە بوزيەر ئېچىلىپ، «كادىرلار مەيدانى» قۇرۇلغان بولسىمۇ، 20 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىغا كەلگەندە سۇ يېتىشمەسلىك سەۋەبىدىن تاشلىنىپ قالغان. 1995 ـ يىلىدىن باشلاپ دۆلەت مەبلىغىگە تايىنىپ قايتىدىن ئېچىلىپ، شۇ يىلى 3200 مو بوز يەر ئېچىلىپ تېرىلغان. 1999 ـ يىلىدىن باشلاپ دۆلەتلىك ئاۋئاتسىيە شىركىتى بۇ مەيدانغا مەبلەغ بېرىپ، داۋاملىق كېڭەيتىپ ئېچىلغان ۋە ئاھالە كۆچۈرۈپ ئولتۇراقلاشتۇرۇلغان. 2000 ـ يىلى ئېچىلغان بوزيەر كۆلىمى 19 مىڭ موغا يەتكەن ھەم شۇ يىلى «ئاۋئاتسىيە كەنتى» دەپ نام بېرىلگەن.

## كېرىيە ناھىيىسىدىكى بىر قىسىم قۇرۇلۇشلارنىڭ نامى
## 于田县部分人工建筑物名称

| | |
|---|---|
| قاراقىر سۇ ئامبىرى | 喀拉克尔水库 |
| لايسۇ سۇ ئامبىرى | 拉依苏水库 |
| باشكۆل سۇ ئامبىرى | 巴什库勒水库 |

www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| 希吾勒水库 | شىۋول سۇ ئامبىرى |
| 兰干水库 | لەڭگەر سۇ ئامبىرى |
| 红旗水库 | قىزىلبايراق سۇ ئامبىرى |
| 萨依瓦克水库 | سايباغ سۇ ئامبىرى |
| 达希曼水库 | داشمان سۇ ئامبىرى |
| 喀赞库勒水库 | قازانكۆل سۇ ئامبىرى |
| 喀拉汗水库 | قاراخان سۇ ئامبىرى |
| 喀群水库 | قاچۇن سۇ ئامبىرى |
| 博斯坦水库 | بوستان سۇ ئامبىرى |
| 尾亚水库 | ئۈييار سۇ ئامبىرى |
| 喀帕水库 | كاپا سۇ ئامبىرى |
| 艾斯尼提木盐池 | ھەسنىتىم تۇزكۆل |
| 阿日希盐池 | ئارىش تۇزكۆل |
| 昆仑总干渠 | قاراقۇرۇم باش ئۆستىڭى |
| 昆仑西干渠 | قاراقۇرۇم غەربىي باش ئۆستىڭى |
| 昆仑东干渠 | قاراقۇرۇم شەرقىي باش ئۆستىڭى |
| 中间引洪渠 | ئوتتۇرا كەلكۈن ئۆستىڭى |
| 昆仑西引洪渠 | قاراقۇرۇم غەربىي كەلكۈن ئۆستىڭى |
| 昆仑东引洪渠 | قاراقۇرۇم شەرقىي كەلكۈن ئۆستىڭى |
| 喀拉克尔引洪渠 | قاراقىر كەلكۈن ئۆستىڭى |
| 喀拉克尔干渠 | قاراقىر ئۆستىڭى |
| 兰干荒地干渠 | لەڭگەر بوزيەر ئۆستىڭى |
| 兰干干渠 | لەڭگەر ئۆستىڭى |
| 先拜巴扎荒地干渠 | شەنبەبازار بوزيەرئۆستىڭى |
| 先拜巴扎东干渠 | شەنبەبازار شەرقىي ئۆستىڭى |
| 先拜巴扎西干渠 | شەنبەبازار غەربىي ئۆستىڭى |
| 萨依瓦克干渠 | سايباغ ئۆستىڭى |
| 喀拉汗农场泉水干渠 | قاراخان بۇلاق سۈيى ئۆستىڭى |

| | |
|---|---|
| 博斯坦稻区引洪渠 | بوستان كەلكۈن ئۆستىڭى |
| 盆都拉干渠 | پۇندۇرا ئۆستىڭى |
| 阿热勒干渠 | ئارال ئۆستىڭى |
| 科克亚东干渠 | كۆكيار شەرقىي ئۆستىڭى |
| 喀鲁克干渠 | قالۇق ئۆستىڭى |
| 加依渠 | جاي ئۆستىڭى |
| 巴格艾日克渠 | باغئېرىق ئۆستىڭى |
| 恰喀渠 | چاقار ئۆستىڭى |
| 喀群渠 | قاچۇن ئۆستىڭى |
| 阔什尤勒滚渠 | قوشيۇلغۇن ئۆستىڭى |
| 喀拉汗农场干渠 | قاراخان مەيدان ئۆستىڭى |
| 解放渠 | ئازادلىق ئۆستىڭى |
| 皮什盖干渠 | پىشكە ئۆستىڭى |
| 团结渠 | ئىتتىپاق ئۆستىڭى |
| 喀拉库木渠 | قاراقۇم ئۆستىڭى |
| 兰干渠 | لەڭگەر ئۆستىڭى |
| 阿热渠 | ئارائۆستىڭى |
| 奥依托格拉克干渠 | ئويتوغراق ئۆستىڭى |
| 也斯尤勒滚干渠 | يېسىيۇلغۇن ئۆستىڭى |
| 达吾孜吐格曼桥 | داۋزاتۇگمەن كۆۋرۈكى |
| 普鲁桥 | پۇلۇ كۆۋرۈكى |
| 阿拉娇依桥 | ئالاجۇي كۆۋرۈكى |
| 克里雅大桥 | كېرىيە چوڭ كۆۋرۈكى |
| 喀西巴什大桥 | قاشباش كۆۋرۈكى |
| 塔吾尕孜大桥 | تاۋغاز كۆۋرۈكى |
| 喀拉克尔闸口 | قاراقىر ئېلىشبېشى |
| 昆仑渠首 | قاراقۇرۇم باش ئېلىشبېشى |
| 中间闸口 | ئوتتۇرا ئېلىشبېشى |

www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| توغراق ئېلىشىپىشى | 托格拉克闸口 |
| شەنبەبازار ئېلىشىپىشى | 先拜巴扎分水闸 |
| ئارش ئېلىشىپىشى | 阿日希闸口 |
| قاراخان مەيدان باش ئېلىشىپىشى | 喀拉汗农场渠首 |
| تاش ئازما ئېلىشىپىشى | 塔什阿孜玛闸口 |
| چۇلاق ئېلىشىپىشى | 乔拉克闸口 |
| تىلما ئېلىشىپىشى | 提力玛闸口 |
| خوتەن ـ نىيا تاشيولى (كېرىيە بۆلىكى) | 和民公路(于田境内段) |
| كېرىيە ـ پولو يولى | 于普公路 |
| كېرىيە ـ قاراخان يولى | 于喀公路 |
| كېرىيە ـ ئاتچان يولى | 于阿公路 |

## كېرىيە ناھىيىسىدىكى بىر قىسىم تەبىئىي جۇغراپىيىلىك گەۋدىلەرنىڭ نامى
## 于田县部分自然地理实体名称

| | |
|---|---|
| ماجانلىق | 玛江勒克 |
| ئۆيلەك | 乌依勒克 |
| قاراقۇرۇم تاغ تىزمىسى | 昆仑山脉 |
| چوڭ مۇزتاغ | 琼木孜塔格 |
| قاشتاش تاغ | 喀什塔什塔格山 |
| قوتازلىق | 库塔孜勒克山 |
| ماشەن تېغى | 马山 |
| قوشماق تېغى | 双山 |
| ئىس داۋان | 硫黄达坂 |
| جۇپ ئارقار داۋىنى | 双羊达坂 |
| غەلىبە داۋىنى | 胜利达坂 |

| | |
|---|---|
| ئاتام داۋىنى | 阿塔木达坂 |
| ئاتام پاششا | 阿塔木帕夏 |
| كېرىيە تاغ ئېغىزى | 克里雅山口 |
| ئۇلۇغ يالقۇن تاغ ئېغىزى | 乌鲁克火山口 |
| داۋزاتۇگمەنيار | 达吾孜吐格曼沟 |
| سايباغيار | 萨依瓦克沟 |
| سېرىق ئۆييار | 色日克奥依沟 |
| ماشەنجىلغىسى | 马山沟 |
| ئەجدەرئىشىكى جىلغىسى | 龙门沟 |
| تەسكەن ساي | 台斯坎萨依 |
| شىپىڭ جىلغىسى | 西平沟 |
| سۇباش | 苏巴什 |
| بۇلاق ئېلەك | 泉水沟 |
| ساسا جىلغىسى | 叉叉沟 |
| قىزىلساي ئېغىزى | 克孜勒萨依阿格孜 |
| بېلىق | 伯力克 |
| كاپالەڭگەر | 喀帕兰干 |
| قالما | 喀勒玛 |
| كېرىيە دەرياسى | 克里雅河 |
| كۇراپ دەرياسى (پولو دەرياسى) | 库拉甫河 |
| تېرەكلىك ساي دەرياسى | 铁热克萨依河 |
| ئۇشكە بۇلۇڭ دەرياسى | 乌什开布隆河 |
| بوشقات دەرياسى | 博西喀提河 |
| ئۈگىيەك دەرياسى | 吾格也克河 |
| قاشتاش دەرياسى | 喀什塔什河 |
| ئالماس دەرياسى | 阿拉玛斯河 |
| ئاقتاساي دەرياسى | 阿克塔萨依河 |
| ئاتامسۇ دەرياسى | 阿塔木苏河 |

www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| ئاقسۇ دەرياسى | 阿克苏河 |
| قوتازجىلغا دەرياسى | 库塔斯吉勒尕河 |
| قىزىلساي دەرياسى | 克孜勒萨依河 |
| سوقتاياق دەرياسى | 苏克塔亚克河 |
| ئاتچان دەرياسى | 阿羌河 |
| پىشكە دەرياسى | 皮什盖河 |
| قارابۇلاقساي دەرياسى | 喀拉布拉克萨依河 |
| قىزغاقساي دەرياسى | 克尔阿恰克萨依河 |
| يائۇلاق دەرياسى | 亚吾拉克河 |
| تۇميا دەرياسى | 吐米亚河 |
| مالغۇنساي دەرياسى | 玛勒滚萨依河 |
| سەنجەساي دەرياسى | 散介萨依河 |
| ماتساي دەرياسى | 玛特萨依河 |
| سېغىزكۆل | 色格孜库勒湖 |
| ئاچچىقكۆل | 阿其克库勒湖 |
| ئۇلۇغكۆل | 乌鲁克库勒湖 |
| ئۇرايىمكۆل | 乌拉音库勒湖 |
| قاراقىر بۇلىقى ئىلەك | 喀拉克尔泉 |
| لايسۇبۇلىقى | 拉依苏泉 |
| باشكۆل بۇلىقى | 巴什库勒泉 |
| بوستان بۇلىقى | 博斯塘泉 |
| توقۇچاق بۇلىقى | 托胡恰克泉 |
| قاراشور | 喀拉硝 |
| سېسىق ئىلەك | 色色克依来克 |
| ئۇلۇق ئويمان | 乌鲁克奥依曼 |
| ئۇرايىم ئويمانلىقى | 乌拉音奥依曼 |
| قاشتوغراق تۈز | 喀什托格拉吐孜 |
| ئارىشتۈز | 阿日西吐孜 |

| | |
|---|---|
| 康克其克 | كەڭكىچىك |
| 吐孜鲁克 | تۇزلۇق |
| 吉格代库都克 | جىگدە قۇدۇق |
| 台克西都维勒克 | تەكشىدۆۋىلىك |
| 阿克依来克 | ئاقئىلەك |
| 阿克托巴克依来克 | ئاقتوپاق ئىلەك |
| 吐孜勒克喀希 | تۇزلۇق قاش |
| 尧勒阿日希 | يولئارىش |
| 阿克其库勒 | ئاقچىكۆل |
| 喀拉墩 | قارادۆڭ |
| 达西曼墩 | داشماندۆڭ |
| 艾格日喀希 | ئەگرىقاش |
| 阿德让库木 | غادىراڭ |
| 艾山玉送帕希依木 | ھەسەنھۈسۈن پاششىيىم |
| 库如克库木 | قۇرۇققۇم |
| 托格拉克库木 | توغراققۇم |
| 尧干库木 | يوغانقۇم |
| 也斯尤勒滚阿亚克 | يېسيۇلغۇن ئاياغ |
| 尤木拉克库木 | يۇمىلاققۇم |
| 色格孜库勒 | سېغىزكۆل |
| 兰干萨依 | لەڭگەرساي |
| 吐孜鲁克萨依 | تۇزلۇقساي |
| 皮什盖萨依 | پىشكە ساي |
| 皮勒萨依 | پىلە ساي |
| 喀拉纳克却勒 | قاراناقچۆل |
| 喀拉亚 | قارايا |
| 托万奥乌拉孜 | تۆۋەنئۇۋراز |
| 奥乌拉孜 | ئۇۋراز |

| | |
|---|---|
| سېرىقئۆلاق | 色日克吾拉克 |
| قارائاتلا | 喀拉阿提拉 |
| پۇماس | 甫玛斯 |
| باشكەڭ سۇلاغ | 巴什康苏拉克 |
| يوغانمەڭلەي | 尧干忙来 |
| كۆكتۇرۇك | 科克吐如克 |
| بۇرۇلۇك | 伯日勒克 |
| كۆتەمە | 科台买 |
| چىمەنيۇت | 其曼于特 |
| ئۇزۇنقول | 乌尊阔勒 |
| شۇقۇپقول | 修库甫阔勒 |
| قۇرۇققول بۇيان | 库如克阔勒布洋 |
| سېرىق بۇلىقى | 色日克布拉克 |
| بۇلاقبېشى | 布拉克巴什 |
| كاشان | 喀相 |
| ئاقچۇرۇك | 阿克曲如克 |
| ئېشەك ئۆتتى | 伊协克欧提 |
| ياندۇمۇلۇق | 央都木勒克 |
| تۆت قاتىياق ئېغىزى | 托特喀提亚克阿格孜 |
| سۇۋۇك | 苏吾克 |
| تۇڭاياپ ئېغىزى | 通阿亚甫阿格孜 |
| يايلاق قاتلاش | 亚依拉克喀特拉西 |
| سېرىق قۇرام | 色日克库热木 |
| قۇسۇق | 库苏克 |
| ئوغرى يول | 奥格日尧勒 |
| تامچى ئېغىزى | 塔米其阿格孜 |
| داۋانبېشى | 大坂巴什 |
| تېرىم | 铁日木 |

| | |
|---|---|
| تىجىك | 提吉克 |
| سۆگەت | 苏盖提 |
| ئىگىلىش | 依格里希 |
| قىرىغ ئاچچىغ | 克日克阿其克 |
| چولاقمازار | 乔拉克麻扎 |
| سېسىق كۆل | 色斯克库勒 |
| گۇلۇمەمەتنىڭ قۇمى | 古勒买提宁库木 |
| تۇزلۇق | 吐孜鲁克 |
| دۆڭناچى | 墩纳其 |
| ئات ئۆلگەن | 阿特乌力干 |
| تۆگەكاللىنىڭ قۇمى | 托盖喀拉宁库木 |
| ئىلەك ئېغىزى | 依来克阿格孜 |
| قىزىللىق | 克孜勒克 |
| دۆۋاقلىغاق | 都瓦克勒尕克 |
| قىرىق كۆلمەن | 克日克苦勒满 |
| بۇلاقبېشى | 布拉克巴什 |
| چالالتاش | 恰拉勒塔什 |
| قورۇقكۆل | 干湖滩 |
| مەيدانتۇز | 买当吐孜 |
| توغراقاش | 托格拉喀什 |
| قارادۆۋە | 喀拉都维 |
| يارلەڭگەر | 亚兰干 |
| جىگدە قۇدۇق | 吉格代库都克 |
| تۇغۇلغان | 吐胡勒干 |
| خادادۆڭ | 哈达墩 |
| بويلۇققاش | 伯依勒克喀什 |
| يانتاقدۆڭ | 央塔克墩 |
| ئادەم ئۆلگەن | 阿达木乌力干 |

| | |
|---|---|
| 阿尔喀 | ئارقا |
| 依不拉音吾吐尔干 | ئىبراھىم ئولتۇرغان |
| 尤勒滚勒克 | يۇلغۇنلۇق |
| 晚台 | ۋەنتەي |
| 库勒艾格勒恰克玛 | كۆلئېغىل چاقما |
| 阿克恰克玛 | ئاقچاقما |
| 阿尔喀达里亚 | ئارقادەريا |
| 尤木拉克库都克 | يۇمىلاق قۇدۇق |
| 开提曼 | كەتمەن |

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

# نىيا ناھىيىسى 民丰县

نىيا ناھىيىسى قاراقۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىگە جايلاشقان، جەنۇبتا شىزاڭ ئاپتونوم رايونى بىلەن، شىمالدا شايار ناھىيىسى بىلەن، شەرقتە چەرچەن ناھىيىسى بىلەن، غەربتە كېرىيە ناھىيىسى بىلەن چېگرالىنىدۇ، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 82°22′~84°55′ ۋە شىمالىي كەڭلىك 35°20′~39°29′ ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ. جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 451 كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى تەخمىنەن 130 كىلومېتىر كېلىدۇ. ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ خوتەن بىلەن بولغان ئارىلىقى تاشيول مۇساپىسى بويىچە ھېسابلىغاندا 296 كىلومېتىر، ئۈرۈمچى بىلەن بولغان ئارىلىقى 1205 كىلومېتىر بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە چەت، يىراق ناھىيىلەرنىڭ بىرى، شۇنداقلا خوتەن ۋىلايىتىدىكى چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىدىغان بىردىنبىر ناھىيە ھېسابلىنىدۇ.

ناھىيىنىڭ ئومۇمىي يەرمەيدانى 57 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، 86 مىليون 362 مىڭ مو كېلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە جەنۇبتىكى تاغلىق رايونلارنىڭ كۆلىمى 23 مىليون 822 مىڭ مو بولۇپ، پۈتۈن ناھىيە ئومۇمىي يەر مەيدانىنىڭ %42.5 نى، تۈزلەڭلىك ۋە قۇملۇقلار كۆلىمى 62 مىليون 540 مىڭ مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر مەيدانىنىڭ %57.5 نى تەشكىل قىلىدۇ.

بۇ زېمىندا بايقالغان قەدىمكى يېڭى تاش قورال تېپىندىلىرىدىن قارىغاندا، بۇنىڭدىن 7000 يىللار ئىلگىرى بۇ تەۋەلىكتە ئىنسانلار توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىپ تىرىكچىلىك قىلغان ھەمدە مىلادىيىدىن ئىلگىرى ئىككى بەگلىك قۇرۇلغان. مىلادىيە 3 - ئەسىردە بۇ ئىككى بەگلىك ئۇدۇنغا قارىغان. مىلادىيە 11 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قاراخانىيلارنىڭ بۇ رايونلارغا كىرىشى بىلەن ئۇدۇن بەگلىكىگە ئوخشاشلا

بۇ زېمىنمۇ قاراخانىيلارغا تەۋە بولغان. سۇڭ سۇلالىسى جيەنيەن 3 - يىلى (مىلادىيە 1129 - يىلى) ياللۇغ تاشىن باشچىلىقىدىكى قاراقىتانلار ئۇدۇننى بېسىۋالغاندا، بۇ زېمىن يەنە غەربىي لياۋنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكەن. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە نىيا چاغاتاي خانلىقىنىڭ زېمىنى بولۇپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا جۇڭغار ھاكىمىيىتىنىڭ بۆلۈپ باشقۇرۇشىغا ئۆتكەن. چيەنلۇڭنىڭ 21 - يىلى (مىلادىيە1756 - يىلى) جۇڭغارلار توپىلىڭى تىنجىتىلىپ، غەربىي يۇرتلار بىرلىككە كەلتۈرۈلگەندە، بۇ يەرلەرنىڭ نامى «نىيا قورۇقى» دەپ ئاتىلىپ، كېرىيە ھاكىمبەگلىكىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1884 - يىلى شىنجاڭدا ئۆلكە تەسىس قىلىنغاندا كېرىيىدە ناھىيە قۇرۇلۇپ، «ئۇلۇغساي يېزىسى» دېگەن نام بىلەن كېرىيە ناھىيىسىگە قاراشلىق بولغان. 1943 - يىل 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى نىيا مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى تەسىس قىلىنغان. 1944 - يىل 4 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ تەستىقى بىلەن ناھىيە تەسىس قىلىنغان.

20 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدا نىيا ناھىيىسىدە 2380 ئائىلە، 10 مىڭ 129 نوپۇس بار ئىدى. 2003 - يىلى يىل ئاخىرىدا نوپۇسى 9508 ئائىلە — 34 مىڭ 284 كىشىگە يەتكەن. سەككىز مىللەتتىن تەركىب تاپقان ئاھالە ئىچىدە ئۇيغۇر قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەر 30 مىڭ 671 نەپەر، خەنزۇلار 3613 نەپەر بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر كۋادرات كىلومېتىر زېمىنغا 6 . 0 دىن ئادەم توغرا كېلىدۇ. مەملىكەت بويىچە ئاھالىنىڭ زىچلىق دەرىجىسى ئەڭ تۆۋەن ناھىيىلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

ھازىر بۇ ناھىيىدە بەش يېزا، بىر بازار — 30 مەمۇرىي كەنت — 104 كەنت (ئاھالە) گۇرۇپپىسى بار.

ھازىرقى «نىيا» دېگەن بۇ نام، مەشھۇر ئېكسپېدىتسىيىچى، ئارخېئولوگ ئاۋرېل ستەيىن 1901 - يىل 1 - ئايدا (ھازىرقى نىيا بازىرىدىن تۈز لىنىيە بويىچە ھېسابلىغاندا 120 كىلومېتىر كېلىدىغان شىمالدىكى قۇملۇقتىن) بايقاپ دۇنياغا جاكارلىغان قەدىمكى بەگلىك ئاستانىسىنىڭ نامى بولۇپ، بۇ نامنىڭ ئاتىلىشى ھەمدە يېزىلىشى

www.uyghurkitap.com

تارىختىن بۇيان ئوخشاش بولمىغان. مەسىلەن: بۇ قەدىمكى شەھەرنىڭ نامى شۇ يەردىن تېپىلغان كارۇشتىچە پۈتۈكلەردە «نىنا» (Nina)، ئۇدۇنچە پۈتۈكلەردە «نىنىيا» (Niniya) ۋە نىنىيانا (Niniyana)، خەنزۇچە يازما مەنبەلەردە «جىڭجۆگو» (精绝国)، «نىراڭ» (尼壤) ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە تەقلىدىي «نىران»، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمە مەنبەلەردە «ئوغاي بالىق»، يەنە كارۇشتىچە پۈتۈكلەردە «چاد ئوتا»، يېقىنقى زاماندا «نىيا» ۋە «نىيە» دېگەندەك توققۇز خىلدىن ئىبارەت.

نىيا قەدىمكى شەھەر خارابىسىدىن تېپىلغان كارۇشتىچە ۋەسىقىلەر، كروران (پىشامشان) دىن ئۇدۇنغىچە بولغان كەڭ رايوندىكى بەگلىكلەر ئارىسىدا بۇ قەدىمكى بەگلىكنىڭ نامى ۋە ئۇنىڭ مەركىزى بولغان شەھەرنىڭ نامى «نىنا» دەپ ئاتالغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئېنىقلىشىچە، «نىنا» نىڭ مەنىسىنى «پراكرىت سۆزلۈكى» دىن پايدىلىنىپ يەشكەندە «ئويمانلىق» دېگەنلىك بولىدىكەن. نىيا قەدىمكى شەھىرى نىيا دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى نىسبەتەن ئويمانراق تەكشىلىككە جايلاشقان بولۇپ، ئەينى چاغدىكى بەگلىكنىڭ نامى ئۇنىڭ مەركىزىي شەھىرى جايلاشقان يەر شەكلىگە ئاساسەن «نىنا» (ئويمانلىق) دەپ ئاتالغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ بەگلىك تاڭ دەۋرى (مىلادىيە 618 — 907 - يىللار) دە ئۇدۇن (خوتەن) بەگلىكىگە قاراشلىق بولغان (لېكىن ئورنى يۆتكەلگەن دەپ قارالماقتا). ئەسلىدە «نىنا» (Nina) دەپ ئاتالغان بەگلىكنىڭ نامى ئۇدۇنچە پۈتۈكلەردە «نىنىيا» (Niniya) دەپ، سۈپەت ئىسىم شەكلىدە «نىنىيانا» (Niniyana) دەپ يېزىلغان. «نىيا» (Niya) نىڭ مەنىسى — پراكرىت سۆزلۈكىدە «قوۋۇق»، «قامال»، «ئۆتەڭ» دېگەنلىك بولىدىكەن. تارىخىي مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە، ئۇدۇن بەگلىكى بۇ بەگلىكنى ئۆزىنىڭ شەرقتىكى مۇداپىئە قوۋۇقى دەپ قارايدىكەن. ئۇدۇن بەگلىكى ئىلگىرىدىنلا «نىيا» بەگلىكىنى شەرقتىكى «قوۋۇق» دەپ قارىغاچقا، يەر شەكلىگە ئاساسەن ئاتالغان «نىنا» (ئويمانلىق) دېگەن نامنىڭ باش - ئايىغىنى ساقلاپ قېلىش ئاساسىدا «نىنىيا» (قوۋۇق) دەپ ئاتىغان بولسا كېرەك.

ئۇدۇنچىدىكى سۇپەت ئىسىم شەكلى «نىنىيانا»، شۇ دەۋردىكى «ماخايانا»، «ھىنايانا» دېگەندەك بۇددا دىنىي مەزھەپلىرىنىڭ نامىغا تەڭكەش قىلىنىپ، يەر نامىلىرىغا دىنىي تۈس بېرىپ سۇپەتلەيدىغان ئادەت تۇپەيلىدىن كېلىپ چىققان بولسا كېرەك، كروينا (كروران)، چالمادانا (چەرچەن)، قۇستانا (ئۇدۇن) دەپ ئاتىغانغا ئوخشاش «نىنىيانا» دەپ سۇپەتلىگەن. «نىنا»، «نىنىيا» دەپ ئاتال- غان بەگلىك نامىنى تاڭ شۈەنزاڭ «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت ساياھەت خاتىرىسى» دېگەن ئەسىرىدە «نىراڭ» دەپ ئاتىغان. تاڭ شۈەنزاڭ خاتىرە قالدۇرغان «نىراڭ» دېگەن نام ئۇيغۇر تىلىدا «نىران» دەپ ئۆزلەشتۈرۈلدى. بىراق «نىراڭ» 尼壤 (نىران) دېگەن بۇ نام تاڭ شۈەنزاڭ خاتىرىسىدىن باشقا ھېچقانداق تارىخىي مەنبەلەردە يوق، ئارخېئولوگىيىلىك تېپىندىلارمۇ ئۇچرىمىدى. «نىراڭ» نامىنى مىلا- دىيە 10 - ئەسىردە ئۆتكەن تەرجىمەشۇناس سىڭقۇسەلى تۇتۇڭ «شۈەن- زاڭنىڭ تەرجىمىھالى» نى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغاندا «ئوغاي با- لىق» دەپ تەرجىمە قىلغان. ئەمما ئۇنداق ئاتاشنىڭ ھېچقانداق ئىلمىي ئاساسى يوق.

«ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن قىسقىچە سۆزلۈك» دە «نىيا» ئەرەبچە سۆز بولۇپ، مەنىسى «ئەجداد، ئاتا - بوۋا»؛ «نىران» نىڭ مەنىسى «جەھەننەم، دوزاخ، تۇمۇغ» دەپ ئىزاھلىنغان. بۇنىڭلىق بىلەن بۇ يۇرتنىڭ نامىنى ئەرەبچىدىن كەلگەن دېيىشكە بولمايدۇ. چۈنكى ئاشۇ يەر نامى دەسلەپ قوللىنىلغان ياكى خاتىرە قالدۇرۇلغان دەۋردە ئەرەب تىلىنىڭ تەسىرى بۇ زېمىنغا يېتىپ كەلگەن ياكى يېتىپ كېلەلىگەنلىك توغرىسىدا ھېچقانداق ئاساس يوق.

نىيا نامىنىڭ چاد ئوتا (Cadota) دەپ ئاتالغانلىقىغا كەلسەك، تەتقىقاتچىلار: «چاد ئوتا» — نىيا بىلەن كېرىيە ئارىلىقىدىكى بىر جاي بولۇپ، بۇ نام ھازىر ساقلىنىپ قالمىغان... «چاد ئوتا» — قەدىمكى نىيا شەھىرىگە قاراشلىق بىر مەمۇرىي رايوننىڭ نامىنى بىلدۈرىدى- غانلىقى ئېھتىمالغا يېقىن... بۇ نام تەلەپپۇز جەھەتتە «جىڭجۆ» دېگەن نامغا يېقىن بولغاچقا، ستەيىن «چاد ئوتا» — خەنزۇچە تارىخنامى- لەردىكى «جىڭجۆ» غا توغرا كېلىدۇ دېگەن پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويغان،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دەپ ھېسابلىندى.

نىيىلىقلار قەدىمدىن بۇيان نەچچە قېتىم يۆتكىلىپ ماكانلاشقان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، «نىيا» نامىنى ئىزچىل ساقلاپ كەلگەن. تاكى 1944 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ناھىيە تەسىس قىلىنغانغا قەدەر ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچىدا ئوخشاشلا «نىيا»، « 尼雅 » دەپ ئاتالغان ۋە شۇنداق يېزىلغان. پەقەت 1944 ـ يىلى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ يىغىنىدا «بۇ زېمىندا ئادەملەر ئاز بولغاچقا، كۆپىيىشنى تىلەش» ئۈچۈن خەنزۇچە يېزىلىشىنى « 民丰 » دەپ ئۆزگەرتىش ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، تەستىق ئارقىلىق مۇقىملىدالغان. گەرچە خوتەن ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى خەلق بۇ زېمىننىڭ نامىنى باشتىن ئاخىر «نىيا» دەپ ئاتاپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، دۇنيادىكى «يە» تاۋۇشى بىلەن ئاخىرلاشىدىغان دۆلەتلەر نامىغا تەقلىد قىلىنىپ ھەمدە «يىراق يەر» دېگەن مەنىگە ئىشارە قىلىنىپ، ھازىرمۇ بۇ نامنى «نىرىيە»، «نىيە» دەپ ئاتاش ۋە شۇنداق يېزىش ئۇچراۋاتىدۇ. بىزنىڭچە بۇ مۇۋاپىق ئەمەس[1].

خۇلاسە شۇكى، ئۇدۇنچە «نىنىيا» دىن كەلگەن «نىيا» نامىنىڭ مەنىسى «قوۋۇق»، «قامال»، «ئۆتەڭ» دۇر.

نىيا ناھىيىسى زېمىنىنىڭ جەنۇب تەرىپى ئېگىزرەك، شىمال تەرىپى پەسرەك بولۇپ، جەنۇب تەرىپى قاراقۇرۇم تېغى ئېتىكىدىكى تاغلىق رايونلار، شىمال تەرىپى بولسا، كەڭ كەتكەن تۇزلەڭلىك ۋە پايانسىز قۇملۇقلاردىن ئىبارەت. قاراقۇرۇم تېغىنىڭ نىيا ناھىيىسى چېگرىسى ئىچىدىكى بۆلىكى شەرقىي قاراقۇرۇم ۋە ئوتتۇرا قارا قۇرۇم دەپ ئايرىلىدۇ. شەرقىي قىسمى غەربىي جەنۇبتىن شەرقىي شىمالغا قاراپ سوزۇلۇپ تۇلانخوجا دەرياسى بىلەن تۇتىشىدۇ. غەربىي قىسمى بولسا، ئوتتۇرا قاراقۇرۇم ھېسابلىنىدۇ. تاغلارنىڭ ئەڭ ئېگىز جايلىرى دېڭىز يۈزىدىن 6368 مېتىر ئېگىز. نىيا سۇغىرىش رايونى ۋە سالغۇزەك رايونىنىڭ زېمىنى دېڭىز يۈزىدىن 1450 مېتىر ئېگىز بو-

---

① «نىيا» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تارىخىي مەنبەلەردىكى ئۆزگىرىشى قاتارلىق بايانلار مەنقاسىم مەتنىيازنىڭ «نىيا تارىخ ماتېرىياللىرى» (3) دە ئېلان قىلىنغان ماقالىسىدىن پايدىلىنىپ يېزىلدى (ت)

لۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 1300 مېتىر ئېگىز جايلىرىنىڭ شىمال تەرىپى تەكلىماكان قۇملۇقىغا تۇتىشىپ تۇرىدۇ.

ناھىيە تەۋەسىدە نىيا دەرياسى، چىڭغان دەرياسى، يېيىق دەرياسى، ياتوگغۇز دەرياسى ۋە ئەندىرە دەرياسىدىن ئىبارەت بەش دەريا ـ ئېقىن بار بولۇپ، بۇ دەريالارنىڭ يىللىق ئومۇمىي سۇ مىقدارى 574 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى قاراقۇرۇم تاغلىرى ئارىسىدا يىغىلىپ قالغان قار ـ مۇزلارنى مەنبە قىلىدۇ. بۇ دەريالار پەسىللىك دەريالار بولغاچقا، تومۇز كۈنلىرى تاغدىكى قار ـ مۇزلار ئېرىپ كەلكۈن پەيدا قىلىدۇ. ئادەتتە ھەر يىلى 6 ـ ئايدىن 8 ـ ئايغىچە بولغان ئۈچ ئاي ۋاقىت كەلكۈن مەزگىلى بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە سۇ مىقدارىنىڭ 73% نى ئىگىلەيدۇ. تۈزلەڭ رايونلاردىكى يەر ئاستى سۇ ئورنى بىر قەدەر تۆۋەن بولۇپ، ئادەتتە 8 مېتىردىن 30 مېتىرغىچە كېلىدۇ. سۇ ئورنى يۇقىرى بولغان جايلاردىكى سۇنىڭ سۈپىتى ناچار، مىنېراللىق دەرىجىسى يۇقىرى. ناھىيە تەۋەسىدە بېلىق كۆلى، شور كۆل ۋە ھاڭغىتلىق كۆلدىن ئىبارەت تۇرغۇن سۇ كۆلىدىن ئۈچى بار. بېلىق كۆلى سالغۇزەك يېزىسى تەۋەسىدە بولۇپ، بۇ كۆل ناھىيىنىڭ ئاساسىي بېلىقچىلىق بازىسى ھېسابلىنىدۇ. قالغان ئىككى كۆل تاغ ئارىسىدىكى ئويمان جايلارغا يىغىلىپ قالغان سۇدىن تەبىئىي شەكىللەنگەن بولغاچقا، سۈيى چىقىپ كېتەلمەيدۇ. پايدىلىنىشقا قولايسىز. 1977 ـ يىلى نىيا «18 ـ ئاۋغۇست» تاغ تېشىپ سۇ باشلاش قۇرۇلۇشى پۈتكەندىن كېيىن، دەرياسۈيىدىن پايدىلىنىش ئىمكانىيىتى يارىتىلىپ، ئەتىياز ۋە كۈز پەسلىدە سۇ يوق بولۇش تارىخىغا خاتىمە بېرىلدى.

نىيا ناھىيىسىنىڭ كىلىماتى تىپىك مۆتىدىل بەلۋاغ، قۇرغاق ئىقلىم ھېسابلىنىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.1℃، كىلىماتىنىڭ ئالاھىدىلىكى جەھەتتىن ئالغاندا تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى، ھۆل ـ يېغىن مىقدارى ئاز (يىللىق ئوتتۇرىچە يېغىن 30.5 مىللىمېتىر). پارغا ئايلىنىش مىقدارى ئىنتايىن يۇقىرى (2756 مىللىمېتىر). تارىختا ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 41.5℃قا، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 28.3℃قا يەتكەن. قۇياش نۇرىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يىللىق چۈشۈش ۋاقتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2844.2 سائەت، قىروسىز مەزگىلى 170 كۈن. كۈندۈز بىلەن كېچىنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ، تۆت پەسىل ئېنىق ئايرىلىدۇ. بوران كۆپ چىقىدۇ. شامال كۈچى ئەڭ يۇقىرى بولغاندا سەككىز بالغا يېتىدۇ. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر كۈنى ئۈچ بالدىن يۇقىرى شامال چىقىدۇ. بىر يىلدا سەككىز بالدىن يۇقىرى بوران چىقىدىغان كۈن سانى 16 كۈن ئەتراپىدا بولىدۇ.

تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان تەبىئىي بايلىق زاپىسى بىر قەدەر مول. ئاساسلىقى ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، تۆمۈر، نىكىل، كۆمۈر، تاشپاختا، نېفىت، چىرىمتال، قاشتېشى، چىننتاش، ئىسلاندىيە تېشى، تازىلانغان شور، تاشتۇز، گەج، ھاك تېشى قاتارلىقلار بار. نىيا ناھىيىسىدە كېپەك ئالتۇن كانلىرى بىرقەدەر كەڭ تارقالغان بولۇپ، قاراقۇرۇم تاغ تىزمىسى ئېتىكىدىكى ئون نەچچە ئورۇنغا جايلاشقان. بۇنىڭ ئىچىدە سوغراق ئالتۇن كېنى بىر قەدەر داڭلىق.

نىيا ناھىيىسى 83 مىڭ 884 مو تېرىلغۇ كۆلەمگە ئىگە بولۇپ، دېھقانچىلىقتا بۇغداي، قوناق، پاختا ئاساس قىلىنىدۇ. قوغۇن، تاۋۇز، گازىر، قىچا، ئارپا، زاغۇن، كۈنجۈت، زاراڭزا، كۆكماش، تېرىق قاتارلىق زىرائەتلەرمۇ تېرىلىدۇ. تۈزلەڭلىكلەردە ۋە تاغ ئېتەكلىرىدە ياپچان، قامغاق، چاكاندا، قومۇش، سۆكسۆك، يانتاق قاتارلىق ئون نەچچە خىلدىن ئارتۇق ياۋا ئۆسۈملۈك ۋە ئوت - چۆپ تۈرلىرى بار بولۇپ، بۇلار نىيا ناھىيىسىدىكى كەڭرى كەتكەن يايلاق كۆلىمىنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇنىڭدىن باشقا نىيا ناھىيىسىدىن يەنە توشقانزەدىكى (بۆرە سامسىقى)، چۈچۈكبۇيا قاتارلىق قىممەتلىك دورا ماتېرىياللىرىمۇ خېلى كۆپ چىقىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يۇلغۇن ئۆستۈرۈپ سۈنئىي ئۇسۇلدا توشقانزەدىكى ئۆستۈرۈش تەرەققىي قىلدۇرۇلماقتا. مېۋە - چېۋىلەردىن ئاساسلىقى ئۆرۈك، شاپتۇل، ئالما، نەشپۈت، ياڭاق، ئۈزۈم، ئانار، چىلان، جىگدە قاتارلىقلار بار. بولۇپمۇ، «ئەندىرە دەرياسى» ماركىلىق قوغۇن بىر قەدەر مەشھۇر بولۇپ كەلمەكتە. توغراقلىق ۋە يۇلغۇنلۇقلارنى ئاساس قىلغان بىر مىليون 417 مىڭ 985 مو كۆلەمدىكى تەبىئىي ئورمان زاپىسىغا ئىگە. ئۇنىڭدىن باشقا كۆرۈك، ئازغان، بوغىنا، ئالقات قاتارلىق چاتقال ئۆسۈمـ

لۇكلەرمۇ بار. بۇلارنىڭ بەزىلىرى مۇھىم دورىلىق قىممىتىگە ئىگە بولسا، يەنە بەزىلىرى تۇپراق ۋە يايلاقلارنى قۇم - بوراننىڭ ئاپىتىدىن قوغدايدۇ، چارۋا بېقىلىدۇ.

ياۋايى ھايۋانلاردىن ئاساسلىقى: جەرەن، كۆكمەت (تاغ تېكىسى)، تۈلكە، داۋغان، يىلپىز، ئارقار، چىپار بۆكەن، چوڭ باش بۆكەن، قوتاز، ياۋا ئات، ياۋا ئېشەك، سۇغۇر، بۆرە ھەمدە ياۋا كەپتەر (كۇشكەن)، ئۇلار، كەكلىك قاتارلىقلار بار.

20 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىغا قەدەر نىيا خەلقى يول يۈرۈشتە پۈتۈنلەي ئات - ئېشەك، تۆگە قاتارلىقلارغا تايىناتتى. 1968 - يىلى نىيا - چەرچەن تاشيولى ياسىلىپ قاتناش راۋانلاشتى. 1985 - يىلى تاشيول پۈتۈن ناھىيىنىڭ ھەرقايسى يېزا - كەنتلىرىگىچە تۇتاشتۇرۇلدى. 1995 - يىلى كۆزدە تەكلىماكان قۇملۇقىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن تارىم قۇملۇق تاشيولىدا رەسمىي قاتناش باشلاندى. بۇنىڭ بىلەن بۇ ناھىيىنىڭ ئۈرۈمچى بىلەن بولغان ئارىلىقى ئەسلىدىكى 2317 كىلومېتىردىن، بىراقلا 1205 كىلومېتىرغا قىسقاردى.

نىيا ناھىيىسى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ شەرقىي چوڭ دەرۋازىسى، 315 - دۆلەت تاشيولى بىلەن قۇملۇق تاشيولى مۇشۇ جايدا ئۇچرىشىپ، غەربتە خوتەنگە، شەرقتە چاقىلىق ئارقىلىق چىڭخەي ئۆلكىسىگە، شىمالدا قۇملۇق تاشيولى ئارقىلىق ئۆتۈپ ئۈرۈمچىگە يېتىپ بارىدۇ. ناھىيىنىڭ مىللىي ئۆرپ - ئادىتى قەدىمىي، مەنزىرىلىرى ئۆزگىچە بولۇپ، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرگە داڭلىق بولغان «نىيا قەدىمكى شەھەر خارابىسى»، «ئەندىرە قەدىمكى شەھەر خارابىسى»، «ئاق قوچقىراق قەدىمكى شەھەر خارابىسى» قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بولۇپلا قالماستىن، يەنە قۇملۇقتىكى ئاجايىپ مەنزىرە — «نېفىت تاشيولى»، مۆجىزىلىك «18 - ئاۋغۇست سۇ قۇرۇلۇشى»، سەھەر مەنزىرىسى ئاجايىپ گۈزەل «قۇملۇقتىكى 1 - كەنت» — ياتوگغۇز كەنتى، بېلىق كۆلى، يېكەنلىك مەنزىرە رايونى، تۆت قەدىمىي دەرەخ قاتارلىق ساياھەت ئورۇنلىرى بار.

تۆۋەندە نىيا ناھىيىسى تەۋەلىكىدىكى يېزا (بازار) لارنىڭ مەمۇرىي ۋە جۇغراپىيىلىك ئەھۋاللىرى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىستى www.uyghurkitap.com

# نىيا بازىرى 尼雅镇

نىيا بازىرى ئۈچ ئىجتىمائىي رايون، ئىككى ئاھالە كومىتېتى، 10 تەبىئىي كەنتكە ـ مەھەللىگە ئايرىلغان بولۇپ، 3041 ئائىلە — 9955 كىشى بار. 3016 مو ئەتراپىدىكى ئاشلىق زىرائەتلىرى تېرىلىدىغان كۆلەمگە ئىگە بۇ بازار نىيا ناھىيىسىنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت تۈگۈنى. ج ك پ نىيا ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق قۇرۇلتىيى نىيا ناھىيىلىك كومىتېتى، نىيا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى، سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى نىيا ناھىيىلىك كومىتېتى ۋە مەمۇرىي، كەسپىي ئورگانلار، كارخانا ـ شىركەتلەر، مەكتەپلەر مۇشۇ بازارغا جايلاشقان. بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى ئورگىنى پۆپۈك كەنتىدە (نىيا بازىرىنىڭ تەبىئىي، جۇغراپىيىلىك ئەھۋاللىرى نىيا ناھىيىسى ـ ھېيسىدە تونۇشتۇرۇلغاچقا، بۇ يەردە يەنە تەكرارلىمىدۇق).

## نىيا بازىرى تەۋەلىكىدىكى ئىجتىمائىي رايون، مەمۇرىي كەنتلەرنىڭ نامى
## 民丰县尼雅镇社区和行政村名称

| | |
|---|---|
| بوستان ئىجتىمائىي رايونى | 博斯坦社区 |
| مەدەنىيەت ئىجتىمائىي رايونى | 买迪尼也提社区 |
| سودا يولى ئىجتىمائىي رايونى | 索达路社区 |
| پۆپۈك كەنت كومىتېتى | 甫甫克村委会 |
| لەمپە كەنت كومىتېتى | 兰帕村委会 |

# نىيا يېزىسى 尼雅乡

نىيا يېزىسى نىيا بازىرى بىلەن قوشنا. بۇ يېزا نىيا ناھىيىسىنىڭ ئاساسلىق ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، تۇپرى-

قى مۇنبەت، تەبىئىي شارائىتى بىر قەدەر ياخشى. ئاساسلىقى بۇغداي، قوناق ۋە باشقا ئاشلىق زىرائەتلىرى ئۆستۈرۈلىدۇ.

يېزا تەۋەلىكىدىكى سەككىز مەمۇرىي كەنت ـ 28 مەھەللە (گۇ- رۇپپا)، 1565 ئائىلە — 5995 نوپۇس بار. يېزىلىق خەلق ھۆكۈمى- تى ئورگىنى لەمپە يولىغا جايلاشقان.

## نىيا يېزىسى تەۋەلىكىدىكى كەنت كومىتېتلىرىنىڭ نامى
## 民丰县尼雅乡行政村名称

| | |
|---|---|
| توپمەھەللىسى كەنت كومىتېتى | 托皮村委会 |
| نەققاش كەنت كومىتېتى | 纳喀西村委会 |
| خەلچە مەھەللىسى كەنت كومىتېتى | 合里其村委会 |
| سايئۆستەڭ كەنت كومىتېتى | 萨依吾斯塘村委会 |
| چىملىق ئۆستەڭ كەنت كومىتېتى | 奇木勒克吾斯塘村委会 |
| قاپاقئاسقان كەنت كومىتېتى | 喀帕克阿斯干村委会 |
| ئاقدۆڭ كەنت كومىتېتى | 阿克墩村委会 |
| يايلاق پونكىتى كەنت كومىتېتى | 草原站村委会 |

# روكىيا يېزىسى 茹克雅乡

قۇملۇقتىكى بوستانلىق روكىيا يېزىسى قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان بولۇپ، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ شەرقىي دەرۋازىسى بولغان نىيا بازىرىغا سەككىز كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇ خوتەن- نىڭ ئەڭ شەرقىدە بولۇشتەك جۇغراپىيىلىك ئورنى بىلەن «قۇياش كۆتۈرۈلگەن جاي» دېگەن گۈزەل نامغىمۇ ئىگە. يېزىلىق خەلق ھۆكۈ- مىتى ئورگىنى قالماققۇدۇق كەنتىدە.

روكىيا يېزىسىنىڭ شىمالى تەكلىماكان قۇملۇقى بىلەن، غەربى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە سەيلىگاھ — نىيا خارابىسى بىلەن، شەرقى

www.uyghurkitap.com



315 ـ دۆلەت تاشيولى بىلەن، جەنۇبى خوتەنگە ئۆتۈشتىكى مۇھىم يول بىلەن تۇتاش بولغاچقا، قاتنىشى قۇلاي، قەدىمدىن بۇيان يىپەك يولىنىڭ مۇھىم ئۆتەڭگى بولۇپ كەلگەن. دۇنياغا مەشھۇر «تەكلىماكان قۇملۇق تاشيولى» مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ. بۇ يېزىنىڭ ئومۇمىي يەر مەيدانى 2360 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. 110 مىڭ مو كۆلەمگە ئىگە بۇلغانمىغان تەبىئىي يايلىقىدا 30 مىڭدىن ئارتۇق قوي، كالا پادىسى يايلايدۇ. بۇ جايدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان ئانا دەريا — نىيا دەرياسى 35 مىڭ مو مۇنبەت تېرىلغۇ يەرنى سۇغىرىدۇ.

روكىيا يېزىسىنىڭ تۆت پەسىل پەرقى ئېنىق، ئىللىق باھاردا ھەممە مەۋجۇدات جۇشقۇن كەيپىياتتا ئۇيقۇدىن ئويغانسا؛ يازلىقى ئوتتەك قۇياش بۇ زېمىننى قىزدۇرىدۇ. كۈزلىكى ھەممە ياقنى ئوتقاش رەڭ مېۋە ـ چېۋە، مولچىلىق قاپلىسا؛ قىشلىقى كۈمۈشتىن لىباس كىيگەن دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھلار، ئۈزۈن يىللىق قويۇق مىللىي مەدەنىيەت مۇجەسسەملىرىنى نامايان قىلغاندەك ئۆزگىچە تۈس ئالىدۇ.

يېزىدىكى يەتتە مەمۇرىي كەنت — 29 تەبىئىي كەنت ـ مەھەللە (گۇرۇپپا) دا 1686 ئائىلە — 6798 نوپۇس بار.

## روكىيا يېزىسى تەۋەلىكىدىكى كەنت كومىتېتلىرىنىڭ نامى
## 民丰县若克雅乡行政村名称

| | |
|---|---|
| دۇۋا ئاغزى كەنت كومىتېتى | 都瓦阿格孜村委会 |
| تەكىدۆڭ كەنت كومىتېتى | 特开墩村委会 |
| بوستان كەنت كومىتېتى | 博斯坦村委会 |
| يېڭىئۆستەڭ كەنت كومىتېتى | 英吾斯塘村委会 |
| ئاچما كەنت كومىتېتى | 阿奇玛村委会 |
| يايلاقبازىسى كەنت كومىتېتى | 草原基地村委会 |

# سالغۇزەك يېزىسى 萨勒吾则克乡

سالغۇزەك يېزىسى 21 مىڭ مودىن ئارتۇق تېرىلىدىغان كۆلەمگە ئىگە، 1078 ئائىلە — 4596 نوپۇس بار، يەتتە مەمۇرىي كەنت — 20 تەبىئىي مەھەللە (گۇرۇپپا) سى بار يېزىدۇر. يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى ئورگىنى قارادۆڭ كەنتىگە جايلاشقان.

بۇ يېزىنىڭ تەبىئىي، جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى نىيا يېزىسى، يېيىق ۋە روكىيا يېزىلىرى بىلەن ئوخشايدۇ.

## سالغۇزەك يېزىسى تەۋەلىكىدىكى كەنت كومىتېتلىرىنىڭ نامى
## 民丰县萨勒吾则克乡行政村名称

| | |
|---|---|
| قارا دۆڭ كەنت كومىتېتى | 喀拉墩村委会 |
| چوڭئەگرى كەنت كومىتېتى | 琼艾格勒村委会 |
| باغچى كەنت كومىتېتى | 巴格其村委会 |
| ئوتانلىق كەنت كومىتېتى | 乌堂力克村委会 |
| گۈلباغ كەنت كومىتېتى | 古勒巴格村委会 |
| ساراي كەنت كومىتېتى | 萨热依村委会 |
| يايلاقبازا كەنت كومىتېتى | 草原基地村委会 |

# يېيىق يېزىسى 叶亦克乡

يېيىق يېزىسى قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىگە، نىيا ناھىيە بازىرىدىن 45 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان. يېزىدىكى ئالتە مەمۇرىي كەنت — 14 تەبىئىي كەنت (مەھەللە) ئالدىنقى تاغ تىندۇرمىلىرىغا جايلاشقان. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 27 مىڭ 354 مو كېلىدۇ. يېزا ئاھالىسى چارۋىچىلىق ۋە باقمىچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ.

«يېيىق» — ئۇيغۇرچە سۆز. «يېيىلغان، تۇتاش كەتكەن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەڭ، پايانسىز» دېگەن مەنىلەرگە ئىگە.
بۇ يېزىدا 1168 ئائىلە — 3854 كىشى بار. يېزىلىق ھۆكۈمەت ئورگىنى ئايتاغ كەنتىدە.

## يېيىق يېزىسى تەۋەلىكىدىكى كەنت كومىتېتلىرىنىڭ نامى
## 民丰县叶亦克乡行政村名称

| | |
|---|---|
| ئايتاغ كەنت كومىتېتى | 阿依塔格村委会 |
| يېيىق كەنت كومىتېتى | 叶亦克村委会 |
| كۆنئۆتتۈز كەنت كومىتېتى | 昆吾吐孜村委会 |
| تالقانلىق كەنت كومىتېتى | 塔勒坎勒克村委会 |
| ئالتۇنبۇلاق كەنت كومىتېتى | 阿勒吞布拉克村委会 |
| يايلاقبازىسى كەنت كومىتېتى | 草原基地村委会 |

# ئەندىر يېزىسى 安迪尔乡

ئوتتۇرا تارىم قۇملۇق تاشيولىنىڭ 475 كىلومېتىرلىق جايىدىن سولغا بۇرۇلۇپ قۇملۇقنا قاراپ 18 كىلومېتىر يۈرگەندە، «قۇملۇقتىكى بىرىنچى كەنت» دەپ نام ئالغان نىيا ناھىيە ئەندىر يېزىسىنىڭ ياتوقغۇز كەنتىگە يېتىپ كەلگىلى بولىدۇ. نىيا ناھىيىسى ئەندىر يېزىسىنىڭ تەۋەلىكىدە بىر كەنت — يا توقغۇز كەنتى تەسىس قىلىنغان بولۇپ (亚通古斯村委会)، پۈتۈن كەنتتە 132 ئائىلە — 448 نوپۇس بار. ئەمگەك كۈچى ھېسابلىنىدىغانلار يۈز ئادەمگىمۇ يەتمەيدۇ.

ئەندىر يېزىسى ئالاھىدە ھاۋا كىلىماتىنىڭ تەسىرىدە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، ئىشلەپچىقارغان «ئەندىرە دەرياسى» ماركىلىق قوغۇن كۆن نۇرىغا قانغانلىقى، خىمىيىۋى ئوغۇت ئىشلىتىلمىگەن ساپ تەبىئىي (يېشىل) يېمەكلىك بولغانلىقى ئۈچۈن

پۈتۈن شىنجاڭدا نامى تەرىپلەنمەكتە. ئۇنىڭدىن باشقا يۇلغۇنغا توشقانزەدىكى ئۆلاپ ئۆستۈرۈشمۇ يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان بۇ كەنتتىكى ئالاھىدە كەسىپ بولۇپ، سۇنئىي ئۇسۇلدا ئۆستۈرۈلگەن توشقانزەدىكى كۆلىمى 2004 - يىلى 300 موغا يەتتى.

يەنە نىيا ناھىيىسىدە تەكلىماكان چۆلى قۇملۇقىنىڭ گىرۋىكىگە جايلاشقان ئەندىر چارۋىچىلىق مەيدانى بولۇپ، نىيا ناھىيە بازىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 180 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ يەردە 2638 كىشى ياشايدۇ. بۇ دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىق بىرلەشتۈرۈلگەن، ئۇيغۇر ـ خەنزۇ ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان رايون بولۇپ، تۆت مەمۇرىي كەنت، بىر بىۋاستە قاراشلىق رايون، بىر خەنزۇلار مەھەللىسى بار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 14 - دىۋىزىيىسى[1]

## گۇما قارىتاغىز دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى بىر قىسىم يەر نامىلىرى

## 新疆生产建设兵团农十四师皮山喀热塔格孜农场部分地名

| | |
|---|---|
| قۇرۇقئاچچىق دادۈي | 库如克阿其克大队 |
| ئوتتۇرا تۈگمەن | 沃吐拉吐格曼 |
| ئاياغتۈگمەن | 阿亚格吐格曼 |
| تۈگمەن دادۈي | 吐格曼大队 |
| تۈگمەن | 吐格曼 |
| تورغايمەھەللە | 托杂依买里 |
| لەڭگەر | 兰干 |
| بەدەشقانمەھەللىسى | 拜代什康买里斯 |
| يالمەھەللە دادۈي | 帕勤买里大队 |
| كىشكەمەھەللە | 克兴买里 |
| شىپىخمەھەللە | 协依合买里 |
| كاللەكمەھەللە | 喀来克买里 |
| كۆنچىمەھەللە دادۈي | 昆其买里大队 |
| كۆنچىمەھەللە | 昆其买里 |
| تازمەھەللە | 塔孜买里 |
| چىقىرمەھەللە | 其克尔买里 |

① بۇ سەھىپە ئەسلىدە باشقا سەھىپىلەرگە ئوخشاش بىرقەدەر كەڭرەك يېزىش پىلانلانغان بولسىمۇ، ماتېرىيال مەنبەيىمىزنىڭ ئازلىقى ۋە تىرىشچانلىقىمىزنىڭ نەتىجىسىزبولۇشى تۈپەيلىدىن پەقەت قىسقىچىلا ئۇچۇر بېرەلىگەنلىكىم ۋەجىدىن ئوقۇرمەنلەرگە ئۆزرە ئېيتىمەن (ت).

| | |
|---|---|
| 美杂买里 | چاڭگامەھەللە |
| 夏哈勒克 | ساخارلىق |
| 阿亚克买里大队 | ئاياقمەھەللە دادۈي |
| 阿亚克买里 | ئاياقمەھەللە |
| 艾格勒买里 | ئېغىلمەھەللە |
| 喀肯买里 | قاقىنمەھەللە |
| 博格玛克买里 | بوغماقمەھەللە |
| 迪汗吐格 | دىخانتوغ |
| 美其特阿勒迪大队 | مېچىتئالدى دادۈي |
| 希音买里 | شىيىنمەھەللە |
| 巴什阿孜玛 | باشئازما |
| 黑也克买里 | خېيەكمەھەللە |
| 美其特阿勒迪 | مېچىتئالدى |
| 乃合瓦孜买里 | نەخۋازمەھەللە |
| 阿瓦提大队 | ئاۋات دادۈي |
| 阿瓦提 | ئاۋات |
| 乌普开买里 | ئۆپكەمەھەللە |
| 美杂墩买里 | چاڭگادۆڭ مەھەللە |
| 阿克苏库勒 | ئاقسۇكۆل |
| 吐格买里大队 | توغمەھەللە دادۈي |
| 吐格买里 | توغمەھەللە |
| 哈萨克买里 | قازاقمەھەللە |
| 加勒迪尔买里大队 | جالدىرمەھەللە دادۈي |
| 加勒迪尔买里 | جالدىرمەھەللە |
| 帕格尔买里 | پاگىرمەھەللە |
| 帕克乃克买里 | پاكىنەكمەھەللە |
| 克孜尔大队 | قىزىر دادۈي |
| 克孜尔 | قىزىر |
| 买买提麻扎 | مەمەتمازار |
| 艾肯博依 | ئېقىنبويى |

www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| 吉格代里克库勒 | جىگدىلىككۆل |
| 阔纳喀热塔格孜 | كونا قاراتاغىز |
| 乌遵托格拉克 | ئۈزۈنتوغراق |
| 铁提尔 | تېتىر |
| 喀杂阿斯提 | قاغائاستى |
| 喀热塔格孜水库 | قاراتاغىز سۇ ئامبىرى |
| 喀热塔格孜公路 | قاراتاغىز تاشيولى |
| 喀热塔格孜干渠 | قاراتاغىز ئۆستەڭ |
| 阿热亚大渠 | ئارايار ئۆستەڭ |
| 阿尔皮勒克托喀依机井群 | ئارپىلىقتوقاي ماشىنىلىق قۇدۇقلىرى |
| 恰其库木库都克井 | چاچقۇمقۇدۇق |
| 其克尔买里机井 | چىقىرمەھەللە ماشىنىلىق قۇدۇق |
| 昆其买里机井 | كۆنچىمەھەللە ماشىنىلىق قۇدۇق |
| 喀杂阿斯提库都克井 | قاغائاستى قۇدۇق |
| 阿瓦提艾肯沟 | ئاۋاتئېقىن |
| 库木什鲁克亚沟 | قومۇشلۇقيار |
| 阿尔皮勒克托喀依 | ئارپىلىقوقاي |
| 阿瓦提艾肯博依 | ئاۋاتئېقىن بويى |
| 依格孜艾格勒 | ئېگىز ئېغىل |
| 尧勒艾格孜墩 | يولئېغىزى دۆڭ |
| 铁日木阿其克 | تېرىمئاچچىق |
| 哈得勒克 | خادىلىق |
| 阔纳库勒 | كوناكۆل |
| 尧勒瓦斯其康塔尔 | يولۋاسچىققان تار |
| 喀木杂克勒克 | قامغاقلىق |
| 巴拉喀什 | بالاقاش |
| 帕夏艾肯 | پاشائېقىن |
| 库如克艾肯江杂勒 | قۇرۇقئېقىن جاڭگال |
| 库如克艾肯江杂勒贝希 | قۇرۇقئېقىن جاڭگالبېشى |
| 吐孜鲁克 | تۇزلۇق |

| | |
|---|---|
| داۋانتۆپىسى | 达坂吐皮斯 |
| باشتۇگمەن | 巴什吐格曼 |
| كوچاسايام | 阔恰萨亚木 |

## نۇرى چارۋىچىلىق فېرمىسى
## 奴尔牧场

نۇرى چارۋىچىلىق فېرمىسى چىرا ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبى قىسمىدىكى 84 كىلومېتىر يىراقلىقتا، نۇرى دەرياسىنىڭ شەرقىي جەنۇبى قىرغىقىغا جايلاشقان. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 2410 مېتىر، جەنۇبى قارا قۇرۇم تېغى بىلەن تۇتىشىدۇ. يەر شەكلى جەنۇبى ئېگىز، شىمالى پەس، شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 140 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 25 كىلومېتىر، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 121 مىڭ 60 مو كېلىدۇ. تەۋەلىكىدە 738 ئائىلە — 2156 نوپۇس بار. مەيدانىنىڭ ئۈچ تەرىپىنى تاغ قورشاپ تۇرىدۇ. تاغ تۈۋى ۋە تاغ ئاستىدىن ئىبارەت ئوخشىمىغان ئىككى تەبىئىي رايونغا بۆلۈنىدۇ. تاغ ئۈستىدە تۆت چارۋىچىلىق لېيەندۈيى بولۇپ، يۇقىرىسى قارلىق تاغقا قەدەر، تۆۋىنى چۆل ياقىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. شەرقىي تەرىپى كېرىيە ناھىيىسىنىڭ پولودىن باشلىنىپ، غەربىي چىرا ناھىيىسىنىڭ قارا تاشقا قەدەر سوزۇلىدۇ. يەر شەكلى ئېگىز-پەس. دەريا بويلىرىدىكى يالانغان جىلغىلار تىك ھالدا بىر-بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن. قىشلىق يايلاقلاردىكى جىلغىلارنىڭ چوڭقۇرلۇقى 70 - 80 مېتىرغا قەدەر بولۇپ، يانتۇلۇقى 70 گرادۇستىن ئاشىدۇ. يازلىق يايلاقلار دېڭىز يۈزىدىن 1400 مېتىردىن 3600 مېتىرغا قەدەر بولغان جايلارغا جايلاشقان. ئەڭ ئېگىز بولغانلىرى 4000 مېتىردىن ئاشىدۇ. يايلاقلاردا پاسار، قىلقان قاتارلىق ئوت-چۆپلەر ئۆسىدۇ. ئوتنىڭ ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 10 - 15 سانتىمېتىر قەدەر كېلىدۇ. 3000 مېتىردىن تۆۋەن بولغان ئەتىيازلىق ۋە كۈزلۈك يايلاقلاردىكى يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسى ۋە باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈكلەرنى ئاساس قىلىدۇ. ئوتنىڭ ئېگىزلىكى 30 - 40

تۈركىتاپ www.uyghurkitap.com كىتاب تورىيىتى

سانتىمېتىر قەدەر كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئازراق ساندا چىغ ۋە قوي ياۋسىمۇ تېپىلىدۇ. قىشلىق ئوتلاقلاردا ئاساسلىقى ياپچان ئۆسىدۇ. لېكىن، قويۇقلۇق دەرىجىسى ناھايىتى ئاز. تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى قوي سىغىمچانلىقى 40 مىڭ تۇياققا يەتكەن.

تاغ ئاستىدا ئۇجمە دېھقانچىلىق ئەترىتى بولۇپ، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 4500 مو، ئەتراپىدا، ئۇجمە تەرىپىنى تاغ قورشاپ تۇرىدۇ، ئېدىرلىق بەلۋاغقا كىرىدۇ. قوناق، بۇغداي، پۇرچاق، بىدە، كۆكتات ۋە مېۋە قاتارلىقلارنى ئىشلەپچىقىرىدۇ.

فېرما تەشكىللىنىش تۈرۈشلۇق ئورنى باشتۇغ بازىرىدا بولۇپ، چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغانلىقتىن ھەمدە نۇرى يېزىسى تەۋەسىگە جايلاشقانلىقتىن، ھازىرقى تولۇق نامى: شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى 14-دىۋىزىيە نۇرى چارۋىچىلىق فېرمىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

چارۋىچىلىق فېرما 1951-يىلى قۇرۇلغان. ئەسلىدە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 2-كورپۇس ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمىنىڭ خوتەندە تۈرۈشلۇق ئىش بېجىرىش باشقارمىسىغا قارايتتى. 1955-يىلى قىسىملارنى تەرتىپكە سالغاندا يېزا ئىگىلىك 14-دىۋىزىيىسىنىڭ قارمىقىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن.

چارۋىچىلىق فېرمىنىڭ ھاۋا كىلىماتىنىڭ ئۆزگىرىشى نورمال ئەمەس، تېمپېراتۇرىسى پەرقلىق، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 28℃—24℃ قا يېتىدۇ. ئادەتتە 20℃ ئەتراپىدا بولىدۇ. 1-ئايدىكى ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى 0 دىن تۆۋەن 25℃ -كە چۈشىدۇ. 7-ئايدىكى ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 30℃ غا يېتىدۇ. 3 - ئايدىن 5 - ئايغىچە شەرقىي شىمال شامىلى كۆپ چىقىدۇ. ئەڭ زور شامال كۈچى 5 ـ 6 بالغا يېتىدۇ. يىللىق ھۆل-يېغىن مىقدارى تەخمىنەن 200 مىللىمېتىرغا يېتىپ، 7- ۋە 9- ئايغا قەدەر ياغىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن 3200 مېتىردىن يۇقىرى بولغان جايلىرىدا ھۆل-يېغىن مىقدارى 300 مىللىمېتىرغا يېتىدۇ. بالدۇر قىرو 10-ئاينىڭ باشلىرىدا چۈشىدۇ. قىروسىز مەزگىلى 180 كۈن.

# نۇرى چارۋىچىلىق فېرمىسىدىكى يەر ناملىرى
# 新疆生产建设兵团农十四师奴尔牧场部分地名

| | |
|---|---|
| 巴什吐格 | باش تۇغ |
| 皮羌贝希 | پىچان بېشى |
| 阿克亚 | ئاقيا |
| 翁库尔克尔 | ئۆڭكۈر قىر |
| 吉木拉斯 | جىملاس |
| 其维克 | چىۋىق |
| 贝兰干 | بېلەنگە |
| 英艾格勒 | يېڭى ئېغىل |
| 依什曼来 | يېسىمەڭلەي |
| 杭格 | هاڭغى |
| 吐孜艾格勒 | تۇز ئېغىل |
| 克孜勒尧勒 | قىزىل يول |
| 布谷 | بۇگۇ |
| 色日克羌 | سىرىقچان |
| 协尔克尔 | شىر قىر |
| 奴尔牧场农业队 | نۇرى 1-چارۋىچىلىق فېرما دېھقانچىلىق ئەترىتى |
| 萨尔龙干渠 | سارلۇڭ ئوق ئۆستىڭى |
| 奴尔一牧场公路 | نۇرى 1-چارۋىچىلىق فېرما تاشيولى |

www.uyghurkitap.com

# 47-تۇەن مەيدانى 四十七团场

شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى 14-دىۋىزىيە 47-تۇەن مەيدانى قاراقاش ناھىيە بازىرىغا تۈز سىزىق بويىچە ھېسابلىغاندا 28 كىلومېتىر كېلىدۇ. شەرقتە تۆۋەت يېزىسى، جەنۇبتا كويا، پۇچاقچى ۋە خويچى يېزىلىرى بىلەن قوشنا، غەربتە ئۈرچى ۋە قاراساي يېزىلىرىغا تۇتىشىدۇ. شىمالى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىغا قەدەر سوزۇلغان، ئومۇمىي يەر مەيدانى 60 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ تۇەن مەيدانىدا 1392 ئائىلە - 4039 نوپۇس بار.

دېھقانچىلىق ئاساس قىلىنىدىغان بۇ تۇەن مەيداندا بۇغداي، قوناق ۋە ئىقتىسادىي زىرائەتلەردىن خۇاسىڭ، قولماق، زىغىر، زاغۇن تېرىلىدۇ. يىللىق ھۆل-يېغىن مىقدارى 2400~2700 مىللىمېتىر، يىللىق قىروسىز مەزگىلى 220~190 كۈن ئەتراپىدا، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 11℃~13℃ بولىدۇ.

47-تۇەن مەيدان ئەسلىي جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى قۇرۇقلۇق قىسمى 5-دىۋىزىيىسىنىڭ 15-تۇەنى بولۇپ، 1949-يىل 10-ئايدا شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىپ، تەكلىماكان قۇملۇقىنى كېسىپ ئۆتۈپ خوتەنگە كەلگەن. 1953-يىلى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «بوز يەر ئېچىش، چېگرانى گۈللەندۈرۈش» چاقىرىقى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش قىسمىغا ئۆزگەرتىلىپ، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ دېھقانچىلىق 1-دىۋىزىيە 3-تۇەن 3-لىيەنى بولغان. بىرقانچە قېتىملىق مەمۇرىي تەۋەلىك ئۆزگىرىشىدىن كېيىن 1982-يىلى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى خوتەن دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولۇپ، «47-تۇەن مەيدان» دەپ ئاتالغان. ھازىرمۇ ئاشۇ نام بىلەن 14-دىۋىزىيىگە قارايدۇ.

# خاتىمە

خوتەن يەر نامىلىرى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدىكى، بولۇپمۇ تارىم بوستانلىقىنى تەشكىل قىلغان ۋىلايەت (ئوبلاست)، ناھىيە (شەھەر) لەردىكى يېزا، كەنت-مەھەللىلەرنىڭ ۋە تەبىئىي جۇغراپىيەلىك گەۋدىلەرنىڭ نامىلىرى بىلەن ئوخشاشلىقا ئىگە. ئۇنىڭدىن باشقا خوتەن يەر نامىلىرىدىكى ئالاھىدىلىكلەر ماكرو جەھەتتە رايون خاراكتېرلىك مەدەنىيەت خاسلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

نىشان-بەلگە بولغان بارلىق نامىلارغا ئوخشاشلا، خوتەن يەر نامىلىرى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلەردە تارىخىي، ئىجتىمائىي، تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىكى تەھلىلىمىز بۇ نامىلارنىڭ ئېتمولوگىيىسىگە قارىتا چۈشەنچىمىزنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرسا، جۇغراپىيىلىك تەھلىل يەر نامىلىرىنىڭ قويۇلۇشىدىكى سەۋەبلەرنى ئېنىقلاشقا ياردەم بېرىدۇ. ئوخشاشلا ئۇنى فولكلورشۇناسلىق نۇقتىسىدا تەھلىل قىلىشىمىزمۇ تارىخىي، ئىجتىمائىي ۋە جۇغراپىيىلىك نۇقتىلاردىكى تەھلىلىمىز بىلەن ماسلىشىپ، بۇ نامىلاردىكى مەدەنىيەت ئامىللىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

تەكرار قەيت قىلىمىزكى، بارلىق يەر نامىلىرىغا ئوخشاشلا، خوتەن يەر نامىلىرى ھەققىدىكى ئاشۇ نۇقتىلار بويىچە ئېلىپ بېرىلغان ئىلمىي تەتقىقاتنىڭ ئەھمىيىتى، ۋاستىلىك رولى تۆۋەندىكىچە:

1. يەر نامىلىرى ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

2. مىللەت، ئۇرۇق-قەبىلىلەرنىڭ كۆچۈش جەريانلىرىنى ئېنىقلاشقا ياردەم بېرىدۇ.

3. كۆپ مىللەتلىك رايونلاردا ھەرقايسى مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان نۇقتىلارنى ئېنىقلاشقا ياردەم بېرىدۇ.

4. قەدىمكى شەھەر، كان خارابىلىرى، مۇھىم تارىخىي ۋەقەلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يۈز بەرگەن ئورۇنلارنى ئېنىقلاشقا ياردەم بېرىدۇ.

5. قەدىمكى قاتناش يوللىرى، سودا بازارلىرىنىڭ ئىزلىرىنى ئېنىقلاشقا ياردەم بېرىدۇ.

6. تارىخىي خەرىتىلەرنىڭ ئىشلىنىشىگە ئىلمىي ئاساس يارىتىپ بېرىدۇ[1].

يەر نامى ئىلمى بىر قەدەر كەڭ مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەم بۇ مەزمۇنلار كۆپ خىل پەنلەرگە چېتىلىدىغان مۇرەككەپ بىر پەن بولۇپ، ئۇنىڭدا يەر بىلەن نام ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلىك باغلىنىش بولغاچقا، كونكرېت بىر نامنىڭ كېلىپ چىقىشى، مەنىسى، ئۆزگىرىشى ۋە تىل تەۋەلىكىنى ئېنىقلاش، ئىزاھلاپ چۈشەندۈرۈش خېلىلا قىيىن. شۇ ۋەجىدىن خوتەن يەر ناملىرى ئۈستىدىكى بۇ تۇنجى ئىزدىنىشىمدە خام جايلار ۋە ئىلمىي جەھەتتە بەزى مەسىلىلەرنىڭ بولۇشى تەبىئىي. «دۇنيادا بىرلا خوتەن بار — يەر ناملىرى» تومىنى تۈزۈش ۋە بۇ ماقالىنى يېزىش داۋامىدا شۇنى ھېس قىلدىمكى:

1. يەر ناملىرىنى خاتىرىلەش ۋە يەر ناملىرى بىلەن مەزمۇنداش بولغان يەرلىك تەزكىرە تۈزۈشنى ئەجدادلىرىمىز ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. گەرچە بۇ يازمىلار مەخسۇس «يەر نامى تەزكىرىسى» دەپ ئاتالمىسىمۇ، ھۈنەرۋەنچىلىك رىسالىلىرى، كالېندارچىلىق، ئاسترونومىيە، تېبابەتچىلىك قوليازمىلىرىدا، جۈملىدىن خوتەن رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى «مازار تەزكىرىسى»لىرىدە، قىسسە-ھېكايەتلەر سۆزلەنگەن قوليازمىلاردا مەلۇم دائىرىگە قويۇلغان نام ۋە ئۇنىڭ مەنىسى، كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى مەلۇماتلار ساقلانغان.

مۇھىمى، ھازىرغىچە بۇ خۇسۇستا ئىشلەنگەن كەسپىي خىزمەتلەر ۋە ئىلمىي تەتقىقاتلاردا باشقا جايلارغا ئوخشاشلا خوتەن رايونىدىكى قەدىمكىناملار ۋە ئۇنىڭ مەنىسىنى ئېنىقلاشتا كۆپرەك خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەرگە تايىنىلغان. خەنزۇچە تارىخىي كىتابلاردا خاتىرىلەنگەن ناملار ئەينى زامانىدىكى خەنزۇ تىلىنىڭ ترانسكرىپسىيە ۋە تەلەپپۇز قائىدىلىرى بويىچە ئوقۇلۇپ، بىر قىسىم ناملارنىڭ ئەسلىي تەلەپپۇزى

---

[1] ئارسلان ئابدۇللا «يەر نامى ئىلمى ۋە ئۇنىڭ بەزى ساھەلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1984-يىل 4-سانىغا قارالسۇن.

ئايدىڭلاشقان.

2. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى 11-نۆۋەتلىك 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، باشقا جايلارغا ئوخشاشلا خوتەندىمۇ تەزكىرە كومىتېتى، يەر نامى ئىشخانىلىرى تەسىس قىلىنىپ، بۇ ئىلمىي خىزمەت چىڭ تۇتۇلغان. ئالاھىدە ئېيتىش لازىمكى، 1980-يىلى خوتەن رايونىدا يەر نامىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش پائالىيىتى داغدۇغىلىق ئېلىپ بېرىلىپ، خوتەن شەھىرىدىكى «رېۋىزىئونىزمغا قارشى تۇرۇش (فەنشيۇ) يولى»، «ئەلەمگە ماھىر (ياۋۇ) كوچىسى» قاتارلىق بىرقانچە كوچا، ئاممىۋى مۇئەسسەسەلەرنىڭ ئەسلىي نامى يېزىلغان تاختايلار جامائەتچىلىك ئالدىدا شۇ ئورۇنلارغا ئورنىتىلغان. ئارقىدىنلا ھەرقايسى ناھىيىلەرمۇ بۇ جەھەتتە مۇناسىپ خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. ۋىلايەت، ناھىيىلەردە قۇرۇلغان يەر نامىرى كومىتېتى خادىملىرى پىلانلىق، تەشكىللىك ھالدا ئۆز دائىرىسىدىكى بازار، كەنت-مەھەللە، تاغ-تۇرا، ساي-جىلغا، يايلاق-ئېدىرلارغا بېرىپ، ئاھالىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ، مويسىپىتلار بىلەن ئەھۋاللىشىپ يەر نامىرىنى بىرمۇبىر دەلىللەپ چىققان. 20-ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىدا بۇ جاپالىق ئىلمىي ئەمگەكنىڭ خۇلاسىسى سۈپىتىدە چىرا، لوپ، گۇما، قاراقاش قاتارلىق ناھىيىلەر مەخسۇس يەر نامىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى ئىشلەپ، ئۇيغۇرچە-خەنزۇچە ئىككى خىل يېزىقتا باستۇرغان. دېمەك ھازىرغىچە ۋىلايەت، ناھىيە (شەھەر) لەردە تەزكىرە ئىشخانىلىرىنىڭ بولۇشى، يەر نامىرى خاتىرىلىرى، يەر نامىرى تەزكىرىلىرىنىڭ ئەتىۋارلىنىپ ساقلىنىۋاتقانلىقى، بۇ ھەقتىكى كونكرېت خىزمەت ۋە تەتقىقاتنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

بۇ ئىككى ھاسىلاتقا ئاساسەن شۇنى ئېيتىشقا بولىدۇكى، يەر نامىرىنى ھەركىم خالىغانچە قوللانسا، قانداق ئېيتسا ۋە قانداق يازسا بولۇۋېرىدىغان ئىش ئەمەس. ئۇنى قوللىنىش، ئۇنى قەدىرلەش ۋە قوغداش جەمئىيەت ئەخلاقى ۋە ئىلمىي ساپايىمىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ئەلۋەتتە.

ئاخىرىدا «دۇنيادا بىرلا خوتەن بار — يەر نامىرى» تومىنىڭ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

تۈزۈلۈشى توغرىسىدا تۆۋەندىكىلەرنى ئىزاھلايمەن.

بۇ كىتابقا كىرگۈزۈلگەن يەر ناملىرى (جۇغراپىيىلىك گەۋدىلەر، قۇرۇلۇشلار نامى) خوتەن ۋىلايىتى دائىرىسىدىكى يەر ناملىرىنىڭ ھەممىسى ئەمەس، بۇ كىتابمۇ خوتەن يەر ناملىرىنىڭ بېكىتىلگەن نۇسخىسىمۇ ئەمەس، كىتابتىكى سان-سىپىرلارمۇ شۇنداق.

بۇ كىتابقا كىرگۈزۈلگەن يەر ناملىرى ئىچىدە پەقەت ناھىيە (شەھەر)، يېزا (بازار) لارنىڭ ئوقۇرمەنلەرگە ئېنىقسىز بولغان ناملىرىلا قىسقىچە تەھلىل قىلىنىپ ئۆتۈلدى ھەمدە ئۇنىڭ تىل تەۋەلىكى، كېلىپ چىقىشى، مەنىسى توغرىسىدا ئوخشىمىغان دەلىل، قاراشلار بېرىلىپ، پەقەت بىرىنىلا مۇقىملاشتۇرۇشتىن ساقلىنىلدى. كىتابنىڭ ھەجىم ئېتىبارى بىلەن ئاساسلىق كەنت-مەھەللە ناملىرى ئۇيغۇرچە-خەنزۇچە بېرىلگەندىن باشقا، ئۇلارنىڭ نامى تەھلىل قىلىنمىدى.

بۇ كىتابتىكى يەر ناملىرىنىڭ قويۇلۇشى، تىل تەۋەلىكى، مەنىسى توغرىسىدىكى ئىزدىنىشلىرىمدە يېڭى ئىلگىرىلەشنىڭ بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك ئالىم-مۇتەخەسسىسلەر، كەسىپداشلار يېقىندىن ياردەمدە بولدى. ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىمەن.

2005-يىل سېنتەبىر، خوتەن
2006-يىل 15-ئاپرېل، ئۈرۈمچى

# پايدىلانمىلار

«چىرا  يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» ، چىرا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى يەر ناملىرى ئىشخانىسى 1984 - يىل باسمىسى (ئۇيغۇرچە) .

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەمۇرىي رايونلىرى ۋە يەر ناملىرى ماتېرىيالى» ش ئۇ. ئا. ر خەلق ئىشلىرى نازارىتى، يەر ناملىرى كومىتېتى، 1987 - يىل 5 - ئاي باسمىسى.

«خەننامە. غەربىي رايون تەزكىرىسىدىكى يەر ناملىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىلىقلىرى توغرىسىدا سېلىشتۇرما ئىزاھات» . سېن جۇڭمىيەن.

«لوپ ناھىيىسىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» ، لوپ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى يەر ناملىرى ئىشخانىسى 1987 - يىل باسمىسى.

«قاراقاش ناھىيىسىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» ، قاراقاش ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسى 1987 - يىل باسمىسى (خەنزۇچە) .

«قاراقاشنى  چۈشىنەيلى» ، تۈزگۈچى: مەمتىمىن قۇربان، خوتەن ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى بىلەن قاراقاش ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسى تەرىپىدىن 1996 - يىلى باستۇرۇلغان (ئۇيغۇرچە) .

«ئۇيغۇرلاردا ئەخلاق ۋە مەدەنىيەت ـــ بۇلاقتىن بىر ئۇتلام» ، ئىمىن تۇرسۇن، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2000 - يىل 6 - ئاي 1 - نەشرى.

«گۆھەر زېمىن ـــ خوتەن» ، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت، فوتو - سۈرەت نەشرىياتى 1995 - يىلى 11 - ئاي نەشرى.

«خوتەن ئۇچۇر تورى» /WWW.XJHT.GOR.CN خوتەن ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە.

«خوتەن ستاتىستىكا يىلنامىسى» (2004) . خوتەن ستاتىستىكا يىلنامىسى كومىتېتى تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ، 2004 - يىل 9 - ئايدا باستۇرۇلغان.

www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

天下只有一个和田.卷2. 上,地名/阿布都拉·苏莱满编著. —乌鲁木齐:新疆大学出版社,2006.4
ISBN 7—5631—2039—4

Ⅰ. 天… Ⅱ. 阿… Ⅲ. ①和田地区—概况—维吾尔语(中国少数民族语言) ②地名—简介—和田地区—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. K924. 52

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2006）第 039956 号

责任编辑:帕力塔洪·艾吾拉洪
责任校对:克尤木·吐尔逊
封面设计:艾克拜尔·萨里

# 天下只有一个和田

## —— 和田地名

**阿布都拉·苏莱满　　编著**

新疆大学出版社出版
（乌鲁木齐市胜利路 14 号　　邮编:830046）
新华书店经销
乌鲁木齐市翼百丰印务有限责任公司印刷
开本:880×1230 毫米　1/32　15 印张　插页 2
2006 年 4 月第 1 版　　2006 年 4 月第 1 次印刷
印数：0001—3050 册

ISBN 7—5631—2039—4
定价:29.30 元